1847364

# مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

# دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى

# ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزى ھەققىدە تەتقىقات

# Research on Ili dialect of Uyghur

ئىسىم-فامىلىسى: نىجات سوپى

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: مۇھەممەترېھىم سايىت

فاكۇلتېت: ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى

كەسپ: جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى

تاماملانغان ۋاقىت: 2010-يىل 5-ئاي

Y1821181

# 摘 要

本博士学位论文是由前言、语音研究、词汇研究、语法研究、伊犁土语语篇、伊犁土语词典和总论等七部分组成。

## 第一部：前言

### 第一节、本课题的研究意义

方言是民族通用语言的地方变体，分别是民族语言研究的主要内容之一。现代维吾尔语一般划分为三个方言。它们是中心方言、和田方言和罗布方言。各方言还包含多种土语。比如，中心方言区有喀什土语、吐鲁番土语、哈密土语、阿克苏土语、阿图什土语、伊犁土语等。现代维吾尔语文学语言形成于上世纪20-30年代。当时伊犁土语与新疆各地方言相互接触比较频繁，且伊犁地区的教育与文化发展程度比新疆其他地区要高，因而伊犁土语成为了维吾尔语文学语言的标准之一。后来，随着新疆政治、经济、文化、教育中心逐渐转移到乌鲁木齐市，乌鲁木齐土语就成为了文学语言的主要标准语。

20世纪50年代以后，在国内对维吾尔语及其各方言土语进行了不同程度的调查研究，特别是对方言区别比较大的罗布方言、和田方言及吐鲁番土语、哈密土语、喀什土语等进行了比较深入的调查研究，撰写了部分专著。伊犁土语属于中心方言，是现代维吾尔文学语言的主要基础。曾经有学者认为与文学语言方言区别不大，自然而然就忽略了对伊犁土语进一步深入研究。1955年、1956年全国语言调查期间对伊宁市、伊宁县和察布查尔县部分地区也进行了语言调查。从此以后在此地区就没有进行过较大规模的、深入的调查研究。

本课题的研究意义主要表现在以下几点：

（一）伊犁土语虽然同有些学者所说的那样“跟标准语的区别不大”，但它实际上也有不少特点值得深入挖掘。这些特点不仅表现在语音、词汇和语法方面，而且从语言文化角度来看，在伊犁维吾尔人的语言中，广泛流传的幽默的维吾尔民间笑话（چاقچاق）、伊犁维吾尔民歌中的语言特色、伊犁维吾尔作家作品语言中表现的地方特色等都有值得研究的诸多内容。

（二）随着时间的流逝，各个方言日益接近标准语，它们的一些特点也开始逐渐消失。虽然这有利于普及标准语，但方言中的很多语言资源面临同时消失的危险。及时深入研究方言土语中具有地方特色的语言因素有助于保护该方言土语的语言资源，有助于丰富标准语表达能力，这也是民族语言研究的一个主要任务。

（三）关于“塔兰奇话”（伊犁土语）的归属国外有一些语言学家、民族学家至今持不同的看法。19世纪末、20世纪初俄罗斯等国家的部分民族学家和语言学家认为“塔兰奇话”是一种独立的突厥语。在盛世才执政时期甚至政府都承认了“塔兰奇族”。从此，

至今没有一位学者对"塔兰奇话"进行直接调查，写出影响比较大、内容全面的专著来证明"塔兰奇话"是维吾尔语的一个土语。因此，上述观点的影响还没有彻底消失。所以，在此地区通过调查研究来正确描述伊犁土语的特点是一个具有时代紧迫感的学术性价值较强的研究活动。

我是生在伊犁、长在伊犁、服务在伊犁的一名从事高校语言教授的教师。我非常熟悉伊犁维吾尔人的生活和语言。所以，我认为我有这个优势，同时也有责任研究伊犁土语言。因此我选择此项目作为我的博士学位论文题目。

## 第二节、本课题使用的研究方法

本课题使用了以下研究方法：

（一）收集、整理了前人的有关研究成果：

2008年2月起，全面收集、整理方言学、方言调查等领域的理论知识和前人有关伊犁土语的研究成果， 从而进一步掌握了专业知识，了解该题目至今研究概括。对前人的研究进行了正确评价，吸取了其中正确的观点。

（二）全面进行了伊犁土语语言田野调查：

2008年7月至2009年7月，对新疆伊犁地区维吾尔人比较集中居住的五个县、十九个乡村进行了一次比较广泛深入的语言田野调查活动，先后访谈了九十七位土语语言合作者，总录制近200小时的录音材料，还有部分摄像、图片等材料，收集了内容丰富的第一手资料。其中部分记录用国际音标转写，为本论文收集了主要资料。

（三）进行了方言文化研究：

从文化语言学、社会语言学及修辞学角度来研究了伊犁维吾尔民间笑话语言特点、维吾尔民歌语言特点和伊犁维吾尔作家语言中的地方民族文化特点。特别是对当代维吾尔文学著名作家祖尔东•萨比尔的反映伊犁维吾尔人民生活的历史长篇小说《故乡—母亲》中的伊犁土语词汇及其有关例子进行一次比较详细的分析，并且在论文词汇部分适当的使用了其中的部分例子。

（四）分析、总结资料：

通过对田野调查过程中所收集的各种资料进行分析整理，撰写论文主体。注重从语音、词汇和语法等方面对伊犁土语进行分析研究，论述了伊犁土语这三方面的语言特点。论文还包括土语语篇和词汇等第一手资料，这些资料为该领域今后进一步研究打好基础。利用现代计算机科学的优势，制作一部伊犁土语研究语料库软件，为了更方便的看出伊犁土语的特点打好了基础。

## 第三节、伊犁土语的概念

至今学界对伊犁土语区的具体地理面积持不同的意见。一些语言学家认为伊犁土语区的面积比较大，它包括原伊犁地区、塔城地区、阿勒泰地区、奎屯市、克拉玛依市、博州、昌吉州等北疆地区。还有一些语言学家认为哈萨克斯坦共和国的七水、奇利克等维吾尔地区维吾尔人的语言也属于伊犁土语。这些都是广义的伊犁土语。

本论文指出的伊犁土语概念是狭义的伊犁土语，是只指伊犁州直属区（原伊犁地区），也就是伊宁市、伊宁县、察布查尔县、霍城县、尼勒克县、新源县、巩留县、特克斯县和昭苏县等八县一市维吾尔人的语言。它属于现代维吾尔语中心方言区的一个地方土语。

## 第四节、伊犁土语的研究概况

（一）国外伊犁土语研究动态：19世纪末和20世纪初期开始，俄国、原苏联学者在伊犁和七水地区对维吾尔语及其方言土语进行了一系列的调查，并发表了很有参考价值的一些论文和著作，最先发起了对伊犁土语的调查和研究工作。其中有以下代表作品：

俄罗斯语言学家W.W.拉德洛夫在19世纪末到20世纪初出版了一整套《突厥族民间文学集译》，其中有《突厥人民的民间文学源泉》（第四册：《塔兰奇语》（1860—1910年），《北方突厥部落民间文学范本·塔兰奇方言》（圣彼得堡，1886年，实际上这是一部伊犁土语民间文学资料），还有《突厥语方言词典试编》（共4卷8册，1893—1911年），《北方突厥语言的语音》（莱比锡，1882年）等。

俄罗斯东方学家、民族学家、历史学家班图索夫的《塔兰奇方言课本》（莫斯科，1880—1881年）、《塔兰奇语学习材料》（1897—1907年）、《伊犁地区塔兰奇方言研究资料》（1—9册），《塔兰奇民歌》（圣彼得堡，1890年），《塔兰奇巫神》（تارانچی باخشی）（塔什干，1907年）等。

哈萨克斯坦七河、奇利克维吾尔区土语与伊犁土语的特点基本相似，这些研究成果对伊犁土语研究有紧密关系。关于哈萨克斯坦维吾尔土语有以下主要专著：

阿加宁发表了《哈萨克苏维埃社会主义共和国的维吾尔方言》（1950年）、阿加尼娜发表了《苏联哈萨克斯坦的维吾尔方言》（莫斯科，1950年）、《苏联哈萨克斯坦奇利克区的维吾尔语》（1954年）[1]。这些专著对我们研究伊犁土语都具有重要的参考价值。

（二）国内伊犁土语研究动态：1955年、1956年中国社会科学院语言研究所、中央民族学院和新疆的部分专家一起对新疆各民族语言进行了全面调查。其中伊犁、吐鲁番调查组到伊宁市纳格里奇区、察布查尔县海努克乡、伊宁县喀什乡等地对维吾尔语

[1] 木哈拜提哈斯木等著：《现代维吾尔语方言词汇研究》，22-24页，新疆人民出版社，2006年。

伊犁土语进行了调研。虽然没有发表详细调研报告，只发表过简短总结，但此总结在一定程度上表现了伊犁土语的特点。

总体论述现代维吾尔语及其各方言土语的专著中也可以找到有关伊犁土语的有些内容。比如：吾拉木· 吾甫尔的《简明维吾尔语方言词汇》中有一部分伊犁土语词汇。木哈拜提·哈斯木等编写的《现代维吾尔语方言词汇研究》中也有一部分伊犁土语词汇及其分析研究内容。

总之，对伊犁土语国内外学者已经进行了一定的研究，但这还不足以正确、全面地反映伊犁土语的现状。所以，我们认为通过田野语言调查、分析、研究来正确描述伊犁土语的语言特点是现代维吾尔语总体研究的一项重要工作。

## 第五节、伊犁维吾尔族人的现状

伊犁土语区（原伊犁地区）维吾尔人的人口是 614064 人，占该地区总人口的 26.76%。伊犁维吾尔人主要从事农业，还有从事牧业、手工业、商业的。伊犁维吾尔人曾有一段时间被蒙古人称为“塔兰奇人”，塔兰奇是蒙古语和突厥语共用词汇，意思是“农民”。

伊犁是被称为“塞外江南”的美丽的地方。维吾尔人的祖先在这里生活了几千年。他们跟其他兄弟民族共同建起了美丽、发展的伊犁。近 300 年伊犁维吾尔人在满清和沙俄政府的统治下经过几次迁入与迁出伊犁的历史经历。

## 第六节、维吾尔语伊犁土语的形成发展过程

维吾尔语伊犁土语是以本地维吾尔人的语言为基础，后来不反受到从南疆和东疆迁移到这里来的其他维吾尔人的语言的影响，又受到阿拉伯、波斯语、蒙古语、俄语、汉语的外部影响，还受到部分突厥民族语言的影响而形成的属于现代维吾尔语中心方言的土语。它即具有明显地方地域特色，又包含维吾尔语其他方言土语相互接触结果所形成的比较复杂的土语特点。

## 第七节、伊犁土语对现代维吾尔语标准语的形成过程中所发挥的作用

现代维吾尔语标准语是在回鹘语和察合台语的发展基础上，20 世纪 20—30 年代，以维吾尔语伊犁-七河[2]土语和喀什-费尔干纳[3]土语为基础而形成的现代语言。当时伊犁是新疆的科学、文化、教育、新闻出版中心，同时又是革命的摇篮。当时伊犁土语自然而然地成为了现代维吾尔语标准语形成的基础之一。伊犁土语对现代维吾尔语标准语的形成和发展有突出贡献。后来乌鲁木齐逐渐成为新疆的政治、经济、文化、教育

[2]七河：在哈萨克斯坦境内。
[3]费尔干纳：在乌兹别克斯坦境内。

中心，乌鲁木齐土语也成为了现代维吾尔语标准语的一个重要组成部分。从此，伊犁土语也以自己的特点为基础继续发展。

# 第二部：伊犁土语语音研究

## 第一节、 伊犁土语中的语音

伊犁土语的语音与现代维吾尔语的语音基本相同，但有些语音变体。

伊犁土语实际发音过程中出现标准语中没有的 [ɣ] 和 [x] 辅音。一般出现在词尾。在标准语中词尾的 [g] 和 [k] 辅音弱化为 [ɣ] 和 [x] 辅音。

有些辅音有两个以上的变体，在不同的语境中选择使用。比如： i 元音有 [i]、[ɨ]、[ɯ]、[ɪ] 等四个变体。y 元音有 [y]，[ʉ] 等两个变体。p, t, ʤ，q, k 等辅音都有送气音和不送气音两个变体。ŋ 辅音有舌边[ŋ]和小舌[ɴ]两个变体。h 辅音有清[h]浊[ɦ]两个变体。v 辅音有双唇音[w]和唇齿音[v]两个变体。

伊犁土语中一般不出现 [f] 辅音，借词中的[f] 辅音改成为 [p] 辅音发音。ʒ 辅音只使用在部分模拟词中，有时候也交替为 [j] 、[ʤ]、[r] 等辅音的位置，起到这些辅音的变体作用。

## 第二节、元音的特点

伊犁土语的元音也跟标准语的元音一样具有元音的圆唇和谐规律和前后和谐规律。伊犁土语元音的和谐规律比标准语的和谐规律更加严格一些。

在实际发音当中，伊犁土语中发生交替现象、清化现象、增音现象和脱落现象等语音现象。这些现象在伊犁土语中的发生率比标准语要多一些，也有它的一些特点。

伊犁土语中与标准语一样存在单音节词中的或者多音节词最后音节的 [ɑ]、 [ɛ] 元音交替为[e]、[i] 元音的语音现象。但这种交替现象的发生率比标准语少一些。特别是在伊犁维吾尔民歌歌词中一般不发生 [ɑ]、 [ɛ] 元音交替为[e]、[i]元音的语音现象。

伊犁土语中 [i]，[y] 元音中有时发生清化现象。伊犁土语中还有一些其他元音的增音现象和脱落现象。

## 第三节、辅音的特点

伊犁土语的辅音跟标准语辅音一样具有辅音的和谐规律。这主要表现在清音和浊音的和谐规律。

伊犁土语辅音在发音过程中发生的语音变化现象主要包括交替现象、增音现象、脱落现象、弱化现象、同化现象和换位现象等。

词尾的 [ʁ]、[q] 辅音一般交替为 [χ] 辅音。音节末尾的 [g] 辅音一般交替为 [ɣ] 辅音。音节末尾的 [k] 辅音一般交替为 [x] 辅音。少许一部分词汇词中音节首位的 [k] 辅音交替为 [g] 辅音。

有些词汇词中音节首位的 [v] 辅音交替 [g] 辅音。这原来是维吾尔语哈密土语和吐鲁番土语具备的特点。它在一定的程度上也表现在伊犁土语部分词汇中。词尾的 [ʧ] 辅音一般交替为 [ʃ] 辅音。

伊犁土语中还发生以下辅音交替现象：[ʤ] 辅音交替为 [ʒ]辅音，[χ] 辅音交替为 [ʁ] 辅音，[p] 辅音交替为 [b] 辅音，[t] 辅音交替为 [d] 辅音，[d] 辅音交替为 [t] 辅音，[r] 辅音交替为 [j] 或 [ʒ] 辅音，[b] 辅音交替为 [v] 辅音，[j] 辅音交替为 [ʒ] 辅音， [l] 辅音交替为 [t] 、[n]、[r] 等辅音，[ɦ] 辅音交替为 [l]、 [χ]、[j] 等辅音， [ʃ] 辅音交替为 [s]、[j] 辅音，[s]、 [z] 辅音相互交替，[m]、 [n]、 [ŋ] 等鼻音也发生相互交替。

有些词的词首增加 [ɦ] 辅音。另外，有时也发生 [s], [r], [n], [g], [ʒ], [ʧ], [ʁ], [l], [ŋ], [j] 等辅音的各种增音现象。

音节尾 [r] 辅音的脱落是比较普遍的现象。词尾的 [l] 辅音后连接附加成分时一般发生脱落。还会发生 [n], [p], [q], [v], [j], [t], [ɦ], [ʃ], [b], [d], [ʧ] 等辅音的脱落现象。

词尾的 [ɣ] 辅音后加附加成分时该辅音一般不弱化，保持原式；词尾的 [x] 辅音后连接元音为首的附加成分时，一般弱化为 [ɣ] 辅音；[x] 辅音后连接辅音为首的附加成分时 [x] 辅音不弱化，保持原式；词尾的 [χ] 辅音后连接元音为首的附加成分时一般弱化为 [ʁ] 辅音；[χ] 辅音后连接辅音为首的附加成分时 [χ] 辅音不弱化，保持原式；词尾的 [p] 辅音后连接元音为首的附加成分时一般弱化为 [v]；辅音后连接辅音为首的附加成分时 [p] 辅音一般不弱化，保持原式。

伊犁土语辅音中发生前进同化现象和后退同化现象。

前进同化现象：有时 [l] 辅音同化成 [ŋ] 辅音。后退同化现象：有时 [l] 辅音同化成 [m] 辅音。

伊犁土语中发生辅音换位现象。比如，

| 标准语 | 伊犁土语 |
|---|---|
| ɛlgɛk | ɛɣlɛx |
| jalpaq | japilaχ |
| abral | arval |
| aqsaq | asq$^{h}$aχ |

| | |
|---|---|
| imtihan | intam |

上述例子中可以看出发生 l-g，l-p，b-r，q-s，m-n 等辅音的相互换位现象。

## 第四节、伊犁土语中的历史音变现象

古代维吾尔语的印迹比较完整的保存在伊犁土语中。比如，bajiq$^{h}$ɯdɛk, ast$^{h}$ida, waχt$^{h}$ida 等词在伊犁土语中 bajiq$^{h}$ɯndɛx, ast$^{h}$inda, waχt$^{h}$inda 形式(第二音节多一个 n 辅音)来表现。这是在古代维吾尔语（回鹘语）中出现的形式。ott$^{h}$uz 词也出现跟古代形式 ot$^{h}$uz，中间少一个 t 辅音。

10 世纪开始进入的阿拉伯、波斯语借词在现代维吾尔语中出现了一些语音变化，但其中一些借词在伊犁土语中没有发生语音变化，而是基本保存了原来的形式。比如：

| 标准语 | 伊犁土语 |
|---|---|
| rɛk$^{h}$ɛt | rak$^{h}$at [阿拉伯语] |
| t$^{h}$ɛk$^{h}$ɛbbur | t$^{h}$ak$^{h}$abbur [阿拉伯语] |
| dølɛt | dɛvlɛt [阿拉伯语] |
| ɛjsa | isa [阿拉伯语] |
| ymid | ymmɛt [波斯语] |
| dutt$^{h}$ar | duɪ$^{h}$a: [波斯语] |

# 第三部：伊犁土语词汇研究

## 第一节、　伊犁土语词汇资源

论文该部分收集了通过语言田野调查得来的不少方言词汇，对其中的近 1000 个词条进行了分类、分析。这些方言词汇表现了伊犁土语丰富的词汇资源。这些词汇主要包括了以下五大部分：

（一） 在标准语中没有同等词义的方言词汇。该部分分析了 482 个词汇，其中有：有关农业领域的词汇 78 个，有关牧业领域的词汇 86 个，关词手工业与生产、生活方式的有汇 45 个，有关民族地方风俗习惯的词汇 55 个，有关饮食词汇 16 个，有关服饰词汇 9 个，有关亲属关系词汇 9 个，具有特色的地名词汇 18 个，有关儿童游戏词汇 17 个，在标准语中没有同等词义的其他方言词汇 149 个。

（二） 与标准语形成同义词的方言词汇。该部分分析了同义词 150 组。

（三） 标准语同义词组中本地常用的词汇。该部分分析了同义词 11 组。

（四） 词义范围与标准语词汇有区别的词汇。该部分分析了词汇 110 个。

（五） 标准语中不出现的熟语。其中分析了习语 76 个，谚语 55 个。

## 第二节、 对伊犁土语方言词汇词源研究

伊犁土语方言词汇中，有在标准语中已消失的古代词汇，也有部分额外外语借词。也有兄弟突厥民族语言的影响， 也有维吾尔语其他方言土语的影响。 伊犁土语始终受到阿拉伯语、波斯语、蒙古语、俄语和汉语等诸语言的影响，接受了不少标准语中没有的外语借词。在本部分方言词汇的词源角度来分析了 411 个词汇。其中有古代维吾尔语分析 39 个，阿拉伯、波斯语借词 45 个，蒙古语借词 25 个，俄语借词 200 多个，汉语借词 51 个。哈萨克语和其他突厥语言词汇 34 个，维吾尔语其他方言土语词汇 17 个。

每种语言的影响、关系分析的同时也分析了当时的历史、文化背景。也分析了该语言对伊犁土语的影响程度和该语言借词在伊犁土语中当前的使用情况。

## 第四部：伊犁土语语法研究

## 第一节、词法研究

（一）名词：在元音和谐规律的影响下，名词复数形式附加成分 lar, lɛr 以外，还出现 lur, lyr 形式。标准语中专用名词后一般不连接名词复数附加成分，但伊犁土语中有时候可出现这种连接情况。名词复数附加成分 lar, lɛr 后还可连接元音 a, ɛ 使更加温和地形式表达词义。

在元音和谐规律的影响下还出现以下几种现象：格附加成分 niŋ 以外，还出现它的变体形式 nuŋ, nyŋ。从格附加成分 din, t$^{h}$in 以外，还出现它的变体形式 dun,t$^{h}$un, dyn, t$^{h}$yn。

和谐规律的影响甚至延伸到人称附加成分后连接的尊称附加成分之中，使形成它的多种变体形式。

（二）副词：在标准语中不出现的一些副词在伊犁土语中出现。其中有常用的时间副词 azmanlɯχ、jandu:q$^{h}$ɯ ʒil、aŋʁɯʧ$^{h}$ɛ\aŋʁɯʧ$^{h}$ilix、p$^{h}$atq$^{h}$ɯʧ$^{h}$ɛ、k$^{h}$ejinsizɛ、alʁaʃ、buda\budu、budaq$^{h}$ɯ\buluq$^{h}$ɯ，地点副词 ast$^{h}$inda，级别副词 arɪ、oŋaj...ɛmɛs，程度副词 ɦaŋq$^{h}$aj、lɛŋluŋ、asmaχʧ$^{h}$ilap、alaŋlap、k$^{h}$øŋyl t$^{h}$avarɛn、gepiŋ ara 等。

（三）数词：在各种方言土语的影响下，伊犁土语出现一些数词的几种不同发音形式。比如，标准语的 bir（数词 1） 有 bir, bi:, bij, biʒ 等四种发音形式。 yʧ, ikk$^{h}$i （2、3）等数词发音时发生元音的清化现象。数词 ott$^{h}$uz（30）跟标准语不同的是发音时中间只发一个 t 辅音，不发出两个 t 辅音。

（四）量词：出现在标准语中不出现的一些动量词、时量词、度量词。比如：t$^h$yrmɛl, t$^h$ylɛx, qulaχ, vet$^h$ɛx, baʃk$^h$a, k$^h$uba, dyrk$^h$yn, aʁamtʃ$^h$a, t$^h$ap$^h$an, t$^h$ulup, buluŋ, sɛrʤan, p$^h$ut, χo, som. t$^h$ijin 等等。

（五）代词：第二人称代词使用有一定的特色，一般多用 sɛn 形式。对初次见面的人，要特殊尊称的人，对女人才用尊称形式 siz。一般不使用尊称形式 sili。常用指示代词 munu，相当于标准语中的指示代词 bu。

（六）动词：动词式后连接附加成分时有一些区别。比如：

标准语：jejɛlɛjmɛn：jɛ（动词）＋ j（增音）＋ ɛl（能愿附加成分）＋ mɛ（否定式附加成分）＋ j （增音）＋ mɛn （第一人称单数）。

伊犁土语：jɛlɛmɛjmɛː：jɛ（动词）＋ lɛ（能愿附加成分）＋ mɛ（否定式附加成分）＋ j（增音）＋ mɛː（第一人称单数）。

在元音和谐规律的影响下，语体附加成分的 duq, t$^h$uq 形式以外，还出现 dyk, t$^h$yk 等变体形式。

（七）模拟词：该土语区出现一些在标准语中不出现的模拟词。比如：gumburdaman，ɛt$^h$ɛt$^h$ɛj ʃɛt$^h$ɛt$^h$ɛj，χɯrt$^h$iŋ sirt$^h$iŋ，aŋʁal t$^h$aŋʁal，aŋq$^h$aj t$^h$aŋq$^h$aj，ajq$^h$ɯn jajq$^h$ɯn，bulq$^h$an t$^h$alq$^h$an，sajaq salp$^h$a，p$^h$oldaŋ soldaŋ，gepiŋ ara 等等。

（八）后置词：出现标准语中不出现的 zi\yzi, t$^h$avi 等一些后置词。

（九）连词：常用连词 aŋvaʃ\aŋvaʃqa，词义相当于标准语连词 ʃuŋa, ʃuŋlaʃqa 。还有蒙古语借词 ʤɛ， 词义相当于标准语连词连词 ja, jak$^h$i。

（十）语气词：语气词 la 更加文雅地形式表示愿望。动词后面加语气词 a, ɛ 表示请求、邀请、恳求。有时 a, ɛ 后面还可连接 rɛ 语气词。ɦoj, uj, zɛ, diginɛ, k$^h$i 等语气词也有一定的特殊表达意义。

（十一）象声词：该土语区还出现一些在标准语中不出现的象声词。比如：aŋq$^h$ara，vaj，oɦuʃ，q$^h$arisaŋ 等等。

## 第二节、句法研究

（一） 派生词

1. 标准语中的一些派生词在伊犁土语中无附加成分的词干形式出现或者减少部分附加成分来表达同样的词义。2. 部分派生词词根与词义跟标准语相同，但附加成分不同。3. 伊犁土语中的有些派生词的词根和附加成分在标准语中有单独存在，但没有像伊犁土语中的这种连接形式。4. 伊犁土语中有些派生词的词根在标准语中不存在，但

附加成分存在。5. 伊犁土语中有些构型附加成分跟词根组成固定形式，跟派生词一样使用。

（二） 带助动词的词汇：伊犁土语中出现在标准语中不出现的 $q^hɯl$, $k^hɛl$, $k^hɛt$, $q^hal$, bol, al, $q^hop$, aʧ, $t^hap$, sal, $q^horu$ 等助动词的帮助下组成的一些词汇。

（三） 对偶词

标准语中不出现的一些对偶词在伊犁土语中出现。有两种形式：一是中间没有连接词直接连接的对偶词，二是以人称或格附加成分的帮助下连接的对偶词。

## 第五部：伊犁土语话语材料

本部分包括了 21 名不同乡镇语言合作者的，由国际音标转写的 50 篇第一手话语材料。这些资料基本覆盖了伊犁土语的语音、词汇和语法特点。按其内容分为个人经历、民歌、民间故事、笑话等体裁。其内容联系到民族风俗习惯、历史、文化等各方面。语言具有明显地土语特色，生动、活泼。其中方言词汇给予页底注释。

## 第六部：伊犁土语词典

本部分包括该土语区收集的近 1400 个词汇的解释。每个词汇解释包括以下内容：该词汇发音的国际音标转写、词性、词汇来源（如，古词或者哪个语言的借词等），借词的原来发音形式或写法和词义，词的定义和有关例子（在土语区直接记录的例子用国际音标转写来表示，并且还给予了维吾尔老文字注释，书本上抄写的例子直接用维吾尔老文字来表示），指出了部分词汇的引申义，指出了部分词汇在维吾尔语标准语中没有或不同的词义，指出了在《维吾尔语标准语详解词典》中出现的伊犁土语方言词汇，指出了有些词汇常用的特定乡村。

## 第七部：总结

从语音学、词汇学和语法学等三大方面总结了维吾尔语伊犁土语上述研究的成果。伊犁土语是长期历史发展过程中逐渐形成的，是各兄弟突厥民族语言和新疆各维吾尔方言土语频繁接触的，受到不少外部语言影响的，为现代维吾尔标准语的形成打下了主要基础的；具有一定的语音特点、丰富的词汇资源，少有语法区别的；具有强大方言文化的一个特殊的土语。研究伊犁土语有利于维吾尔语标准语的发展和丰富。这项研究即有一定的学术价值，又有一定的实用参考资料价值。

关键词： 现代维吾尔语， 伊犁土语， 方言研究

# ABSTRACT

The project researched linguistic characteristics of Ili dialect of Modern Uyghur language. This thesis includes the preface, phonetics, lexicology, grammar study, dialect texts, and vocabulary and summary.

Ili dialect's voices and standard Uyghur language voices are basically the same, but there are variations in Ili dialect for some voices. Ili dialect's vowels have labial harmony and palatal harmony rules same with the standard language, but Ili dialect's vowel harmony rules are stronger than the standard language harmony rules. Ili dialect vowels have vowel change phenomenon in pronunciation, like alternations, devoicing, additions and droppings. The incidences of these phenomena are a little more than the standard language and there are some features. Ili dialect's consonants also have consonant harmony rules same with the standards language. This is mainly manifested in the voiceless and voiced harmony rules. Ili dialect has consonant changes, including alternations, additions, droppings, weakened, assimilation and transposition. There are vocabularies from Ancient and Middle age Uyghur in Ili dialect more complete than the other dialects of Uyghur.

In the vocabulary research component of the field survey through language, nearly 1000 words in Ili dialect were classified and analyzed. These vocabularies that are studied in the dialect show us how rich the dialect is.

Textual part includes the texts which were collected from different towns in the dialect areas. There are 50 first hand text data which were told by 21 language partners, and the texts were recorded in the IPA transcription. The texts basically cover voice, vocabulary and grammar features of the area of the dialect. In these texts there are genres like anecdotes, folk songs, folk tales, jokes and other genres. And as for the content they are related to the local ethnic customs, history, and culture and so on. They have vivid and lively dialect features. Dialect words are given in the page notes at bottom.

Dialect vocabulary section includes the collection of nearly 1400 words in Ili dialect and they are explained and exemplified.

In short, Ili dialect has a long history of development and evolvement process. It has been under the impact of external languages. Ili dialect and other Uygur dialects have frequently been in interaction. It provided the main basis for the formation of standard Modern Uyghur language. It has certain voice features, rich vocabulary resources, few grammatical differences and a strong dialect culture. It has academic value, data value and practical value to research on Ili dialect for Uyghur language, and it develops and enriches the standard of the language.

**KEY WORDS:** Modern Uyghur language, Ili dialect, dialect research

# ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزى ھەققىدە تەتقىقات

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىنىڭ يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، ماقالا مۇقەددىمە، فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا، ئېغىز تېكىستلىرى، ئېغىز سۆزلۈكى ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن.

ئىلى ئېغىزىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەدەبىي تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، ئەمما بەزى تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتلىشىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئىلى ئېغىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا ئوخشاشلا لەۋ ھالىتى ۋە تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. يەنە كېلىپ بۇ خىل ماسلىشىش بەزى تەرەپلەردە ئەدەبىي تىلدىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك. ئىلى ئېغىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىش، جاراڭسىزلىشىش، قوشۇلۇپ قېلىش، چۈشۈپ قېلىش قاتارلىق تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلاردىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا ئىلى ئېغىزىدا كۆپرەك كۆرىلىدۇ، ھەمدە بەزى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىلى ئېغىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەرتىپ بويىچە ئۇلىنىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. ئۈزۈك تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىپ، قوشۇلۇپ قېلىش، چۈشۈپ قېلىش، ئاجىزلىشىش، ئاسسىمىلاتسىيەلىشىش ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇش قاتارلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا يەنە قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بەزى ئېلېمېنتلار بىر قەدەر ئەينەن ساقلانغان.

لېكسىكا تەتقىقاتى قىسمىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا يىغىلغان ئېغىز سۆزلىرىدىن 1000غا يېقىن سۆز ئۇستىدە تۈرلەرگە ئايرىش ۋە تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىلغان. بۇلار ھەممىسى ئىلى ئېغىزىنىڭ تىل بايلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.

تېكىست قىسمىدا ئېغىز رايونىدىكى ئوخشىمىغان يېزىلاردىن خاتىرىلەنگەن تېكىتلەر بېرىلگەن. بۇلار 21 كىشىنىڭ ئېغىزىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان 50 پارچە تېكىستتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ پارچىلار ئىلى ئېغىزىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ژانىر جەھەتتىن سەرگۈزەشت، چۆچەك، ھېكايە، چاقچاق ۋە باشقا ژانىرلار بار. مەزمۇن جەھەتتىن مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ تېكىستلەرنىڭ تىلى ئۆزگىچە، جانلىق، ئوبرازلىق.

سۆزلۈك قىسمىدا 1400 غا يېقىن سۆزنىڭ سۆز مەنىسى، مىساللار ئارقىلىق تەپسىلىي ئىزاھلانغان.

قىسقىسى، ئىلى ئېغىزى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، نۇرغۇن چەتئەل تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، توغقان تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرى ۋە باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت، ئېغىزلارنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان. بەلگىلىك فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە، مول سۆز بايلىقىغا ئىگە، گراماتىلىق پەرقى ئەدەبىي تىلدىن چوڭ بولمىغان، ئەمما كۈچلۈك

دىئالېكت مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان ئېغىزدۇر. ئىلى ئېغىزى ھەققىدىكى بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ھەم ئىلمىي قىممەتكە، ھەم ماتېرىيال قىممىتىگە، ھەمدە ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئىلى ئېغىزى، دىئالېكت تەتقىقاتى

# ماقالىدا قوللىنىلغان قىسقارتىلمىلار

ئىسىم: ئى.
سۈپەت: سۈپ.
پېئىل: پ.
ئالماش: ئال.
رەۋىش: رەۋ.
مىقدار سۆز: مىق.
ئىملىق: ئىم.
تەقلىد سۆز: تەق.
باغلىغۇچى: باغل.
ئىركەلمە: ئىر.
رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆز: [ر]
لاتىن تىلىدىن كىرگەن سۆز: [لات]
ئىتالىيان تىلىدىن كىرگەن سۆز: [ئىتال]
ئېنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆز: [ئېنگ]
خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز: [خەن]
ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز: [ئە]
پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز: [پ]
موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز: [م]
تاتار تىلىدىن كىرگەن سۆز: [تا]
ئۆزبەك تىلىدىن كىرگەن سۆز: [ئۆز]
قازاق تىلىدىن كىرگەن سۆز: [قا]
تۈرك تىلىدىن كىرگەن سۆز: [تۈرك]
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە سۆز: [قە]
كونىرىغان، ئىستىمالدىن قېلىشقا باشلىغان سۆز: [كونا]
سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى: ‹كۆچ›
غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسى: [قاش]
غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىسى: [چولۇقاي]
غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزىسى: [يېڭىتام]
غۇلجا ناھىيە ئۈچئۇن بازار مەمەيۈز كەنتى: [مەمەيۈز]
چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزىسى: [قاينۇق]
چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسى: [جاغىستاي]
چاپچال ناھىيە كان يېزىسى: [كان]
چاپچال ناھىيە قوغۇنچى يېزىسى: [قوغۇنچى]
نىلقا ناھىيە سۈيتاي يېزىسى: [سۈيتاي]

# ماقالىدا قوللىنىلغان خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى

تاۋۇش بەلگىلىرى:

1. [ɑ] (ئا) تىل ئارقا، ئەڭ ئوچۇق، ئەڭ تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
2. [ɛ] (ئە) تىل ئالدى، سەل ئوچۇق، سەل تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
3. [e] (ئې) تىل ئالدى، سەل يېپىق، سەل يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
4. [i] (ئى) تىل ئالدى، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
5. [ɨ] (ئى) تىل ئارا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
6. [ɯ] (ئى) تىل ئارقا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
7. [ɪ] (ئى) تىل ئالدى، يېپىق، يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش.
8. [o] (ئو) تىل ئارقا، سەل يېپىق، سەل يۇقىرى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش.
9. [ø] (ئۆ) تىل ئالدى، سەل يۇقىرى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش.
10. [u] (ئۇ) تىل ئارقا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش.
11. [y] (ئۈ) تىل ئالدى، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش.
12. [ʉ] (ئۈ) تىل ئارا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش.
13. [b] (ب) پارتلىغۇچى، قوش لەۋ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
14. [$p^h$] (پ) پارتلىغۇچى، نەپەسلىك، قوش لەۋ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
15. [p] (پ) پارتلىغۇچى، نەپەسسىز، قوش لەۋ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
16. [$t^h$] (ت) پارتلىغۇچى، نەپەسلىك، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
17. [t] (ت) پارتلىغۇچى، نەپەسسىز، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
16. [ʤ] (ج) پارتلىغۇچى-سىيرىلاڭغۇ، تىل ئالدى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
19. [$ʧ^h$] (چ) پارتلىغۇچى-سىيرىلاڭغۇ، نەپەسلىك، تىل ئالدى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
20. [ʧ] (چ) پارتلىغۇچى-سىيرىلاڭغۇ، نەپەسسىز، تىل ئالدى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
21. [χ] (خ) سىيرىلاڭغۇ، كىچىك تىل، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
22. [d] (د) پارتلىغۇچى، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
23. [r] (ر) تەكرار تىترىگۈچى، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
24. [z] (ز) سىيرىلاڭغۇ، تىل ئۇچى ئالدى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
25. [ʒ] (ژ) سىيرىلاڭغۇ، تىل ئالدى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
26. [s] (س) سىيرىلاڭغۇ، تىل ئۇچى ئالدى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
27. [ʃ] (ش) سىيرىلاڭغۇ، تىل ئالدى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
28. [ʁ] (غ) سىيرىلاڭغۇ، كىچىك تىل، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.
29. [$q^h$] (ق) پارتلىغۇچى، نەپەسلىك، كىچىك تىل، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
30. [q] (ق) پارتلىغۇچى، نەپەسسىز، كىچىك تىل، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.
31. [$k^h$] (ك) پارتلىغۇچى، نەپەسلىك، تىل تۈۋى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش.

32. [k] (ك) پارتلىغۇچى، نەپەسسىز، تىل تۇۋى، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش.
33. [x] سىرىلاڭغۇ، تىل تۇۋى، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش.
34. [g] (گ) پارتلىغۇچى، تىل تۇۋى، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
35. [ɣ] سىرىلاڭغۇ، تىل تۇۋى، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
36. [ŋ] (ڭ) دىماغ، تىل تۇۋى، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
37. [ɴ] (ڭ) دىماغ، كىچىك تىل، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
38. [l] (ل) قوۋۇز، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
39. [m] (م) دىماغ، قوش لەۋ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
40. [n] (ن) دىماغ، تىل ئۇچى ئوتتۇرا، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
41. [ɦ] (ھ) سىرىلاڭغۇ، بوغۇز، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
42. [h] (ھ) سىرىلاڭغۇ، بوغۇز، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش.
43. [v] (ۋ) سىرىلاڭغۇ، لەۋ-چىش، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
44. [w] (ۋ) سىرىلاڭغۇ، قوش لەۋ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.
45. [j] (ي) سىرىلاڭغۇ، تىل ئۇستى ئوتتۇرا، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

قوشۇمچە بەلگىلەر:

1. ئۇزۇن ئوقۇش بەلگىسى قوش چېكىت (:).
2. نەپەسلىك ئوقۇش بەلگىسى ئۇستۇنكى كىچىك ھەرپ (ʰ).
3. سوزۇق تاۋۇشنىڭ جاراڭسىزلىشىش بەلگىسى ئاستىنقى دۇگىلەك (i̥).
4. تېكىست ئىچىدە تەڭداش بۆلەكلەرنى ۋە تارماق جۈملىلەرنى كۆرسىتىدىغان تىنىش بەلگە پەش (,).
5. تېكىست ئىچىدە جۈملىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تىنىش بەلگە چېكىت (.).
6. دىئالوگنىڭ باشلىنىش بەلگىسى سىزىقچە (-).
7. ئۇرغۇ بەلگىسى ئۇست يانتۇ سىزىق (á).

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................................................ 1
1. مەزكۇر تېمىنىڭ تەتقىقات قىممىتى ........................................................ 1
2. ماقالىدا قوللىنىلغان ئاساسىي تەتقىقات ئۇسۇللىرى ........................................ 3
3. ئىلى ئېغىزى ئۇقۇمى ھەققىدە چۈشەنچە ........................................................ 4
4. ئىلى ئېغىزىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ........................................................ 5
4.1 خەلقئارادا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ........................................................ 5
4.2 دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ........................................................ 7
5. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........................................................ 7
6. ئىلى ئېغىزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ........................................................ 9
7. ئىلى ئېغىزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە
ئوينىغان رولى ........................................................................................ 11
1-باب: فونېتىكا ........................................................................................ 13
1.1 ئىلى ئېغىزىدىكى تاۋۇشلار ........................................................ 13
1.1.1 سوزۇق تاۋۇشلار ........................................................ 13
1.1.2 ئۈزۈك تاۋۇشلار ........................................................ 15
1.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................................................ 19
1.2.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ........................................................ 19
1.2.1.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ........................................................ 19
1.2.1.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى ........................................................ 22
1.2.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى ........................................................ 24
1.2.2.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ........................................................ 25
1.2.2.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى ........................................................ 28
1.2.2.3 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ........................................................ 29
1.2.2.4 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ........................................................ 29
1.3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................................................ 31
1.3.1 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ........................................................ 31
1.3.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى ........................................................ 32
1.3.2.1 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ........................................................ 32
1.3.2.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ........................................................ 43
1.3.2.3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ........................................................ 46
1.3.2.4 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ........................................................ 56
1.3.2.5 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەلىشىشى ........................................................ 58
1.3.2.6 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ........................................................ 59
1.4 ئىلى ئېغىزىدىكى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ........................................................ 60
2-باب: لېكسىكا ........................................................................................ 63
2.1 ئىلى ئېغىزىنىڭ سۆز بايلىقى ........................................................ 63
2.1.1 ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق، پەقەت ئىلى ئېغىزىغىلا خاس سۆزلەر 63
2.1.1.1 يېزا-ئىگىلىك ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر ........................................................ 64
2.1.1.2 چارۋىچىلىق ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر ........................................................ 67
2.1.1.3 قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىگە
ئائىت سۆزلەر ........................................................................................ 72

2.1.1.4 ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنغا ئائىت سۆزلەر.......................... 74
2.1.1.5 يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت سۆزلەر.......................................... 77
2.1.1.6 كىيىم ـ كېچەككە ئائىت سۆزلەر........................................... 78
2.1.1.7 تۇغقاندارچىلىققا ئائىت سۆزلەر........................................... 79
2.1.1.8 ئۆزگە خاس يەرناملىرى...................................................... 80
2.1.1.9 بالىلار ئويۇنلىرى ناملىرى................................................... 81
2.1.1.10 ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق باشقا سۆزلەر........................... 82
2.1.2 ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنداشلىق ھاسىل قىلىدىغان سۆزلەر........................................................................................... 89
2.1.3 ئەدەبىي تىلدىكى مەنداشلار سۆزلەردىن ئىلى ئېغىزىدا تاللاپ قوللىنىلىدىغانلىرى.......................................................................... 93
2.1.4 مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر............ 93
2.1.5 تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى............................................... 101
2.1.5.1 ئىدىئوملار........................................................................ 101
2.1.5.2 ماقال ـ تەمسىللەر............................................................ 104
2.2 ئىلى ئېغىزىدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش...... 108
2.2.1 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر..................... 108
2.2.2 ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرى............................................ 112
2.2.3 موڭغۇل تىلىنىڭ تەسىرى.................................................. 115
2.2.4 رۇس تىلىنىڭ تەسىرى...................................................... 116
2.2.5 خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى..................................................... 127
2.2.6 تۇغقان تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرى........................................ 131
2.2.6.1 قازاق تىلىنىڭ تەسىرى...................................................... 131
2.2.6.2 باشقا تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرى......................................... 133
2.2.7 ئۇيغۇر تىلى باشقا دىئالېكت، ئېغىزلىرىنىڭ ئىلى ئېغىزى بىلەن بولغان تەسىرلىشىش مۇناسىۋىتى................................................... 134
3 ـ باب: گراماتىكا.............................................................................. 138
3.1 مورفولوگىيە........................................................................ 138
3.1.1 ئىسىملار............................................................................ 138
3.1.2 رەۋىش................................................................................ 140
3.1.3 سان..................................................................................... 141
3.1.4 مىقدار سۆز........................................................................... 141
3.1.5 ئالماش................................................................................. 142
3.1.6 پېئىل................................................................................... 143
3.1.7 تەقلىد سۆزلەر........................................................................ 145
3.1.8 ئىركەلمە............................................................................... 145
3.1.9 باغلىغۇچى............................................................................. 145
3.1.10 ئۈلانما................................................................................ 146
3.1.11 ئىملىق سۆزلەر..................................................................... 147
3.2 سىنتاكسىس............................................................................ 148
3.2.1 ياسالما سۆزلەر........................................................................ 148
3.2.2 قوشما پېئىللىق سۆزلەر............................................................ 152
3.2.3 جۈپ سۆزلەر........................................................................... 154

4-باب: ئىلى ئېغىزى تېكىستلىرى ..... 156
4.1 زىياۋۇدۇن يەھيا ..... 156
4.1.1 يېتىملىك ..... 156
4.1.2 دەريادا كۆۋرۈك يوق ..... 157
4.1.3 ئۆلەن ..... 158
4.1.4 بېيىتلار ..... 158
4.1.5 ئورما ناخشىسى ..... 159
4.1.6 كۆككىنە كەپتەر بولۇپ ..... 160
4.1.7 چۇن-چۇن سالىۋات ..... 161
4.1.8 رامىزان قوشاقلىرى ..... 162
4.1.9 پىرى قوشاقلىرى ..... 162
4.2 ئاۋۇت ئىلەم ..... 164
4.2.1 يېرىلغىن تاش ..... 164
4.2.2 مەشرەپ قائىدىلىرى ..... 167
4.2.3 ئورما ناخشىسى ..... 170
4.3 توختاخۇن ئەسپەر ..... 171
4.3.1 بەرىزكامنىڭ ياپما گەپلىرى ..... 171
4.3.2 دادام دەپ يىغلىغانغا مۇنۇ مۆڭگۈز ..... 172
4.4 ئابدۇرېھىم تۇردى ..... 174
4.4.1 ئات چاپالمىدۇق ..... 174
4.4.2 بىر ئادەم ئۆلسە ئىككى سوم بېرىدۇ ..... 174
4.4.3 كارنىيىمغا تۇرۇپ قالىدىكەن ..... 175
4.5 ھېيتەم مەنسۇر ..... 177
4.5.1 گۇل قاچا ..... 177
4.5.2 موزدۇز ..... 177
4.5.3 چېلەك ئېلىپ قولۇمغا ..... 178
4.5.4 سۇزۇك تارتىمەن ..... 179
4.5.5 ئۇچ «مەيلى» ..... 180
4.6 مەرۇپ ۋىلەم ..... 181
4.6.1 بۇرۇنقى تۇرمۇش ..... 181
4.6.2 ئىنقىلاپ داۋامىدىكى ئىشلار ..... 184
4.7 ئۆمەرجان مەمەترېھىم ..... 190
4.7.1 چولۇقاينىڭ يېڭچە مائارىپ ئەھۋالى ..... 190
4.7.2 توي ئادەتلىرى ..... 196
4.7.3 داپچى قارىمكام ..... 197
4.7.4 غوجامنىڭ چولۇقايغا تەسىرى ..... 198
4.8 پاكزاد ھاپىز ..... 201
4.8.1 توي قائىدە-يوسۇنلىرى ..... 201
4.8.2 مەشرەپ قائىدىلىرى ..... 203
4.9 رىزۋانەم ئىساق ..... 207
4.9.0 ياش ۋاقىتلىرىمىزدا ..... 207
4.10 شېرىپ سونۇر ..... 210
4.10.0 تۆگىنىڭ تۇغۇشى ..... 210

4.11 تىللاخان ئىسمايىل ئاخۇن ........ 212
4.11.0 رەھمەت- تازىم بېيىتى ........ 212
4.12 غۇلامىدىن مۇسا ........ 213
4.12.1 «تۇرپانيۇزى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 213
4.12.2 «ئالتۇنلۇق» ھەققىدە ........ 215
4.12.3 تارانچىلارنىڭ بەزى كىيىم- كېچەكلىرى ........ 217
4.12.4 «كونا كولچەكنىڭ ئېشى تاتلىق» ........ 220
4.13 ئىسمايىل غازى ۋە بەختىيار پىدا ........ 221
4.13.0 ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن پارچىلار ........ 221
4.14 نۇرجان مېكائىل ........ 226
4.14.0 كەكە، پەپە، سەكە، بەكە ........ 226
4.15 شاشىدىن زاھىد ........ 228
4.15.1 بۇرۇنقى توي قائىدىلىرى ........ 228
4.15.2 كۆچەت كۆچۈرۈش ........ 229
4.16 نۇرۇم مىرا ........ 230
4.16.1 يەتمىش- سەكسەن ئورغاق توختاپ كەتتى ........ 230
4.16.2 كىندىكتىنلا بوغۇزلىماي يامان قىپسەن ........ 231
4.16.3 زىلۇدى ........ 232
4.16.4 ياخشىلىق يانامدۇ؟ ........ 233
4.16.5 ئېشەكنىڭ مېڭىشى ........ 236
4.17 پاتىگۇل جۈنەل ........ 238
4.17.0 نەزىر- چىراغ قائىدىلىرى ........ 238
4.18 شىرىنبان غوجا ........ 241
4.18.0 ئوبۇكتا ........ 241
4.19 تۇراخۇن نىيازقۇل ........ 243
4.19.0 خەلق ناخشىلىرىدىن پارچىلار ........ 243
4.20 مجىت نىزام ........ 245
4.20.0 تائىپ ........ 245
5- باب: ئىلى ئېغىزى سۆزلۈكى ........ 250
خۇلاسە ........ 329
پايدىلانمىلار ........ 335
قوشۇمچە: ئىلى ئېغىزىغا ئائىت خەرىتىلەر ........ 340
تەشەككۈرنامە ........ 342
ئېلان قىلىنغان ماقالىلار تىزىملىكى ........ 344
بايانات ........ 345

# 目录

**前言**......1
第一节、本课题的研究意义......1
第二节、本课题使用的研究方法......3
第三节、伊犁土语的概念......4
第四节、伊犁土语的研究概况......5
一、国外研究概况......5
二、国内研究概况......7
第五节、伊犁维吾尔人的现状......7
第六节、维吾尔语伊犁土语的形成发展过程......9
第七节、伊犁土语对现代维吾尔语标准语的形成过程中所发挥的作用......11
**第一章：伊犁土语语音研究**......13
第一节、伊犁土语中的语音......13
一、元音......13
二、辅音......15
第二节、元音的特点......19
一、元音的和谐规律......19
（一）元音的前后和谐规律......19
（二）元音的圆唇和谐规律......22
二、发音过程中的元音变化现象......24
（一）交替现象......25
（二）清化现象......28
（三）增音现象......29
（四）脱落现象......29
第三节、辅音的特点......31
一、辅音的和谐规律......31
二、发音过程中的辅音变化现象......32
（一）交替现象......32
（二）增音现象......43
（三）脱落现象......46
（四）弱化现象......56
（五）同化现象......58
（六）换位现象......59
第四节、伊犁土语中的历史音变现象......60
**第二章：伊犁土语词汇研究**......63
第一节、伊犁土语词汇资源......63
一、在标准语中没有同等词义的方言词汇......63
（一）有关农业领域的词汇......64
（二）有关牧业领域的词汇......67
（三）有关手工业与生产、生活方式的词汇......72
（四）有关风俗习惯的词汇......74
（五）有关饮食的词汇......77
（六）有关服饰的词汇......78
（七）有关亲属关系的词汇......79

（八）有关儿童游戏的词汇……80
（九）具有特色的地名词汇……81
（十）在标准语中没有同等的其他方言词汇……82
二、与标准语形成同义词的方言词汇……89
三、标准语同义词组中本地常用的词汇……93
四、词义范围与标准语词汇有区别的词汇……93
五、标准语中不常出现的熟语……101
（一）习语……101
（二）谚语……104
第二节、对伊犁土语方言词汇的词源研究……108
一、古代维吾尔语词汇……108
二、阿拉伯语、波斯语借词……112
三、蒙古语借词……115
四、俄语借词……116
五、汉语借词……127
六、突厥语言的影响……131
（一）哈萨克语的影响……131
（二）其他突厥语言的影响……133
七、伊犁土语与维吾尔语及其他方言土语的相互影响……134
**第三章：伊犁土语语法研究**……138
第一节、词法研究……138
一、名词……138
二、副词……140
三、数词……141
四、量词……141
五、代词……142
六、动词……143
七、模拟词……145
八、后置词……145
九、连词……145
十、语气词……146
十一、象声词……147
第二节、句法研究……148
一、派生词……148
二、带助动词的词汇……152
三、对偶词……154
**第四章：伊犁土语语篇**……156
**第五章：伊犁土语词典**……250
**总论**……329
参考资料……335
附件：伊犁土语有关地图……340

# مۇقەددىمە

## 1. مەزكۇر تېمىنىڭ تەتقىقات قىممىتى

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىللىي ئورتاق تىل بىر مىللەت كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالى بولغان، ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان تىل شەكلىدۇر، شۇنىڭدەك رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ۋە ھەر خىل نۇتۇق، ئوقۇتۇش، خىزمەت داۋامىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەدەبىي تىلدۇر. دىئالېكت مىللىي ئورتاق تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتىدىن ئىبارەتتۇر، دىئالېكتلار يەنە ئېغىزلارغا بۆلۈنىشى مۇمكىن[1]. دىئالېكت، ئېغىزلارمۇ بىر مىللەت تىلىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسىملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، تىل تەتقىقاتىدا ئەدەبىي تىل تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، خاقانىيە تۈركچىسى دەۋرى، چاغاتاي تىلى دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا مىڭ نەچچە يۈز يىللىق يېزىق تارىخىنى باشتىن كەچۈردى. 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى ئىلى-يەتتە سۇ ئېغىزى بىلەن قەشقەر-پەرغانە ئېغىزى[2] دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 50-يىللاردىن كېيىن ئۈرۈمچى ئېغىزى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئاساسقا ئايلاندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلىرى، بولۇپمۇ مەركىزىي دىئالېكت بىلەن بولغان پەرقى بىرقەدەر روشەن بولغان لوپنۇر دىئالېكتى، خوتەن دىئالېكتى، مەركىزىي دىئالېكت دائىرىسىدىكى تۇرپان ئېغىزى، قۇمۇل ئېغىزى، قەشقەر ئېغىزى قاتارلىقلار ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئىلى ئېغىزى ئىلگىرى «تارانچى دېئالېكتى» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەلگىلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە «ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان ئېغىز پەرقى كۆچلۈك ئەمەس» دەپ قارىلىپ، ئايرىم تەتقىق قىلىشقا سەل قارالدى. 1955-، 1956-يىللىرىدىكى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشتىن سىرت، بۇ رايوندا باشقا دىئالېكتلار تەتقىقاتىدەك كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى.

مېنىڭ بۇ تېمىنى تاللىشىمدىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

---

[1] بۇ ماقالىدا پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «شېۋە» ئاتالغۇسى ئورنىدا ئۆز تىلىمىزدىن ئېلىنغان «ئېغىز» ئاتالغۇسى قوللىنىلدى.

[2] ئا.ت ھەيدەروپ: «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىل 1-سان.

بىرىنچىدىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، دىئالېكت، ئېغىزلار ئەدەبىي تىلغا يېقىنلىشىش جەريانىدا ئۆزىدىكى خاسلىقلارنى ئاستا-ئاستا يوقاتماقتا. بۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىرگە دىئالېكت، ئېغىزلاردىكى نۇرغۇن تىل بايلىقلىرى قېزىلماستىن، خاتىرىگە ئېلىنماستىن تۈرۈپ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. دىئالېكت، ئېغىزلاردىكى يەرلىك، خاس ئامىللارنى ۋاقتىدا چوڭقۇر قېزىپ تەتقىق قىلىش شۇ دىئالېكت، ئېغىزلاردىكى تىل بايلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن ئەدەبىي تىلنى يەنىمۇ بېيىتىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بۇ دىئالېكت، ئېغىزلاردىكى قۇتقۇزغىلى بولىدىغان تىل بايلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، تېگىشلىكلىرىنى ئەدەبىي تىلغا ئېلىپ كىرىپ قوللىنىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ ئىنچىكە، ئېنىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. ئەلۋەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىلى ئېغىزى تەتقىقاتىمۇ بۇ خىزمەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئىلى ئېغىزىدىمۇ جىددى ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىلمىي خىزمەتلەر بار.

ئىككىنچىدىن، بىر مىللەتنىڭ تىل تەتقىقاتى يالغۇز ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلى ئۈستىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ تىلنىڭ بارلىق دىئالېكت، ئېغىزلىرى دائىرىسىدە سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى، شۇ ئاساستا ھەر قايسى دىئالېكت، ئېغىزلارنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ئىلمىي يوسۇندا بېكىتىلىشى كېرەك. ھەر بىر دىئالېكت، ئېغىز دائىرىدىكى قېزىشقا تېگىشلىك تىل بايلىقلىرىنى تولۇق قېزىش كېرەك. شۇ جۈملىدىن، ئىلى ئېغىزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن بولغان پەرقى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئېغىزدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنىلا نۇرغۇن نۇقتىلار بار. مەسىلەن: فونېتىكىدا تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، نۆۋەتلىشىشىدىكى بەزى مەسىلىلەر، لېكسىكىدا ئەدەبىي تىلدا تېخى قوللىنىلمىغان كۆمۈلۈپ ياتقان نۇرغۇن سۆز بايلىقلىرى ۋە باشقىلار. شۇنىڭدەك ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ تىلىدىكى ھازىرجاۋاب، قايتىلانماس، يۇمۇرىستىك تۈس، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىلىدىكى جەڭگىۋارلىق، ئىلىدا يېتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ تىلىدىكى كۈچلۈك جەلبكارلىق قاتارلىقلار دىئالېكت تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرى بىر مەزگىل ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسى ۋە بۇ رايون كىشىلىرىنىڭ تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە بىر قاتار تالاش-تارتىشلار بولغان. 19-ئەسىردە بىر قىسىم تىلشۇناسلار ئىلى ئېغىزىنى تۈركىي تىللار ئىچىدىكى «تارانچى دىئالېكتى» دەپ قارىغان. شىڭ شىسەي دەۋرىدە 1935-يىلى «تارانچىلار» شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز، سولون، داغۇر، مانجۇ، شىبە، رۇس مىللەتلىرى قاتارىدا 14-مىللەت دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل ۋەكىلى تۇرغۇزۇلغان. 1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «تارانچى مىللىتى»نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغان. 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا شىنجاڭدا ياشىغان 13

يەرلىك مىللەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىلان قىلدى[3]. دېمەك، بىر مەزگىل تارانچىلارنىڭ ئۇيغۇر ياكى ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر ئېغىزى ياكى مۇستەقىل بىر تىل ئىكەنلىكى ھەققىدە تالاش-تارتىش بولغان. گەرچە ھازىر بۇنداق قارايدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما خەلقئارادا بۇنىڭ تەسىرىنى ھازىر پۈتۈنلەي تۈگىدى دېگىلى بولمايدۇ. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغان رادلوۋ، پانتۇسوۋلارنىڭ تەتقىقاتىدىن كېيىن بۇ رايوندا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھىلىگەن مۇكەممەل بىر پارچە ئىلمىي ئەسەر مەيدانغا كەلگىنى يوق. شۇ ۋەجىدىن رايوندا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يىغىلغان تىل ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئىلى ئېغىزىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا تەسۋىرلەپ چىقىش مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىلمىي خىزمەت بولۇپ قالدى.

مەن ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر بولغانلىقىم، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى، تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇش بولغانلىقىم، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىدا ئوقۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىلى رايونىدا ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە، ھەم شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ قارىدىم. شۇڭا، مەن بۇ قېتىم دوكتورلۇق دېسسىرتاتسىيە تېمامنى مۇشۇ مەزمۇنغا بېغىشلاشنى قارار قىلدىم.

## 2. ماقالىدا قوللىنىلغان ئاساسىي تەتقىقات ئۇسۇللىرى

**بىرىنچى، يازما ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى.**

دىئالېكت، ئېغىز تەتقىقاتىغا ئالاقىدار بىلىم، چۈشەنچە، تىل دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى، تەكشۈرۈش پروگراممىسى قاتارلىق نەزەرىيىۋى ئاساسلار تولۇقلاندى. تىلشۇناسلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى ئىلى ئېغىزىغا ئائىت يىغقان خام ماتېرىيال ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىغىپ، توپلاندى، رەتلەندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى، جۈملىدىن رادلوۋ ۋە پانتۇسوۋنىڭ بۇ ھەقتە يىغقان خام ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى، دۆلەت ئىچىدىكى باشقا تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي ئۆگىنىش ئاساسىدا دىئالېكت تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئىلى ئېغىزى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلگىرىكى تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى.

**ئىككىنچى، دالا تىل تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى.**

2008-يىل 7-ئايدىن 2009-يىل 8-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاش، سامىيۈزى، دۆڭ مازار، مازار، ئۈچئون، تۇرپانيۈزى، جېلىلىيۈزى، بايتوقاي، يېڭىتام يېزىلىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ قاينۇق، جاغىستاي، قوغونچى، كان يېزىلىرى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر، چىڭسىخوزا، داشىگو يېزىلىرى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ سۇپتاي يېزىسى،

---

[3] گۇلسۇم سەلەي: «ئاتالمىش <تارانچى مىللىتى> نەيرىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى»، ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ تاشتۆپە يېزىسى قاتارلىق 19 يېزا-بازار ئاساسىي تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىندى، بۇ رايونلاردا دائىمىي ئولتۇرۇشلۇق 97 نەپەر ھەمكارلاشقۇچى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، 200 سائەتكە يېقىن تىل ماتېرىيالىلىرى ئاۋازغا ئېلىندى، بىر قىسمى سىنغا ئېلىندى، ھەممە ئالاقىدار شەخس ۋە ماتېرىياللار سۈرەتكە ئېلىندى.

**ئۈچىنچى، تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى.**

مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئىلى چاقچاقلىرى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئىلى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، ئۇنى باشقا رايونلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاسلىقلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىلدى. جۈملىدىن زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىكى ئىلى ئېغىزىغا ئائىت سۆز-جۈملىلەر بىرمۇ-بىر خاتىرىلىنىپ رەتلەندى ۋە ئۇلاردىن بىر قىسمى مىسال تەرىقىسىدە ماقالىنىڭ ئالاقىدار قىسىملىرىغا كىرگۈزۈلدى.

**تۆتىنچى، يىغىلغان ماتېرىياللار ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.**

يىغىلغان تىل ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسىي خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە تېكىست سۈپىتىدە ئەستايىدىل، توغرا خاتىرىلەندى. ئۇنىڭدا ئۇچرىغان سۆزلەردىن ئېغىز سۆزلۈكى تۈرغۈزۈلدى. ئاندىن بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل قىلىش، رەتلەش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلى ئېغىزىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى خۇلاسىلاندى.

**بەشىنچى، ئىلى ئېغىزى يۇمشاق دېتالى ئىشلەندى.**

ئىلى ئېغىزى ھەققىدىكى ئېغىز تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي، سېستىمىلىق، روشەن ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىئالېكت تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زامانىۋىلىقىقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە «ئىلى ئېغىزى يۇمشاق دېتالى» ئىشلەندى ۋە ئىلى ئېغىزى تەتقىقات نەتىجىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە بۇ سېستىمىغا كىرگۈزۈلدى.

## 3. ئىلى ئېغىزى ئۇقۇمى ھەققىدە چۈشەنچە

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئالتاي تىللىرى سېستىمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسى، شەرقىي تۈركىي تىللار تارمىقى، ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسىغا تەۋە. ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن ئۇ جوڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئاساس قىلغان ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھازىرقى نوپۇسى 9 مىليون 870 مىڭ (2009-يىللىق مەلۇمات)[4] بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 46% نى ئىگىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتقا بۆلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا جوڭگونىڭ دۆلەت چېگرىسى سىرتىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە

[4] http:\\www.xjmei.com\xinjiang\xinjiangminzu\weiwuerzu\2009\1223\3216.html

ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تىلشۇناسلار يەتتە سۇ ئېغىزى ۋە پەرغانە ئېغىزى دەپ ئايرىيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە سۇ ئېغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئىلى ئېغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، پەرغانە ئېغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قەشقەر ئېغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يېقىن تۇرىدۇ.

مەركىزىي دىئالېكت رايونىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل، بۆرتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دىئالېكت رايونىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 78% قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مەركىزىي دىئالېكتنى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ئۈرۈمچى ئېغىزى، ئىلى ئېغىزى، قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزى، تۇرپان ئېغىزى، قۇمۇل ئېغىزى، تارىم ئېغىزى (جۈملىدىن كۇچار ئېغىزى، موغال ئېغىزى)، يەكەن-قاغىلىق ئېغىزى قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.[5]

ئىلى ئېغىزى مەركىزىي دىئالېكتقا تەۋە بولغان ئېغىز رايونىدىن ئىبارەت. ئىلى ئېغىزىنىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. كەڭ مەنىدە ئۇ ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولغان بىۋاستە قاراشلىق رايون (سابىق ئىلى ۋىلايىتى)، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە ئالتاي ۋىلايىتى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋە كۈيتۇن شەھرىنى، ئۇندىن باشقا يەنە بۆرتالا ئوبلاستى ۋە قاراماي شەھرىنى، سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن يەتتە سۇ ئېغىزىنىمۇ ئىلى ئېغىزىغا تەۋە دەپ قارايدىغانلار بار. تار مەنىدىكى ئىلى ئېغىزى پەقەت ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق رايون (سابىق ئىلى ۋىلايىتى)دىكى بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىنىلا كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ بۇ ماقالىدا قوللانغىنىمىز تار مەنىدىكى ئىلى ئېغىزى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى پەقەت ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق رايون (سابىق ئىلى ۋىلايىتى)، يەنى غۇلجا شەھرى ۋە غۇلجا، قورغاس، چاپچال، توققۇزتارا، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4. ئىلى ئېغىزىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى

ئىلى ئېغىزى ھەققىدە دۆلەت ئىچى-سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

### 4.1 خەلقئارادا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار

1. روسىيىلىك تىلشۇناس رادلوۋ (В.В.Радлов) نىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى

[5] تۇراپ قاسىم يولچى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 3-ئاي نەشرى، 99-بەت.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلىنغان «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يەشمىسى» ناملىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى» («تارانچى تىلى» 4-توم)، «شىمالدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر _ تارانچى دىئالېكتى »[6] قاتارلىقلار بىزنىڭ ئىلى ئېغىزىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ 1893-يىلى ۋە 1905-يىلى سانتپېتىربۇرگتا نەشر قىلىنغان تۆت توم سەككىز كىتابتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «تۈرك دىئالېكتلىرى لۇغىتى سىناق نۇسخىسى» ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىللىرى بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بۈيۈك ئەسەردۇر، بۇ ئەسەردە «تارانچى دىئالېكتى» نامى بىلەن بۇ رايوندىن يىغىلغان بىر قىسىم سۆزلەر خاتىرىلەنگەن.

2. روسىيىلىك شەرقشۇناس، ئېتنوگرافىيە، تارىخ ئالىمى نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوۋ (1849_1909) چار روسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان مەزگىلدە ئىلىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا ئائىت نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۇنىڭ «تارانچى دىئالېكتى تېكىستلىرى»، «تارانچى تىلىنى ئۆگىنىش ماتېرىيالى»، «تارانچى ناخشىلىرى»(1890)، «تارانچى باخشىسى» (1907)، «ئىلى تارانچى دىئالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «ئىلى تارانچى دىئالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»نىڭ ئۆزى توققۇز كىچىك كىتابچىدىن تۈزۈلگەن.[7]

---

[6] رادلوۋنىڭ ئەسلى تېكىست ۋە نېمىستە تەرجىمە، تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئىبارەت ئىككى كىتابىنى تاپتىم. ئۇلار:

1) «شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى» (НАРЕЧИЕ СЪВЕРНЫХЪ ТЮРКСКИХБ ПЛЕМЕНБ) I_ بۆلۈم: ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر. تەرجىمىسى. شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر - توپلانما ۋە تەرجىمىسى، VI قىسىم: تارانچى دىئالېكتى. سانت پېتىربۇرگ، 1886. (تېكىستلەرنىڭ سىياۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىسى)

2) «شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى» (die sprachen der nördlichen türkischen stämme) _ I بۆلۈم: ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر. تەرجىمىسى. شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر - توپلانغان تېكىست ۋە تەرجىمىسى، VI قىسىم: تارانچى دىئالېكتى. سانت پېتىربۇرگ، 1886.

(proben der volkslitteratur der nördlichen türkischen stämme gesammelt und übersetzt)

(تېكىستلەرنىڭ نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسى)

[7] بۇلاردىن تاپالىغانلىرىم: ن.ن. پانتۇسوۋ (Н.Н.Пантусов): «ئىلى تارانچى دىئالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (Материалы к изучению наречия таранчей илийского округа, 1879-1901)،

1-قىسىم: ، 1897-يىل، قازان، Книга о счастливыхь и несчастливыхь дняхь

(بەختلىك ۋە بەختسىز كۈنلەر ھەققىدە كىتاب «سائەتنامە»)،

2-قىسىم: 1898-يىل، قازان، сборникь таранчинскихь загадокь и задачь

(تارانچى تېپىشماق ۋە سوئاللار توپلىمى)،

3-قىسىم: 1901-يىل، قازان، Книга о счастливыхь и несчастливыхь годахъ

(بەختلىك ۋە بەختسىز يىل ھەققىدە كىتاب).

5-قىسىم : 1900-يىل، قازان، молитвы и заговоры таранчинский бакшей

(تارانچى باخشىلىرىنىڭ دۇئا ۋە قەستلىرى).

6-قىسىم: 1901-يىل، قازان، стихотворение о якубь-бекъ, государь кашгарый и о событий его времен

### 4.2 دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار

1955 ـ يىلى يازدا جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار شىنجاڭدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەنگەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئىلى، تۇرپان ئېغىزلىرى تەتقىقات گۇرۇپپىسى غۇلجا شەھەر ناغىرچى مەھەللىسى، چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزىسى، غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. گەرچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسى تولۇق ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىسقىچە خۇلاسە دوكلادىدا ئىلى ئېغىزىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي يۈزلۈك يىغىلغان بەزى ماتېرىياللاردىنمۇ ئىلى ئېغىزىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى بىلىش مۇمكىن. مەسىلەن، 1986 ـ يىلى غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»گە ئىلى ئېغىزىغا ئائىت بىرمۇنچە سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. پروفېسسور مۇھەببەت قاسىم باشچىلىقىدا يېزىلغان 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرگىمۇ ئىلى ئېغىزىغا ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە بىر قىسىم دىئالېكت سۆزلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئىلى ئېغىزى، ئىلى چاقچاقلىرى، مەشرەپلىرى، ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن بىر قىسىم ماقالىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلاردىنمۇ بۇ رايوننىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە تىل مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش مۇمكىن.

## 5. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئىلى ۋادىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي باغرىغا، يەنى شەرقىي مېرىدىيان 80°09’ـ84°56’ ئارىلىقى، شىمالىي كەڭلىك 42°14’ـ44°50’ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقتىن غەرپكىچە ئۇزۇنلۇقى 360 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 175 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 56 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىمالدا بۆرتالا موڭغۇل ئوبلاستى بىلەن، شەرقتە تارغاباتاي ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبتا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي، ئونسۇ ناھىيىلىرى بىلەن، غەربتە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى قورغاس ئېغىزى، رايون دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزىدىن دولاتا ئېغىزى بار. ئىلى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ.

---

(قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ھەققىدە قوشاق).

8 ـ قىسىم: игра майлисе и лроизносить во время ея молодежью стихи

(ياشلارنىڭ پوتا ئويۇنى ئوينىغاندا ئېيتقان بېيىتلىرى).

9 ـ قىسىم: 1907 ـ يىل، قازان، таранчинский детей и мужчины игры

(تارانچىلارنىڭ بالىلار ۋە چوڭلار ئويۇنلىرى).

ئوبلاست مەركىزى بولغان غۇلجا شەھرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 690 كىلومېتىر كېلىدۇ. كېلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، ھاۋاسى ئىللىق، نەم. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.4℃، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2870 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 417.6 مىللىمېتىر، تاغلىق رايونلاردا 600 مىللىمېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ نەم رايون ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسى 2 مىليون 232 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 67.38% نى ئىگىلەيدۇ.[8]

ئىلى كۆپ مىللەتلىك رايون، بۇ رايوندا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىۋە، موڭغۇل، قىرغىز، سالار، ئۆزبېك، رۇس، مانجۇ قاتارلىق نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 2005-يىللىق نوپۇس مەلۇماتىدىن قارىغاندا ئىلىدىكى (بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە) ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 614064 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 26.76%نى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى غۇلجا شەھرىدە 213114 نەپەر، غۇلجا ناھىيىسىدە 166004 نەپەر، قورغاس ناھىيىسىدە 73960 نەپەر، چاپچال ناھىيىسىدە 44789 نەپەر، توققۇزتارا ناھىيىسىدە 37525 نەپەر، كۈنەس ناھىيىسىدە 28329 نەپەر، نىلقا ناھىيىسىدە 18709 نەپەر، تېكەس ناھىيىسىدە 16028 نەپەر، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 15606 نەپەر ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدۇ.

غۇلجا شەھرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. 2005-يىللىق مەلۇماتتىن قارىغاندا شەھەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 520 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 49.24%نى، خەنزۇلار 35.13%نى، قازاقلار 4.49%نى ئىگىلەيدۇ.[9]

ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىلىنىڭ شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادى، يېزا-ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئىلىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى كىشىنى ئالاھىدە جەلب قىلىدۇ. ئاپئاق ئاقارتىلغان، سېنكىلانغان قورا تاملىرى، ئۇيغۇر مىمارچىلىقى بىلەن ياۋروپا ئۇسلۇبى بىرلەشتۇرۇپ ياسالغان پېشايۋانلىق ئۆيلىرى، نەقىشلىك دەرۋازىلىرى، ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم، گىلاس، شاپتۇللار بىلەن تولغان باغ-ۋاران، كۆكتاتلىق ھويلىلىرى، پاكىزە سۈپۈرۈلگەن ھويلىلاردا چىرايلىق ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللىرى، ئىشىك ئالدىدا شىرىقلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق سۇلىرى، دائىم سۇ سېپىلىپ تۇرىدىغان رەتلىك كوچىلىرى بىلەن ئۆزگىچە خاس يەرلىك، مىللىي مەدەنىيەت تۈسىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئوچۇق-يورۇق، خۇشچاقچاق، قىزغىن، مېھماندوست، ناخشا خۇمار خەلق. ئۇلار ھەرقاچان چاقچاق بىلەن سۆزلىشىشكە، ناخشا-مۇزىكا بىلەن سىردىشىشقا ئىنتىلىدۇ. ئىلى چاقچاقلىرى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋي ھاياتىنىڭ ئىككى قانىتىدۇر.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرى ئۆز ئىچىدىن يەنە «تارانچىلار»، «قەشقەرلىقلەر»، «رەسىلەر» (ياكى چېلەكلىك) دەپ ئايرىلغان ئىدى. «تارانچى» ئاتالغۇسى 18-

[8] http:\\baike.baidu.com\view\568673.html

[9] http:\\baike.baidu.com\view\261113.html?wtp=tt

ئەسىردىن تارتىپ كەڭ تۈردە قوللىنىلىشقا باشلىغان بولۇپ، جۇڭغارلار ئىلىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆپىنچە شۇنداق ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام بۇ زېمىندا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن كۆچۈرۈپ چىقىلغان ئۇيغۇرلارنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. ئەينى چاغدا ئىلىنى ئىدارە قىلىۋاتقان جۇڭغارلار ئۆزلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك شەكلىدىكى مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر ئۇيغۇرلارنى شۇنداق ئاتىغان. «تارانچى» سۆزىنىڭ مەنىسى، بۇ سۆزنىڭ قاچاندىن باشلاپ، كىملەر تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار بار. بىزنىڭچە، سۆز مەنبەسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆز تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق بولغان [tʰara] (زىرائەت، تېرىق) دېگەن سۆز يىلتىزىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان، بولۇپ «تېرىقچى» يەنى «دېھقان» دېگەن مەنىنى ئاڭلاتقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تېرىق، تېرىم (تارىم)، تېرىقچى، تېرىقچىلىق، تېرىش» قاتارلىق ئىسىم ۋە پېئىل خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سۆز بىلەن مەنبەداشتۇر. مەيلى كىم تەرىپىدىن، قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. «تارانچى»لارنىڭ زور بىر قىسمى 1881_1883 ـ يىللىرىدا ھازىرقى قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى يەتتە سۇ رايونىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن. كېيىنچە، بەزىلىرى تېخىمۇ يىراقلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر تەۋەلىكىگە كۆچۈپ كەتكەن. روسىيەنىڭ چېلەك رايونىغا كۆچۈپ، كېيىنچە كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار «رەسىيلەر» (چېلەكلىك) ياكى «قاچاقلار» دەپ ئاتالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا ئۆز ئالدىغا تارقاق ھالدا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار مەيلى قەيەردىن كۆچۈپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر «قاشقالىخ» (قەشقەرلىك) دەپ ئاتالغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى يۇرت تەۋەلىكى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە «ئىلىخولۇق»، «غۇلجىلىق» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

ئىلى ئېغىزى ئىلىدا قەدىمدە ياشىغان، ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان ياغما، توخسى، چىگىل قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنىڭ ئىزناسىنى توشۇغان، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزلىرىنىڭ ئارىلىشىشى، تەسىرلىشىشى، يۇغۇرۇلۇشى، ھەمدە بۇ رايوندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇچراشقان موڭغۇل، رۇس، خەنزۇ، قازاق تىللىرىنىڭ بەلگىلىك تاشقى تەسىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئارىلاشما ئېغىزدۇر.

## 6. ئىلى ئېغىزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلى رايونى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنبەت زېمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ زېمىندا قەدىمدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ساكلار، ھونلار، توخارلار، ئۇيسۇنلار كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدەك بۇ ئەتراپتا يەنە دىڭلىڭ، تېلې، تۈرك، ياغما، توخسى، چىگىل، قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەر ياشىغان. بۇنىڭ ئىچىدە دېڭلىڭ، تېلې، قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەۋملەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى

ئىكەنلىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. تۈرك، ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىمۇ هازىر ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم قەبىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئىلا» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە «بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.»[10] دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلى دەريا ۋادىسى قەدىمدىن تارتىپلا تۈركىي قەۋملەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مۇھىم پائالىيەت ماكانى بولغان، ئۇلارنىڭ تىلى مۇشۇ رايوندىكى مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئىلى تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. تۈرك خانلىقى پارچىلىنىپ غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا تېكەس دەريا ۋادىسى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇ رايونلار ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە رايونلار دائىرىسىدە بولغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار دەۋرلىرىدە ئاۋۋال بىر مەزگىل ئىدىقۇت خانلىقىغا كېيىنچە قاراخانىلار خانلىقىغا تەۋە بولغان. بۇ خانلىقلاردا ئاساسىي ئالاقىلىشىش تىلى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تىللىرى ئوخشاشلا بۇ رايوندىمۇ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولغان. «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلا، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر.» [11] دەيدۇ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە. دېمەك، ئەينى دەۋردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئىچىدە ئەڭ توغرا، ئۆلچەملىك تىللاردىن بىرى ھېسابلانغانلىقى ئېنىق.

موڭغۇللار دەۋرىدە ئىلى چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدە بولغان، چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىي كۆپىنچە چاغلاردا ئىلىدا بولغان. موڭغۇللارنىڭ جۇڭونى بويىچە ئەينى چاغدا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش بارلىق موڭغۇللارغا بۇيرۇق قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدىكى موڭغۇللار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى كەڭ تۈردە ئۆگىنىپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ۋە بۇ رايوندىكى كەڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئالاقىلىشىشىنىڭ قورالى قىلغان. چاغاتاي تىلى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. كېيىنچە ئىلىدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئىسلاملىشىپ، كۆپ قىسمى تەدرىجى ھالدا بۇ رايوندىكى خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينى چاغدىكى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ، چاغاتاي تىلىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

موڭغۇللار دەۋرىدە ئىلىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى ۋە جامال قارشى قاتارلىقلار بار. مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ بىننى ئابابەكرى بىننى مۇھەممەد سىراجىدىن ئەل خارازىمى بولۇپ 1160-يىلى خارەزىمدە تۇغۇلۇپ، 1229-يىلى 69 يېشىدا ئىلىدا ۋاپات بولغان. ئۇ چاغاتاي خان تەرپىدىن ئەتىۋارلىنىپ مەسلىھەتچىلىككە كۆتىرىلگەن. كېيىنچە باشقىلارنىڭ قارا چاپلىشى بىلەن زىندانغا تاشلانغان، ھەمدە زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەن ۋە خۇنخاي

---

10 «دىۋان»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 1-توم، 124-بەت.

11 «دىۋان» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 1-توم 40-بەت.

مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «مىھتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، ئىستىلىستىكا، ئېستېتىكا، ئىلمىي نوجۇم قاتارلىق ساھەلەردىكى مەزمۇنلار يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئەرەب ۋە تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىغا مەشھۇر ئەسەردۇر.[12] جامال قارشى ئالمالىق شەھرىدە تۇغۇلغان، 13-ئەسىردە ياشىغان تارىخشۇناس، ئالىم.[13]

19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ، ناسۇھا داموللا، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ (ئۇيغۇر بالىسى) قاتارلىق ئەدىب، تارىخچىلار، سادىر پالۋان، ئېلاخۇن كۆككۆز قاتارلىق خەلق قوشاقچىلىرى چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلى ئېغىزىنىڭ ئەينى چاغدىكى خاسلىقلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلىدا ئۆتكەن ئەنۋەر ناسىرى، نۇر بوساقوۋ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق شائىر، يازغۇچى، دراماتورگلار ئىلى ئېغىزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخسلەردۇر. 50-يىللاردىن كېيىن ئىلىدا زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپلاردىن باشقا يەنە تاجىدىن قادىرى، ماناپ قادىرى، مۇھەممەدجان سادىق قاتارلىق ئەدىبلەر، 80-يىللاردىن كېيىن يەنە زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەدجان راشىدىن قاتارلىق ئەل سۆيگەن ئەدىبلەر بارلىققا كېلىپ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ رايوننىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. ھېسام قۇربان باشچىلىقىدىكى ئىلى خەلق قىززىقچىلىرى ئۆز تالانتى ئارقىلىق بۇ رايون تىلىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى. پاشا ئىشان، غىياسىدىن بارات قاتارلىق بىر قاتار ناخشىچى، سەنئەتكارلار ئۆز ئاھاڭلىرىدا بۇ رايون خەلقىنىڭ تىل، مەدەنىيەت، سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە قوشۇپ كەلمەكتە.

## 7. ئىلى ئېغىزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى چاغاتاي تىلى ئاساسىدا 20-ئەسىرنىڭ 20_30-يىللىرى رەسمىي شەكىللەندى. 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى ئېغىزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق بىر ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش، ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسىنى بېكىتىش تەشەببۇسى بولۇندى. ئابدۇللا روزى باقىيېۋ قاتارلىق سىياسىئونلار، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ قاتارلىق زىيالىلارنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى ئارقىسىدا مائارىپ، مەدەنىيەت ئەھۋالى باشقا جايلاردىكىدىن نىسبەتەن يۇقىرى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئۇيغۇر ئېغىزلىرى كۆپرەك ئۇچراشقان ئىلى-يەتتۇسۇ ئېغىزى بىلەن قەشقەر-پەرغانە ئېغىزىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسىنى بېكىتىش ماقۇل كۆرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار

---

[12] يۇنۇسجان ئېلى: «چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ سەككاكى»، «ئىلى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، 1986-يىل 7-ئاينىڭ 22-كۈنى، 4-بەت.

[13] مۇھەممەت توختى:«چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى»، «ئىلى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، 2000-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى.

ياشاۋاتقان ھەرقايسى جايلاردا نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرنال، كىتاب، ئاڭلىتىلغان رادىئولاردا بۇ تىل قوللىنىلدى.

ئەينى زاماندا ئىلى پۈتۈن شىنجاڭغا نىسبەتەن مەدەنىيەت، مائارىپ، مەتبۇئات، ئاخباراتنىڭ مەركىزى، ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى ئىدى. نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللار، كىتابلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلى ئارقىلىق رايونىمىزغا كىردى. يەنە نۇرغۇنلىرى غۇلجىدا بېسىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينالدى. ئىلى رايونى تەبىئىي يوسۇندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ قالدى.

1954-يىلى غۇلجا شەھرى ئىلى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچى ئېغىزى ئەدەبىي تىلنىڭ يۈكسىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئاساس قالدى. شۇندىن كېيىن ئىلى ئېغىزى يېڭى تارىخىي شارائىتتا يېڭىچە تۈس بىلەن ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

# 1 ـ باب: فونېتىكا

## 1.1 ئىلى ئېغىزىدىكى تاۋۇشلار

ئىلى ئېغىزىدىكى تاۋۇشلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، لېكىن بەزى تاۋۇشلارنىڭ ۋارىياتلىنىشى ياكى قوللىنىش چاستوتىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز ـ تولا پەرقلەر مەۋجۇت.

### 1.1.1 سوزۇق تاۋۇشلار

ئىلى ئېغىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى تۆۋەندىكىچە:
[ɑ] (ئا)، [ɛ] (ئە)، [e] (ئې)، [i] (ئى)، [ɨ] (ئى)، [ɯ] (ئى)، [ɪ] (ئى)، [o] (ئو)،
[ø] (ئۆ)، [u] (ئۇ)، [y] (ئۈ)، [ʉ] (ئۇ).

تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى جەدۋىلى ۋە تىل ئورنى كۆرسەتمىسىدىن بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى جەدۋىلى:

| ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى | تىلنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئورنى | تىل ئالدى | | تىل ئارا | | تىل ئارقا | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن | لەۋلەشكەن |
| ئەڭ يېپىق | ئەڭ يۇقىرى | i | y | ɨ | ʉ | ɯ | u |
| يېپىق | يۇقىرى | ɪ | | | | | |
| سەل يېپىق | سەل يۇقىرى | e | | | ø | | o |
| سەل ئوچۇق | سەل تۆۋەن | ɛ | | | | | |
| ئەڭ ئوچۇق | ئەڭ تۆۋەن | | | | | ɑ | |

سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ تىل ئورنى كۆرسەتمىسى:




ئىلى ئېغىزىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار. ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى، تىلنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئورنى، تىلنىڭ ئالدى ـ كەينى ئورنى، لەۋ ھالىتى قاتارلىق نۇقتىلاردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئەدەبىي تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن بىردەك، لېكىن بەزى تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتلىشىش ئەھۋالى مەۋجۇت.

«ئى» فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى:

ئەمەلىي نۇتۇق داۋامىدا ئالدى-كەينىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنىنىڭ ئۇخشىماسلىقى سەۋەبىدىن «ئى» فونېمىسى تىل ئورنىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى، ئېگىز-پەسلىكى نۇقتىسىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياساپ، [i]، [ɨ]، [ɯ]، [ɪ] قاتارلىق تۆت خىل ۋارىيانت شەكلىدە كۆرىلىدۇ.

1) كۆپىنچە ئەھۋالدا تىل ئالدى، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [i] سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ۋارىيانتنىڭ قوللىنىش چاستوتىسى نىسبەتەن يۇقىرى. مەسىلەن:

① dunjada igisiz nersi joχ, hemmi nersiniŋ igisi ba:.

(دۇنيادا ئىگىسىز نەرسە يوق، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بار.)

② siz nimisi mitʃ$^{h}$itniŋ dep u edem sorapt$^{h}$u.

(سىز نىمىسى مەسچىتنىڭ دەپ ئۇ ئادەم سوراپتۇ.)

بۇ ئىككى جۈملىدىكى «ئى» تاۋۇشلىرىنىڭ ھەممىسى [i] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

2) بىر قىسىم سۆزلەردە تىل ئورنى سەل كەينىگە تارتىلىپ، تىل ئارا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [ɨ] سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

① ɦoj ɛxrɛm sørɛmni apq$^{h}$aʃt$^{h}$urup q$^{h}$ojduŋmu nimɛ dɛjdu, ajalɨŋ jamanlap k$^{h}$et$^{h}$ipt$^{h}$u digɛnni bivast$^{h}$ɛ dimɛst$^{h}$in.

(ھوي ئەكرەم، سۆرەمنى ئاپقاچتۇرۇپ قويدۇڭمۇ نېمە دەيدۇ، ئايالىڭ يامانلاپ كېتىپتۇ دېگەننى بىۋاستە دېمەستىن.)

② p$^{h}$ot$^{h}$ɛjlɛ:niŋ yst$^{h}$ini k$^{h}$esɛx bilɛn jasap, t$^{h}$egini χɯʃ bilɛn q$^{h}$ɯlɨp, nomur tʃ$^{h}$aplivɛtk$^{h}$ɛnk$^{h}$ɛ: q$^{h}$ɛlɛjdɛ.

(پوتەيلەرنىڭ ئۈستىنى كېسەك بىلەن ياساپ، تېگىنى خىش بىلەن قىلىپ، قەلەيدە نومۇر چاپلىۋەتكەن ئىكەن.)

ئالدىنقى جۈملىدىكى «ئايالىڭ» سۆزى، كېيىنكى جۈملىدىكى «قىلىپ» سۆزى تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشلىرى [ɨ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

3) [q]، [ɴ]، [χ]، [ʁ] قاتارلىق كىچىك تىل تاۋۇشلىرى بىلەن بىللە كەلگەندە شۇ تاۋۇشنىڭ تەسىرىدە تىل ئورنى خېلى زور دەرىجىدە كەينىگە سۈرۈلۈپ تىل كەينى، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [ɯ] سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①nurʁun ɦynɛ:lɛ:ni q$^{h}$ɯ:p k$^{h}$ɛtt$^{h}$im, molduztʃ$^{h}$ilɯχmu q$^{h}$ɯldim, jaʁaʃtʃ$^{h}$ilɯχmu q$^{h}$ɯldim.

(نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى قىلىپ كەتتىم، موزدۇزلۇقمۇ قىلدىم، ياغاچچىلىقمۇ قىلدىم.)

② ʃuniŋ bilɛ: bir i̥kk$^{h}$i ʒilla ɛ:ʃɛ:dɛ oq$^{h}$utq$^{h}$andin k$^{h}$ejinla bu biraz ma: bilimni tʃ$^{h}$ɯq$^{h}$a:ʁɯli t$^{h}$u:di.

(شۇنىڭ بىلەن 1-2 يىل ئەشۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن بىلىمىنى بىر ئاز چىقارغىلى تۇردى.)

ئالدىنقى جۈملىدە «قىپ، قىلدىم» سۆزلىرىدە، كېيىنكى بوغۇمدا «چىقارغىلى» سۆزىدىكى «ق، غ» تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەن «ئى» تاۋۇشى [ɯ] ۋارىيانتى بويىچە

تەلەپپۇز قىلىنغان.

4) بەزىدە تىل ئورنى سەل تۆۋەنلەپ، تىل ئالدى، يېپىق، يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [ɪ] سۇپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ɦapʰiz imamni aʁritʰɪː qʰojʁan aqʰɯdikʰi is tʰetʰip qʰaːʁan batʰurniŋ tʰojiniŋ eʃi.

(ھاپىز ئىمامنى ئاغرىتىپ قويغان ئارقىدىكى ئىس تېتىپ قالغان باتۇرنىڭ تويىنىڭ ئېشى.)

بۇ جۈملىدىكى «ئاغرىتىپ» سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى» تاۋۇشى [ɪ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى ئىككى سۆزدە ئالدىنقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئەدەبىي تىلدىكى «ئې» تاۋۇشى بويىچە ئەمەس، بەلكى «ئى» تاۋۇشىنىڭ [ɪ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

[bɪlɯq] بىلىق__ ئەدەبىي تىلدىكى «بېلىق» سۆزى بىلەن ئوخشاش.

[dɪŋiz] دىڭىز__ ئەدەبىي تىلدىكى «دېڭىز» سۆزى بىلەن ئوخشاش.

«ئۈ» فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى:

ئىلى ئېغىزىدا «ئۈ» فونېمىسىنىڭ تىل ئالدى ۋە تىل ئارا ئىككى ۋارىيانتى بار.

1) ئادەتتە كۆپرەك تىل ئالدى، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [y] سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

①biː qʰɯʃqʰɯrivaːsaχ ʧʰyʃkʰɛ ʧʰajʁa voːsimu dɛptʰikʰɛː.

(چۈشكە چايغا بولسىمۇ بىر قىچقىرىۋالساق دەپتىكەن.)

②adɛm qʰerɯʁanda ɦasɯʁa ʧʰyʃyp qʰalidikʰɛː dɛŋa, ɦaːsa.

(ئادەم قېرىغاندا ھاسىغا چۈشۈپ قالىدىكەن دەڭا، ھاسا.)

بۇ ئىككى جۈملىدىكى «ئۈ» تاۋۇشلىرى [y] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

2) بەزى سۆزلەردە تىل ئورنى سەل كەينىگە سۈرۈلۈپ تىل ئارا، ئەڭ يېپىق، ئەڭ يۇقىرى، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش [ʉ] ۋارىيانتى سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①bʉgʉn ʧʰaχʧʰaʁ qʰɯlaːmɯʁanlaː gaʧʰa.

(بۈگۈن چاقچاق قىلالمىغانلار گاچا.)

② bʉtʰʉn ʤamaɛt, ɛl tʰuqqʰanlaː ɦɛmmisi ʤɛm bolup kʰøŋyllyx øtkʰyzdyŋlaː.

(پۈتۈن جامائەت، ئەل، تۇغقانلار ھەممىسى جەم بولۇپ، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۈڭلار.)

ئالدىنقى جۈملىدىكى «بۈگۈن» سۆزى ۋە كېيىنكى جۈملىدىكى «پۈتۈن» سۆزىدىكى «ئۈ» تاۋۇشلىرى [ʉ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

## 1.1.2 ئۈزۈك تاۋۇشلار

ئىلى ئېغىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى تۆۋەندىكىچە:

[b] (ب)، [pʰ] (پ)، [p] (پ)، [tʰ] (ت)، [t] (ت)، [ʤ] (ج)، [ʧʰ] (چ)، [ʧ] (چ)، [χ] (خ)، [d] (د)، [r] (ر)، [z] (ز)، [ʒ] (ژ)، [s] (س)، [ʃ] (ش)، [ʁ] (غ)، [qʰ] (ق)، [q] (ق)، [kʰ] (ك)، [k] (ك)، [x] (ك)، [g] (گ)، [ɣ] (گ)، [ŋ] (ڭ)، [ɴ] (ڭ)، [l] (ل)، [m] (م)، [n] (ن)، [ɦ] (ھ)، [h] (ھ)، [v] (ۋ)، [w] (ۋ)، [j] (ي).

تۆۋەندىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى جەدۋەلىدىن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ

ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

| بوغۇز | كىچىك تىل | تىل تۈۋى | تىل ئۈستى | تىل ئالدى | تىل ئۇچى | | لەۋ-چىش | قوش لەۋ | تاۋۇش چىقىرىش ئورنى / تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئوتتۇرىسى | ئالدى | | | | | |
| | q | k | | | t | | | p | نەپەسسىز | جاراڭسىز | پارتلىغۇچى |
| | $q^h$ | $k^h$ | | | $t^h$ | | | $p^h$ | نەپەسلىك | | |
| | | g | | | d | | | b | نەپەسسىز | جاراڭلىق | |
| | | | | | | | | | نەپەسلىك | | |
| | | | | ʧ | | | | | نەپەسسىز | جاراڭسىز | پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ |
| | | | | $ʧ^h$ | | | | | نەپەسلىك | | |
| | | | | ʤ | | | | | نەپەسسىز | جاراڭلىق | |
| | | | | | | | | | نەپەسلىك | | |
| | ɴ | ŋ | | | n | | | m | جاراڭلىق | | دىماغ |
| | | | | | r | | | | جاراڭلىق | | تەكرار تىترىگۈچى |
| | | | | | l | | | | جاراڭلىق | | قوۋۇز |
| h | χ | x | | ʃ | | s | | | جاراڭسىز | | سىرىلاڭغۇ |
| ɦ | ʁ | ɣ | j | ʒ | | z | v | w | جاراڭلىق | | |

دىمەك، ئىلى ئېغىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالى ئەدەبىي تىلدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش، شۇنداقتىمۇ بەزى تاۋۇشلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىدا ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت.

1) «ف» تاۋۇشى: ئىلى ئېغىزىدا [f] تاۋۇشى ئادەتتە قوللىنىلمايدۇ، ئەسلىدە [f] تاۋۇشى بار بولغان كىرمە سۆزلەردىكى [f] تاۋۇشى بۇ ئېغىزدە [p] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| forma | $p^h$orma |
| fabrik$^h$a | $p^h$abrik$^h$a |
| fok$^h$us | $p^h$ok$^h$us |
| figure | $p^h$igur |
| ferma | $p^h$erma |

2) «ژ» تاۋۇشى: ئىلى ئېغىزىدا بۇ تاۋۇشنىڭ قوللىنىلىش چاستوتىسى نىسبەتەن تۆۋەن. ئانا تىل سۆزلىرىدە فونېما سۈپىتىدە پەقەت ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش تۆۋەندىكىدەك ئاز بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا ئۇچرايدۇ:

$p^h$iʒ $p^h$iʒ (ئىسسىقنىڭ كۆيدۈرىشىگە تەقلىد قىلىنغان.)

gaʒ guʒ (قورۇما قورۇش ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان.)

giʒ giʒ (كارنەينىڭ خىرىلدىشىغا تەقلىد قىلىنغان.)

ʁaʒ ʁuʒ (كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجرانىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان.)

ʁɯʒ ʁɯʒ (كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىقىقا تەقلىد قىلىنغان.)

مەسىلەن:

χotʰunnuŋ tʰuqqʰuni kʰɛːsɛ kʰyndɛ gaʒ guʒ,

ɛːniŋ tʰuqqʰuni kʰɛːsɛ kʰyndɛ ʁaʒ ʁuʒ.

(خوتۇننىڭ تۇققىنى كەلسە كۈندە گاژ-گۇژ،

ئەرنىڭ تۇققىنى كەلسە كۈندە غاژ-غۇژ.)

ئۇندىن باشقا ئەرەب، پارس، رۇس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلى تاۋۇشلارنى دەل تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

بەزىدە يەنە [j]، [ʤ]، [r] قاتارلىق تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا نۆۋەتلىشىپ كېلىپ، شۇ تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.[14]

3) «پ، ت، ق، ك، چ» تاۋۇشلىرى: بۇ پارتلىغۇچى ۋە پارتلىغۇچى-سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نەپەسلىك ۋە نەپەسسىز دەپ ئىككىدىن ۋارىيانتى بار. بوغۇم بېشىدا كەلگەندە نەپەسلىك، بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە نەپەسسىز ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| بوغۇم بېشىدا | بوغۇم ئاخىرىدا |
|---|---|
| pʰajsa | pʰiʃuldurup |
| tʰaŋsuχ | rɛgɛtkʰɛ |
| ʧʰavatnan | nɛʧʧʰɛ |
| qʰurʁun | bɨliq |
| kʰɛrɛʃnivaj | i̥kkʰi |

سول قاتاردىكى سۆزلەردە بوغۇم بېشىدا «پ، ت، ق، ك، چ» تاۋۇشلىرى نەپەسلىك، ئوڭ قاتاردىكى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا نەپەسسىز ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

4) «ڭ» تاۋۇشى: بۇ فونېمىنىڭ تىل تۈۋى ۋە كىچىك تىل ئىككى ۋارىيانتى بار:

(1) ئادەتتە دىماغ، تىل تۈۋى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [ŋ] ۋارىيانتى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

①vaj bɛriz nim bolduŋ, ɛttʰigɛndɛ nim bolduŋ.

(ۋاي، بەرىز نىمە بولدۇڭ، ئەتىگەندە نىمە بولدۇڭ؟)

②ɦoj seniŋ bilɛn biz qʰulaqqʰɯla pʰiʧʰirlaʃsaχ boːmidimu.

(هوي، سېنىڭ بىلەن بىز قۇلاقىلا پىچىرلاشساق بولمىدىمۇ!؟)

ئالدىنقى جۈملىدە «بولدۇڭ» سۆزىدىكى، كېيىنكى جۈملىدە «سېنىڭ» سۆزىدىكى «ڭ» تاۋۇشلىرى [ŋ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(2) تىل ئارقا تاۋۇشلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغاندا «ڭ» فونېمىسىنىڭ تىل ئورنى بەزىدە يەنىمۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ دىماغ، كىچىك تىل، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [ɴ] سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①jɛp boːsaŋ saɴa mukʰapʰat i̥kkʰi kʰilo tʰaɴga, jɛp bolaːmisaŋ i̥kkʰi kʰilo tʰaɴga alisɛː.

(يەپ بولساڭ ساڭا مۇكاپات ئىككى كىلو تاڭگا، يەپ بولالمىساڭ ئىككى كىلو تاڭگا سېتىپ ئالىسەن.)

②bu yʃ mɛjli jaχʃikʰɛː balam muʃu asastʰa maɴsaŋ jaχʃi boludu.

---

[14] بۇ ھەقتە تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى قىسمىدا كونكرېت سۆزلىنىدۇ.

(بۇ ئۈچ مەيلى ياخشىكەن، بالام، مۇشۇ ئاساستا ماڭساڭ ياخشى بولىدۇ.)

ئالدىنقى جۈملىدە «ساڭا، تاڭگا» سۆزلىرىدىكى، كېيىنكى جۈملىدە «ماڭساڭ» سۆزىدىكى «ڭ» تاۋۇشلىرى [N] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

5) «ھ» تاۋۇشى: بۇ فونېمىنىڭ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئىككى ۋارىيانتى بار.

(1) ئادەتتە كۆپ ھاللاردا سىرىلاڭغۇ، بوغۇز، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش ۋارىيانتى [ɦ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①ɦoj ɛxrɛm sørɛmni apq$^h$aʃt$^h$urup q$^h$ojduŋmu nimɛ dɛjdu.

(ھوي ئەكرەم، سۆرەمنى ئاپقاشتۇرۇپ قويدۇڭمۇ نىمە دەيدۇ.)

②nurʁun ɦynɛːlɛːni q$^h$ɯːp k$^h$ɛtt$^h$im.

(نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى قىلىپ كەتتىم.)

③ornuŋdun q$^h$op digɛn bir vɛɦi k$^h$ɛlidik$^h$ɛː.

(ئورنۇڭدىن قوپ دىگەن بىر ۋەھى كېلىدىكەن.)

بىرىنچى جۈملىدە «ھوي» سۆزىدىكى، ئىككىنچى جۈملىدە «ھۈنەر» سۆزىدىكى، ئۈچىنچى جۈملىدە «ۋەھى» سۆزىدىكى «ھ» تاۋۇشلىرى [ɦ] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(2) بەزى ھاللاردا جاراڭسىزلىشىپ سىرىلاڭغۇ، بوغۇز، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش ۋارىيانتى [h] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ah siŋlim dɛpla siŋlisini q$^h$utʃ$^h$aʁlɯʁan.

(ئاھ سىڭلىم، دەپ سىڭلىسىنى قۇچاقلاپتۇ.)

بۇ جۈملىدە «ئاھ» سۆزىدىكى «ھ» تاۋۇشى [h] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

6) [x]، [ɣ] تاۋۇشلىرى:

(1) [x] تاۋۇشى سىرىلاڭغۇ، تىل تۈۋى، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [ɣ] تاۋۇشى سىرىلاڭغۇ، تىل تۈۋى، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بولۇپ، ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا بۇ ئىككى تاۋۇش ئىلى ئېغىزىدىمۇ ئايرىم فونېما سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس. سۆز بېشىدا قوللىنىلمايدۇ. نۇتۇق ئېقىمى داۋامىدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [g]، [k] تاۋۇشلىرى سىرىلاڭغۇلىشىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا [x]، [ɣ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①k$^h$itʃ$^h$ix tʃ$^h$oŋ ɦɛːmisi jaχʃi k$^h$øridu.

(كىچىك-چوڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ.)

بۇ جۈملىدە «كىچىك» سۆزىنىڭ كېيىنكى بوغۇمىدىكى [k] تاۋۇشى [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

② p$^h$yt$^h$yn k$^h$ijim t$^h$ixmisɛmmu jamaq jamajtt$^h$im.

(پۈتۈن كىيىم تىكمىسەممۇ ياماق يامايتتىم.)

بۇ جۈملىدە «تىكمىسەممۇ» سۆزىدىكى [k] تاۋۇشى [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

③q$^h$olumʁa q$^h$att$^h$ɯχ t$^h$eɣi k$^h$ɛtmisun dɛp un χalt$^h$isɯʁa buʁdaj k$^h$ep$^h$iɣi, u bommisa ɦɛrɛ k$^h$ep$^h$iɣini q$^h$atʃ$^h$ilap bamdatt$^h$in jenip berip urimɛn, t$^h$ep$^h$imɛn, yssimɛn.

(قولۇمغا قاتتىق تىگىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇن خالتىسىغا بۇغداي كېپىكى، ئۇ بولمىسا ھەرە كېپىكىنى قاچىلاپ بامداتتىن يېنىپ بېرىپ ئۇرىمەن، تېپىمەن، ئۈسىمەن.)

بۇ جۈملىدە «تېگىپ، كېپىكى، كېپىكىنى» سۆزلىرىدىكى[k]، [g] تاۋۇشلىرى [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

④qʰa:ʁanla:niŋ igɛ: ʤabduχlirini e:p bir jɛ:gɛ dyɣlɛp solap qʰojduχ.

(قالغانلارنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، بىر يەرگە دۆۋىلەپ سولاپ قويدۇق.)

بۇ جۈملىدە ئەدەبىي تىلدىكى «دۆۋىلىمەك» سۆزىدىكى [v] تاۋۇشى [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن، قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن تاۋۇش بۇ ئىككىنجى قەدەمدە يەنە [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

⑤ atmaŋla: dɛp χɛt jezip, lɛɣlɛxni utʃʰa:tʰip tʰanisini qʰojivetʰidu.

(ئاتماڭلار دەپ خەت يېزىپ، لەگلەكنى ئۇچارتىپ تانىسىنى قويىۋېتىدۇ.)

بۇ جۈملىدە «لەگلەك» سۆزىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى [g] تاۋۇشى [ɣ] تاۋۇشىغا، كېيىنكى بوغۇمىدىكى [k] تاۋۇشى [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

7) «ۋ» تاۋۇشى: «ۋ» تاۋۇشىنىڭ قوش لەۋ ئۇزۇك تاۋۇشى [w] ۋە چىش-لەۋ ئۇزۇك تاۋۇشى [v] دىن ئىبارەت ئىككى ۋارىيانتى بار. مەسىلەن:

u ʃɛpkʰisigɛ bɛʃvar tʰaqʰɯwaʁanidi.

(ئۇ شەپكىسىگە بەش يۇلتۇز تاقىۋالغان ئىدى.)

mɛn jarimʁa gyl ɛvɛttʰim,
bir tʰutʰam lojli bilɛn.
ɦɛχli[15] bo:sa gylni a:sun,
tʰaʃlivɛtsun lojlini.

(مەن يارىمغا گۈل ئەۋەتتىم، بىر تۇتام لويلى بىلەن. ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن، تاشلىۋەتسۇن لويلىنى.)

«ۋ» تاۋۇشى بىرىنچى مىسالدىكى «تاقىۋالغانىدى» سۆزىدە [w] ۋارىيانتى بويىچە، كېيىنكى جۈملىدە «ئەۋەتتىم، تاشلىۋەتسۇن» سۆزلىرىدە [v] ۋارىيانتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغان.

## 1.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقلىرى

### 1.2.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى

#### 1.2.1.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى

ئىلى ئېغىزىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك.

1) ئەدەبىي تىلدا لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان نۇرغۇن تۈپ سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدىمۇ ئوخشاشلا لەۋ ئاھاڭداشلىقىنى ساقلىغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىغا سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①jazniŋ kʰyni yryx sɛjlisigɛ oχʃaʃ ajaχtʰa islam jyzilɛ:dimu qʰo:ʁun sɛjlisi bolidikʰɛ:.

(يازنىڭ كۈنى ئۆرۈك سەيلىسىگە ئوخشاش ئۇ ياقتا، ئىسلام يۈزلىرىدىمۇ قوغۇن سەيلىسى بولىدىكەن.)

②ɛrdɛ qʰa:ʁan bir oʁul ba:.

---

[15] ھەخلى- ئەقلى.

(ئەردە قالغان بىر ئوغۇل بار ئىكەن.)

③k$^{h}$ømy: q$^{h}$alisa k$^{h}$ømy:niŋ a:q$^{h}$ɯsɯʁa azraχ ot$^{h}$unla:ni q$^{h}$ojup q$^{h}$ojidu.

(كۆمۈر قالىسا كۆمۈرنىڭ ئارقىسىغا ئازراق ئوتۇنلارنى قويۇپ قويىدۇ.)

بۇ مىساللاردا ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن. قەشقەر ـ ئاتۇش ئېغىزىدا بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئوغۇل، كۆمۈر، ئوتۇن» سۆزلىرى «ئوغال، كۆمە:، ئوتان» شەكلىدە كەلگەن بولاتتى.

2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى رەۋىشداش، دەرىجە سان شەكىللىرىدىمۇ كۆچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

① baja u k$^{h}$inodɛx nimik$^{h}$ɛ: u. q$^{h}$araɴʁɯ q$^{h}$ɯlip, t$^{h}$amʁa ʧ$^{h}$yʃyryp, manda:, manda: q$^{h}$oʧ$^{h}$aχla: midirajdu, avaz ʧ$^{h}$ɯχmajdu.

(ئەسلىدە ئۇ كىنودەك نېمە ئىكەن، قاراڭغۇ قىلىپ، تامغا چۈشۈرۈپ، مۇنداق قورچاقلار مىدىرلايدۇ، ئاۋاز چىقمايدۇ.)

②q$^{h}$ɯz bilɛn p$^{h}$araɴliʃip, u oʁulla: k$^{h}$øryʃyp undaq q$^{h}$ɯlidɯʁan iʃ joq.

(قىز بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇ ئوغۇللار كۆرۈشۈپ ئۇنداق قىلىدىغان ئىش يوق.)

③ɛndi uni misalɛn k$^{h}$øʧ$^{h}$yryp ɛ:k$^{h}$ilip beridɯʁan vaq$^{h}$ɯtt$^{h}$a bir k$^{h}$i:gizgɛ orajdu q$^{h}$ɯzni.

(ئەمدى ئۇنى، مەسىلەن، كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ بېرىدىغان ۋاقىتتا بىر كىگىزگە ئورايدۇ قىزنى.)

④ q$^{h}$ɯzla: ott$^{h}$us t$^{h}$oqq$^{h}$uzunʧ$^{h}$i ʒilliri ʧ$^{h}$ɯχt$^{h}$ɯʁu dɛjmɛ:.

(قىزلار 39 ـ يىللىرى چىقتىغۇ دەيمەن.)

ئالدىنقى ئۈچ مىسالدا، رەۋىشداشلارغا ماس ھالدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن. 4 ـ مىسالدا دەرىجە سان قوشۇمچىسى سۈپىتىدە [unʧ$^{h}$i] قوشۇمچىسى ئۇلانغان، ئەدەبىي تىلدا بولسا، بىردەك [inʧ$^{h}$i] قوشۇمچىسى ئۇلانغان بولاتتى.

3) ئەدەبىي تىلدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان بىر قىسىم سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلمىغان ھالەتتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| mevɛ | møgy |
| yginiʃ | ygynyʃ |
| øzgiriʃ | øzgyryʃ |
| momaj | mamaj |

ئالدىنقى ئۈچ مىسالدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن، تۆتىنچى مىسالدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزئار ماسلىشىپ كەلگەن.

4) سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان چاغدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلۈك. مەسىلەن:

①barsila billɛ barajli
jolda jalʁuzluχ jaman
jalʁuzluqq$^{h}$a k$^{h}$im ølypt$^{h}$u
ar:ilip q$^{h}$alʁan jaman

(بارسىلا بىرگە بارايلى، يولدا يالغۇزلىق يامان،
يالغۇزلىققا كىم ئۆلۈپتۇ، ئايرىلىپ قالغان يامان.)

②k$^h$ijim jalaŋ, ʃu ʧ$^h$aʁla:da joχsuz. q$^h$ɯʃt$^h$a q$^h$onaʁ yzymiz, jaziʧ$^h$ɛ yzyp bola:mɯʁan q$^h$onaχla:ni.

(كىيىم يالاڭ، شۇ چاغلاردا يوقسىز. قىشتا قوناق ئۈزىمىز، يازىچە ئۈزۈپ بولالمىغان قوناقلارنى.)

ئالدىنقى مىسالدا [jalʁuz] سۆزىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغاندا ئەسلى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش [u] غا ماس ھالدىكى قوشۇمچە [luq] ئۇلىنىدۇ، ئەدەبىي تىلدا ئورتاق ھالدا [lɯq] قوشۇمچىسى ئۇلانغان بولاتتى. كېيىنكى مىسالدا [joχ] سۆزىگە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا ماس ھالدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە [suz] ئۇلانغان، ئەدەبىي تىلدا ئورتاق ھالدا [lɯq] قوشۇمچىسى ئۇلانغان بولاتتى.

5) ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| jøt$^h$ilim | jøt$^h$ylym |
| k$^h$øzlirim | k$^h$øzlyrym |
| uχlimidim | uχlumudum |
| q$^h$olliriŋdin | q$^h$olluruŋdun |
| jyrik$^h$im | ʒyryɣym |
| q$^h$orsiq$^h$im | q$^h$o:suq$^h$um |

مىسال جۈملىلەر:

①ɦajdap ɛk$^h$it$^h$i: berip jollada gɛp sorajdudɛ bunuŋdun.

(ھەيدەپ ئېلىپ كېتىپ بېرىپ يولدا گەپ سورايدۇ-دە بۇنىڭدىن.)

②ʃu vaq$^h$ɯtla:da meniŋ bir q$^h$ɯzimni ja bir t$^h$uqq$^h$unum, ja bir aʁɯnɛm (oʁlɯʁa) a:maχʧ$^h$i bo:p q$^h$a:sa, muʃundaχ vaχliridila aʃuni ɦoj seniŋ balaɴʁa mɛn muʃuni berimɛ: (dɛjdu), vɛdiliʃimizdɛ, p$^h$ytt$^h$i.

(شۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ بىر قىزىمنى يا بىر تۇققىنىم، يا بىر ئاغىنەم ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ قالسا، مۇشۇنداق كىچىك ۋاقتىدىلا ئەشۇنى ھوي سېنىڭ بالاڭغا مەن مۇشۇنى بېرىمەن دەيمەن، ۋەدىلىشىمىزدە، پۈتتى.)

ئالدىنقى مىسالدا [bu] سۆزىگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا ماس ھالدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىلدىكى [nuŋ] قوشۇمچىسى ئۇلانغان. ئاندىن كېيىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىمۇ ماس ھالدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىلدىكى [dun] قوشۇمچىسى ئۇلانغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ نۇقتىدا ئىلى ئېغىزىدىكى تاۋۇشلارنىڭ لەۋ جەھەتتىن ماسلىشىشى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۈچلۈك.

6) ئىلى ئېغىزىدا كۆپىنچە ئىككى بوغۇملۇق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەردە تۈركىي تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئالدىنقى بوغۇمىدا [o] تاۋۇشى بولسا، كېيىنكى بوغۇمىدا [u] تاۋۇشى بولۇش؛ ئالدىنقى بوغۇمىدا [ø] تاۋۇشى بولسا، كېيىنكى بوغۇمىدا [y] تاۋۇشى بولۇش بىر قەدەر قانۇنىيەتلىك ئەھۋال. ھەر ئىككى بوغۇمدا ئوخشاش بىر لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كېلىدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي تىلدا بۇ قائىدە بۇزۇلغان بىر قىسىم سۆزلەردىمۇ ئىلى ئېغىزىدا قائىدىگە رىئايە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «مۆشۈك» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا

«مۆشۈك» شەكلىدە، «ھۆرۈن» سۆزى «ھورۇن» شەكلىدە، «ھۆزۈر» سۆزى «ھوزۇر» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: يەنە بىر قىسىم سۆزلەردە بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «ئۆرۈك» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا «ئۇرۇك» شەكلىدە، «سۆيۈنچە» سۆزى «سۇيۇنچە» شەكلىدە ئېيتىلىدۇ.

7) ئىلى ئېغىزىدا يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، تۆپ سۆزلەردىكى لەۋ ئاھاڭداشلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەرىجىسى يەنىلا لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ ئاھاڭداشلىق دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ. ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا ئىلى ئېغىزىدىمۇ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل ۋە ئىلى ئېغىزى | لوپنۇر دىئالېكتى |
|---|---|
| mora | moru |
| minut | munut |
| boran | boron |
| øpkʰɛ | øpkʰø |
| jøtʰɛl | jøtʰøl |

ئەسكەرتىش: ئەدەبىي تىلدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلمىغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى بۇزۇلغان شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «نوپۇس» سۆزى ئىلىنىڭ بەزى جايلىرىدا «نەپۇس» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

### 1.2.1.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى

ئىلى ئېغىزىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقىنىڭ ئىزچىللىقى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا بىر قەدەر يۇقىرى.

1) كۆپىنچە سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلار ئورۇن ئاھاڭداشلىقى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: øtmyʃ, sørɛm, bygyn qʰaravul, zuvan سۆزلىرى ئەدەبىي تىل ۋە ئىلى ئېغىزىدا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

2) سۆزلەر تۈرلەنگەندىمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا ئىلى ئېغىزىدىمۇ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تۈرلەنگەن ھالىتى | يىلتىز |
|---|---|
| øjdɛ | øj |
| øzymyz | øz |
| kʰøːmydyk | kʰør- |
| yzymiz | yz- |
| tʰygɛtkʰɛn | tʰygɛ- |
| joχsuz | joq |
| ʁoːʤunʁa | χurʤun |
| ununjaʁɯ | u |

| | |
|---|---|
| ʃu | ʃunuŋʁa |
| p$^h$ut | p$^h$ut$^h$umuzda |

3) ئەدەبىي تىلدا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| adɛm | ɛdɛm |
| p$^h$utʧ$^h$ɛk | p$^h$ytʧ$^h$ɛk |
| k$^h$alt$^h$ɛ | k$^h$alt$^h$a |
| dɛrvaza | davuz |
| saɛt | saat |
| t$^h$aʃlavɛtk$^h$ɛn | t$^h$aʃlavatq$^h$an |

مىسال جۈملە:

muʃu aʁzuʁa t$^h$aʃlavatq$^h$an nimini, ɦelɯq$^h$ɯ ʤavʁɯvaj digɛn jaman nimik$^h$ɛ, øzi bilidik$^h$ɛ: q$^h$ajdini, biraχla jut$^h$uvatq$^h$an gɛpk$^h$ɛndɛ.

(ھېلىقى جاۋغىۋاي دېگەن يامان نېمىكەن، ئۆزى بىلىدىكەن قائىدىنى، مۇشۇ ئېغىزىغا تاشلىۋەتكەن نېمىنى بىراقلا يۇتىۋەتكەن ئىكەن.)

بۇ مىسالدا «تاشلاۋاتقان» سۆزىدە «تاشلا» پېلىغا ماس ھالدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە «ۋاتقان» قوشۇمچىسى ئۇلانغان، «يۇتۇۋاتقان» سۆزىدە «يۇت» پېئىلىغا ماس ھالدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە «ۋاتقان» قوشۇمچىسى ئۇلانغان. ئەدەبىي تىلدا بولسا، بۇ جۈملىدىكى «تاشلاۋاتقان» سۆزى «تاشلاۋەتكەن» شەكلىدە، «يۇتۇۋاتقان» سۆزى «يۇتىۋەتكەن» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئەدەبىي تىلدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر قىسىم سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇپ كېلىدىغان، ئەكسىچە يەنە ئەدەبىي تىلدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇپ كېلىدىغان غەيرى ئەھۋالمۇ بار.

بىرىنچى خىل ئەھۋال: ئەدەبىي تىلدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇپ كېلىش ئەھۋالى بار.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɦøk$^h$ymɛt | ɦok$^h$umat |
| k$^h$ɛm | k$^h$am |
| ʃɛpk$^h$ɛ | ʃapk$^h$a\ʃɛpk$^h$ɛ[16] |
| ɦɛjdɛ | ɦajda |
| ʧ$^h$ømylmɛk | ʧ$^h$omulmaχ |
| jɛvɛtk$^h$ɛn | jɛvatq$^h$an |
| ɛt$^h$ɛj | at$^h$ɛj |

مەسىلەن:

ula:ning ak$^h$opla:ni k$^h$ømbatt$^h$i didi, bizniŋmu k$^h$ømbatt$^h$uχ didi.

(ئۇلارنى ئاكوپلارنى كۆمىۋەتتى دېدى، بىزنىڭكىلەرمۇ كۆمىۋەتتۇق دېدى.)

---

[16] رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەسلى تەلەپپۇزى «شاپكا»، ئىلى ئېغىزىدە ئەينەن قوللىنىلغان.

بۇ جۈملىدە «كۆمۈەتتى» سۆزى «كۆمباتتى» شەكلىدە، «كۆمۈەتتۇق» سۆزى «كۆمباتتۇق» شەكلىدە قوللىنىلغان.

بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɦɛsɛn | ɦasan |
| ʃɛvkɛt | ʃavkɛt |
| ʤɛvdɛt | ʤavdɛt |
| tʰɛvɛ | tʰavi |

ئىككىنچى خىل ئەھۋال: ئەدەبىي تىلدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇپ كېلىش ئەھۋالى بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| gal | gɛl |
| ukʰa | ukʰa\ykʰɛ |
| artʰist | ɛrtʰis |
| janʤip | jɛnʤip |
| ɦasirap | ɦɛsirɛp |
| tʰova | tʰøvɛ |
| ʃojla | ʃølɛ\ ʃojla |
| kʰukʰum | kʰykʰym |
| aʁɯnɛ | ɛʁɯnɛ |
| boʤojmaχ | bøʤɛjmɛχ |
| u kʰyn | økʰyn |
| zaratgah[17] | zɛrɛt |

مىسال جۈملىلەر:

① tʰajaqqʰu jimydyk, tʰajaχ jimigɛn bilɛ: ɛmdi iŋiʃtʰyryp jaman ʤɯq ʤapʰa qʰɯ:p kʰɛttʰitʃʰu.

(تاياققۇ يېمىدۈق، يېمىگەن بىلەن ئېگىشتۈرۈپ قويۇپ يامان جىق جاپا قىلىپ كەتتىچۇ.)

② vaj jaχʃi dɛp ʃuniŋ bilɛn bir aj ʃuniŋ bilɛ: ʒydyk.

(ۋاي ياخشى دەپ بىر ئاي شۇنىڭ بىلەن يۈردۈق.)

③ پاھ، لېۋ.تولستوي قالتىس تەبىئىي خۇلاسىلىگەن-دە!

بۇ جۈملىلەردە ئەدەبىي تىلدا «يېمىدۇق» شەكلىدە كېلىدىغان سۆز ئىلى ئېغىزىدا «يىمۈدۈك» شەكلىدە، «يۈردۈق» شەكلىدە كېلىدىغان سۆز «ژۈدۈك» شەكلىدە، «خۇلاسىلىغان» شەكلىدە كېلىدىغان سۆز «خۇلاسىلىگەن» شەكلىدە قوللىنىلغان.

### 1.2.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى

ئىلى ئېغىزىدا سوزۇق تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىش، جاراڭسىزلىشىش، قوشۇلۇپ

[17] ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن بولغان ئىككى سۆزنىڭ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «زىيارەتگاھ».

قېلىش ۋە چۈشۈپ قېلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.

### 1.2.2.1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى: «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتە باشقا تۈركىي تىللاردا بولمىغان خاس بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىلى ئېغىزىدىمۇ ئوخشاشلا بۇ ھادىسە مەۋجۇت.

1) ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا بۇ ھادىسە بىر قىسىم ياسالما سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنى باشقا تۈركىي تىللارغا سېلىشتۇرساق تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن:

| ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىلى ئېغىزىدا | تۈرك تىلىدا |
|---|---|
| kʰesik (كېسىلگەن) | kɛsik |
| qʰelip (ئەندىزە، فورما) | kalip |
| setʰiʃ | satiʃ |

2) ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا، سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندا ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئې» تاۋۇشىغا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| قوشۇمچە ئۇلانغان شەكلى | ئەسلى شەكلى |
|---|---|
| etʰi | at |
| sepʰi | sap |
| meni | mɛn |
| beʃi | baʃ |
| tʰiliɣi | tʰilɛx |
| ʒyriɣi | ʒyrɛx |
| jamɯʁɯ | jamaχ |
| balisi | bala |

3) سۆز بىرىكمىلىرىدە ئالدىنقى سۆز بىلەن كېيىنكى سۆزنىڭ تېز باغلىنىشى جەريانىدا ئالدىنقى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇز قىلىنىشى | ئەسلى شەكلى |
|---|---|
| bali ʤaqʰɯlɯχ | bala ʧʰaqʰɯlɯq |
| altʰi øj | altʰɛ øj |
| altʰi jyz | altʰɛ jyz |
| aʧʰi qʰalpʰaχ | aʧʰa qʰalpʰaq |

مەسىلەن:

① øjyŋniŋ arqʰasida tʰajniŋ izi,
kʰɛʃtʰi jaʁlɯχ beridu bajniŋ qʰɯzi.

(ئۆيىڭنىڭ ئارقاسىدا تاينىڭ ئىزى،
كەشمىر ياغلىق بېرىدۇ باينىڭ قىزى.)

② ʧʰin gepʰiŋni maŋi bɛː,

mɛn kʰetʰɛj ymmɛt yzyp.

(چىن گېپىڭنى ماڭا بەر، مەن كېتەي ئۈممەد ئۈزۈپ.)

ئالدىنقى مىسالدا «كەشتە ياغلىق» بىرىكمىسىدىكى 1-سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى، ئىككىنچى مىسالدا «ماڭا بەر» بىرىكمىسىدىكى ئالدىنقى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇشى كېيىنكى سۆزنىڭ تېز قوشۇلۇشى ئارقىسىدا «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

4) بىر قىسىم كىرمە سۆزلەردىمۇ ئەسلى تىلدىكى باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا «ئې» تاۋۇشى ئالمىشىپ كېلىدىغان ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىلى ئېغىزىدا | چەت تىلدا |
|---|---|
| mɛtl (ئېنگلىزچە) | metʰɑl |
| ʃugɛr (ئەرەبچە) | ʃekʰɛr |

5) شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىشى ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدىكىدىن سەل پەرقلىق.

(1) بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەي، ئەسلى شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| jerim- jerimi | jɑrim- jɑ̱rimi |
| eʁɯz- eʁɯzi | ɑ̱ʁɯz- ɑ̱ʁzi |
| ʤɑn- ʤenim | ʤɑn- ʤɑnim |
| mɛsilɛn | mɛsɛ̱lɛn |
| dejɛlmɛjmɛn | dɛlɛmɛjmɛ |
| eziz | ɛ̱ziz |
| jeŋibɑʃtʰin | jɛŋgilivɑʃtʰin |
| elip ʧʰiqʰɯp | ɑ̱:ʧʰiqʰɯp |
| binɑ qʰɯlmɑq | bɛ̱nɑ qʰimmɑχ |
| beʃɛm | bɛʃɛm |

بولۇپمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا بۇ ھادىسە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يىپەك رومال باشىڭدا،
جالا يوقمۇ ساچىڭدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
بىردەم تۇرسام قاشىڭدا.
يىپەك رومال ئورالسۇن،
يار بېلىگە بايلانسۇن.[18]

بۇ ناخشىنىڭ 1-مىسرادىكى «باشىڭدا» (بېشىڭدا)، 2-مىسرادىكى

---

[18] مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات يۇرتى مۇزىكا تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «ئىلى ناخشىلىرى» (يېڭى يېزىق) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1980يىل 4-ئاي 1-بېسىلىشى، 34-بەت «يىپەك رومال».

«ساچىڭدا» (چېچىڭدا)، 4-مىسراسىدىكى «قاشىڭدا» (قېشىڭدا) سۆزلىرىنىڭ 1-بوغۇملىرىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشمەستىن ئەينەن ساقلانغان.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەي ئەينەن ساقلانغانلىقىغا ئائىت يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن: ئالىپ (ئېلىپ)، باغىڭنى (بېغىڭنى)، جاراڭلاتىپ (جاراڭلىتىپ)، پۇلاڭلاتىپ (پۇلاڭلىتىپ)، بارغانىمدا (بارغىنىمدا)، ياشىمدا (يېشىمدا)، باشىمْ (بېشىم)، باشىمغا (بېشىمغا)، باشىدا (بېشىدا)، باشىدىن (بېشىدىن)، ساچىم (چېچىم)، تاپالمادىم (تاپالمىدىم)، كۆيەدۇر (كۆيىدۇ)، ئاياغى (ئايىغى)، قاشىدىن (قېشىدىن)، ياراشىپتۇ (يارىشىپتۇ)، تۇتاشىپتۇ (تۇتىشىپتۇ)، ئاراسىدا (ئارىسىدا) ياتقانىڭ (ياتقىنىڭ)، تاپقانىڭ (تاپقىنىڭ)، ياشىڭىز (يېشىڭىز)، يولداشىڭىز (يولدىشىڭىز) ۋە باشقىلار.[19]

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلى ئېغىزىدا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىشى پۈتۈنلەي تاماملانغان تارىخىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ھېلىمۇ ئۆتكۈنچە دەۋردە تۇرىۋاتقان رېئال ھادىسىدۇر.

(2) ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى [e] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [ɛ]، [i]، [ɯ] ياكى [ɨ] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ʧ$^{h}$evɛr | ʧ$^{h}$ivɛr |
| ɦiek$^{h}$ajɛ | ɦiik$^{h}$ajɛ |
| mevɛ | mivɛ |
| nemiʃq$^{h}$a | nimiʃk$^{h}$ɛ |
| t$^{h}$evip | t$^{h}$ivip |
| reʃatk$^{h}$a | riʃatk$^{h}$a |
| egiz | igiz |
| k$^{h}$ek$^{h}$irdɛk | k$^{h}$ik$^{h}$i:dɛk |
| q$^{h}$eʃɯʁa | q$^{h}$ɯʃɯʁa |
| beliq | bɨliq |
| deŋiz | dɨɴiz |
| jet$^{h}$im | ʒit$^{h}$im |
| jeriq | ʒirɯχ\ʒuruχ |

ئەسكەرتىش: ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە ئەدەبىي تىلغا ئوخشىمىغان ھالدا سۆز بېشىدىكى بوغۇمدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɛŋ aχɯrisi | eŋ aχɯrisi |
| avu | e\evu |
| adavɛt | idavɛt |

(3) سوزۇق تاۋۇشلاردا يۇقىرىقى نۆۋەتلىشىش ئەھۋاللىرىدىن باشقا يەنە ھەر خىل

[19] يۇقىرىقى كىتاب، 67-، 71-،86-، 87-، 90-، 108-، 120-، 124-، 128-، 135- 146-، 156-بەتلەر.

تەرتىپسىز نۆۋەتلىشىش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| bajaʃat | bɛjaʃat |
| p$^{h}$ɛʃt$^{h}$aq | p$^{h}$ɛʃt$^{h}$ɛx |
| t$^{h}$ɛʃt$^{h}$ɛk | t$^{h}$a̱ʃt$^{h}$ɛx |
| jitt$^{h}$i | ʒy̱tt$^{h}$i |
| uniŋzi | e̱niŋzi |
| muʃundaχ | ma̱ʃindaχ |
| az bolsimu | az bo:sima̱ |
| jaχʃimu | jaχʃima |
| ømɛrʤan | i̱mɛrʤan |
| øtʃ$^{h}$irɛt | otʃ$^{h}$irɛt |
| ylp$^{h}$ɛt | i̱lp$^{h}$ɛt |
| ɛʤir | yʤyr |
| bɛdbɛχt | bɛdvaχ |
| moma (چوڭ ئانا) | mama |

مەسىلەن:

①y̱zliriniŋ fiynirini maχt$^{h}$ap k$^{h}$ɛtt$^{h}$ɯʁu.

(ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ماختاپ كەتتىغۇ.)

②i̱niŋdin k$^{h}$ejin t$^{h}$ursun ømɛr digɛn u k$^{h}$ɛldi.

(ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن ئۆمەر دېگەن ئۇ كەلدى.)

③a̱ʃiniŋ bilɛ: k$^{h}$yn øtk$^{h}$ɛzduq. (ئەشۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق.)

④vaj ʤyry dɛpla, fiemmisidɛ birdin at ba:, ajlinip k$^{h}$ɛʃ k$^{h}$irgitʃ$^{h}$ɛ, q$^{h}$araŋ, muʃu k$^{h}$ɛklix bilɛn muʃu t$^{h}$ylk$^{h}$ilɛ:din ba:ʁu, q$^{h}$araŋ, ofio, muʃu at k$^{h}$øt$^{h}$irɛ:migydɛx a:t$^{h}$ip k$^{h}$elidu.

(ۋاي، يۈرە دەپلا، ھەممىسىدە بىردىن ئات بار، ئايلىنىپ كەچ كىرگىچە، قاراڭ، مۇشۇ كەكلىك بىلەن تۈلكىلەرنى بارغۇ، ئوھۇ، ئات كۆتىرەلمىگۈدەك ئارتىپ كېلىدۇ.)

يۇقىرىدىكى سۆزلۈك ۋە مىساللاردا [a] تاۋۇشىنىڭ [ɛ] تاۋۇشىغا، [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [a] تاۋۇشىغا، [i] تاۋۇشىنىڭ [y] تاۋۇشىغا، [u] تاۋۇشىنىڭ [e]، [a]، [i] تاۋۇشلىرىغا، [ø] تاۋۇشىنىڭ [i]، [o]، [ɛ]، [y] تاۋۇشلىرىغا، [y] تاۋۇشىنىڭ [i] تاۋۇشىغا، [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [y] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن، بۇنداق نۆۋەتلىشىشلەرنى ئورتاق بىر قائىدىگە سېلىش قىيىن.

### 1.2.2.2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى

ئىلى ئېغىزىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا جاراڭلىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن نۇتۇق ئېقىمى جەريانىدا ئەتراپىدىكى جاراڭسىز تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن [i]، [y] تاۋۇشلىرىدا بەزىدە جاراڭسىزلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ikk$^{h}$i | i̥kk$^{h}$i |

| | |
|---|---|
| it | i̥t |
| pit | pi̥t |
| itt$^h$ɛr | i̥tt$^h$ɛr |
| itt$^h$ik | i̥tt$^h$ix |
| ytʃ | y̥ʃ |

نۇتۇقتا بۇ [i]، [y] تاۋۇشنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قىسقا بىر [ʃ] تاۋۇشى قوشۇلۇۋالغاندەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## 1.2.2.3 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

1) سۈپەتنىڭ دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلغان بىر قىسىم سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىر «ئى» تاۋۇشمۇ قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① t$^h$yzygɛrɛx k$^h$iyinsɛ bommamdu.

(تۈزۈكرەك كىيىنسە بولمامدۇ.)

② bir sinipt$^h$a ott$^h$uzdin oʃuʁaraχ, q$^h$ɯz oʁul arilaʃ o:t$^h$urup oq$^h$ujmiz, juq$^h$uri sinipla:niŋ azuʁaraχ, ʒigirmɛ, ʒigirmɛ yʃ ɛtrap$^h$ida.

(بىر سىنىپتا 30 دىن ئوشۇقراق قىز-ئوغۇل ئارىلاش ئولتۇرۇپ ئوقۇيمىز. يۇقىرى سىنىپلارنىڭ ئازراق، 20-25 ئەتراپىدا.)

2) بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش رايىدىكى بىر قىسىم پېئىللارنىڭ كەينىگە بەزىدە «رە» [rɛ] بوغۇمى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| jɛ | jɛrɛ |
| q$^h$ɯl | q$^h$ɯlarɛ |
| itʃ | itʃ$^h$ɛrɛ |

3) «بايا» سۆزىنىڭ ئالدىغا بەزىدە «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| baja | abijam |
| bajɯq$^h$ɯ | ɛbɛjq$^h$ɯ |

4) چەتئەل تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم شەكلىدە ماسلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە بىر قىسىم سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىن كىرگەن ensemblee>ансамбль سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا «ب» (б) تاۋۇشى بىلەن «ل» (л) تاۋۇشى ئوتتۇرىسىغا بىر «ئى» تاۋۇشى قوشۇلغان.

## 1.2.2.4 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

1) سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇم ئاساسى بولغاچقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىللە ئۇزۇك تاۋۇشلارمۇ كۆپىنچە بىرلىكتە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| soʁuq | soʁ |

| | |
|---|---|
| soʁuq bulaq | soʁlaq |
| miŋbulaq | miŋlaq |
| qʰɯzil bulaq | qʰɯzlaq |
| oqʰutqʰutʃ ʰi | oχtʰutʃ i |
| dua | da: |
| muɛllim | ma:lim |
| kʰaʤuva | kʰaʤo |
| dɛrvaza | da:vuz |
| ɛkʰɛlginɛ | ɛkʰɛnɛ |
| oqʰutqutʃʰi | oχtʰutʃʰi |
| χolup aʃ | χalvaʃ |
| ɦɛrqʰajsi jɛrlɛr | ɦɛ:qʰajɛ: |
| pʰitʰira | pʰittʰir |

يۇقىرىدىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر قىسىم ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭمۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ ئالدىنقى تۆت سۆزدە بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

2) «دادا، ئاكا، هەدە» سۆزلىرى ئۆز دادىسى، ئۆز ئاكىسى ياكى ئۆز هەدىسىدىن باشقا كىشى ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ ئېيتىلغاندا بەزى جايلاردا ئالدىنقى بوغۇمى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| tʰudaχun dadam | tʰudaχundam |
| sɛvirdin dadaŋ | sɛvirdindaŋ |
| azat akʰa | azatkʰa |
| ɛbɛjdulla akʰam | ɛbɛjkʰam |
| pʰazil akʰaŋ | pʰazilkʰaŋ |
| pʰatʰigyl ɦɛdɛ | pʰatigyldɛ |
| tʰursunaj hɛdɛm | tʰursunajdɛm |
| χanqʰɯz ɦɛdɛŋ | χanqʰɯzdɛŋ |

3) بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىنى ئاتىغاندا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تولۇق شەكلى | قىسقارغان شەكلى |
| nurmuɦɛmmɛd | nuri |
| χalmuɦɛmmɛd\χalmurat | χal |
| dilmurat | dil |
| ɦɛbibulla | ɦɛbi |
| abdulla | abdul |
| ibraɦim | ibaʃ |
| mubarɛk | mubaʃ |
| tʰuraʤan | tʰuraʃ |

ئەسكەرتىش: كېيىنكى ئۈچ سۆزدە ئاخىرقى بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا بىر «ش» تاۋۇشى پەيدا بولغان.

4) تۆرلەنگەن سۆزلەردىمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئايرىم ياكى بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| q$^h$ojup q$^h$oj | qo:p qoj\ qo:qoj |
| k$^h$elip t$^h$ur | k$^h$e:p t$^h$u: |
| mavu jɛrgɛ k$^h$ɛlginɛ | mɛjk$^h$ɛ:nɛ |
| ʧ$^h$ɯq$^h$ɯp k$^h$ɛt | ʧ$^h$ɯ:χ kɛt |
| nemɛ andaq | nimdaq |
| oq$^h$ujalmaj | oq$^h$a:maj |
| jeq$^h$ɯn idi | jeqɯndi |
| bar idi | ba:di |
| emip alsa | em:ba:sa |
| su q$^h$ujivet | su q$^h$ujvet |
| t$^h$øt ʧ$^h$asa | t$^h$øt ʧ$^h$as |

مىسال جۈملىلەر:

①k$^h$yndyzi gɛp q$^h$ɯlip χɛχniŋ ʤenni elip, t$^h$aχt$^h$iveʃida bo:sa nenni elip, sanduʁɯda bo:sa q$^h$enni elip, q$^h$a:ʁan iʃla: bo:sa øzimizni øzimiz bilip ʒy:gɛn adɛmlɛ:dɛ biz.

(كۈندۈزى گەپ قىلىپ خەقنىڭ جىنىنى ئېلىپ، تاختا بېشىدا بولسا نىنىنى ئېلىپ، ساندۇقىدا بولسا قىنىنى ئېلىپ، قالغان ئىشلار بولسا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بىلىپ يۈرگەن ئادەملەردە بىز.)

②bu ʧ$^h$ap$^h$an gajda anam k$^h$ijɛr idi, gajda øzɛm k$^h$ijɛr idim.

(بۇ چاپاننى گايىدا ئانام كىيەر ئىدى، گايىدا ئۆزەم كىيەر ئىدىم.)

③buni øryp q$^h$ojmɛn dɛp ʒysɛ, fiɛj bu saraŋ ʤumu, oŋ ɛmɛs dɛjdik$^h$ɛ:.

(ھەي بۇ ساراڭ جۈمۇ، ئوڭ ئەمەس، بۇنى ئۆرۈپ قويىمەن دەپ يۈرسە دەيدىكەن.)

ʤenni (جىنىنى)، nenni (نىنىنى)، gajda (گاھىدا)، q$^h$ojmɛn (قويىمەن) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردىن «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

5) چەت تىللاردىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە ئۈيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم شەكىللىرىگە ماسلاشتۇرۇش جەريانىدا بەزى تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىن كىرگەن одиночка سۆزى قوبۇل قىلىنغاندا 2-بوغۇمىدىكى и تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ atluʃk$^h$a\adnotʃk$^h$a شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان.

## 1.3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

### 1.3.1 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى

ئىلى ئېغىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا بەلگىلىك ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. يەنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا ئائىت باشقا مەسىلىلەر ئۈزۈك

تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كونكرېت سۆزلىنىدۇ.

## 1.3.2 ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى

### 1.3.2.1 ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

1) بوغۇم ئاخىرىدىكى[ʁ]، [q] تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) تۈپ سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدىكى [ʁ]، [q] تاۋۇشلىرى كۆپىنچە [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.[20] مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| tʃ$^{h}$iraʁ | tʃ$^{h}$iraχ |
| ajaʁ | ajaχ |
| jiraq | ʒiraχ |
| q$^{h}$ulaq | q$^{h}$ulaχ |

(2) ياسالما سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدىكى [q] تاۋۇشى ئوخشاشلا [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| tʃ$^{h}$irajliq | tʃ$^{h}$irajlɯχ |
| jamaq | jamaχ |
| q$^{h}$umluq | q$^{h}$umluχ |
| jolluq | jolluχ |
| ʃundaq | ʃundaχ |

(3) ئەدەبىي تىلدا [ʁ] تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان، ئىلى ئېغىزىدا بۇ تاۋۇش [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا [χ] تاۋۇشى ساقلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا جاراڭلىقلىشىش يۈز بېرىپ، [χ] تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكى ئەسلى ھالىتى [ʁ] تاۋۇشىغا قايتىدۇ ياكى بەزىدە [q] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | | ئىلى ئېغىزىدا | |
| --- | --- | --- | --- |
| (تۈپ سەكلى) | (تۈپ شەكلى) | (جاراڭسىز) | (جاراڭلىق) |
| ajaʁ | ajaχ | ajaχtʃ$^{h}$i | ajɯʁɯ\ajɯq$^{h}$ɯ |
| tʃ$^{h}$iraʁ | tʃ$^{h}$iraχ | tʃ$^{h}$iraχtʃ$^{h}$i | tʃ$^{h}$irɯʁɯ |

(4) ياسالما سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا ئىلى ئېغىزىدا

[20] ئىلى ئېغىزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا ئېغىزلىرىنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتە ئېغىز ئالاھىدىلىكىنى سۇسلاشتۇرۇپ ئەدەبىي تىلغا يۈزلىنىش بىرقەدەر كۈچلۈك. شۇڭا، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان ئالاھىدىلىك نۆۋەتتە مۇتلەق ئەمەس. بەزىلەرنىڭ نۇتقىدا يۇقىرىقى نۆۋەتلىشىش ئىزچىل بولسا، بەزىلەرنىڭ نۇتقىدا ئىزچىل ئەمەس.

| (ياسالما سۆز) | (ياسالما سۆز) | (جاراڭسىز) | (جاراڭلىق) |
|---|---|---|---|
| ʧ$^{h}$irajliq | ʧ$^{h}$irajluχ | ʧ$^{h}$irajluχk$^{h}$ɛn | ʧ$^{h}$irajluʁum |
| jamaq | jamaχ | jamaχʧ$^{h}$i | jamaʁluχ |
| q$^{h}$umluq | q$^{h}$umluχ | q$^{h}$umluχt$^{h}$in | q$^{h}$umluqq$^{h}$a |
| jolluq | jolluχ | jolluχt$^{h}$ur | jolluʁum |
| ʃundaq | ʃundaχ | ʃundaχt$^{h}$ur | ʃundaʁraq |

سۆز ياكى بوغۇم بېشىدىكى [q] تاۋۇشىنىڭ [χ] ياكى [ʁ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت، لېكىن ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| bɛdɛʃq$^{h}$an | bɛdɛʃχan |
| q$^{h}$ulup | ʁulup |

(5) ئەدەبىي تىلدىكى «ئەيىبناق» سۆزىدىكى «ق» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «ئەيىپناك» [ɛjipnak] شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

2) بوغۇم ئاخىرىدىكى [g] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) تۇپ سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [g] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.[21] مەسىلەن:

①buniŋda k$^{h}$øp$^{h}$ynʧ$^{h}$ɛ q$^{h}$olʁa ʒyɣrɛjdik$^{h}$ɛndɛ oʁaχ.

(بۇنىڭدا كۆپىنچە قولغا يۇگرەيدىكەندە ئورغاق.)

②ɦɛmmila jeri dyɣlɛx, girviɣi q$^{h}$a:rilip t$^{h}$uridu.

(ھەممىلا يېرى دۆگىلەك، گىرۋىكى قايرىلىپ تۇرىدۇ.)

③k$^{h}$øjyp k$^{h}$øjyp k$^{h}$yl bolurmɛn, jaʁluʁuŋʁa t$^{h}$yɣ mɛni.

(كۆيۈپ ـ كۆيۈپ كۈل بولۇرمەن، ياغلىقىڭغا تۈگ مېنى.)

1 ـ جۈملىدە «يۈگرە» سۆزىدىكى، 2 ـ جۈملىدە «دۆگىلەك» سۆزىدىكى، 3 ـ جۈملىدە «تۈگ» سۆزىدىكى [g] تاۋۇشلىرى [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

(2) بوغۇم ئاخىرىدىكى [g] تاۋۇشى [ɣ] تاۋۇشىدىن باشقا يەنە بەزىدە [ŋ] تاۋۇشىغىمۇ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| t$^{h}$ygmɛn | t$^{h}$yɣmɛn\t$^{h}$yŋmɛn |
| t$^{h}$ygmɛ | t$^{h}$yɣmɛ\t$^{h}$yŋmɛ |

ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە [g] تاۋۇشى [k] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.

مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «تەلەڭگە» سۆزى «تەلىڭكە» [t$^{h}$ɛliŋk$^{h}$ɛ] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

3) [k] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) تۇپ ۋە ياسالما سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [k] تاۋۇشى كۆپىنچە [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɛmgɛk | ɛmgɛx |
| mɛkt$^{h}$ɛp | mɛxt$^{h}$ɛp |

---

[21] ئىلى ئېغىزىدە ياسالما سۆزلەردە [g] تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان سۆز ئۇچرىمايدۇ.

| | |
|---|---|
| ɛllik | ɛllix |
| sytlyk | sytlyx |
| gyllyk | gyllyx |
| ɛkrɛm | ɛxrɛm |

(2) ئەدەبىي تىلدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [k] تاۋۇشىدىن كېيىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا يېزىق تىلدا شۇ پېتى ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىسىمۇ، لېكىن جانلىق تىلدا ئەمەلىيەتتە [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ، ئىلى ئېغىزىدا بولسا [g] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىش قائىدىسى بويىچە [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي يېزىق تىل | ئەدەبىي جانلىق تىل | ئىلى ئېغىزى |
|---|---|---|
| alaɦidilikʰi | alaɦidiligi | alaɦidiliɣi |
| girvikʰi | girvigi | girviɣi |
| etʰikʰi | etʰigi | etʰiɣi |

(3) ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن [k] تاۋۇشىنىڭ [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى tʰɛkʰijɛ (تۇلۇقسىمان ياستۇق) سۆزى ئىلى ئېغىزىدا tʰɛxi تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(4) [k] تاۋۇشىنىڭ [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى mɛktʰɛp سۆزى ئىلى ئېغىزىدا mɛxtʰɛp ياكى mɛχtʰɛp تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكىسىدە[k] تاۋۇشىنىڭ [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بوغۇم بېشىدىكى [k] تاۋۇشى [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

[gɛz] گەز_ ئەدەبىي تىلدىكى «كەز» سۆزىگە باراۋەر بولۇپ، «چاغ، ۋاقىت، زامان» مەنىسىنى بېرىدۇ.

[gezikmɛx] گېزىكمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى «كېزىكمەك» سۆزىگە باراۋەر بولۇپ، «يولۇقماق، ئۇچراشماق» مەنىسىنى بېرىدۇ.

[gidik] گىدىك__ ئەدەبىي تىلدىكى «كىچىك» سۆزىگە باراۋەر.

[gidikkʰinɛ] گىدىككىنە__ ئەدەبىي تىلدىكى «كىچىككىنە» سۆزىگە باراۋەر.

(5) قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدىكىدەك بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بوغۇم بېشىدىكى [k] تاۋۇشىنىڭ [ʧ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋال ئىلى ئېغىزىدا ئۇچرىمايدۇ. بەلكى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش [k] تاۋۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|---|
| kʰim | ʧʰim | kʰim |
| kʰimu | ʧʰima | kʰimu |
| kʰiriŋlar | ʧʰiriŋla: | kʰiriŋla: |

4) [v] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: سۆز ئىچىدە بوغۇم بېشىدا [y]، [u]، [a] سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەن [v] تاۋۇشى بەزىدە [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | ئىلى ئېغىزى |
|---|---|
| uva | uga |
| uvula- | ugula- |
| uvatmaq | ugatmaχ |

| | |
|---|---|
| javaʃ | jugaʃ |
| ʤuva | ʤuga |
| t$^h$avar | t$^h$uga\t$^h$uga |
| suva- | suga- |
| ʧ$^h$uvumaq | ʧ$^h$ugumaχ |
| ʧ$^h$avar | ʧ$^h$oga |
| t$^h$yv | t$^h$yg |

«چوگا» (چاۋار) سۆزىنى يىلتىز قىلغان ھالدا يەنە «چوگالاشماق» [ʧ$^h$ogalaʃmaχ] (قالايمىقان، ئېگىز-پەس بولماق)، چوگالاشتۇرماق» [ʧ$^h$ogalaʃt$^h$u:maχ] (ئارىلاشتۇرىۋەتمەك، قالايمىقانلاشتۇرىۋەتمەك، ئاۋارە قىلماق) دېگەندەك پېئىل شەكىللىرىمۇ ياسىلىدۇ.

ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بۇ خىل نۆۋەتلىشىش تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىل | ئىلى ئېغىزى |
|---|---|
| | ئەرەبچە سۆزلەر: |
| zaval | zugal |
| vaɦid | vajit |
| savab | sogap |
| avval | agal |
| ʤavab | ʤavap |
| ɦalva | ɦalga |
| vɛχpɛ | gɛχvɛ |
| | پارسچە سۆزلەر: |
| ɦavanʧ$^h$a | ɦaganʧ$^h$a |
| ʤuvan | ʤugan |
| nasval | nasgal |
| ɛnduva | ɦanduga |
| zɛdival | zɛdigal |
| mevɛ | møgy\møgɛ |
| ʤanivar | ʤaniva: |

مىسال جۈملىلەر:

①k$^h$ɛʃ k$^h$irdi zugal boldi,
jarimʁa ugal boldi.
sumbul saʧ$^h$ini t$^h$arap,
jar k$^h$elip ʤugan boldi.

(كەچ كىردى زاۋال بولدى، يارىمغا ئۇۋال بولدى.
سۇمبۇل ساچىنى تاراپ، يار كېلىپ جۇۋان بولدى.)

②dapni ap$^h$irip alminiŋ t$^h$ygigɛ t$^h$ɯq$^h$ɯp q$^h$o:p k$^h$elip, ojunni t$^h$ygyt$^h$idu.
(داپنى ئاپىرىپ ئالمىنىڭ تۈۋىگە تىقىپ قويۇپ كېلىپ، ئويۇننى تۈگىتىدۇ.)

③ aχ sarajdin ʧ$^h$ɯχt$^h$i jarim,
ʧ$^h$in t$^h$ugani p$^h$yrk$^h$ynyp.

qʰolida zɛjtʰunɛ jaʁlɯq,
tʰal ʧʰivɯrχtʰɛk tʰolʁunup.

(ئاق سارايدىن چىقتى يارىم، چىن تاۋارنى پۈركىنىپ،
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق، تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.)

دېمەك، [v] تاۋۇشىنىڭ [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى ئىلى ئېغىزىدا قومۇل ئېغىزىدىكىدەك ئۇنچىلىك كۆپلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن مەلۇم نىسبەتتە مەۋجۇت.

5) [ʧ] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) [ʧ] تاۋۇشى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە كۆپىنچە [ʃ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ʧʰaʧ | ʧʰaʃ |
| aʧ | aʃ |
| qʰaʧ | qʰaʃ |
| uʧ | uʃ |
| kʰɛʧ | kʰɛʃ |
| iʃɛnʧ | iʃɛːʃ |
| tʰinʧ | tʰeːʃ |

ئەدەبىي تىلدىكى «پىچىم» سۆزىدىكى «چ» تاۋۇشى «ش» (سۆز يىلتىزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى) تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، «پىشىم» [pʰiʃim] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مىسال: ئۇ كۆزگە ئىلمىغان پىشىمدا لىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا سۆزلىدى.

(2) بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن [ʧ] تاۋۇشى [ʤ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| tʰinʧʰɯq | tʰinʤɯχ |
| bala ʧʰaqʰa | bali ʤaqʰa |
| qʰonʧliq | qʰonʤilɯχ |
| pʰyrkʰɛnʧʰɛ | pʰyrkʰɛnʤɛ |

6) [ʤ] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [ʤ] تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا [ʒ] تاۋۇشى نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| baʤ | baʒ |
| tʰaʤ | tʰaʒ |
| kʰaʤ | kʰaʒ |
| mɛʤburi | mɛʒburi |
| ilaʤ | ilaʒ |
| χɛʤlɛ- | χɛʒlɛ- |
| gɛʤgɛ | gɛʒgɛ |
| ɛʤdad | ɛʒdat |
| ɛʤdiɦa | ɛʒdɛrχa |

| | |
|---|---|
| yʤmɛ | yʒmɛ |

ئەدەبىي تىلدىكى «بۆلجۈرگەن» سۆزىدىكى «ج» تاۋۇشى «د» تاۋۇشى بويىچە «بۆلدۈرگەن» [bøldyrgɛn] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

7) [χ] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى [χ] تاۋۇشى [ʁ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| χurʤun | ʁoʤun |
| χoʤa | ʁoʤa |
| χoraz | ʁoraz |

8) [p] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) [p] تاۋۇشى بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە [b] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| pʰytʰyn | bʉtʰʉn |
| pʰurap | burap |
| pʰajχan | bajχan |
| pʰyrkʰyp | byrkʰyp |

مىسال جۈملە:

bʉtʰʉn uruχ tʰuqqʰanliri oːtʰuz oʁul kʰɛptʰu dɛp, øjlɛːni tʰɛjjarlap, sorun tʰyzɛp oːtʰurudu.

(پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى 30 ئوغۇل كەپتۇ دەپ ئۆيلەرنى تەييارلاپ، سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ.)

(2) [p] تاۋۇشىنىڭ بوغۇم بېشىدا [k] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن: رۇس تىلىدىن كىرگەن «پوپايكا» [pʰopajkʰa] سۆزى بەزى جايلاردا «كوپايكا» [kʰopʰajkʰa] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(3) [p] تاۋۇشىنىڭ [v] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن:

①mɛxtʰɛp mudirligini øtkʰyzyv evaldi.

(مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋالدى.)

②i̥kkʰi pʰutʰini tʰaːtʰip baʁlapla, tʰuʁulʁandila ɛkʰirivalidudɛ uni øjgɛ.

(تۇغۇلغاندىكە ئەكىرىۋالىدۇ-دە ئۇنى ئۆيگە، ئىككى پۇتىنى تارتىپ باغلاپلا.)

9) [t] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم بېشىدىكى [t] تاۋۇشى [d] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| tʰɛm | dɛm |
| tʰɛvrɛp | dɛvrɛp |
| bojtʰaq | bojdaq |
| tʰop | dop |

ئەدەبىي تىلدىكى «تۆشەك» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا «چۆشەك» [ʧʰyʃɛx] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يەنى 1-بوغۇمنىڭ بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

10) [r] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە [r] تاۋۇشىنىڭ [j]، [ʒ] تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشى ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇ ھەر خىل ئېغىزلارنىڭ بۇ رايوندا

ئۇچرىشىشنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| bir\biʒ\bi: | bir |
| dɛjja | dɛrja |

خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك [r] تاۋۇشىنىڭ [j] تاۋۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك نۆۋەتلىشىدىغان ياكى [r] تاۋۇشى [ɹ] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەھۋال ئىلى ئېغىزىدا يوق. لېكىن، يېڭىدىن تىلى چىقىۋاتقان بالىلارنىڭ تىلىدا [r] تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلالماسلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئورنىغا [j] تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن:

| بالىلار تىلى | چوڭلار تىلى |
|---|---|
| bajimɛ: | barimɛ: |
| ujumɛ: | urimɛ: |
| maŋa kʰaja | maŋa qʰara |

«ئۇچراشماق» سۆزىدىكى [r] تاۋۇشى [q] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.
مەسىلەن:

uʃqʰaʃqʰan adɛmlirigɛ maza:la:da, ɦoj bɛrizkʰa, vaj bɛriz adaʃ nɛgɛ maɴdiŋ, vaj nɛgɛ maɴattʰim, qʰarisaɴ, mavu suptʰajʁa qʰoʁun tʰavuz tʰerip qʰojividim, aʃu tʰavuzni ørygili kʰetʰip barimɛ:.

(ئۇچقاشقان ئادەملەرگە مازارلاردا، هوي بەرىز كا، ۋاي بەرىز ئاداش نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىسا، ۋاي نەگە ماڭاتتىم، قارىساڭ، ماۋۇ سۇپىتايىغا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىپ قويىۋېدىم، ئاۋۇ تاۋۇزلارنى ئۆرىگىلى كېتىپ بارىمەن دەپتۇ.)

ئەدەبىي تىلدىكى «لىڭگىرچاق» [liŋgiltʃʰaχ] سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشى «ل» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «لىڭگىلچاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

11) [b] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) سۆز ئىچىدە بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن [b] تاۋۇشى كۆپىنچە [v] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| kʰøxveʃi | kʰøk beʃi |
| bɛŋvaʃ | bɛŋbaʃ |
| bɛlvaʁ | bɛlbaʁ |
| tʰizvasqʰa | (tʰizbasqʰu)[22] |
| tʰɛsiri va: | tʰɛsiri bar |
| gøɦɛrvanu | gøɦɛrbanu |

مىسال جۈملە:

① qʰɯʃqʰɯrivasaχ tʃʰyʃkʰɛ tʃʰajʁa vo:simu dɛptʰikʰɛ:.

(چۈشكە چايغا بولسىمۇ قىچقىرىۋالساق دەپتىكەن.)

② oqʰuʁutʃʰila:ʁɯmu tʰɛsiri va:, øzɛmniŋ oʁul baliliruʁɯmu tʰɛsiri va:, χɛlqqʰɯmu tʰɛsiri va:.

(ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ تەسىرى بار، ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالىلىرىغىمۇ تەسىرى بار، خەلققىمۇ تەسىرى بار.)

---

[22] بۇ سۆزنىڭ ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق، ئەدەبىيلەشتۈرۈلسە «تىزباسقۇ» دېيىشكە بولىدۇ.

③ʃu vaχt$^{h}$ida ivrajim mεxt$^{h}$εp mudiri bo:p q$^{h}$a:ʁan idi.

(شۇ ۋاقتىدا ئىبراھىم مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالغان ئىدى.)

(2) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [b] تاۋۇشى كۆپىنچە [p] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| q$^{h}$εbrε | q$^{h}$εvrε |
| ɦesab εmεs | ɦesiv εmεs\ɦesap εmεs |
| q$^{h}$εlb | q$^{h}$εlip |

(3) بىر قىسىم كىشىلىك ئالماشلاردا بوغۇم بېشىدىكى [b] تاۋۇشىنىڭ [m] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغان ئەھۋالىمۇ بار.مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| bu | munu |
| buni | muni |
| baʃaχ | maʃaχ |
| bajram | mεjrεm\mε:rεm |

مىسال جۈملە:

munuŋdin k$^{h}$ejin unuŋʁa q$^{h}$arit$^{h}$a ɦeʃq$^{h}$anda: εndiʃε joχ, sεn iʃlεjsεn didi.

(بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئەندىشە يوق، سەن ئىشلەيسەن دېدى.)

(4) «ئوبدان» سۆزىدە بوغۇم ئاخىرىدىكى [b] تاۋۇشى [m] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

k$^{h}$øʃεr bo:p k$^{h}$et$^{h}$εtt$^{h}$uχ, k$^{h}$øʃεrεp χoʃal bolup, ma: ʒigirmε sεkk$^{h}$is t$^{h}$ijindin zɯʁɯr set$^{h}$ivalduχ, bizniŋk$^{h}$ini amdan aldi dεp.

(كۆشەر بوپ كېتەتتۇق، كۆشەرەپ خۇشال بولۇپ، مانا 28 تىيىندىن زىغىر سېتىۋالدۇق، بىزنىڭكىنى ئوبدان ئالدى دەپ.)

(5) «مۇبارەكلەش» سۆزىدە بوغۇم ئاخىرىدىكى [b] تاۋۇشى [g] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ruχsi q$^{h}$ara ʧ$^{h}$ibεrq$^{h}$utt$^{h}$in k$^{h}$ijim k$^{h}$ijipt$^{h}$ik$^{h}$ε: ʃuni mugarεχlεp k$^{h}$irgεnni bilimε:.

(رۇخسى قارا چىبەرقۇتتىن كىيىم كىيىپتىكەن شۇنى مۇبارەكلەپ كىرگەننى بىلىمەن.)

12) [j] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) [i]، [ɯ]، [u]، [y] قاتارلىق ئەڭ يېپىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن سۆز بېشىدىكى [j] تاۋۇشى بىر قىسىم سۆزلەردە [ʒ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| jil | ʒil |
| jip | ʒip |
| jiraq | ʒiraχ |
| jigit | ʒigit |
| jigirmε | ʒigi:mε |
| jitsε | ʒytsε |
| jɯʁɯn | ʒɯʁɯn |

| | |
|---|---|
| jɯʁlap | ʒɯʁlap |
| jɯqʰɯtʰip almisaŋ | ʒɯqʰɯtʰivaːmisaŋ |
| juttʰa | ʒuttʰa |
| julun | ʒulun |
| juŋ | ʒuŋ |
| julun | ʒulun |
| jygrɛ | ʒyɣrɛ |
| jyk | ʒyx |
| jykʰyn | ʒykʰyn[23] |

مىسال جۈملىلەر:

① ʒitʰi baː, ʧʰiraʁɯ joχ. (يىتى بار، چىراغى يوق.)

② momaj tʰøt bɛʃ ʒuttʰani sɛːpla ʁoʤamni ʧʰaqʰɯriptʰu.

(موماي 5-4 يۇتتانى سېلىپلا غوجامنى چاقىرىۋاپتۇ.)

③ ʃu bu ombir ʤanni qʰɯrɯχbɛʃ som ʒigiːmɛ tʰøt tʰijin bilɛː beqʰɯp kʰɛːgɛnmɛn.

(بۇ 11 جاننى 45 سوم 24 تىيىن مائاش بىلەن بېقىپ كەلگەنمەن.)

④ meni ʒipqʰa tʰizʁan maːʤandɛk aʃundaː tʰizip gɛp qʰɯlip jaχʃila boːp qʰaldim didi.

(مېنى يىپقا تىزغان مارجاندەك ئەنە شۇنداق تىزىپ گەپ قىلىپ، ياخشىلا بولۇپ قالدىم دېدى.)

⑤ meni kʰøːgɛnlɛː ɛnɛ ysivaχun ustʰam kʰeːvatʰidu dɛjdɯʁan ʧʰeʁɯ dɛp χuʃal bolup ʒyryptʰimɛː.

(مېنى كۆرگەنلەر ئەنە يۈسۈۋاخۇن ئۇستام كېلىۋاتىدۇ دەيدىغان چېغى دەپ خۇشال بولۇپ يۈرۈپتىمەن.)

(2) «يۈر-» سۆزىدە بوغۇم بېشىدىكى [j] تاۋۇشى [ʤ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| jyr | ʤyrɛ\ʤyry |
| jyryŋlar | ʤyryŋlaː |
| jygyr | ʤugu |

مىسال جۈملىلەر:

① davutkʰam mɛn baːrimɛː dɛptʰu, ʃuniŋ bilɛn ʤyry dɛptʰu.

(داۋۇتكام مەن بارىمەن دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جۈرۈ دەپتۇ.)

② qʰasimaχun, ʤyryŋ mɛn sizni bir jɛːgɛ baʃlap apʰiraj.

---

[23] بۇ خىل سۆزلەردىكى سۆز بېشىدىكى تاۋۇشنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشى ھەر قايسى تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكت، ئېغىزلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە كۆرىلىدۇ. بەزىلىرىدە سۆز بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشىنىڭ ئالدى نۆل شەكلىدە كېلىدۇ. بەزى تىللاردا بۇ ئورۇنغا «ي» تاۋۇشى، بەزىلىرىدە «ج» تاۋۇشى، بەزىلىرىدە «ژ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ژىپ | جىپ | يىپ | ئىپ |
| ژىلان | جىلان | يىلان | ئىلان |
| ژۇلتۇز | جۇلدۇز | يىلدىز\يۇلتۇز | ئىلدىز |

(قاسماخوْن، يوْروْڭ مەن سىزنى بىر يەرگە باشلاپ باراي.)

③ undaχ bo:sa ʤyryrla: qʰajnuqqʰɯla kʰetʰɛjli dɛp qʰajnuqqʰa kʰɛptʰu.

(ئوْنداق بولسا يوْروْڭلار قاينوْققىلا كېتەيلى دەپ قاينوْققا كەپتوْ.)

④ maŋɛ ʤugu, berip akʰaŋni ʧʰaqʰɯrip kʰɛ:.

(ماڭ، يوْگوْر، بېرىپ ئاكاڭنى چاقىرىپ كەل.)

(3) ئاز بىر قىسىم سوْزلەردە سوْز بېشىدىكى [j] تاۋوْشىنىڭ [ɦ] تاۋوْشىغا نوْۋەتلىشىشى ئوْچرايدوْ. مەسىلەن: jyz (ئادەمنىڭ يوْزى) سوْزى بەزى يەرلەردە ɦyz تەلەپپوْز قىلىنىدوْ.

13) [s]، [z] تاۋوْشلىرىنىڭ نوْۋەتلىشىشى:

(1) جاراڭلىقلىشىش ۋە جاراڭسىزلىشىش هادىسىلىرى سەۋەبىدىن بىر قىسىم سوْزلەردە سوْز ياكى بوغوْم ئاخىرىدىكى [s]، [z] تاۋوْشلىرىنىڭ بىر-بىرىگە نوْۋەتلىشىش ئەهۋالى بار. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| pʰalas | pʰalaz |
| pʰanus | pʰanuz |
| ottʰuz sɛkkʰiz | ottʰus sɛkkʰis |
| kʰørgyzyp | kʰø:kʰysyp |
| seʁɯzʁan | seʁɯsχan |
| mozduz | moldus\molduz |

يوْقىرىقى سوْزلەرنىڭ هەممىسىدە «س» تاۋوْشىنىڭ «ز» تاۋوْشىغا، ياكى «ز» تاۋوْشىنىڭ «س» تاۋوْشىغا نوْۋەتلىشىشى بولغاندىن سىرت، يەنە «موزدوْز» سوْزىدىكى «ز» تاۋوْشى «ل» تاۋوْشىغا نوْۋەتلەشكەن.

(2) ئەدەبىي تىلدىكى «سوْڭگوْچ» سوْزى بەزى جايلاردا «شوْڭگوْش» [ʃyŋgyʃ] دەپ تەلەپپوْز قىلىنىدوْ. كوْروْشكە بولىدوْكى، بوْ يەردە «س» تاۋوْشى «ش» تاۋوْشىغا نوْۋەتلىشىدوْ.

(3) ئەدەبىي تىلدىكى «ئوْسسوْل» سوْزى ئىلىنىڭ بەزى جايلىرىدا «ئوْستوْل» [ustʰul] دەپ تەلەپپوْز قىلىنىدوْ. كوْروْشكە بولىدوْكى، تاۋوْشلارنىڭ ياتلىشىش هادىسىسى سەۋەبىدىن بوْ سوْزدە كېيىنكى «س» تاۋوْشى «ت» تاۋوْشىغا نوْۋەتلەشكەن.

(4) ئەدەبىي تىلدىكى «سىزماق» سوْزىدىكى «ز» تاۋوْشى «ج» تاۋوْشىغا نوْۋەتلىشىپ «سىجىماق» [siʤimaχ] شەكلىدە تەلەپپوْز قىلىنىدوْ.

14) دىماغ تاۋوْشلىرىنىڭ نوْۋەتلىشىشى: [m]، [n]، [ŋ] قاتارلىق دىماغ تاۋوْشلىرىنىڭ هەر خىل نوْۋەتلىشىش ئەهۋاللىرى مەۋجوْت، كونكرېت ئەهۋال توْۋەندىكىچە:

(1) [n] → [ŋ]

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ʃilankʰa | ʃilaŋkʰa |
| erɛn qʰɯlmaq | erɛŋ qʰɯmmaχ |
| erɛnsiz | erɛŋsiz |
| tʰɛnqʰɯd | tʰɛŋqʰɯt |
| syndyx | syŋgyʃ |

(2) [n] → [m]

| | |
|---|---|
| pʰɛtnus | pʰɛtmus |
| on birintʃʰi | om birintʃʰi |

(3) [n] → [l]

| | |
|---|---|
| tʰɛŋnɛ | tʰɛŋlɛ |
| nepʰiz | lepʰiz |

(4) [n] → [t]

| | |
|---|---|
| fietʃnemɛ | fieʃtʰimɛ |

(5) [m] → [n]

| | |
|---|---|
| bisɛrɛmdʒɑn | bisɛrɛndʒɑn |
| bɑʃ qʰetʰimtʃʰilɯχ | bɑʃ qʰetʰintʃʰilɯχ |

(6) [ŋ] → [n]

| | |
|---|---|
| østʰɛŋ | østʰɛn |

(7) [ŋ] → [j]

| | |
|---|---|
| meŋɛ | mijɛ |
| søŋɛk | syjɛx |
| kʰøŋlɛk | kʰøjnɛx |

بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم سۆزلەردە يەنە باشقىچە ئۆزگىرىشلەرمۇ بار.

مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «پىنىنە» سۆزى «پىدىنە» [pʰidinɛ] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ سۆزدە «ن» تاۋۇشى «د» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

15) [l] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) «ئولتۇر-» سۆزىدە سۆز ئىچى بوغۇم ئاخىرىدىكى [l] تاۋۇشى [t] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ، بەزىدە بىراقلا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| oltʰur | oːttʰɑ\oːtʰɑ |
| oltʰurɛ | ottʰurɛ\oːtʰurɛ |

مىسال جۈملە:

otsinip u jɛːdɛ oːtʰɑduχ, tʰɑŋ jeŋi jorɑj digɛndɛ tʰyzgɛ tʃʰiːkʰɛttʰuχ.

(ئوتسىنىپ ئۇ يەردە ئولتۇردۇق، تاڭ يېڭى يورۇي دېگەندە تۈزلەڭلىككە چىقىپ كەتتۇق.)

(2) [l] تاۋۇشى بەزىدە [n]، [r] تاۋۇشلىرىغىمۇ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| mulɑjim | mɑnɑjim |
| tʰyŋlyk | tʰyŋnyk |
| musulmɑn | musurmɑn |

مىسال جۈملە:

biz buniŋʁɑ kʰølniŋ bojuʁɑ gylɛŋgyʃ seːp berini.

(بىز بۇنىڭغا كۆلنىڭ بويىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ بېرەيلى.)

(3) ئەدەبىي تىلدىكى «لوكا» (تۆگىنىڭ لوككىسى) سۆزىدىكى «ل» تاۋۇشى بەزىدە «م» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «موكا» [mokʰɑ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«دىلموك - تۆگىنىڭ موكىسىغا ئوخشاش ياكى ئەمچەكلىك تاغ دېگەن مەنىنى

بېرىدۇ».

16) [ɦ] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر ۋە كىشى ئىسىملىرىدا [ɦ] تاۋۇشى [l]، [χ]، [j] تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| mɛddaɦ | mɛddal |
| bɛɦiʃ | bɛjiʃ |
| rɛɦmɛt | rɛχmɛt |
| pʰɛrɦat | pʰɛrχɛt |
| abduraɦman | abdiraχman |
| ibraɦim | ibrajim |
| abdureɦim | abdirejim |
| ʃaɦi abbas | ʃaji abbas |

① bu ʧʰapʰan gajda anam kʰijɛr idi, gajda øzɛm kʰijɛr idim.

(بۇ چاپاننى گاھىدا ئانام كىيەر ئىدى، گايىدا ئۆزۈم كىيەر ئىدىم.)

② pʰalanʧʰikʰamniŋ ɛmdi gunajini biz sorisaχ, muniŋdin kʰejin aʃdaχ iʃlaːni øtkʰɛzmisɛ.

(پالانچىكامنىڭ ئەمدى گۇناھىنى بىز سورىۋالساق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى ئۆتكۈزمىسە.)

17) [d] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى: ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردە ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىز ژانىرىدىكىگە ئوخشاش سۆز ئاخىرىدىكى [d] تاۋۇشى [t] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| qʰɛd køtʰyrdi | qʰɛt køtʰɛːdi |
| azad | azat |
| murad | murat |

18) [ʃ] تاۋۇشىنىڭ نۆۋەتلىشىشى:

(1) ئەدەبىي تىلدىكى «ئاق پىشماق» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا «ئاخ پۇسماخ» [aχpʰusmaχ] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ سۆزدە بىرقانچە تاۋۇشنىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى مەۋجۇت، بۇنىڭ بىرى «ش» تاۋۇشىنىڭ «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشىدۇر.

(2) ئەدەبىي تىلدىكى «شاش» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا بەزىدە «شاي» [ʃaj] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا بوغۇم ئاخىرىدىكى «ش» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

### 1.3.2.2 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

1) [ɦ] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

(1) ئانا تىلغا تەۋە ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىغا [ɦ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ølɛŋ | ɦølɛŋ\ɦølɛn |
| oʃuq | ɦoʃuq |

| | |
|---|---|
| yrk$^{h}$yp | ɦyrk$^{h}$yp |

(2) [ɑ]، [ɛ]، [o]، [ø] قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىغا [ɦ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɑʃɯχ | ɦɑʃɯχ |
| ɑlɛm | ɦɑlɛm |
| ɛqli | ɦɛχli |
| ɛʤɛp | ɦɛʤɛp |
| osmɑn | ɦosmɑn |
| ømrym | ɦømrym |
| øʃrɛ zɑk$^{h}$ɑt | ɦøʃyr zɑk$^{h}$ɑt |

① ɦɛχli bo:sɑ gylni ɑ:sun t$^{h}$ɑʃlivɛt$^{h}$sun lojlini,
jɑ: t$^{h}$utsɑ bizni t$^{h}$utsun, t$^{h}$ɑʃlivɛtsun k$^{h}$onini.

(ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن، تاشلىۋەتسۇن لويلىنى،
يار تۇتسا بىزنى تۇتسۇن، تاشلىۋەتسۇن كونىنى.)

② i̥kk$^{h}$ɛjlɛn ɦɑʃɯχ bolɑjli øjdik$^{h}$ilɛ: t$^{h}$ujmisun,
øjdik$^{h}$ilɛ: t$^{h}$ujsɑ t$^{h}$ujsun vɛdɛ jɑlʁɑn bolmisun.

(ئىككەيلەن ئاشىق بولايلى ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن،
ئۆيدىكىلەر تۇيسا تۇيسۇن ۋەدە يالغان بولمىسۇن.)

ئالدىنقى مىسالدا «ھەقلى» (ئەقلى)، كېيىنكى مىسالدا «ھاشىق» (ئاشىق) سۆزلىرىدە سۆز بېشىدا بىر «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقى كۆرۈنىپ تۇرۇپتۇ.

2) [s] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: ئالدىنقى بوغۇم ئەڭ يېپىق سوزۇق تاۋۇش [u]، [y] بىلەن ئاياقلاشقان ئوچۇق بوغۇم، كېيىنكى بوغۇم [s] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان شارائىتتا تاۋۇشلارنىڭ جۈپلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدا بىر [s] تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| usup bɛr | ussup bɛ |
| ysimɛn | yssimɛ |

مىسال جۈملە:

bɑmdɑtt$^{h}$in jenip berip urimɛn, t$^{h}$ep$^{h}$imɛn, yssimɛn.

(بامداتتىن يېنىپ بېرىپ ئۇرىمەن، تېپىمەن، ئۈسىمەن.)

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزلەرگە 3-شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى [i] تاۋۇشى ئۇلانغاندا بۇ تاۋۇشنىڭ ئالدىدا بەزىدە بىر [s] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① igisi ejt$^{h}$ilmɑj uniŋk$^{h}$i mɑq$^{h}$ɑl t$^{h}$ɛmsilisi eʁɯzdin eʁɯzʁɑ, jildin jilʁɑ øt$^{h}$yp, bygynk$^{h}$i k$^{h}$yngɛ k$^{h}$ɛ:gɛn.

(ئىگىسى ئېيتىلماي ئۇنىڭ تەمسىلىسى ئېغىزدىن ئېغىزغا، يىلدىن يىلغا ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن.)

② mɑvʤuʃi jylusibɑ: ɛmɛsmu k$^{h}$iʧ$^{h}$ik k$^{h}$iʧ$^{h}$ik, ɑʃuniŋdin jɑd ɑlisilɛ: dɛjdu.

(ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە بار ئەمەسمۇ، كىچىك-كىچىك، ئەشۇنىڭدىن ياد

ئالىسىلەر دەيدۇ.)

3) [r] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: رىتىم ئېھتىياجىدىن بەزىدە [r] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن:

ja ʁɛripniŋ tʰørigɛsi, sunup kʰɛttʰi qʰovurʁɛsi dɛp, aʃindaχ ojunla:ni qʰojup ojnajdikʰɛ: mɛʃrɛplɛ:dɛ.

(يا غەربىنىڭ تۆرىگەسى، سۇنۇپ كەتتى قوۋۇرغەسى دەپ، مەشرەپلەردە ئەنە شۇنداق ئويۇنلارنى قويۇپ ئوينايدىغان.)

بۇ جۈملىدە ئەسلىدە [tʰøgisi] بولۇشقا تېگىشلىك سۆز رىتىم ئېھتىياجى بىلەن ئۆزگىرىلىپ [tʰørigɛsi] دەپ [r] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر بوغۇم قوشۇپ ئېيتىلغان.

4) [n] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: ئايرىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا [n] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| azma | azman |

ɛmdi bu mɛʃrɛpniŋ bir alaɦidiligikʰin bali ʤaqʰuni tʰɛrbijilɛʃtʰɛ naɦajitʰi bir jaχʃi ɛχlaχ, jaχʃi pʰɛziletlix iʃ, buni kʰø:misɛ tʰaza jaχʃi bo:majdu.

(ئەمدى بۇ مەشرەپنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بالا-چاقىنى ناھايىتى ياخشى ئەخلاق، پەزىلەتلىك تەربىيىلەشتە پايدىلىق، مەشرەپنى كۆرمىسە تازا ياخشى بولمايدۇ.)

5) [g] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: ئايرىم سۆزلەردە سۆز ئىچى بوغۇم بېشىدا [g] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

oʁulniŋ atʰa anisidin duga elip, uniŋdin kʰɛjnidin aruʁa elip, kʰøʧʰyryp maɴimiz.

(ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئارىغا ئېلىپ كۆچۈرۈپ ماڭىمىز.)

بۇ جۈملىدە dua سۆزى duga شەكلىدە قوللىنىلغان.

بەزى جايلاردا ɦøŋrɛp سۆزىدە ئىككى بوغۇمنىڭ ئارىلىقىدا [g] تاۋۇشى كۆپىيىپ ɦøŋgirɛp شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

6) [ʒ] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: [i] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بىر قىسىم قەدىمىي سۆزلەرنىڭ بېشىغا [ʒ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| inʧʰikʰɛ | ʒiŋiʃkʰɛ |
| in | ʒin |
| ilik | ʒilix |

7) [ʧ] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: qʰeʧʰir سۆزىنىڭ 1-بوغۇمىنىڭ كەينىدە، يەنى [ʧ] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان 2-بوغۇمىنىڭ ئالدىدا تاۋۇشلارنىڭ جۈپلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە بىر [ʧ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ χɯʧʧʰir تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

8) [ʁ] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى بىلەن كەلگەن ئاز بىر قىسىم سۆزلەردە دەرىجە قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىللە [ʁ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن:

juq$^{h}$uri sinipla:niŋ azuʁaraχ, ʒigirmɛ, ʒigirmɛ ɣʃ ɛtrap$^{h}$ida.

(يۇقىرى سىنىپلارنىڭ ئازراق، 25 ـ 20 ئەتراپىدا.)

9) [l] **تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى:** ئىلى ئېغىزىدا [l] تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. پەقەت ئەدەبىي تىلدىكى «لەش» سۆزىگە «لە» بوغۇمى قوشۇلۇپ، «لەلەش» [lɛlɛʃ] شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنغان ئەھۋال بار.

10) [ŋ] **تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى:** بەزى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا [ŋ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: dygilɛk سۆزىدە 1 ـ بوغۇم ئاخىرىغا [ŋ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ døŋgilɛx تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.[24] يەنە مەسىلەن:

ɛj k$^{h}$itʃ$^{h}$ikk$^{h}$inaŋ ʁaz balisi,

ɦalɛmgɛ suni baʃlidi.

(ئەي، كىچىككىنە غاز بالىسى، ئالەمگە سۇنى باشلىدى.)

بۇ جۈملىدە «كىچىككىنە» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا [ŋ] تاۋۇشى قوشۇلۇپ «كىچىككىناڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان.

11) [j] **تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى:** چەت تىللاردىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم شەكلىگە ماسلاشتۇرۇش جەريانىدا بەزىدە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: رۇس تىلىدىن «رېزىنكا ئۆتۈك» مەنىسىدە قوبۇل قىلىنغان боты سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى «تى» ئىلى ئېغىزىدا «تەي» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، «بوتەي» شەكلىگە كىرگەن، يەنى «ئى» تاۋۇشىنىڭ «ئە» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان.

## 1.3.2.3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

1) [r] **تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:** ئىلى ئېغىزىدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [r] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئەدەبىي جانلىق تىلدىكىگە ئوخشاشلا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(1) [r] تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان تۈپ سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| bar | ba: |
| t$^{h}$ar | t$^{h}$a: |
| q$^{h}$ar | q$^{h}$a: |
| k$^{h}$ɛpt$^{h}$ɛr | k$^{h}$ɛpt$^{h}$ɛ: |
| t$^{h}$ɛjjar | t$^{h}$ɛjja: |
| k$^{h}$ømyr | k$^{h}$ømy: |

(2) سۆز ئارىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [r] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| burnuʁa | bu:nuʁa |
| barʁan | ba:ʁan |
| t$^{h}$arʁul | t$^{h}$a:ʁul |
| k$^{h}$ørgɛnlɛr | k$^{h}$ø:gɛnlɛ: |

[24] بۇ يەردە ئاۋۋال تاۋۇشلارنىڭ جۈملىشى قانۇنىيىتى بويىچە g تاۋۇشىدىن بىرى كۆپىيىپ قالغان، ئاندىن يەنە تاۋۇشلارنىڭ ياتلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە ئالدىنقى g تاۋۇشى ŋ تاۋۇشىغا ئايلانغان.

| | |
|---|---|
| arq$^{h}$ɯʁa | a:q$^{h}$ɯʁa |
| χurʤun | ʁo:ʤun |
| ʧ$^{h}$irmaq | ʧ$^{h}$i:maχ |
| arzuluq | a:zilɯχ |
| jarʁɯmʧ$^{h}$aq | ja:ʁɯʧ$^{h}$aχ |

مىسال جۈملە: «ـ قالتىس چىماقچى بۇ!»

(3) B A B B شەكىللىك بوغۇمدىكى[25] ئاخىرقى تاۋۇش [t] نىڭ ئالدىدىكى [r] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| art$^{h}$ip | a:t$^{h}$ip |
| artq$^{h}$an | a:tq$^{h}$an |
| t$^{h}$artsam | t$^{h}$a:tsam |
| iza t$^{h}$artt$^{h}$urʁan | iza t$^{h}$a:tt$^{h}$u:ʁan |
| dɛrt | dɛ:t |
| k$^{h}$øt$^{h}$ɛrtmɛj | k$^{h}$øt$^{h}$ɛ:tmɛj |
| ʃagirt | ʃagi:t |

بۇ خىل بوغۇمدا «ق» تاۋۇشىنىڭ ئالدىدىكى «ر» تاۋۇشىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ɦazir biz az t$^{h}$øgisi ba:la: p$^{h}$iʧ$^{h}$irmajmiz q$^{h}$o:q$^{h}$op, ølyp q$^{h}$alidu dɛp.

(هازىر بىز ئاز تۆگىسى بارلار ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ قورقۇپ پىچتۇرمايمىز.)

(4) كۆپلۈك قوشۇمچىسى [lar, lɛr] دىكى [r] تاۋۇشىمۇ ئوخشاشلا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| søzlɛr | søzlɛ: |
| adɛmlɛr | ɛdɛmlɛ: |
| p$^{h}$ajp$^{h}$aχlar | p$^{h}$ajp$^{h}$aχla: |
| ajallar | ajalla: |

(5) سۆز ئارىسىدا [r] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: [ilgirik$^{h}$i] سۆزى [r] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا بىر بوغۇم چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن [ilgɛk$^{h}$i] شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي تىلدا «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەردە ئىلى ئېغىزىدا بۇ تاۋۇش چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: پارس تىلىدىن كىرگەن «خارمان» سۆزى ئەدەبىي تىلدا هازىر [r] تاۋۇشى چۈشۈرۈلۈپ «خامان» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن، ئىلىنىڭ بەزى جايلىرىدا سۆزىدە [r] تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي «خارمان» [χarman] شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «ئۆتەڭ» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا يەر نامى سۈپىتىدە «ئۆرتەڭ» [ørt$^{h}$ɛŋ] شەكلىدە ئۇچرايدۇ، بۇ سۆزدىكى «ر» تاۋۇشى بۇ يەردە چۈشۈپ قالمايدۇ.

2) [l] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

[25] يەنى [ئوزۇك تاۋۇش + سوزۇق تاۋۇش + ئوزۇك تاۋۇش + ئوزۇك تاۋۇش] لۇق بوغۇم.

(1) «ئال، كەل، بول، قال، ئۆل» دېگەندەك [l] تاۋۇشىنى بوغۇم ئاخىرى قىلغان پېئىللارغا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بۇ يەردىكى [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| alsun | aːsun |
| kʰɛlgɛn | kʰɛːgɛn |
| kʰɛlmɛj | kʰɛːmɛj |
| kʰɛlmɛs | kʰɛːmɛs |
| bolsa | boːsa |
| bolmuʁan | boːmuʁan |
| qʰalʁuni | qʰaːʁuni |

مىسال جۈملە:

meni bir buzuʁ unsur majaχtʰin kʰeːp tʰasla qʰaldi øːtʰyryp qʰojʁuli undaχ mandaχ dɛpla, pʰaːʃapbɛɣ dɛp ʧʰaqʰurip kʰɛldi ɦeluqʰuni.

(مېنى بىر بۇزۇق ئۇنسۇر بۇياقتىن كېلىپ تاسلا قالدى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، ئۇنداق ـ بۇنداق دەپلا، پاششاپ بەگ دەپ چاقىرىپ كەلدى ھېلىقىنى.)

بۇ مىسالدا «ئۆلتۈرۈپ» سۆزىدىكى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «ئۆتۈرۈپ» شەكلىدە قوللىنىلغان.

(2) بەزىدە «ئال، سال، كەل، قىل» دېگەندەك [l] تاۋۇشىنى بوغۇم ئاخىرى قىلغان پېئىللارغا ئۇلانغان رەۋىشداش قوشۇمچىسى [ip] دىكى [i] تاۋۇشى [l] تاۋۇشى بىلەن بىرلىكتە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| elip | eːp |
| selip | seːp |
| selivaptʰu | seːvaptʰu |
| kʰelivatʰidu | kʰeːvatʰidu |
| kʰelivatsa | kʰeːvassa |
| qʰulip qʰojʁan | qʰuːp qʰojʁan |
| qʰulivɛttʰuχ | qʰuːvɛttʰuχ |
| qʰulivetʰiptʰu | qʰuːvetʰiptʰu |

مىسال جۈملىلەر:

① qʰajsiŋ muʃini muʃdaq qʰuːvatqʰaŋ.

(قايسىڭ مۇشۇنى مۇشۇنداق قىلىۋاتقان.)

② ʃu vaχtʰida sajuzdun akʰiliri qʰɛːp qʰaːp, ulaːdin χɛt kʰelidu.

(شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاكىلىرى قېلىپ، ئۇلاردىن خەت كېلىدۇ.)

③ eŋ aχurisida kʰursa tʰygɛp ʒigirmɛ bir balini aːp qʰaldi.

(ئەڭ ئاخىرىدا كۇرس تۈگەپ 21 بالىنى ئېلىپ قالدى.)

④«ـ بالام نۇرۇم، سېنى قىشلاقتامدا ئەچۈشۈپ تۇغقانلارغا كۆرسىتىپ چىقاي، شاڭيۇ داداڭ، ئىمام داداڭ، داداڭنىڭ باي تۇغقانلىرى سېنى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن، بىر چاي قاينىغىچىلا يېتىپ بارىمىز.»

⑤تۇل بىيىدىن بىرنى، راسا سېمىز تايدىن بىرنى قىشلىق سوقۇمغا ئاتاپتەك،

شەھەردىن سازچى-چاقچاقچىلارنى <u>ئاچىقىپ</u> قىشقىچە باققۇدەك.

(3) [l] تاۋۇشىنى بوغۇم ئاخىرى قىلغان بەزى پېئىل ۋە باشقا سۆزلەردە يەنە [l] تاۋۇشى ياكى [li] بوغۇمى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| o:t$^h$uridu | olt$^h$uridu |
| q$^h$ajt$^h$ura:maj | q$^h$ajt$^h$uralmaj |
| minɛ:mɛj | minɛlmɛj |
| ja:ʁan | jalʁan |

مىسال جۈملىلەر:

① dadilirimizniŋ jenidila <u>o:t$^h$urup</u> <u>midirmajmiz</u>, jɛxt$^h$iz <u>o:t$^h$urimiz</u>.

(دادىمىزنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ مىدىرلىمايمىز، يەكتىز ئولتۇرىمىز.)

② ɛ:ʃɛ:din k$^h$ɛ:sɛm bula: <u>o:t$^h$urupt$^h$ikɛ</u> bizniŋk$^h$idɛ.

(ئەشۇ يەردىن كەلسەم بولار بىزنىڭكىدە ئولتۇرۇپتىكەن.)

(4) «ئال، بول» دېگەندەك [l] تاۋۇشىنى بوغۇم ئاخىرى قىلغان پېئىللاردىن ياسالغان رەۋىشداشلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە [l] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ كۆپ تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ɛ:k$^h$ip | elip k$^h$elip |
| ɛ:k$^h$ilimiz | elip k$^h$elimiz |
| ɛ:k$^h$ɛ:gɛn | elip k$^h$ɛlgɛn |
| a:ʧ$^h$iq$^h$ɯp | elip ʧ$^h$iq$^h$ɯp |
| ɛk$^h$irivɛt | elip k$^h$irivɛt |
| bo:p q$^h$aldi | bolup q$^h$aldi |

(5) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «مۇئەللىم» سۆزىدىكى [l] تاۋۇشى بەزى جايلاردا چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.[26] مەسىلەن:

k$^h$iʧ$^h$ix ʧ$^h$oŋ ɦɛ:misi jaχʃi k$^h$øridu, vaj ɦejt$^h$ɛm ma:lim, rɛsimʧ$^h$i <u>ma:lim</u> dɛp.

(كىچىك-چوڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ، ۋاي ھېيتەم مۇئەللىم، رەسىمچى مۇئەللىم دەپ.)

3) [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) شەخس، زامان، راي قوشۇمچىلىرىدىكى ئاخىرقى تاۋۇش [n] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ʧ$^h$yʃinisɛ: | ʧ$^h$yʃinisɛn |
| k$^h$ɛpt$^h$ik$^h$ɛ: | k$^h$ɛpt$^h$ik$^h$ɛn |
| sojidik$^h$ɛ: | sojidik$^h$ɛn |
| q$^h$ɯlisɛ: | q$^h$ɯlisɛn |
| dɛjmɛ: | dɛjmɛn |
| øt$^h$ypt$^h$ik$^h$ɛ:mɛ: | øt$^h$ypt$^h$ik$^h$ɛnmɛn |

---

[26] «مۇئەللىم» سۆزى ئىلىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە «مالىم» دەپ ئېيتىلىدۇ، پەقەت غۇلجا شەھرىدە ئۇنىڭ ئورنىدا «ئوقۇتقۇچى» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى «ئوختۇچى» قوللىنىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| qʰaytʰurivɛtkʰenkʰɛn | qʰaytʰurivɛtkʰenkʰɛ: |
| ɛmɛskʰɛn | ɛmɛskʰɛ: |
| pʰiʃqʰan bolsa | pʰiʃqʰa: bo:sa |
| apʰirajmikʰin | apʰirajmikʰi: |
| bolimɛnmikʰin | bolimɛ:mikʰi: |

(2) بىر قىسىم باغلىغۇچى، سۆز ياسىغۇچى، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىكى ئاخىرقى تاۋۇش [n] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ʃuniŋ bilɛn | ʃuniŋ bilɛ: |
| mɛn bilɛn | mɛn bilɛ: |
| gɛpdan | gɛptʰa: |
| (søzdan)[27] | søzda: |
| tʰygigɛndin kʰejin | tʰygigɛndi: kʰijin |

(3) بەزى بىرىككەن ئالماشلاردا قوشۇپ ئېيتىلغاندا [n] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تاۋۇشلار بوغۇملار بويىچە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɛnɛ ʃundaq | a:ʃda:\a:ʃundaχ |
| andin kʰejin | andikʰin\ inkʰin |
| uniŋ kʰɛjnidin | uniŋkʰɛjdin |
| muʃundaq | muʃda:\muʃundaχ |

4) [p] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: رەۋىشداش-بۇيرۇق پېئىللىق بىرىكمىلەردە ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە كەلگەن رەۋىشداش قوشۇمچىسىدىكى ئاخىرقى تاۋۇش [p] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| dɛp qʰoj | dɛ: qʰoj |
| kʰirip qʰaldi | kʰiri: qʰaldi |
| tʰurup qʰalidikʰɛn | tʰuru: qʰalidikʰɛ: |
| jandurup kʰɛptʰu | janduru: kʰɛptʰu |
| qʰojup bɛr | qʰoju: bɛ: |
| aʁritʰɪp qʰojʁan | aʁritʰɪ: qʰojʁan |
| qʰɯʃqʰɯrip kʰeliŋlar | qʰɯʃqʰɯri: kʰeliŋla: |
| ʧʰyʃyp kʰɛtmiduχ | ʧʰyʃy: kʰɛtmiduχ |
| ølyp kʰɛtkʰɛn | øly: kʰɛtkʰɛn |
| øtʰyp kʰetʰip berip | øtʰy: kʰetʰi: berip |
| kʰirip kʰetʰip berip | kʰiri: kʰetʰi: berip |
| ʧʰɯqʰɯp kʰɛldi | ʧʰɯ:χ kʰɛldi |

يۇقۇرىقى كونتېكىستتا، بەزىدە رەۋىشداشنىڭ [ip, up, yp] قوشۇمچىلىرى ئالدىدىكى ياردەمچى پېئىلنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

---

[27] «سۆزدا» سۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى ئەسلى تەڭدىشى «گەپدان» سۆزىدۇر.

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| q$^h$ojup q$^h$ojup | q$^h$o: q$^h$ojup |
| q$^h$ojup q$^h$ojdi | q$^h$oju: q$^h$ojdi\q$^h$o: q$^h$ojdi |
| elip k$^h$elip bɛrsɛm | ɛk$^h$i: bɛ:sɛm |
| ʧ$^h$iq$^h$ɯp k$^h$et$^h$ip barʁan | ʧ$^h$i: k$^h$et$^h$i: ba:ʁan |

مىسال جۈملە:

vaj q$^h$arisaɴ, bizniŋ ɦelɯq$^h$ɯ at jamanmu bɛk asav at, ɦarvini apq$^h$ɯʃip[28] zadi ʤalaχlit$^h$ip t$^h$ep$^h$ip, ɦarvini p$^h$arɛ p$^h$ɛrɛŋ ʧ$^h$ɯq$^h$ɯrivɛtk$^h$ili t$^h$as q$^h$aldi.

(ۋاي، قارىساڭ بىزنىڭ ھېلىقى ئات يامانمۇ بەك ئاساۋ ئات ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ جالاقلىتىپ تېپىپ ھارۋىنى پارە-پەرەڭ قىلىۋەتكىلى تاس قالدى.)

5) [q] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) بىر قىسىم ئالماشلارنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى [q] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| andaq | anda: |
| ʃundaq | ʃunda: |
| q$^h$andaq | q$^h$anda: |
| mundaq | manda: |

(2) ۋاقىت رەۋىشى بىرىكمىسى «ئالدىنقى كۈنى» سۆزىدە 1-سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى [q$^h$ɯ] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| aldinq$^h$ɯ k$^h$yni | aldiŋk$^h$yni |

6) [v] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [v] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| k$^h$øvryk | k$^h$ø:ryx |
| t$^h$yvryk | t$^h$y:ryx |
| q$^h$ovzaq | q$^h$o:zaχ |
| ov ovlajdu | o: ovlajdu |
| avval | aval |

(2) بىر قىسىم كۆرسىتىش ئالماشلاردا كېيىنكى بوغۇم [vu] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| avu | a:\ e: |
| avuniŋ | a:niŋ |
| mavu | ma: |
| mavular | ma:la: |
| ɛvu jɛr | ɛ:jɛ: |

[28] قىسقارغان چاغدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» غا ئاجىزلىششى يۈز بەرمەي، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئەسلى بويىچە كېلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ.

| | |
|---|---|
| mavu jeqʰɯ | majɯqʰɯ |

(3) بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىدا [byvi] سۆزىدىكى كېيىنكى بوغۇم [vi] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ɦɛʤɛrby: | ɦɛʤɛrby: |
| tʰursunbyvi | tʰursunby: |

يەنە مەسىلەن: ئايىمبۈ (ئايىمبۈۋى)، خەلچىبۈ (خەلچىبۈۋى)، توختىبۈ (توختىبۈۋى) ۋە باشقىلار.

يەنە بىر قىسىم سۆزلەردە باشقا تاۋۇشلار بىلەن بىللە «ۋ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن:

[ʃalo] شالو__ ئەدەبىي تىلدىكى «شالۋۇر» سۆزىگە باراۋەر.

[qʰurʁul] قىرغۇل__ ئەدەبىي تىلدىكى «قىرغاۋۇل» سۆزىگە باراۋەر.

ئەسكەرتىش: «قۇش ئىسىملىرىنىڭ شەرقىي تۈركچە، مانجۇچە ۋە خەنزۇچە سۆزلۈكى» ناملىق كىتابتىمۇ بۇ سۆز «قىرغۇل» شەكلىدە ئۇچرايدۇ.[29] بۇنىڭدىن بۇ خىل چۈشۈپ قېلىشنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

7) [j] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) بىر قىسىم پېئىل ۋە ئىسىملاردا سۆز ئىچى بوغۇم ئاخىرىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ajrildi | a:rildi |
| qʰajrilip | qʰa:rilip |
| bujrup | bu:rup |
| bujrisa | bu:rsa |
| ejtʰidu | e:tʰidu |
| øjlɛnmigɛn | ø:lɛnmigɛn |
| ojʁaq | o:ʁaχ |
| ʧʰojla | ʧʰo:la |
| ɦojla | ɦo:la |
| syjdyk | sy:dyx |
| ʃɛjχ | ʃe:χ |

(2) ئۆتكەن زامان ھېكايە مەيلىدە كەلگەن B A B B شەكلىدىكى بوغۇمدا ئارىلىقتىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

mɛn ʁulʤida pʰytʰyn kʰijim tʰixmisɛmmu jamaq jamajttʰim
ʁulʤa bojiʧʰɛ mɛn digɛn molduzdin qʰa:ma:ttʰim
ɦɛr qʰandaq ɛr ajalniŋ kʰøŋligɛ kʰɛ:misun pʰulini a:ma:ttʰim
mɛn øzɛm ʃundaχ kʰona ja:ʁanni bir birsigɛ sɛplɛ:ttʰim
pʰaʃnisi bo:misa kʰardon qʰɛʁɛzni kʰɛplɛ:ttʰim

[29] E. DENİSON ROSS: Kuş İsimlerinin Doğu Türkçesi, Mançuca ve Çince Sözlüğü, 40p. İngilizceden çeviren: Emine GÜRSOY-NASKALİ, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara,1994.

aʃundaq q$^{h}$ɯlip χerida:ni ʤɯrχlatt$^{h}$im
k$^{h}$iʧ$^{h}$ix bali k$^{h}$ɛ:sɛ on t$^{h}$al mɯrχt$^{h}$a mɯrχla:tt$^{h}$im
aχ ʒip ba: ɛmɛsmu, q$^{h}$arida t$^{h}$aza momla:tt$^{h}$im
χerida: q$^{h}$arap t$^{h}$u:sa silɯrχ t$^{h}$ik$^{h}$ip q$^{h}$ojup
k$^{h}$ɛtsila k$^{h}$ɛjnidin k$^{h}$omla:tt$^{h}$im

(مەن غۇلجىدا پۈتۈن كىيىم تىكمىسەممۇ ياماق ياماتتىم،
غۇلجا بويىچە مەن دېگەن موزدۇزدىن قالمايتتىم،
ھەرقانداق ئەر-ئايالنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دەپ پۇلىنى ئالمايتتىم،
مەن ئۆزۈم شۇنداق كونا ياماقنى بىر-بىرىگە سەپلەيتتىم،
پاشنىسى بولمىسا كاردۇن قەغەزنى كەپلەيتتىم،
ئاشۇنداق قىلىپ خېرىدارنى جىقلاتتىم،
كىچىك بالا كەلسە 10 تال مىقتا مىقلايتتىم،
ئاق يىپ بار ئەمەسمۇ، قارىدا تازا موملايتتىم،
خېرىدار قاراپ تۇرسا سىلىق تىكىپ قويۇپ،
كەتسىلا كەينىدىن كوملايتتىم.)

يۇقىرىقى پارچىدىكى «قاماتتىم، ئاماتتىم، سەپلەتتىم، كەپلەتتىم، مىقلاتتىم، موملاتتىم، كوملاتتىم» (قالمايتتىم، ئالمايتتىم، سەپلەيتتىم، كەپلەيتتىم، مىقلايتتىم، موملايتتىم، كوملايتتىم) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردىن «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

«ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان يۇقىرىقىغا يېقىن يەنە مۇنداق سۆزلەرمۇ بار:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| p$^{h}$urajtt$^{h}$im | p$^{h}$ura:tt$^{h}$im |
| t$^{h}$oʃujtt$^{h}$uq | t$^{h}$oʃatt$^{h}$uχ |
| ɦejt | ɦe:t |

(3) ئەڭ يېپىق سوزۇق تاۋۇش [y] نى بوغۇم ئاساسى قىلغان بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم بېشىدىكى [j] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| jyz aʧq$^{h}$u | yz aʃq$^{h}$u |
| jysypbɛg | ysypbɛɣ |
| jitmɛjdu | ytmɛjdu |

مىسال جۈملىلەر:

① bu q$^{h}$ɯz bilɛn ʒigitniŋ ott$^{h}$urluχt$^{h}$ik$^{h}$i yzini etʃ$^{h}$iʃ q$^{h}$ajdisi, mana muʃuniŋ bilɛn abajɯq$^{h}$ɯ ott$^{h}$urluχt$^{h}$ik$^{h}$i q$^{h}$ɯzniŋk$^{h}$i yzini etʃ$^{h}$iʃ q$^{h}$ajdiliri aʃuniŋ bilɛ: t$^{h}$ygɛjdu.

(بۇ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۈزنى ئېچىش قائىدىسى، مانا مۇشۇنىڭ بىلەن بايىقى قىزنىڭ يۈزنى ئېچىش قائىدىلىرى تۈگەيدۇ.)

② dadisi digɛn u q$^{h}$olbeχɯdɛx ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$ɯrivet$^{h}$ididɛ gɛp digɛnni. uniŋ gepi ytmɛjdu ɛŋik$^{h}$izɛ.

(دادىسى دېگەن قولبېشىدەك چىقىرىۋېتىدۇ-دە گەپ دېگەننى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گېپى يىتمەيدۇ.)

(4) بىر قىسىم سۆزلەردە [j] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تاۋۇشلار بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| oqʰujalmaj | oqʰɑːmaj |
| muʃu jɛr | mɛːʃɛː |
| kʰɛlgɛndin kʰejin | kʰɛːgɛndikʰin |
| tʰɛkijɛ | tʰɛxi |

8) [t] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) تاۋۇشلارنىڭ ياتلىشىشى سەۋەبىدىن بەزىدە قاتار يانداشىپ كەلگەن ئىككى [t] تاۋۇشىنىڭ بىرى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

mɛʃɛdɛ bɛʃintʃʰi sinipni pʰyːtʰyrypla ɦɛ aniŋdin kʰejinla u vaχtʰa ɯχtʰisat tʰøvɛn boːʁanlɯχtʰin sirtqʰɯmu tʃʰɯqʰɑːmidim.

(مۇشۇ يەردە 5-سىنىپنى پۈتتۈرۈپلا ئاندىن كېيىن ئۇ ۋاقىتتا ئىقتىساد تۆۋەن بولغانلىقتىن سىرتقىمۇ چىقالمىدىم.)

(2) B A B B بوغۇم شەكلىدە بوغۇم ئاخىرى بولغان [t] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| dost | dosː |
| qʰɛnt | qʰɛnː |
| rɛχt | rɛχː |
| qʰɛst | qʰɛsː |
| mɛst | mɛsː |
| muʃt | muʃː |
| tʰøːt ʒil | tʰøː ʒil |

مىسال جۈملە:

atʰam bilɛː anam joχ ɛj ɦɛj daʁɛj,
ɛlgɛ ɛtʰivarim joχ alli jɛj.
tʰøː bɛʃ kʰynlyk alɛmdɛ ɦɛj daʁɛj,
bɛʃimda mirabim joχ vaj alli jɛj.

(ئاتام بىلەن ئانام يوق، ئەي، ھەي دادەي،
ئەلگە ئەتىۋارىم يوق، ئاللىيەي.
تۆت[30]-بەش كۈنلۈك ئالەمدە، ھەي دادەي،
بېشىمدا مىرابىم يوق، ۋاي، ئاللىيەي.)

9) [ɦ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى [ɦ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| meɦman | meːman\miːman |
| tʰøɦmɛt jeʃi | tʰøːmɛt jeʃi |
| deɦqʰan | diːχan |

[30] «تۆرت» سۆزىدىكى [r] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئەدەبىي تىلدا ئېتىراپ قىلىنغان ھادىسە. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك ئىلى ئېغىزىدە بۇ سۆزدە [r] تاۋۇشى بىلەن بىللە بەزىدە [t] تاۋۇشىمۇ تەڭلا چۈشۈپ قالىدۇ.

| | |
|---|---|
| pʰadiʃah | pʰadiʃa: |
| ʃah mɛʃrɛp | ʃa: mɛʃrɛp |
| nikʰaɦi | nikʰa: |

(2) ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە [ɦ] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بوغۇم بويىچە تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| ʃɛɦɛr | ʃɛ: |
| sɛɦɛrdɛ | sɛ:dɛ |
| mɛɦɛllisi | mɛ:lisi |
| mɛɦɛllɛ | mɛ:llɛ\mɛ:lɛ |

(3) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بەزى كىشى ئىسىملىرىدا سۆز بېشىدىكى [ɦ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ʃɛ:gɛ apʰirip aʃu ysɛnbɛɣ ɦaʤi digɛnniŋkʰi zavutʰɯʁa zɯʁɯr jɛ buʁdaj apʰa:saχ, buʁdaj apʰa:saχ on ikkʰi tʰijin.

(شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئاشۇ ھۈسەنباي ھاجى دېگەننىڭكى زاۋۇتىغا زىغىر ياكى بۇغداي ئېلىپ بارساق، بۇغداي ئېلىپ بارساق 12 تىيىن.)

10) [ʃ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: رەۋىشداش شەكلىدە ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە كەلگەن بەزى بىرىكمىلەردە ئاخىرقى تاۋۇش [ʃ] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

kʰølniŋ tʰyvigɛ ʧʰy:p kʰetʰidu ɛmdi bu qʰɯz.

(كۆلنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىدۇ ئەمدى بۇ قىز.)

11) [b] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى:

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا ئائىت تارماقتا سۆزلىگىنىمىزدەك، «بۇلاق» سۆزى ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە بەزىدە باشقا بوغۇملار بىلەن بىرگە «بۇلاق» سۆزىنىڭ 1 ـ بوغۇمى [bu] چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| qʰɯzil bulaq | qʰɯzlaq |
| soʁuq bulaq | soʁlaq |
| miŋbulaq | miŋlaq |

(2) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىدا [b] تاۋۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بەزى بوغۇملار چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

goŋsɛndaŋ jetʰip kʰɛldi, dadam o:lqʰasim digɛnniŋ ʧʰoŋ χotʰunini ɦøkʰymɛt aʤritʰivɛtkʰɛndin kʰejin uni aldi.

(كوممۇنىستىك پارتىيە يېتىپ كەلدى، دادام ئوبۇلقاسىم دېگەننىڭ چوڭ خوتۇنىنى ھۆكۈمەت ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئالدى.)

بۇ جۈملىدە كىشى ئىسمى «ئوبۇلقاسىم»نىڭ 2 ـ بوغۇمىدىكى «بۇ» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان.

12) [d] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: بەزى كۆرسىتىش ئالماشلاردا 2 ـ بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشىدىكى [d] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «ئۇنداق» ئالمىشى بەزىدە «ئۇناخ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مىسال جۈملە:

unaχ qʰɯ:ma ukʰam. (ئۇنداق قىلما، ئۇكام)

13) [ʧ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: دەرىجە سان قوشۇمچىسىدىكى [ʧ] تاۋۇشى

بەزىدە سۆز ئارىسىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

bɛʃin sinipni byt$^{h}$yrypla dɯχantʃ$^{h}$ilɯχq$^{h}$a tʃ$^{h}$yʃ: k$^{h}$ɛtt$^{h}$im.

(بەشىنجى سىنىپىنى تۈگىتىپلا دېھقانچىلىققا چۈشۈپ كەتتىم.)

بۇ جۈملىدە ئەدەبىي تىلدا «بەشىنچى سىنىپ» دەپ ئېيتىلىدىغان بىرىكمىدىكى «چ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. [31]

## 1.3.2.4 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

1) [ɣ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: ئەدەبىي تىلدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [g] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [ɣ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا ئەدەبىي تىلدا [g] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلانغاندەك، ئىلى ئېغىزىدىمۇ بوغۇم ئاخىرىدىكى بۇ [ɣ] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| bɛg→begi | bɛɣ→beɣi |
| t$^{h}$ɛg→t$^{h}$egi | t$^{h}$eɣi→t$^{h}$eɣi |
| t$^{h}$yg→ t$^{h}$ygylgɛn | t$^{h}$yɣ→t$^{h}$yɣylɣɛn |
| t$^{h}$ɛg→t$^{h}$ɛgmɛjmɛn | t$^{h}$ɛɣ→t$^{h}$ɛɣmɛjmɛ |
| t$^{h}$yg→ t$^{h}$ygmɛjmɛn | t$^{h}$yɣ→t$^{h}$yɣmɛjmɛ |

2) [x] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: ئەدەبىي تىلدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [k] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [x] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا [x] تاۋۇشى [ɣ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| k$^{h}$ep$^{h}$ɛk→ k$^{h}$ep$^{h}$ik$^{h}$i | k$^{h}$ep$^{h}$ɛx→ k$^{h}$ep$^{h}$iɣi |
| lɛglɛk→ lɛglik$^{h}$i | lɛɣlɛx→lɛɣlɛɣi |
| iʃik→ iʃik$^{h}$i | iʃix→ iʃiɣi |
| jyrɛk→jyrik$^{h}$i | ʒyrɛx→ʒyriɣi |
| k$^{h}$itʃ$^{h}$ik→k$^{h}$itʃ$^{h}$ik$^{h}$i | k$^{h}$itʃ$^{h}$ix→ k$^{h}$itʃ$^{h}$iɣi |
| et$^{h}$ɛk→et$^{h}$ik$^{h}$i | et$^{h}$ɛx→ et$^{h}$iɣi |
| ɛllik→ɛllik$^{h}$intʃ$^{h}$i | ɛllix→ ɛlliɣintʃ$^{h}$i |

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئەدەبىي تىلدا [k] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلانغاندەك، ئىلى ئېغىزىدىمۇ بۇ يەردىكى [x] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| t$^{h}$ik→t$^{h}$iksɛ | t$^{h}$ix→t$^{h}$ixsɛ |
| ɛmgɛk→ɛmgɛkt$^{h}$in | ɛmgɛx→ɛmgɛxt$^{h}$in |
| bɛzgɛk→bɛzgɛkt$^{h}$ɛk | bɛzgɛx→bɛzgɛxt$^{h}$ɛx |
| p$^{h}$øp$^{h}$yk→p$^{h}$øp$^{h}$yklyk | p$^{h}$øp$^{h}$yx→p$^{h}$øp$^{h}$yxlyx |
| tʃ$^{h}$elɛk→tʃ$^{h}$elɛkni | tʃ$^{h}$elɛx→tʃ$^{h}$elɛxni |

---

[31] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرىجە سان قوشۇمچىسى «چ\ج» بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ تاۋۇشنىڭ كەينىدە بىر «ئى» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان،

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| øtʰyk→øtʰykniŋ | øtʰyx→øtʰyxniŋ |

3) [q] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: ئەدەبىي تىلدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [q] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [χ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا [χ] تاۋۇشى [ʁ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| tʰuvaq→ tʰuviqʰɯ | tʰuvaχ→ tʰuvɯʁɯ |
| tʰaztʃʰaq→ tʰaztʃʰaqraq | tʰaztʃʰaχ→ tʰaztʃʰaʁraχ |
| uzaq→uzaqraq | uzaχ→uzaʁraχ |
| qʰutʃʰaq→qʰutʃʰaʁla | qʰutʃʰaχ→qʰutʃʰaʁla |

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا [q] تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدا ئۆزگەرمەي ساقلانغىنىدەك، ئىلى ئېغىزىدا [χ] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| jiraq→ jiraqdin | ʒiraχ→ʒiraχtʰin |
| uzaq→uzaqda | uzaχ→uzaχtʰa |
| qʰorsaq→qʰorsaqda | qʰo:saχ→qʰo:saχtʰa |

4) [p] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى:

(1) سۆز ئاخىرىدىكى [p] تاۋۇشى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلغاندا [v] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| mɛktʰɛp→mɛktʰipʰi | mɛxtʰɛp→mɛxtʰivi |
| dɛslɛp→dɛslipʰi | dɛslɛp→dɛslivi |

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بولسا، [p] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| mɛktʰɛp→mɛktʰɛpkʰɛ | mɛxtʰɛp→mɛxtʰɛpkʰɛ |
| dɛslɛp→dɛslɛptʰɛ | dɛslɛp→dɛslɛptʰɛ |

(2) ئەدەبىي تىلدا بوغۇم ئاخىرىدىكى [b] تاۋۇشى ئىلى ئېغىزىدا [p] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇنداق سۆزلەردىكى نۆۋەتلەشكەن [p] تاۋۇشىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا [v] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| kʰitʰab→kitʰabi | kʰitʰap→kʰitʰavi |
| azab→azabi | azap→azavi |

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا بولسا، [p] تاۋۇشى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| kʰitʰab→kʰitʰabtʰin | kʰitʰap→kʰitʰaptʰin |
| azab→azabtʰa | azap→azaptʰa |

## 1.3.2.5 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەلىشىشى

1) **ئۈك ئاسسىمىلاتسىيە:** ئىلى ئېغىزىدا قىسمەن ئۈك ئاسسىمىلاتسىيە ھادىسىسى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| t$^h$yŋlyk | t$^h$yŋnyx |
| k$^h$øŋlyŋ | k$^h$øŋnyŋ |

مىسال جۈملە:

ɛj k$^h$ɛtt$^h$i dɛp k$^h$øŋnyŋni buzma,
va: k$^h$ɛtmisɛn ɛj nalɛt maɴa.

(ئەي، كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ۋاي كەتمىسەم ئەي، نالەت ماڭا.)

بۇ مىساللاردىكى «تۈڭلۈك»، «كۆڭلۈك» سۆزلىرىدىكى [ŋ] تاۋۇشى ئۆزىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قوۋۇز تاۋۇشى [l] نى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىپ دىماغ تاۋۇشقا ئايلاندۇرۇۋالغان.

2) **تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە:** ئىلى ئېغىزىدا تولۇق ۋە قىسمەن تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيەنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇچرايدۇ.

(1) تولۇق تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| alma | amma |
| ʧ$^h$alma | ʧamma |
| bolmidi | bommidi |

بۇ مىساللاردا كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى قوش لەۋ، دىماغ تاۋۇشى [m] ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، قوۋۇز تاۋۇشى [l] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىراقلا ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان. يەنە مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| øtsɛ | øssɛ |
| k$^h$ɛtsɛ | k$^h$ɛssɛ |
| jatsa | jassa |
| uʧsa | ussa |
| jyz som | jys som |
| ʃojla | ʃolla\ʃyllɛ |
| dɛrja | dɛjja |

مىسال جۈملە:

q$^h$op$^h$up q$^h$aʃsa bomba t$^h$eɣidu, jassa p$^h$ilomot t$^h$eɣidu.

(قوپۇپ قاچسا بومبا تېگىدۇ، ياتسا پىلىموت تېگىدۇ.)

بۇ مىساللاردا كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى تىل ئۇچى ئالدى، سىرىلغۇچى تاۋۇش [s] ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، پارتلىغۇچى تاۋۇش [t]، تىل ئالدى پارتلىغۇچى-سىرىلغۇچى تاۋۇش [ʧ] تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىراقلا ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان. «يۈز سوم» سۆزىدە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە

ئوخشاش، ئەمما جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [z] نى جاراڭلىقلاشتۇرۇپ ئۆزگە ئوخشىتىۋالغان. «شويلا» سۆزىدە [j] تاۋۇشى كەينىدىكى [l] تاۋۇشى تەرىپىدىن ئوخشىتىۋېلىنغان. «دەريا» سۆزىدىكى [r] تاۋۇشى ئارقىسىدىكى [j] تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ تاۋۇشلارنىڭ جۈپلىشىش ھادىسىسىدىن ئىبارەتتۇر.

(2) قىسمەن تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| t$^{h}$ygmɛn | t$^{h}$yŋmɛn |
| t$^{h}$ygmɛ | t$^{h}$yŋmɛ |

بۇ مىساللاردا كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى بولغان قوش لەۋ، دىماغ تاۋۇشى [m] ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى تىل تۈۋى، پارتلىغۇچى تاۋۇشى [g] نى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىپ [ŋ] تاۋۇشىغا ئايلاندۇرىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| onbɛʃ | ombɛʃ |
| onbir | ombir |

بۇ مىسالدا كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى بولغان قوش لەۋ، پارتلىغۇچى تاۋۇش [b] ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، دىماغ تاۋۇشنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىپ [m] تاۋۇشىغا ئايلاندۇرىۋالىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| t$^{h}$oqq$^{h}$uz t$^{h}$ijin | t$^{h}$oqq$^{h}$us t$^{h}$ijin |
| sɛkk$^{h}$iz k$^{h}$otʃ$^{h}$a | sɛkk$^{h}$iz k$^{h}$otʃ$^{h}$a |

بۇ مىسالدا كېيىنكى سۆزنىڭ بېشىدىكى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز تاۋۇش [t] ئالدىنقى سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى تىل ئۇچى ئالدى، سىرىلىغۇچى، جاراڭلىق تاۋۇش [z] نى جاراڭسىزلاشتۇرۇپ، تىل ئۇچى ئالدى، سىرىلىغۇچى جاراڭسىز تاۋۇش [s] غا ئايلاندۇرىۋالىدۇ.

### 1.3.2.6 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

ئىلى ئېغىزىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا كۆرىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| ɛlgɛk | ɛɣlɛx |
| jalp$^{h}$aq\jap$^{h}$ilaq[32] | jap$^{h}$ilaχ |
| abral | arval |
| aqsaq | asq$^{h}$aχ |
| imt$^{h}$ihan | int$^{h}$am |

1 ـ مىسالدا، «ئەلگەك» سۆزىنىڭ 1 ـ بوغۇمىنىڭ ئاخىرىدىكى [l] تاۋۇشى بىلەن

---

32 ئەدەبىي تىلدا «يالپاق»، ياپىلاق» سۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى بار.

كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى [g] تاۋۇشىدا ئالمىشىش يۈز بەرگەن. 2-مىسالدا، «يالپاق» سۆزىنىڭ 1-بوغۇمىنىڭ ئاخىرىدىكى [l] تاۋۇشى بىلەن كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى [p] تاۋۇشى ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىش يۈز بەرگەن، «ئابرال» (ئاۋرال) سۆزىدە [b] تاۋۇشى بىلەن [v] تاۋۇشى، «ئاقساق» سۆزىدە [q] تاۋۇشى بىلەن [s] تاۋۇشى، «ئىمتىھان» سۆزىدە [m] تاۋۇشى بىلەن [n] تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان.

مىسال جۈملە:

u ɛdɛmlɛːniŋ mɛŋzilliridɛ manda: rɛsimgɛ aliduʁan iʃla: ʃalaŋ, joχ.

(ئۇ ئادەملەرنىڭ مەزگىللىرىدە بۇنداق رەسىمگە تارتىدىغان ئىشلار ئاز، يوق.)

بۇ جۈملىدە mɛzgil سۆزى mɛŋzil بولۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان، بۇ يەردە ھەم [z] تاۋۇشى بىلەن [g] تاۋۇشىنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى يۈز بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ [g] تاۋۇشى [ŋ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

## 1.4 ئىلى ئېغىزىدىكى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

ھەرقانداق بىر تىل ۋە ئۇنىڭ دىئالېكت، ئېغىزلىرىدا ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا فونېتىكا جەھەتتىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكت، ئېغىزلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا بەلگىلىك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم. تۆۋەندە ئەدەبىي تىل بىلەن ئىلى ئېغىزىنى سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ بەزى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

1. ئەدەبىي تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان بىر قىسىم كونا تىل ئامىللىرى، ئەكسىچە ئىلى ئېغىزىدا ئۆزگەرمەي ساقلانغان.

1) ئەدەبىي تىلدا «ئاستىدا، ۋاقتىدا، بايىقىدەك» دېگەندەك سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا «ئاستىنندا، ۋاقتىنندا\ۋاقتىسىندا، بايىقىنندەك» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. قارىماققا بۇ يەردە بىر «ن» تاۋۇشى كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بار شەكىل بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، ئەكسىچە ئىلى ئېغىزىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن:

① rɛχmɛt, rɛχmɛt dɛp nim q$^{h}$ɯːʁan ɣaχt$^{h}$isinda p$^{h}$alaqq$^{h}$ɯdɛ nim q$^{h}$ɯːsa t$^{h}$eχɯmu k$^{h}$ylk$^{h}$ɛ u jɛːdɛ nim q$^{h}$ɯp k$^{h}$et$^{h}$idu.

(رەھمەت، رەھمەت دەپ نىمە قىلغان ۋاقتىدا پالاققىدە قىلىپ يىقىلسا، ئۇ يەردە تېخىمۇ كۈلكە نېمە قىلىپ كېتىدۇ.)

② p$^{h}$ɛtnuslaːni q$^{h}$ojuvɛtk$^{h}$ɛn ɣaχt$^{h}$inda aːvulaː rɛχmɛt, aχ k$^{h}$øk, q$^{h}$att$^{h}$ɯχ q$^{h}$uruχ boːp q$^{h}$aldi disɛ...

(پەتنۇسلارنى قويىۋەتكەن ۋاقتىدا ئاۋۇلار رەھمەت، ئاق-كۆك، قاتتىق-قۇرۇق بولۇپ قالدى دېسە...)

2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىككى، يەتتە، ئوتتۇز، سەككىز، توققۇز» قاتارلىق سۆزلەرنى قەدىمكى شەكلىگە سېلىشتۇرغاندا، جۈپلىشىش ھادىسىسى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىلىققا بىر تاۋۇشنىڭ ئوخشاش ئىككى تاۋۇشقا كۆپەيگەنلىكى ئېنىق. ئىلى ئېغىزىدا بەزىدە بۇ خىل قوشۇلۇپ قېلىشنىڭ يۈز بەرمەي، قەدىمكى ھالىتىدە كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

εj ik$^{h}$i t$^{h}$al q$^{h}$ara setʃ$^{h}$idin,

va: øzgisi vaj dyʃmεn maɴa.

(ئىككى تال قارا چېچىدىن ئۆزگىسى دۈشمەن ماڭا.)

bʉt$^{h}$ʉn uruχ t$^{h}$uqq$^{h}$anliri ot$^{h}$uz oʁul k$^{h}$εpt$^{h}$u dεp, øjlε:ni (t$^{h}$εjjarlap), sorun t$^{h}$yzεp o:t$^{h}$urudu, ot$^{h}$uz oʁulʁa, ʒigitk$^{h}$ε q$^{h}$ojudɯʁan bost$^{h}$ini q$^{h}$o:q$^{h}$ojʁan bolidu.

(پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى 30 ئوغۇل كەپتۇ دەپ ئۆيلەرنى تەييارلاپ، سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. 30 ئوغۇلغا، يىگىتكە قويىدىغان بوستىنى قويۇپ قويغان بولىدۇ.)

دېمەك، ئالدىنقى مىسالدا «ئىككى» سۆزى «ئىكى» شەكلىدە، كېيىنكىسىدە «ئوتتۇز» سۆزى «ئوتۇز» شەكلىدە ئەسلى قۇرۇلمىسى بويىچە قوللىنىلغان.

2. ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياسىماستىن ھازىرغىچە ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلمەكتە.

10 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى تىلىمىزغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ نۇرغۇن سۆزلەر قوبۇل قىلىندى. بۇ تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر ھازىرغىچە بولغان 1000 يىللىق تارىخىي جەرياندا بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى ياسىدى، ئەلۋەتتە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى ياسىغان ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بۇنداق كىرمە سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا تاۋۇش ئۆزگىرىشى قىلماستىن ئەينەن ساقلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

① mingεn et$^{h}$im, k$^{h}$ijgεn t$^{h}$onum εj ɦεj nadan ajarεj,

χudaniŋ dεvlεt$^{h}$i εj ɦεr ʤajda seni dεjmεn .

(مىنگەن ئېتىم، كىيگەن تونۇم، ئەي، ھەي نادان، ئايارەي،

خۇدانىڭ دۆلىتى، ئەي، ھەر جايدا سېنى دەيمەن.)

② a: ʒuq$^{h}$urdik$^{h}$ini dεvlεtniŋ buʁa p$^{h}$ermisi q$^{h}$ɯlip, ma t$^{h}$øvεnk$^{h}$ini aʃlɯχ saŋ q$^{h}$ɯlivεtt$^{h}$i.

(ئاۋۇ يۇقىرىدىكىنى دۆلەتنىڭ بۇغا پېرمىسى قىلىپ، ماۋۇ تۆۋەندىكىنى ئاشلىق ئامبىرى قىلىۋەتتى.)

③ davuzuŋniŋ munar baʃɯʁa tʃ$^{h}$ɯχsa k$^{h}$ørεlmεjdu k$^{h}$iʃi,

ɦεʤεp ʃirin balɯʁu sεn ymmεt yzεlmεjdu k$^{h}$iʃi.

(دەرۋازاڭنىڭ مۇنار باشىغا چىقسا كۆرەلمەيدۇ كىشى،

ئەجەب شىرىن بالىغۇ سەن ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.)

④ bu εdεm ɦεm dut$^{h}$a:tʃ$^{h}$i, ɦεm ɦap$^{h}$iz, ɦεm ʃajir, ɦεm daptʃ$^{h}$i, muʃunda: χusjεtliri bolidɯʁandε.

(بۇ ئادەم ھەم دۇتتارچى، ھەم ھاپىز، ھەم شائىر، ھەم داپچى، مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بولىدىغان.)

⑤ ras:ma gep$^{h}$iŋ, ras:, a: sada adεmlε: atni t$^{h}$a:sildit$^{h}$ip aʃχanɯʁa ba:sa, aʃχaniniŋ ɦelɯq$^{h}$ɯ nan salidɯʁan sanduχ otʃ$^{h}$uχ, zapχoz u uχlavatq$^{h}$an.

(راستمۇ گېپىڭ، راست، ئاۋۇ ساددا ئادەملەر ئاتنى تارسىلدىتىپ ئاشخانىغا بارسا، ئاشخانىنىڭ ھېلىقى نان سالىدىغان ساندۇقى ئوچۇق، زاپخوز ئۇ ئۇخلاۋاتقان.)

يۇقىرىقى جۈملىلەردە كۆرۈلگەن ۋە باشقا بۇنىڭغا ئالاقىدار سۆزلەرنى مۇنداق رەتلەپ، سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا

ئەرەبچە سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| rɛkʰɛt | rakʰat |
| tʰɛkʰɛbbur | tʰakʰabbur |
| aχur | ɛχur |
| dølɛt | dɛvlɛt |
| sadda | sada |
| ɛjsa | isa |

پارسچە سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| ymid | ymmɛt |
| duttʰar | dutʰa: |

ئەدەبىي تىلدا، ئالدىنقى ئىككى سۆزدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى، «ئاخىر» سۆزىدە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى نۆۋەتلەشكەن؛ «دەۋلەت» سۆزىدە «ۋ» تاۋۇشى، «ئۈممەد» سۆزىدە «م» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان؛ «ئىسا» سۆزىدە بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان؛ ئاخىرقى ئىككى سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ جۈپلىشىش ھادىسىسى سەۋەبىدىن بوغۇم ئارىلىقىدا ئوخشاش بىر تاۋۇش قوشۇلۇپ قالغان.

ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى سۆز بىلەن بىرلىشىپ ياسالغان بەزى جۈپ سۆزلەردىمۇ كونا تىل ئالاھىدىلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدا «ئەس ـ خىيال» شەكلىدىكى جۈپ سۆز ئىلى ئېغىزىدا «ئېسۇ ـ خىيال» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ تەركىبىدىكى «خىيال» سۆزى ئەرەبچە بولۇپ، بۇ جۈپ سۆزنىڭ ياسىلىشى ئەرەب تىلى ۋە چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئۇلىنىش ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

دېمەك، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكت، ئېغىزلاردا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان بۇ سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىماي ئەينەن قوللىنىلىشى بىزگە ئىلى ئېغىزىنىڭ ھەقىقەتەن قەدىمىيلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر دەلىلدۇر.

# 2ـ باب: لېكسىكا

ئىلى ئېغىزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەدەبىي تىلغا ئەڭ يېقىن ئېغىزلارنىڭ بىرى. جۈملىدىن، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئەدەبىي تىلنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئەڭ يېقىن. قىممەتلىك بىر نۇقتا شۇكى، بۇ ئېغىزدا خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەدەبىي تىلدا تېخى قوللىنىلمىغان نۇرغۇن سۆز بايلىقلىرى بار. بۇ سۆز بايلىقلىرىنى يىغىش، توپلاش، ھەمدە مۇۋاپىقلىرىنى ئەدەبىي تىلغا ئېلىپ كىرىش بىلەن تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇش، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل تارىخىي جەريانلاردا ئىلى ئېغىزىنىڭ باشقا تۇغقان تىل ۋە يات تىللار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى، قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئەھۋال ئەدەبىي تىلنىڭ ئەھۋالىدىن قىسمەن پەرقلىق. بۇ تەرەپلەرنى توغرا چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ھەمدە بۇ ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ يەنىلا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

تۆۋەندە بىز ئىلى ئېغىزىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى، جۈملىدىن سۆز بايلىقى، سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، سۆزلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى سۇنىمىز.

## 2.1 ئىلى ئېغىزىنىڭ سۆز بايلىقى

ئىلى ئېغىزىنىڭ سۆز بايلىقىنى ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق سۆزلەر، ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداشلىق ھاسىل قىلىدىغان سۆزلەر، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىداش سۆزلەردىن تاللاپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر قاتارلىق بىرقانچە نۇقتا بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

### 2.1.1 ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق، پەقەت ئىلى ئېغىزىغىلا خاس سۆزلەر

دىئالېكت، ئېغىز سۆزلىرىنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بۇ دىئالېكت، ئېغىز رايونلىرىدا ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق، پەقەت مۇشۇ رايونغىلا خاس بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، ھەمدە بۇ سۆزلەرنىڭ بۇ ئېغىز رايونىدا دائىم قوللىنىلىش بىلەن ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەتتۇر، ئەلۋەتتە.

ئىلى ئېغىزىدا خەلق ئارىسىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت. بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىسى، ئىقلىمى، بۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيىتى، خاس پسىخىكىسىنى بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز تۆۋەندە تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلارغا باغلىغان ئاساستا بۇ رايوندا بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەر

ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 2.1.1.1 يېزا-ئىگىلىك ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر

ئىلى ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا 1000 نەچچە يۇز يىللىق تېرىم مەدەنىيىتى تارىخىغا ئىگە. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىسى، ھاۋا كېلىماتى، پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە ئاساسەن بۇ رايوننىڭ ئۆزىگە خاس تېرىم مەدەنىيىتىنى ياراتتى. ماس ھالدا ئىلى ئېغىزىدا تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇلار بارلىققا كەلدى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە موڭغۇل، مانجۇ، رۇس، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، شىۋە قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھىرلىقى بىلەن تونۇلدى، ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىلى ۋە يەتتە سۇدىن ئىبارەت كەڭ زېمىننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشتى. يەنە مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئىلىغا، يەنە ئىلىدىن چار روسىيە تەۋەلىكىدىكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن تېرىقچىلىققا سېلىندى. چارۋىچى مىللەت موڭغۇللارنىڭ تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلىپى، مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاشلىق ئېھتىياجى، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوز يەرلەرنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈش پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ئەمگىكى بىلەن تاماملاندى. ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «تارانچى» ئاتىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

دېمەككى، ئىلى ئېغىزىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئورتاق بولغان بارلىق تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك سۆزلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قىسىم خاس سۆزلەرمۇ بار.

تۆۋەندە بۇلاردىن بىر قىسمىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

**1) تېرىقچىلىققا ئائىت سۆزلەر:**

[suluχ] سۇلۇخ__ ئېرىق، ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىلىدىغان ئېتىز.[33]

[ølkʰɛː\ølkʰi jɛː] ئۆلكە\ئۆلكى يە:__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[tʰap beʃi] تاپ بېشى__ ئېتىز بېشى.

[tʰapʰan su] تاپان سۇ__ كۆلەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ ۋاقىت بەلگىلەپ تۇتۇلىدىغان سۇ.

[pʰajsa] پايسا__ بۇغداي، زىغىر، قىچا، كەندىر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى.

[ʤugur] جۇگۇر__ سۈپۈرگە قوناق، گاۋلىئاڭ.

[qʰari qʰɯltʰirɯχ] قارىقىلتىرىخ__ بۇغداي سورتلىرىدىن بىرى.

[tʰyrgɛ] تۈرگە__ خاماندا پايخان قىلىنغان بۇغداينى تۈرتۈپ يىغىدىغان ئەسۋاب.

[ʧʰɛʃ sypʰyrgɛ] چەش سۈپۈرگە__ خاماندا بۇغداي بىلەن سامانني ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك سۈپۈرگە.

---

[33] ماقالىنىڭ 6-بۆلۈم ئېغىز سۆزلۈكى قىسمىدا سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى ۋە مىساللىرى تەپسىلىي بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ بۆلۈمدە سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى قىسقارتىپ ئېلىندى.

[jandaχ] ياداخ__ بوٚغداي تازىلىغاندا يىغىلىپ ئېغىرلاشقان بوٚغداينى سوٚپوٚرىدىغان چوڭ چىغ سوٚپوٚرگە.

[$t^h$yrym] توٚروٚم__ توٚلوٚقنىڭ چوٚيوٚن كوٚزنىكى.

[$p^h$otluχ jaʁaʃ] پوتلوٚخ ياغاش__ ساپاندا تىركىشنى ئىلىپ قويىدىغان كىچىك ياغاچ.

[$t^h$irk$^h$ɛʃ] تىركەش__ ساپاننى بويوٚنتوٚروٚققا ئىلىپ قويىدىغان تېرە ئاغامچا.

[$q^h$ɯlint$^h$aχ] قىلىنتاخ__ ساپاننى يوٚتا-تىك قىلىدىغان تىرەك ياغاچ.

[børe buq$^h$a] بوٚرە بوٚقا__ ئوٚچ تال ياغاچنى چېتىپ توٚرمەلنى توٚرىدىغان توساق.

[$t^h$izlamʧ$^h$a] تىزلامچا__ باغ باغلىغاندا بىر پوٚتقا كىيىلىدىغان تىزلىق.

[$k^h$atla] كاتلا__ باغ باغلىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك ئاچا ياغاچ.

[olʁur\ulʁur] ئولغوٚر\ئوٚلغوٚر__ باغلاقنىڭ چىڭ بولوٚشى ئوٚچوٚن ئاغامچىنىڭ بوش يېرىدىن ئىلىپ ئايلاندوٚروٚپ قىستوٚروٚپ قويىلىدىغان ياغاچ.

[ojmaχ] ئويماخ__ ئورما ئورىغاندا ئورغاقنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئوٚچوٚن ئورغاق توٚتمىغان قولنىڭ بارماقلىرىغا سېلىنىدىغان ھالقىسىمان بوٚيوٚم.

[$k^h$øx beʃi] كوٚك بېشى__ زىرائەت ئېتىزى، ئوتلاقلارنى ئادەم، مال-ۋاراندىن قوروٚشقا، ساقلاشقا مەسئوٚل كىشى.

[oʁaχ beʃi] ئوغاخ بېشى__ لاپقوٚت ئوٚچىرتى بويىچە شوٚ كوٚنى ئەمگىكى ئىشلەنگەن ئائىلە.

[$t^h$ulup] توٚلوٚپ__ 500 موغا باراۋەر كونچە يەر ئوٚلچەم بىرلىكى.

[ʁanʤuʁa erɯχ] غانجوٚغا ئېرىخ__ يان ئېرىق.

[jadaŋ øst$^h$ɛŋ] ياداڭ ئوٚستەڭ__ يارلىقتىن ئوٚتىدىغان ئوٚستەڭ.

[mɛːli syji] مە:لى__ بوٚلاقلار سوٚيىنىڭ مەھەللە ئىچىدىكى قوشوٚلمىسى.

[ʧ$^h$øp uʧ$^h$i] چوٚپ ئوٚچى__ دېھقانچىلىق باج توٚرلىرىدىن بىرى.

[biditʃ$^h$ɛ] بىدىچە__ زىرائەتلەرنى ئورغاق ياكى چالغا بىلەن ئوروٚشنىڭ بىر خىل ئوٚسوٚلى.

[zɯʁɯrtʃ$^h$ɛ] زىغىرچە__ زىرائەتلەرنى ئورغاق بىلەن ئوروٚشنىڭ بىر خىل ئوٚسوٚلى.

[sɛptʃ$^h$i\sɛjtʃ$^h$i] سەپچى__ ئېتىز قىرىنى توٚزلىگوٚچى.

[noq$^h$antʃ$^h$i] نوقانچى__ خاماندىن ئاشلىق تىلەيدىغان تىلەمچى.

[q$^h$oʃq$^h$aːvaʁ] قوشقا:ۋاغ__ شاكىلىدىن ئاجرىتىلمىغان دان.

[q$^h$oʁan] قوغان__ شال، زىغىر، قىچا، ماش قاتارلىقلارنىڭ سىرتقى پوستى، قىرىندىسى، خاماندا سوروٚلغاندىن كېيىنكى توزوٚندىسى.

[q$^h$oʁan saman] قوغان سامان__ ئوٚششاق سامان، توپان.

[simɯχmaχ\ʃimɯχmaχ] سىمىخماخ\شىمىخماخ__ زىرائەت دېنىنىڭ قوروٚلوٚپ كىچىكلەپ كېتىشى.

[jeʃɯχmaχ] يېشىخماخ__ تېرىلغوٚ يەرنىڭ سوٚ مىقدارى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن كوٚكىرىپ كوٚچىدىن قېلىشى.

[ʤirimaχ] جىرىماخ__ سوٚنى بىر قانچە بوٚلەككە بوٚلوٚپ ئېتىزغا تەكشى ئاقىدىغان قىلىش.

[ala t$^h$aːtmaχ] ئالا تا:تماخ__ ئېتىزنىڭ سوٚ چىقمىغان يېرىگە سوٚ چىقىرىش ئوٚچوٚن ئېرىقچە ئالماق.

[su jaq$^h$ɯlimaχ] سوٚ ياقىلىماخ__ ئېتىز سوٚغوٚروٚش، سوٚ توٚتوٚش.

[gɛʒgilimɛx] گەژگىلىمەك__ قايتىلىماق، يەنى ئاختامىغا بىرىنچى قېتىم قويۇلغان سۇدىن ئانچە ئۆتمەي يەنە سۇ قويماق.

[tʰuʁ ɛtmɛx] تۇغ ئەتمەك__ سايلارنى توسۇپ سۈيىنى باشقا تەرەپكە ئېقىتماق.

[ylygydimɛx] ئۈلۈگۈدىمەك__ نەرسىنىڭ يىرىكىنى ئايرىۋەتمەك، يىرىكدىمەك.

[lɛplɛɣlimɛx] لەپلەگدىمەك__ داننى ساماندىن ئايرىماق.

[boz jatqʰuzmaχ] بوز ياتقۇزماخ__ يەرنى تېرىماي بوش قالدۇرۇش.

[kʰøx qʰorumaχ] كۆك قورۇماخ__ زىرائەت ئېتىزى، ئوتلاقلارنى ئادەم، مال-ۋاراندىن قورۇماق، ساقلىماق.

[olʁur samaχ] ئولغۇر سا:ماخ__ ئولغۇر ئارقىلىق تەتۈر باغلاش.

2) باغۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر

باغۋەنچىلىك ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىلى ئېغىزىدا باغۋەنچىلىككە ئائىت ئاز بولمىغان خاس سۆزلەر ساقلانغان. ئالما بىلەن ئۆرۈك ئىلىدا ئەڭ كۆپ ئۆستۈرىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، خاس ناملار ئالدى بىلەن بۇ مېۋىلەرنىڭ ناملىرىدا كۆرىلىدۇ.

(1) ئالما: ئالمىلار ئادەتتە پىشىدىغان پەسلىگە قاراپ *يازلىق ئالما، كۆزلۈك ئالما، قىشلىق ئالما* دەپ ئايرىلىدۇ. كونكرېت ناملىرى:

[sarim amma] سارىم ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[istilvaj\stolvaj] ئىستولوي\ستولۋاي__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[tʰaːʁɯl amma] تا:غىل ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، رەڭگى قىزىل ئارىلاش تارغىل كېلىدۇ.

[qʰɯzil amma] قىزىل ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ.

[ʃekʰɛː amma] شېكە: ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[kʰɛmpʰyt amma] كەمپۈت ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[mɛmpʰɛzɛ amma] مەمپەزە ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، ھەم يوغان، ھەم تاتلىق، سۇلۇق بولىدۇ.

[kʰartʰuʃkʰa amma] كارتۇشكا ئاما__ يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[ɛrʧʰuza] ئەرچۇزا__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[apʰorut] ئاپورۇت__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[ʧʰaj amma] چاي ئاما__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[istʰakʰan amma] ئىستاكان ئاما__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، شەكلىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[sytlyx amma] سۈتلۈك ئاما__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[bɛʃvar amma] بەشۋار ئاما__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[tʰaʃ amma] تاش ئاما__ كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، مېۋىسى ئۇرۇكتەك ئۇششاق بولىدۇ. رەڭ ۋە باشقا ئالاھىدىلىكى بويىچە *سېرىق تاش ئالما، قىزىل تاش ئالما، قوڭۇر تاش ئالما* دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

[limun amma] لىمۇن ئامما__ تەمىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان، ئۇنىڭ *يازلىق لىمۇن، كۈزلۈك لىمۇن* دېگەن تۈرلىرى بار.

[zimupkʰa] زىمۇپكا__ قىشلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

(2) ئۆرۈك: ئۆرۈكلەر مېغىزىنىڭ تەمىگە قاراپ *تاتلىق مېغىز ئۆرۈك، ئاچچىق مېغىز ئۆرۈك* دەپ ئايرىلىدۇ. كونكرېت ناملىرى:

[aq yryx] ئاق ئۆرۈك__ رەڭگىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[gyl yryx] گۈل ئۆرۈك__ پۇرىقىغا قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

[majlɯχ yryx] مايلىخ ئۆرۈك__ سىرتى ماي سۈرتكەندەك پارقىراق.

[qʰɯzil qʰatʃʰa] قىزىل قاچا__ رەڭگى قىزىل كېلىدۇ.

[kʰøx pʰiʃma] كۆك پىشما__ بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈك سورتى، رەڭگى تولۇق سارغىيىپ كەتمەيدۇ، كۆكۈش كېلىدۇ.

[bɛʃindʒaj yryx] بەشىنجاي ئۆرۈك__ ئەڭ ئاۋۋال پىشىدىغان بىر ئۆرۈك سورتى.

[atʃtʃʰɯχ yryx] ئاچچىق ئۆرۈك__ ئاچچىق مېغىزلىق ئۆرۈك؛ غورا.

[bidʒinar] بىجىنار__ ياغلىق ئۆرۈك، رەڭگى بېغىررەڭ كېلىدۇ.

**(3) باشقا مېۋىلەرگە ئائىت سۆزلەر**

[atbaʁrɯ] ئات باغرى__ ئۈزۈم سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، قورساق تەرىپى قىزغۇچ، يۇقىرىسى كۆكۈش بولىدۇ.

[qʰɯrmisqʰa] قىرمىسقا__ ئۈزۈم سورتلىرىدىن بىرى.

[majlɯχ ʃaptʰul] مايلىخ شاپتۇل__ شاپتۇل سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، يەنى توغاچ شاپتۇل.

[gulava qʰoʁun] گۇلاۋا قوغۇن__ قوغۇن سورتلىرىدىن بىرى.

**(4) باغۋەنچىلىككە ئائىت باشقا سۆزلەر:**

[ja:ma ulaχ] يا:ما ئۇلاخ__ باغۋەنچىلىكتە ئۇلاقنىڭ بىر تۈرى.

[pʰipʰi ulaχ] پىپى ئۇلاخ__ باغۋەنچىلىكتە ئۇلاقنىڭ بىر تۈرى، بەزىدە *قوۋزاق ئۇلاق* دېيىلىدۇ.

[pʰɛnɛr] پەنەر__ باغۋەنلەرنىڭ ئوغرىغا زەربە بېرىدىغان بىر خىل قورالى.

[kʰyrkʰɛ] كۈركە__ تاۋۇز-قوغۇنلۇقتا ئېگىز جاهاز چىقىرىپ ئۈچىغا ياسالغان كىچىك ئۆي، كەپە.

## 2.1.1.2 چارۋىچىلىق ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر

ئىلى ياپ-يېشىل تاغلىرى، بىپايان يايلاقلىرى، ئۆركەشلەپ تۇرغان سۇلىرى بىلەن چارۋىچىلىققا ئالاھىدە ماس كېلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ رايوندا ھونلار، ئويسۇنلاردىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ ياغما، توخسى ۋە چىگىل قەبىلىلىرى، 13-ئەسىردىن كېيىن موڭغۇللار، شۇنىڭدەك قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بۇ رايوندا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى بىراقلا تاشلىۋەتكىنى يوق. ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەنە ماھىر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن چارۋىچى باشقا مىللەتلەرنى ئات جابدۇقلىرى، چارۋىچىلارغا مۇناسىپ كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش لازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرى

سورۇپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ئىلى ئېغىزىدا مال-چارۋا ناملىرى، ئات جابدۇقلىرى دېگەندەك چارۋىچىلىققا ئائىت ئاتالغۇلار مول. بولۇپمۇ ئاتنىڭ يېشى رەڭگى، خۇيى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئايرىلغان ناملار چارۋىچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

**1) ئاتقا ئائىت سۆزلەر:**

ئۇيغۇرلار گەرچە خېلى بۇرۇنلا چارۋىچىلىقتىن يېزا ئىگىلىكىگە كۆچۈپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىقتىن بىراقلا ئايرىلىپ كەتمىدى، جۈملىدىن ئۇرۇش، ئوۋچىلىق ۋە قاتناشنىڭ مۇھىم قورالى قىلىنغان ئاتتىن ھېچقاچان ئايرىلغىنى يوق. ئىلى ئېغىزىدا ئاتقا ئائىت سۆزلەر مول بولۇپ، ئات رەڭلىرى، ئاتنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرى، ئات بېقىش، ئات تەربىيىلەش ۋە ئاتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا نۇرغۇن سۆزلەر بار. بۇ ئۇيغۇر ئات مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

**(1) ئات رەڭلىرىگە ئائىت سۆزلەر:**

ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدىغان «ئاق، قارا، بوز، قىزىل، كۆك، چىپار، ئالا، كۇلرەڭ، كۇرەڭ، قالتار، قۇلا» قاتارلىقلاردىن باشقا ئاتقا ئالاقىدار يەنە بىر قاتار رەڭ ناملىرى بار. مەسىلەن:

[t$^{h}$oruχ] توروخ__ قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ ئات.

[børt$^{h}$ɛ] بۆرتە__ ئېشەك رەڭگىدىكى ئات.

[ʤerɛn\ʤirɛn] جېرەن\جىرەن__ قوڭۇر قىزىل رەڭلىك ئات.

[ʧ$^{h}$abdar] چابدار__ يايلى، قۇيرۇقى ئاق ياكى قارا، ئۆزى قىزىل ئات؛ قىزغۇچ سېرىق.

[ʧ$^{h}$avk$^{h}$a] چاۋكا__ ساغرىسى چىپار ئات.

[t$^{h}$arlam] تارلام__ ئۇ يەر بۇ يېرىدە چېكىتى بار.

[ala:jaχ] ئالا:ياخ__ تۆت پۇتى ئاق، بەدىنىنىڭ قالغان قىسمى باشقا رەڭدىكى ئات.

**(2) ئاتنىڭ مېڭىش ھەرىكەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:**

ئەدەبىي تىلدا بار بولغان ئاتنىڭ مېڭىش ھەرىكەتلىرىگە ئائىت «چاپماق، يورغىلىماق، قاترىماق» دېگەن سۆزلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[børɛ meŋiʃi] بۆرە مېڭىشى__ سىلىق، تېز-تېز مېڭىش.

[t$^{h}$irp$^{h}$att$^{h}$a] تىرپاتتا__ يورغىدىن قوپالراق، قاتراشتىن سىلىقراق مېڭىش.

[øk$^{h}$irɛŋ\øŋirɛk] ئۆكرەڭ__ چوڭ-چوڭ سەكرەپ مېڭىش.

[øridimɛx] ئۆرىدىمەك__ ئات، ئىت قاتارلىقلارنىڭ ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئۆرە بولۇشى.

[boldurup q$^{h}$a:maχ] بولدۇرۇپ قا:ماخ__ ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ چارچاپ ھالىدىن كېتىپ يېتىپ قېلىشى.

[aznimaχ] ئازنىماخ ــ ئاتنىڭ كىشنىشى، ئەركەك ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى.

**(2) ئات بېقىش ۋە تەربىيىلەشكە ئائىت سۆزلەر:**

ئەدەبىي تىلدا بار بولغان ئات بېقىش ۋە تەربىيىلەشكە ئائىت ئادەتتىكى سۆزلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[t$^{h}$aŋʃurmaχ] تاڭشۇرماخ__ بەيگە، سەپەر ئالدىدا ئاتقا ھېچنېمە بەرمەي تەييار ھالەتتە تىك باغلاپ قويۇش.

[baplimaχ] باپلىماخ__ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلىتىش يۈزىسىدىن ئاتنى مەشق قىلدۇرۇش.

[at jaratmaχ] ئات ياراتماخ__ ئاتنى ياخشى بېقىپ بەيگىگە سېلىشقا تەييارلىماق.

[ʧ$^{h}$aldu:maχ] چالدۇرماخ__ چارچىغان ئاتنى بىرئاز دەم ئالدۇرماق، دەم ئالدۇرغاچ ئوت-چۆپ يىگۈزمەك.

[saldurmaχ] سالدۇرماخ__ ئاتنى تېز-تېز يورغىلاتماق، بۆرە مېڭىشىغا سالماق.

(3) ئاتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا سۆزلەر:

ئاتنىڭ تۈرى، ئات بەيگىسى، ئات جابدۇقلىرى ۋە ئاتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[dɛmlix at] دەملىك ئات__ ئوغلاق تارتىشتا ئاۋۋال دەم ئالدۇرۇلۇپ، سەل كېيىن توپقا قوشۇلىدىغان ئات.

[jarit$^{h}$ilʁan at] يارتىلغان ئات__ ياخشى بېقىلىپ بەيگە ياكى يۈرۈشكە تەييارلانغان يارامىلىق ئات.

[gɛz at] گەز ئات__ بوي ئېگىزلىكى گەز بىلەن ئۆلچەنگەن ياراق ئات.

[jajma] يايما__ ئوغلاق تارتىشىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

[t$^{h}$eq$^{h}$umʧ$^{h}$i] تېقىمچى__ ئوغلاق تارتىشتا ئوغلاقنى تېقىمىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ قاچقۇچى چەۋەنداز.

[t$^{h}$ovur] تۇۋۇر__ ئات، ئېشەكنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈپ يەم بېرىلىدىغان خالتا.

[dorba] دوربا__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، بەزى رايونلاردا قوللىنىلىدۇ.

[oq$^{h}$uruχ] ئوقۇرۇخ__ ئات تۇتىدىغان سالما.

[ʁunʤibaʁ] غىنجىباغ__ چانىنىڭ ئىككى ئوق ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئارغامچا.

[qarta] قارتا__ ئاتنىڭ توغرا ئۈچەيى، كۆتەنباش.

[ʤɛldix] جەلدىك__ ئىگەرنىڭ ئىچكى توقۇمى.

[izɛŋgylyx] ئىزەڭگۈلۈك__ پۇتنىڭ ئۇشۇق قىسمى، يەنى ئات مىنگەندە پۇتنىڭ ئىزەڭگۈگە توغرا كېلىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

[iʃmɛx] ئىشمەك__ توقۇم ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز كىگىز، تەرلىك.

[t$^{h}$ulup] تۇلۇپ__ موزاي ياكى قوينىڭ پۈتۈن تېرىسىدىن ياسالغان قىمىز قاچىلايدىغان قاچا.

[ʧ$^{h}$anaʃ] چاناش__ قىمىز ئېچىتىدىغان قاچا.

[iŋirʧ$^{h}$aχ] ئىڭىرچاخ__ ئۆكۈزگە يۈك ئارتقاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىگەردىن چوڭراق جابدۇق.

[øŋk$^{h}$yrmɛx\øŋt$^{h}$yrmɛx] ئۆڭكۈرمەك__ ئات مىنگەندە قوي قاتارلىقلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئارتىۋالماق.

[q$^{h}$amʧ$^{h}$i basmaχ] قامچى باسماخ__ قامچىلىماق، قامچا سالماق، قامچا بىلەن ئۇرماق.

2) مال-چارۋىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:

چارۋىچىلىقتا ئائىت سۆزلەر يالغۇز ئاتقىلا ئالاقىدار بولۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا

ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھەرىكەت ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

[tʰeʃɯːqʰumaχ] تېشى:قىماق __ ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىنى تاش يالاپ كەتمەك.

[myʒgɛxlimɛx] مۈجگەكلىمەك__ ھايۋانلارنىڭ پۇتىنى تاش يالاپ ماڭالماي ئاقساپ قالماق.

[ørɛ boːp qʰaːmaχ] ئۆرە بوپ قا:ماخ__ چارۋىلارنىڭ بېشى تۆۋەن، تۆت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قالماق.

[yrɛ bommaχ] ئۈرە بوماخ__ باشقا-باشقا توپتىن بىر قوتانغا يىغىلىپ قالغان ماللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ قېلىشى.

[eʤilʁa ʧʰyʃmɛx] ئېجىلغا چۈشمەك__ سىيىرنىڭ كۈيلىشى.

[økʰimɛx] ئۆكىمەك__ يول ماڭغاندا ئۆزىنى ئۇياق بۇ ياققا ئۇرماق، سىلكىنىپ ماڭماق.

3) چارۋىچىلىق لازىمەتلىرى ناملىرى:

چارۋىچىلىق لازىمەتلىرىگە ئائىت بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

[amʁaj] ئامغاي__ قورسىقى كۆپۈپ قالغان كالىلارنىڭ داۋالىق كۆيشەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىنىپ ئىككى چېتىدىن باغلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

[kʰømbɛ] كۆمبە__ ياپىلاق قازان، تابا. كۆپىنچە چارۋا رايونلىرىدا *كۆمبەنان* پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

4) يايلاق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئائىت سۆزلەر:

تەبىئىي يايلاق مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا ئائىت بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[qʰari gøʃ] قارا گۆش__ ئورۇق گۆش، مايسىز گۆش.

[botʃʰigøʃ] بوچىگۆش__ نېپىز تىلىپ، تۇزلاپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇلغان گۆش.

[ʧʰuʤuχ] چۇجۇخ__ چوڭ مالنىڭ ئۈچەيىگە قارا گۆشنى تىقىپ، ئىسلاپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان يېمەكلىك.

[ʤent] جېنت__ تېرىق، شېكەر، ماي، ئىرىمچىك قاتارلىقلاردىن ياسالغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

[ʧʰubat] چۇبات__ تۆگە قىمىزى.

[mɛskʰɛ\mɛʃkʰɛ] مەسكە\مەشكە__ كۆيدۈرۈلمىگەن سېرىقماي.

[kʰømbinan] كۆمبە نان__ كۆمبىدە پىشۇرۇلغان نان، قازان نان.

[gøʃynɛ] گۆشۈنە__ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك،

[ravʁaʃ] راۋاش__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[tʰaŋqʰoraj] تاڭقوراي__ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا مېۋە.

[bøldyrgɛn] بۆلدۈرگەن__ تاغ بۆلجۈرگىنى. ئۇنىڭ *كالا بۆلدۈرگىنى* ۋە *قوي بۆلدۈرگىنى* دېگەن تۈرلىرى بار.

[tʰaʁ pʰijaz] تاغ پىياز__ تاغدا ئۆسىدىغان پىيازغا ئوخشايدىغان بىر خىل ياۋا كۆكتات.

[ʤamaʁul] جاماغۇل__ تاغ پىيىزى. [كان]

[i̥t yzym] ئىشت ئۈزۈم__ بىر خىل ياۋا مېۋە.

[ovlaχ\avlaχ] ئوۋلاخ ياكى ئاۋلاخ__ ئوۋ قىلىدىغان جاي، ئوۋ ھايۋانلىرى

ياشايدىغان جاي: نېرى، يىراق جاي.

[aχ jɛm] ئاخيەم__ قارچۇغىنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۈچۈن قەنتكە مىلەپ بېرىلىدىغان يەم.

**5) چارۋىچىلىققا ئائىت باشقا سۆزلەر:**

چارۋا ماللارنىڭ ياش، جىنس ئايرىمىسى، ئۇلاردا كۆرىلىدىغان كېسەللىكلەرگە ئائىت سۆزلەر، كىشىلەرنىڭ چارۋىچىلىق پائالىيەتلىرىگە ئائىت يەنە نۇرغۇن سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[q$^h$oqlaχ] قوقلاخ__ ئانىسىغا ئەگىشەلمەيدىغان كىچىك قوزا.

[q$^h$ɯsirɛmdi] قىسىرەمدى__ قىسىر كالىنىڭ موزىيى، قىسىر كالىنى ئەمگەن موزاي.

[lɛŋgut] لەڭگۇت__ ئانىسىنى ئېمىدىغان قىسىرئەمدىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىلىدىغان چۇلۇك.

[t$^h$usaχ] تۇساخ__ ئىككى ياشلىق چىشى قوي.

[iʃɛx][1] ئىشەك__ ئىككى ياشلىق ئەركەك قوي.

[iʃɛx][2] ئىشەك__ مالنىڭ قېرىنى.

[ʧ$^h$aʃq$^h$ɯrɯχ] چاشقىرىخ__ كالىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى قاتتىق سىڭىر.

[q$^h$ɯzil maj] قىزىلماي__ مال-چارۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

[aŋ] ئاڭ__ ئوۋ ئوۋلاش: ئوۋ ئوبيېكتى بولغان هايۋان.

[ʤilɛ\ʤɛl] جىلە\جەل__ تەييار باغلاق، بۇنىڭدا قوزىلار بىر يىپقا قاتار باغلىنىدۇ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تارتسىڭىز ھەممىسى بىراقلا يېشىلىدۇ.

[k$^h$ilmɛx\k$^h$yrmɛx] كىلمەك\كۈرمەك__ ئارقان باغلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

[savaq] ساۋاق__ يۇڭ ساۋايدىغان بىر جۈپ تاياق.

[sojla] سويلا__ مال-چارۋىلارنى ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان چىۋىقتىن سەل توم ئۇزۇن تاياق، ھۆل تاياق.

[q$^h$ɯrʧ$^h$i] قىرچى__ تاغ-دالا، يايلاقلارغا چىقىپ سودا، ئىش-ئوقەت قىلغۇچى.

[q$^h$ɯrʧ$^h$ilɯχ] قىرچىلىخ__ تاغ-دالا، يايلاقلارغا بېرىپ-كېلىپ قىلىنىدىغان ئۇششاق تىجارەت.

[q$^h$ɯrmiʧ$^h$ɯχ] قىرمىچىخ__ سۈت پىشۇرغاندا قازان تېگىگە چاپلاشقان بىر قەۋەت سۈت قىرىندىسى.

[k$^h$øʃjol] كۆشيول__ چارۋا ماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ياكى قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈرگەندە باسىدىغان يول.

[k$^h$øʃ maŋmaχ] كۆش ماڭماخ__ تاغدىكى قارنىڭ ئېرىپ كۆچۈشى، قار كۆچۈشى.

[oq$^h$urɛx t$^h$ɛɣmɛx] ئوقۇرەك تەگمەك__ ياش ماللارنىڭ تېرە ئارىلىقىغا پارازىت قۇرۇتلار ئۇرۇق سالىدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ لىچىنكىلىرى چوڭىيىپ تېرىنى تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا تايىنچا ئاغرىققا چىدىماستىن توختىماي چىچاڭشىپ يۈگۈرەيدۇ. بۇ «ئوقۇرەك تەگدى» دېيىلىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا «سايغاتماق» دېيىلىدۇ.

[sajʁat] سايغات__ سايغاق، كالىنىڭ ئوقۇرەك سۆڭىكى بىلەن تېرە ئارىلىقىدا ياشايدىغان بىر خىل پارازىت قۇرۇت.

[sajʁatmaχ] سايغاتماخ__ سايغاقنىڭ تېرىنى تېشىپ چىقىش ئاغرىقىغا چىدىماي كالىنىڭ قېچىپ يۈگۈرۈشى.

[tʃ$^{h}$aldu:maχ] چالدۇرماق__ ئۆي هايۋانلىرىنىڭ ئەركەك- چىشىسىنى ئۆزئارا چېتىشتۇرماق.

[tʃ$^{h}$apq$^{h}$ɯlimaχ] چاپقىلىماخ__ چېپىلىپ قويماق، يەنى مۆشۈكنىڭ قاچىدىكى سۈتنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋېلىشى، بالىلارنىڭ قاچىدىكى سۈتنىڭ قايماقلىرىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىشى.

## 2.1.1.3 قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىگە ئائىت سۆزلەر

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىگە ماھىر، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس رەڭدار تۇرمۇش شەكىللىرىنى ياراتقان مەدەنىيەتلىك خەلق. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىلى ئېغىزىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكىللىرىگە ئائىت نۇرغۇن سۆزلەر بار.

1) قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر:

قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت ئەدەبىي تىلدا ئۇچرىمايدىغان خاس ئاتالغۇلار ئىچىدە ھارۋىكەشلىك، تۆگمەنچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، كېسىكچىلىك، ساپالچىلىق، كىگىزچىلىك، مەشچىلىك، تامچىلىق قاتارلىقلار كەسپلەرگە ئائىت ئاتالغۇلار بىر قەدەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

[bujla] بۇيلا__ ھارۋا چاقىنىڭ ئوقتىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوقنىڭ باش تەرىپىدىن تۆشۈك تېشىپ قوزۇق شەكلىدە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ.

[t$^{h}$ɛrt$^{h}$ɛ] تەرتە__ ھارۋىنىڭ ئوقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.

[jarjar ɦarva] ياريار ھارۋا__ كۆتەك ھارۋىنىڭ بىر تۈرى. ياغاچ چاقىنىڭ سىرتىغا تۆمۈر قاپلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈزۈمنىڭ ياغىچى دۈگىلەك قىلىپ قاپلىنىدۇ، ئوق چاق بىلەن تەڭ ئايلىنىدۇ.

[mipt$^{h}$ɛn] مىپتەن__ ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىغان توساق، لەنگەر.

[ʃada] شادا__ ھارۋىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىن بىرى.

[tʃ$^{h}$enɛ\ tʃ$^{h}$inɛ] چېنە\چىنە__ چاقسىز سۆرەتمە ھارۋا.

[ʤavaŋ\ʤɛvɛn] جاۋەن\جەۋەن__ ھارۋىنى ئات-ئېشەككە قېتىش ئۈچۈن بوغىنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان تاسمىلىق ياغاچ ئۇلىغۇچ.

[vɛlɛx] ۋەلەك__ يانداق ئاتنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئارقانني ھارۋىنىڭ ئوقى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئىككى بېشى بەلدەكلىك ياغاچ، ئاتنىڭ توشۇكىنى بېكىتىدىغان توغرا ياغاچ، بالچاق ياغاچ.

[ɦaŋʁuχ] ھاڭغۇخ__ بويۇنتۇرۇق، ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان قوۋۇق.

[k$^{h}$eriʃ] كېرىش__ ياغاچچى ھەرىسىنىڭ ئىككى بېشىدىن تارتىپ تۇرىدىغان سىم.

[gɛrbin] گەربىن__ ياغاچتىن پەن تىلغاندا چىقىدىغان قوۋزاقلىق ئەڭ سىرتقى قەۋەت.

[p$^{h}$ozɛx] پوزەك__ خەشەك، يەنى ياغاچقا رەندە سالغاندا چىقىدىغان قەغەزسىمان قىرىندا.

[k$^{h}$ep$^{h}$iʃ mɛsɛ] كېپىش مەسە__ پىششىقلانمىغان تېرىدە تىكىلگەن مەسە.

[k$^{h}$esixtʃ$^{h}$ilix] كېسىكچىلىك__ ئەينەك كېسىپ، دېرىزىگە ئەينەك قويۇش

كەسپى.

[sinʤi] سىنجى__ تۈگمەندە نودىن سۇ چۈشۈپ چاقپەلەكنى پىرقىرىتىدىغان جاي.

[sygɛn] سۈگەن__ تۈگمەندە بۇغداي قۇيىدىغان جاي.

[χanpʰa] خانپا__ تۈگمەنىنىڭ ئۇن چۈشىدىغان ساندۇقى.

[oʁuː] ئوغۇ:__ تېرىق ياكى شال ئاقلايدىغان ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چوڭ هاگانچا، كىلە.

[domba\dombu] دومبا\دومبۇ__ ياغاچتىن ياسالغان چاي قاچىسى؛ قورسىقى كىچىك چۆگۈن؛ سۇ تۇڭى.

[tʰɛŋlitʃʰyx] تەڭلىچۈك__ كىچىك تەڭنە.

[kʰyp] كۈپ__ سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش.

[kʰomzɛx] كومزەك__ چېلەك چوڭلۇقىدىكى ساپال قاچا.

[tʰɛʃtʰɛx] تەشتەك__ ساپال جاۋۇر.

[ɦeʤir] هېجىر__ ساپال چىنە.

[kʰøltʃʰɛx] كۆلچەك__ قۇلاقتىن ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ئارقىلىق كۆتىرىلىدىغان قاپقاقلىق كىچىك ساپال قاچا.

[qʰulaʁluɯχ] قۇلاغلىخ__ لاي-قۇمدا پىشۇرۇلغان ئىككى قۇلاقلىق قاچا.

[dɛχtʃʰɛ\dɛχtʃʰɛx] دەخچە\دەخچەك__ ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

[kʰoza tʰɛχsɛ] كوزا تەخسە__ هېجىر تەخسە.

[qʰari ɦiʤir] قارىھېجىر__ كونىچە هېجىر چىنە.

[sapʰal tʃʰiraχ] ساپال چىراخ__ ساپالدىن ياسالغان كونىچە چىراغ.

[tʃʰøjyn tʃʰiraχ] چۆيۈن چىراخ__ چۆيۈندىن ياسالغان ماي چىراغ.

[qʰari tʃʰiraχ] قارىچىراخ__ كونىچە ماي چىراغ.

[ʃɛjtʰan tʃʰiraχ] شەيتان چىراخ__ كونىچە ماي چىراغ.

[pʰinni mɛʃ] پىننى مەش__ چوڭ تىپتىكى نان پىشۇرۇش ئوچىقى.

[tʰaŋlimut] تاڭلىمۇت__ گىلەم نۇسخىسىدا بېسىلغان كىگىز.

[tʰekʰimɛt] تېكىمەت__ گۈل بېسىلغان كىگىز.

[tʰamtʰaʃ] تامتاش__ تام سوققاندا تۈپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بېشى تاش ياكى چۆيۈندىن ياسالغان ئۇزۇن ساپلىق، تۇتقۇچلۇق ئەسۋاب.

[soχmitʰaʃ] سوخمىتاش__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، بەزى جايلاردا قوللىنىلىدۇ.

[tʃʰaχtʃʰa] چاقچا__ تام سوققاندا ئىشلىتىلىدىغان تامنىڭ ئالدى تەرەپ توساق تاختىسى.

[qʰeliptʰam] قېلىپتام__ قېلىپتا ئاز-ئازدىن قۇيۇپ چىقىلغان تام.

**2) ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئائىت سۆزلەر:**

بىر قىسىم سۆزلەردىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياشاش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئائىت تۇرمۇش شەكىللىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

[ʁoru] غورۇ__ قاشالىق دەرۋازا: قاشالىق دەرۋازىنىڭ توغرا ياغىچى.

[tʃʰaχsa] چاقسا__ ئاددىي ياغاچ ئىشىك.

[mantʰa\otʃʰaχ mantʰa] مانتا__ ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئوتۇن دۆۋىلىنىدىغان چوڭقۇر ئويۇق.

[mantʰa otʃʰaχ] مانتا ئوچاق__ ئالدىغا مانتا ئويۇلغان، پەگاھدىن سۈپىغا

ئۇلانغان، كاك چىقىرىلغان ئوچاق.

ئاسما ئوچاق__ [asmi otʃʰɑχ] تامدىن ئويۇپ ياسالغان، مورىسى ئۇدۇل چىقىدىغان، يان تەرەپتىن كاكشاك چىقىرىلغان ئوچاق، بەزى جايلاردا *mora otʃʰaχ* دېيىلىدۇ.

ئارىچىدا ئىشلەتمەك__ [aritʃʰida iʃletmex] قاچا-قۇچا قاتارلىق ئۆي جابدۇقلىرىنى مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىش.

### 2.1.1.4 ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغا ئائىت سۆزلەر

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە يەرلىك مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئىلى ئېغىزىدا ئۇلارنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرىگە ئائىت، شۇنىڭدەك ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ئىلى مەشرىپى، ئىلى چاقچاقلىرى، ھەمدە پىر ئوينىتىش، ئۆلەن ئېيتىش، بېيىت ئېيتىشىش، چۈن-چۈن سالاۋات قاتارلىق سەنئەت ئادەتلىرىگە ئائىت بىر قاتار ئۆزگىچە سۆزلەر بار.

1) توي-تۆكۈن ئادەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:

ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا توي-تۆكۈنلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ، شۇنىڭدەك تۆي-تۆكۈنلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەت-مۇراسىملارنىڭمۇ شەكىللىرى ھەر خىل. شۇ سەۋەبتىن ئىلى ئېغىزىدا توي-تۆكۈن ئادەتلىرىگە ئائىت بولغان ئەدەبىي تىلدا ئۇچرىمايدىغان يەنە نۇرغۇن سۆزلەر بار. بۇلارنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي-تۆكۈن مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش مۇمكىن. مەسىلەن:

رەھمەت-تازىم__ [reχmet tʰazim] قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇللۇق بەرگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ بىر نەچچە چوڭ ياشلىق ئايالنى سوغا-سالاملار بىلەن قىز تەرەپكە ئەۋەتىپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدىغان پائالىيەت، بەزى جايلاردا «*رازىلىق چاي*» دېيىلىدۇ.

مالچاي__ [maltʃʰaj] تويدىن ئاۋۋال ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە توي لازىمەتلىرىنى تاپشۇرىدىغان پائالىيەت، بەزى جايلاردا «*مەسلىھەت چاي*» دېيىلىدۇ.

ئاخلىخ چاي__ [aχlɯχ tʃʰaj] تويدىن ئاۋۋال ئاياللار ئارىسىدا توي ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەت.

ئانىلار چېيى__ [anila: tʃʰeji] ئېغىر ئاياق ئايال بوشىنىش، بېقىنىش ئۈچۈن ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىلىش ئالدىدا قېينى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئاياللار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي.

مەلىسى__ [meːlisi] نىكاھ تويىنىڭ ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى ئۆتكۈزۈلىدىغان قىز-ئوغۇل ئولتۇرۇشى؛ قىزلار ئولتۇرۇشى.

ھۇجۇر كېپى\ھۇجۇر كەپە__ [ɦudʒur kʰepʰi\ɦudʒur kʰepʰe] تويىنىڭ ئەتىسى قىز-يىگىتنىڭ ھوجرىسىدا بولىدىغان دوستلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئولتۇرۇشى.

ئۈز ئاچقۇ__ [yz aʃqʰu] تويىنىڭ ئەتىسى كېلىننى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئالدىغا سالامغا ئېلىپ چىقىپ، چاچقۇ چېچىش، تەلىم بېرىش دېگەندەك قائىدىلەر بويىچە قىزنىڭ يۈزىدىكى جۈمپەردىسىنى ئاچىدىغان مۇراسىم.

ئۆيچاي__ [øjtʃʰaj] يېڭى ئۆي سېلىپ ياغاچ چىقىرىپ توپا تاشلىغان كۈنى قوشنا-قولۇملار ھەممىسى كېلىپ ياردەملىشىپ ئىشلەپ، ئاخىرقى ئىشلارنى شۇ

كۈنلا پۈتتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن شۇ كۈنى ئۆي پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئۆتكۈزىلىدۇ، بۇ چاي شۇنداق ئاتىلىدۇ. [كان]

[tʰuqqʰanlɯχ] تۇغقانلىق__ تويدىن كېيىن قۇدىلارنى چاقىرىدىغان چاي؛ چىللاق، يۈزئاچقۇ.

[at ʧʰeji] ئات چېيى__ بوۋاقلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت.

[atlandu:maχ] ئاتلاندۇرۇش__ سۈننەت تويدىن بۇرۇن سۈننەتتى قىلىنىدىغان بالا ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى ئاتقا مىندۇرۇپ مەھەللە ئارىلىتىپ تويغا چاقىرىش ئادىتى.

[baʃ ʧʰyʃyrgɛ] باش چۈشۈرگە__ توي بولىدىغان يىگىتنى ئاغىنىلىرى يۆتكەپ ئېلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇش، توينىڭ باشلىنىش ئولتۇرۇشى.

[bali jatqʰuzmaχ] بالا ياتقۇزماق__ بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرۇش.

[qʰɯz epqʰaʃmaχ] قىز ئېپقاشماخ__ يىگىت قىزنى ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىپ نىكاھلىۋالىدىغان بىر خىل كونىچە ئادەت.

[qʰaʃqʰaχ] قاشقاخ__ قېچىپ توي قىلغان كىشى.

[sultʰanbɛɣ] سۇلتانبەگ__ تويى بولىۋاتقان يىگىت.

[ʒut balliri] ژۇت باللىرى__ تويغا مېھمان بولۇپ كەلگەن شۇ يۇرتتىكى ياش باللار.

[ʧʰiraχ jandurmaχ] چىراخ ياندۇرماخ__ تويدا يىگىتنىڭ قولدىشى بولۇپ خىزمىتىنى قىلماق.

[kʰiʃi kʰirgyzmɛk] كىشى كىرگۈزمەك__ قىز ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتمەك.

[baliʧʰilap kʰirmɛx] بالىچىلاپ كىرمەك__ ئىچكۈيئوغۇل بولۇپ كىرمەك.

[anilɯχ] ئانىلىخ__ نىكاھ تويدىكى قىز تەرەپنىڭ كېيىملىك سېلىقى.

[ʧʰørylmɛ\ʧʰørylmilix] چۆرۈلمە\چۆرۈلمىلىك__ تويدا ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ قۇدىلارغا سوغا قىلىدىغان كېيىملىكلىرى.

[ʒirtʰiʃ] ژىرتىش__ تويلۇق سۇپىتىدە تاپشۇرىلىدىغان ئەن رەخت.

[tʰizvasqʰa] تىزۋاسقا__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[tʰokʰu: tʰoj] توكۇ: توي__ بوست قايتۇرۇلمايدىغان سۈننەت توي.

[muɦim] مۇھىم__ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قاتارلىق پائالىيەتلەر.

[a:ʁamʧʰa pʰuli] ئاغامچا پۇلى__ قىز تەرەپ يىگىتلىرى قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئوغۇل تەرەپ يىگىتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلاردىن «ئادەمگەرچىلىك» ئۈچۈن ئالىدىغان پۇلى.

[silkʰinmɛx] سىلكىنمەك__ قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئالدىنى توسقانلارغا ئاغامچا پۇلى بېرىشى.

[ʧʰaqqʰan bo:sun] چاققان بو:سۇن__ توي-تۆكۈنلەردە ئاياللار ئارىسىدا ۋاقتىدا كېلەلمىگەن مۇھىم مېھمانلارنى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بالا ئەۋەتىپ قايتا ئۈندەش ئادىتى.

[kʰiʃi ba:mu] كىشى بارمۇ__ جامائەتنى ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا چاقىرغۇچى بالا بىراۋنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئادەم چاقىرغاندا ئىشلىتىدىغان مۇقىم سۆز. [قاش]

2) نەزىر-چىراغ ئادەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:

نەزىر-چىراغ ئادەتلىرىگە ئائىت سۆزلەردىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى بىر قاتار قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

[jol nɛzir] يول نەزىر__ ئۆلۈم كۈنى يىراقتىن كەلگەن، قايتىشقا ئالدىغايدىغان جامائەتكە بېرىلىدىغان نەزىر.

[aznɑ ɑχʃimi] ئازنا ئاخشىمى__ ئۆلۈم بولغان ئۆيدە 40 نەزىردىن ئىلگىرىكى ھەر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلار دائىرىسىدە ئۆتكۈزىلىدىغان نەزىر، ياغ پۇراتماق.

[supʰɑr oqʰutmɑχ] سۇپار ئوقۇتماخ__ قۇرئان ئوقۇتماق، نەزىر بەرمەك، ياغ پۇراتماق.

[qʰol ʧʰɑjqʰɑχ] قول چايقاخ__ ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى جامائەتكە بېرىلگەن كىچىك كۆلەمدىكى نەزىر.

[jenurχtʰin jɑnmɑχ] يېنىرختىن يانماخ__ ئۆلگۈچىنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن جامائەتنىڭ زاراتگاھتىن قايتىشى.

[ɛrvɑ: eʃi] ئەرۋا: ئېشى__ ئەرۋاھلار ئۈچۈن نەزىر ھېسابىدا كوچىغا قويۇپ قويىلىدىغان، يولدىن ئۆتكەن ئېھتىياجلىق بىر كىشىنىڭ ئىچىپ دۇئا قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان بىر قاچا ئاش.

### 3) مەشرەپ، چاقچاق ۋە باشقا سەنئەت ئادەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:

ئىلى ئۇيغۇرلىرى كۈچلۈك تىل سەنئىتىگە، ئۆزىگە خاس كۈچلۈك دىئالېكت مەدەنىيىتىگە ئىگە. ئىلى چاقچاقلىرى، ئىلى مەشرەبلىرىدە ئېيتىلىدىغان بېيىت-قوشاقلار، جەڭگىۋار ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى، ئۆلەڭلەر بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. مۇناسىپ ھالدا ئىلى ئېغىزىدا بۇ سەنئەت تۈرلىرىگە ئائىت بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[ottʰuzoʁul mɛʃripʰi] ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى__ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر يۈرۈش باشقۇرۇش قائىدىلىرىگە ئىگە، ئۆزىگە خاس يەرلىك مەشرەپ شەكلى.

[gyl tʰɑjɑχ] گۈلتاياق__ مەشرەپتە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدىغان تاياق.

[gylχɑn] گۈلخان__ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، بەزى جايلاردا قوللىنىلىدۇ.

[ʧʰɑχʧʰɑχ] چاخچاخ__ نەق مەيدانغا ھازىرجاۋابلىق بىلەن توقۇلىدىغان قىززىق گەپ. ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ *چاچما چاقچاق، تالاشتۇرما چاقچاق، ئايلاندۇرما چاقچاق، تەرجىمە چاقچاق، ئالداش، ئالجىپ سۆزلەش، دوراش، يۇمۇر ئېيتىش، ياپتا گەپ* دېگەندەك نۇرغۇن شەكىللىرى بار.

[ʃɑχʧʰi] شاخچى__ پاراڭنى شاخلاتقۇچى.

[qʰɯqʰɑs] قىقاس__ قاتتىق ۋارقىراشقان، كۈلۈشكەن ئاۋازلار.

[qʰɯqʰɑs sɑːmɑχ] قىقاس سا:ماخ__ كۆپچىلىك بىرلىكتە ۋارقىرىماق، توۋلاشماق، كۈلۈشمەك.

[qʰɯqʰɑs ʧʰɯqʰɯp kʰɛtmɛx] قىقاس چىقىپ كەتمەك__ قاتتىق كۈلگەن، ۋارقىرىغان ئاۋازلارنىڭ چىقىشى.

[tʰirix sɑz] تىرىك ساز__ سازەندىلەر نەق مەيداندا چېلىۋاتقان مۇزىكا.

[ølyx sɑz] ئۆلۈك ساز__ ئۈن-سىنغا ئېلىپ ئاڭلىتىلغان مۇزىكا.

[ørymɛ] ئۆرۈمە_ مەشرەپ، توي-تۆكۈنلەردە ئۇسسۇل ئوينىغان، ناخشا ئېيتقان، مۇزىكا چالغان ياكى چاقچاق ئېيتىپ كۈلدۈرگەنلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئۇلارغا بېرىلگەن پۇل ياكى ماددى نەرسىلەر.

[ølɛn\ɦølɛn\jølɛn] ئۆلەن\هۆلەن\يۆلەن__ نىكاھ توي ياكى سۈننەت تويدا داپ چېلىپ كوللېكتىپ ئېيتىلىدىغان، ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا ئىگە بىر يۇرۇش ناخشا.

[tʰurʁuʃ] تۇرغۇش__ (ئۆلەڭنىڭ) ئاھاڭ ئۆزگىرىشى.

[ʧʰynʧʰyn salivat] چۈنچۈن سالىۋات__ كۈچلۈك فانتازىيىگە ئىگە خەلق قوشاقلىرىدىن بىرى.

[avuʃ] ئاۋۇش__ پىر ئويۇنى ئەۋجىگە چىققاندا باخشىنىڭ ئېسىنى يوقاتقان ھالدا مەستخۇش بولۇپ قوشاق ئېيتىشى: داپچىلارنىڭ داپ چېلىپ ئېيتقان قوشىقى.

[irim] ئىرىم__ ①شۇ كۈنلۈك تۈنجى سودىنى پۈتتۈرگەندە سودىنىڭ راۋان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، پۇلنى سىيىلىۋاتقان تاۋارلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈپ، يەرگە ئۇرۇپ قويىدىغان كونا ئادەت. ②كېسەل داۋالاشتىكى كونىچە رەسمىيەت، ئۇسۇل. ③كۆچمە مەنىدە شۇ كۈنلۈك دەسلەپكى سودا.

[idɛ tʰutmaχ] ئىدە تۇتماخ__ كونىچە قائىدىگە رىئايە قىلىپ، بەزى ئىشلاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆزىنى تارتىپ، تەلەپ بويىچە ئىش كۆرمەك.

[jaːʁan ajɛm] يا:غان ئايەم__ ھېيتقا ئىككى كۈن قالغان كۈن.

[rasː ajɛm] راس: ئايەم__ ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى، بۇ كۈنى ئەر-ئاياللار ئىككى چوڭ ئۆينىڭ يالغان ئايەم كۈنى بارمىغان بىرىگە، كۆپىنچە ھالدا ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە ئۆلارنى يوقلاپ بارىدۇ.

## 2.1.1.5 يېمەك-ئىچمەككە ئائىت سۆزلەر

يېمەك-ئىچمەككە ئائىت سۆزلەر ئىچىدىمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىنىڭ خاسلىقىنى ئاساس قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك رۇس، تاتار خەلقلىرىنىڭ بەزى يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ھالدا ياراتقان ئۇيغۇر ئىسلام يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

[ɛtkʰɛn ʧʰaj] ئەتكەن چاي__ سۈتلۈك چاي، يەنى قېنىق دەملەنگەن قاراچايغا سۈت، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان چاي.

[sytlux aʃ] سۈتلۈك ئاش__ سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان بىر خىل شويلا.

[jalaŋ ɦesip] يالاڭ ھېسىپ__ كالا گۆشى قىيما كومىلچىغا گۈرۈچ چاپلاشتۇرۇلۇپ، هورداپ پىشۇرۇلىدىغان، ئايرىم قورۇما تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق.

[pʰotluχ aʃ] پوتلۇخ ئاش__ توي كېچىسى قىز هوجرىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەندە قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىنىشىنى تىلەپ دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ئىچىدىغان هاردۇق ئېشى.

[ɦoːluχ aʃ] هو:لۇق ئاش__ تاماق نامى، بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئالدى بىلەن پولۇنىڭ سۈيى تەييارلىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق يۇغۇرۇلغان خېمىر نېپىز يېيىلىپ، ئىنچىكە كېسىلىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

[ʃɛjpʰɛttʰa] شايپەتتا__ قوناق پولۇسى. ئىلگىرى گۈرۈچ كەم بولغان يىللاردا قوناقنى يارما قىلىپ گۈرۈچ ئورنىدا ئىشلىتىپ ئېتىلگەن تاماق. سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى «شاھى بەتتە».

پەلىم__ ماي بىلەن چەيلىنىپ، ئاندىن مايغا داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان، يىتتىن قېلىنراق بىر خىل يېمەكلىك. [pʰɛlim]

چوقۇچاق__ قوناق ئۇنىدا قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. [ʧʰoqʰuːʧʰaχ\ʧʰoŋqʰuʧʰaχ]

جەۋەندە__ بۇغداي بىلەن قوناق ياكى ئارپا قاتارلىق ھەر خىل زىرائەت ئۇنىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر؛ بۇ ئارىلاشمىدىن يېقىلغان نان. [ʤɛvɛndɛ]

چاۋاتنان__ يىتقا ئوخشاش نېپىز يېقىلىدىغان نان. [ʧʰavatnan]

ژۇمەل__ جىگەدەك قاتۇرمىسى. قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى قورۇپ جىگەدەك چىقىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇن قوشىلىدۇ. [ʒymɛl]

قولداما__ خېمىرنى بارماق بىلەن يىمىرىپ پارچىلاپ، سۇدا پىشۇرۇپ، ئاندىن ئۇستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدىغان تاماق. [qʰoldama]

كاتلىت__ گۆش قىيمىسىغا ئۇۋاق نان ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۇششاق كومزلاچ قىلىنىپ پىشۇرۇلىدىغان، ئاندىن قورۇما تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدىغان تاماق. [kʰatlit]

پەتتازا__ ئىچى قىسمەن كاۋاك، تاختا شەكلىدە قۇيۇلغان، ھەر خىل رەڭدىكى بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك. [pʰɛttʰaza]

مەمپەزە__ قەغەزگە يۆگەلمەيدىغان، شۇمەپ يېيىلىدىغان كەمپۈت چوڭلۇقىدىكى بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك. [mɛmpʰɛzɛ]

كاۋاس__ ھەسەل، قولماق قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك. [kʰavas]

## 2.1.1.6 كىيىم-كېچەككە ئائىت سۆزلەر

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك ئاتالغۇلىرىدىمۇ بىر قىسىم ئۆزگىچە سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەردىنمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى ئۆچۈرلارنى ئېلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

تارانچى تۇمىقى__ تارانچىلارنىڭ ئەنئەنىۋي ئاچىماق تۇمىقى. [tʰaranʧʰi tʰumɯqʰɯ]

تارانچى دوپپىسى__ ئىلى ئۇيغۇرلىرى كىيىدىغان، قىزىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن دوپپا، مانچېستىر دوپپا. [tʰaranʧʰi doppʰisi]

تارانچى كۆينەك__ تارانچىلارنىڭ ماداخا ياقىلىق ئەنئەنىۋي كۆينەك پاسونى. [tʰaranʧʰi kʰøjnɛx]

چەكمالخاي__ مالخاينىڭ بىر تۈرى. [ʧʰɛxmalχaj]

پوكۋا ياغلىخ__ قېلىن تىۋتلىق چوڭ باش ياغلىق. [pʰoxva jaʁlɯχ]

پۈرمە چورۇخ__ كالىنىڭ خام تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇق. [pʰyrmɛ ʧʰoruχ]

پۈرمە چوقاي__ يازلىق بوغقۇچلۇق لاتا ئاياقنىڭ بىر خىلى. [pʰyrmɛ ʧʰoqʰaj]

پىپى تۇماخ__ تۇماقنىڭ بىر تۈرى. [pʰipʰi tʰumaχ]

ئالماش بۆك__ گۈل چېكىلگەن ئاق بۆك. [almaʃ bøx]

## 2.1.1.7 تۇغقاندارچىلىققا ئائىت سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا دائىم قوللىنىلىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئاتالغۇلارمۇ بار. بۇ سۆزلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى دائىرىسىدىكى ئۆزگە خاس مەدەنىيەت شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

[app$^{h}$aχ ap$^{h}$a\ap ap$^{h}$a] ئاپئاخ ئاپا\ئاپ ئاپا__ ①چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا ياكى هاممىلىرىنىڭ ئىچىدە ياشتا چوڭى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرى شۇنداق چاقىرىلىدۇ. ②ئانا يوللۇق بەزى ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

[app$^{h}$aχ ɦɛdɛ\aχ ɦɛdɛ] ئاپئاخ ھەدە\ئاخ ھەدە__ ①ھەدىلىرىنىڭ ياكى كېلىن ھەدىلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرى شۇنداق چاقىرىلىدۇ. ②ھەدە يوللۇق بەزى ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

[q$^{h}$oʃq$^{h}$a: bova] قوشقا: بوۋا__ چوڭ بوۋىسى، بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ دادىسى.

[q$^{h}$oʃq$^{h}$a: moma] قوشقا: موما__ چوڭ مومىسى، بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ ئانىسى.

[jeŋi ɦɛdɛ] يېڭى ھەدە__ كېلىن ھەدە، بەزى ئائىلىلەردە يېڭى كېلىن قېيىنى ئىنى-سىڭىللىرى تەرىپىدىن شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

[saq$^{h}$a] ساقا__ ①ئوشۇق ئويۇنىدا باشقا ئوشۇقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئوشۇق. ②ئائىلىلەردە ئەتىۋارلىق ئوغۇل پەرزەند كىچىك ۋاقتىدا شۇ ئائىلىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن ئەركىلىتىلىپ «ساقام» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.③چوڭلار كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئەركىلىتىپ «ساقام» دەپ چاقىرىدۇ.

[t$^{h}$aj] تاي__①ئاتنىڭ بىر ياشلىق بالىسى. ②ئائىلىلەردە ئەتىۋارلىق ئوغۇل پەرزەند كىچىك ۋاقتىدا شۇ ئائىلىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن ئەركىلىتىلىپ «تاي» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بەزىدە ئوغۇللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «تاي» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىش بىلەن ئەركىلىتىش مەنىسى بىللە ئىپادىلىنىدۇ. ③چوڭلار كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئەركىلىتىپ «تاي» دەپ چاقىرىدۇ.

[gyli] گۈلى__ ئائىلىدە ئەتىۋارلىق قىزلار ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ ئاياللىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تەركىبىدە «گۈل» سۆزى بار ئاياللار ئىسمىدا كۆپرەك كۆرىلىدۇ.

[aj] ئاي__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئائىلىدە ئەتىۋارلىق قىزلار ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ ئاياللىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تەركىبىدە «ئاي» سۆزى بار ئاياللار ئىسمىدا كۆپرەك كۆرىلىدۇ.

## 2.1.1.8 ئۆزگىچە خاس يەرناملىرى

ھەر بىر رايوننىڭ يەر ناملىرى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باشقا رايونلاردا ئۇچرىمايدىغان خاس ناملار بولىدۇ. ئىلىنىڭ يەر ناملىرىدىمۇ بىر مۇنچە ئۆزگىچىلىكلەر بار. مەسىلەن، غۇلجا، چاپچال ناھىيىلىرىدا ئەينى چاغدا يۈز تۈتۈننى بىرلىك قىلىپ، يۈز بېشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىدىن 80 نەچچىسى بار. مەسىلەن: جېلىل يۈزى، روزىمەت يۈزى، ئىسلام يۈزى، مەمە يۈزى، تۇرپان يۈزى، تاھىر يۈزى، سامى يۈزى، ھېدىل يۈزى، كېپەك يۈزى، روزىمەت يۈزى، سېلىم يۈزى (جاغىستاي)...دېگەندەك. يۈز تۈتۈنگە توشمىغان يەرلەرگە يەنە «بەشئون (50)، تۆتئون (40)، ئۈچئون (30)، ئىككىئون (20)» دېگەن ناملار بېرىلگەن. ئۇندىن باشقا موڭغۇللار دەۋرىدىن قالغان بىر مۇنچە موڭغۇلچە يەر ناملىرى، ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى دەۋرىدىن قالغان مانجۇچە-خەنزۇچە يەر ناملىرىمۇ بار. ھەرقايسى تۈركىي تىللارغا ئائىت بىر مۇنچە يەر ناملىرىمۇ بار. بۇلاردىن ئىلىنىڭ تارىخىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر تىلىنىڭ ئىلى ئېغىزىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، يەر شارائىتى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

[ili] ئىلى__ ئىلى بىر دەريانىڭ، ھەمدە بىر ئوبلاسنىڭ نامى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىلا» شەكلىدە بولۇپ، ئوخشاشلا دەريانىڭ نامىدۇر.[34]

[ʁuldʒa] غۇلجا__بىر شەھەر ۋە بىر ناھىيىنىڭ نامى، ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان ياۋا قوينىڭ نامىدىن كەلگەن[35].

[tʰekʰɛs] تېكەس__ دەريا نامى، ھەم ناھىيە نامى، «تەسكەي» دېگەن مەنىدە.

[qʰorʁas] قورغاس__ ناھىيە نامى، بۇ سۆز مۇشۇ رايوندا خارابىسى بار «قاياس\قوياس» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، «قوياش» دېگەن مەنىدە.

[kʰynɛs] كۈنەس__ بىر دەريا، ھەم بىر ناھىيە نامى. بۇ سۆز تۈركىي تىلدا «كۈنگەي» دېگەن مەنىدە[36].

[qʰaʃ] قاش__ دەريا نامى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئۈچ تارماق ئېقىنىنىڭ بىرى: يېزا نامى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاز» سۆزىدىن كەلگەن.

[tʃʰaptʃʰal] چاپچال__ ناھىيە نامى. بۇ سۆز ئەسلىدە ھازىرقى چاپچال ناھىيە كان يېزىسىنىڭ چاپچال مازار كەنتىنى كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردە جوڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش، يەنى ئېغىر چاپ-چاپ بولغان، كېيىنچە «چاپ-چاپ» سۆزى بۇ يەرنىڭ نامى بولغان، كېيىنچە تاۋۇشى «چاپچال»غا ئۆزگەرگەن دېگەن قاراش بار.

[tʰoqqʰustʰara] تۇققۇستارا__ ناھىيە نامى، تۈركىي تىللاردا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى

---

[34] «دىۋان» ئۇيغۇرچە، 1-قىسىم 81-بەت.

[35] «غۇلجا» نامى ھەققىدە يەنە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار بار. بەزىلەر بۇ سۆزنىڭ ئىككى تەركىبدىن تۈزۈلگەن، 1-تەركىب «غول» سۆزى، 2-تەركىب ئەسلىدە «جۇ» سۆزى بولۇپ، خۇددى «قۇجۇ، ئۇرۇڭجۇ (ئۈرۈمچى)، ئىجۇ (ئېۋىرغول)، سانجۇ، يەنجۇ» ناملىرىدىكىگە ئوخشاش «جاي، دىيار» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ دەيدىغان كۆزقاراشلارمۇ بار. (ئابدۇساتتار ناسىرنىڭ «غۇلجا ۋە قەدىمىي قەلئە شەھىرى مىڭلاق ئېلى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، «ئىلى گېزىتى» 1986-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈندىكى سانى، 4-بەت.)

[36] بۇ سۆز خوتەن گۇما ئېغىزىدىمۇ «كۈنگەي» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مۇھەببەت قاسىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 419-بەت.

«توققۇز تارام» (توققۇز ئېقىن) ياكى «توققۇز تۇزلەڭ» دېگەن مەنىدە.[37]

[dilmok] دىلموك__ تاغ نامى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا. بۇ سۆز «تۆگىنىڭ موكىسىغا ئوخشاش» ياكى «ئەمچەكلىك» دېگەن مەنىدە.

[ojsun] ئويسۇن__ تاغ نامى، تېكەس دەرياسى بويىدا.

[qʰaridala] قارىدالا__ يەر نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

[qʰajnuq] قاينۇق__ يەر نامى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. بىزنىڭچە، «قاينۇق» سۆزى «قايناق» (بۇلاق) سۆزىدىن كەلگەن، چۈنكى بۇ يېزىدا بۇلاق كۆپ.[38]

[miŋbulaχ] مىڭبۇلاخ__ كەنت نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

[gerɛm] گېرەم__ كەنت نامى، چاپچال ناھىيىسى كان يېزىسىدا. سۆز مەنىسى: يەر ئاستىغا سېلىنغان كېمىر ئۆي.

[aχ burχan] ئاخبۇرخان__ تېكەس ناھىيىسىدە.

[qʰarisu] قارىسۇ__ كەنت نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

[sintʰaʃ] سىنتاش__ يايلاق نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

[mis] مىس__ يايلاق نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

## 2.1.1.9 بالىلار ئويۇنلىرىناملىرى

ئىلى ئېغىزىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بالىلار ئويۇنلىرىلىرىنىڭ ناملىرى ئىچىدىمۇ باشقا يۇرتلاردا ئانچە چېلىقمايدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلار بار. 19-ئەسىرنىڭ 70-، 80- يىللىرىدا رۇسىيەلىك تەتقىقاتچى ن.ن. پانتۇسوۋ ئىلىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىلدە ئىلىنىڭ بالىلار ئويۇنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماتېرىياللارنىمۇ يىغقان، ھەم بۇنى كېيىنچە ئىلى تارانچى دىئالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرغان.[39] بۇ نامىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا تەدرىجى شەكىللەنگەن، تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان، مۇكەممەل رايون مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. مەسىلەن:

[aχtʰerɛx kʰøx tʰerɛx] ئاخ تېرەك-كۆك تېرەك __ قول تۇتۇشۇپ سەپ بولۇپ، قارشى سەپكە ئېتىلىپ كۈچ سىنىشىپ ئوينايدىغان ئويۇن.

[bababut] بابابۇت__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئىلگىرى شۇنداق ئاتالغان.

[aχʧʰɛjlɛm] ئاخچەيلەم__ كىچىك قىز بالىلارنىڭ ئۆي تۇتۇش ئويۇنى (سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى «ئاغىچا-ئايلام»).

[bɛʃtʰaʃ] بەشتاش__ بەش تال تاشنىڭ تۆت دانىسىنى يەرگە تاشلاپ، قالغان بىرىنى يۇقىرىغا ئېتىپ، ئۇ چۈشكىچە ئارىلىقتا يەردىكى تاشلارنى ھەر خىل تەرتىپ بويىچە ئالقىنىدا قايتا يىغىۋالىدىغان ئويۇن.

---

[37] ئىسمايىل جېلىل: «ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش تارىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئىلى گېزىتى» 1995-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سانى، 4-بەت.

[38] يەنە بەزىلەر بۇ جاي ئۇزۇن يىل جۇڭغارلارنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان، شۇڭا، بۇ سۆز موڭغۇلچە «خانۇك» (كىندىك) سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

[39] ن.ن. پانتۇسوۋ: «تارانچى دىئالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (Материалы к изучению наречия таранчей илийского округа) 9-قىسىم، «تارانچىلارنىڭ بالىلار ۋە چوڭلار ئويۇنلىرى» (таранчинский детей и игры мужчины)، 1907-يىل، قازان.

[tʰaʃqʰanpʰa\tʰaʃqʰanpʰaj] تاشقانپا__ تاشنى ئوشۇق ئورنىدا ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن.

[qʰaʃqʰantʃʰuχ] قاشقانچۇخ__ يۇڭ پومزەك ئويۇننىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا كالا يۇڭى پومداقلىنىپ پومزەك ياسىلىدۇ، بىرەيلەن پومزەكنى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە بىرىگە ئاتىدۇ، پومزەك كىمگە تەگسە شۇ قالغان بولىدۇ. باشقىلار قاچىدۇ، شۇ بالا قوغلايدۇ.

[ordikʰam] ئوردىكام__ كىچىك شارچىنى بارماق بىلەن چېكىپ بەلگىلەنگەن تۆشۈككە چۈشۈرۈپ ئوينايدىغان ئويۇن.

[vallɛj] ۋاللەي__ كىچىك تاياقنى چوڭ تاياق بىلەن ئۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ، ئاندىن قايتىدىن بوشلۇقتا چەنلەپ ئۇرىدىغان ئويۇن نامى.

[gaga: ojuni] گاگا: ئويۇنى__ ۋاللەي ئويۇنىغا ئوخشاش.

[yʃtʰapʰan] ئۈشتاپان__ ئۇرۇلغان ئوشۇقنىڭ ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ بەسلىشىدىغان ئوشۇق ئويۇنى.

[sesimɛx] سېسىمەك__ بىر نەچچە ئوشۇقنى ئالقاندىن يەرگە تاشلاپ ئۇلارنىڭ چۈشۈش شەكلىگە قاراپ ئۇتۇپ ئوينايدىغان ئوشۇق ئويۇنى.

[kʰyryx] كۈرۈك__ چەمبەر سىزىپ، ئوشۇقلارنى چەمبەر ئوتتۇرىسىغا قاتار تىزىپ، ئوشۇقلارنى ساقا بىلەن ئۇرۇپ چەمبەرنىڭ سىرتىغا چىقىرىشتا بەسلىشىدىغان ئوشۇق ئويۇنى.

[tʃʰøpʰym] چۆپۈم__ بالىلار ئويۇنلىرىدىن بىرى، ئەتىيازدا چۆپ يېڭى ئۆسۈپ چىققىشقا باشلىغاندا بالىلار چۆپتىن بىر چىمدىن يۇلۇپ چاپىنىنىڭ پەش تەرەپ بۇلۇڭىغا تىقىپ قويىدۇ. دوستلىرى يولۇققاندا «چۆپۈم؟» دەپ سورايدۇ، دەرھال چۆپنى چىقىرىپ كۆرسىتەلىسە ئۇتقان بولىدۇ، چۆپ تەييارلاپ قويمىغان بولسا ئۇتتۇرىدۇ.

[tʰoŋguz tʰopʰaχ] توڭگۇز-توپاق__ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، ئىتتىرىشىپ، بېسىشىپ ئوينايدىغان ئويۇن.

[pʰaχpʰaχ] پاخپاخ__ قاتلانغان قەغەزنى يەرگە ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن.

[dʒirɯldaχ] جىرىلداخ__ دۈۋۈلىتىپ ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك.

[ʁɯldirɛx] غىلدىرەك__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[ɦøpʰilɛx\ɦøpʰilɛx tʰaʃ] ھۆپىلەك__ بەشتاش ئويۇنىدىكى ئاساسىي تاش.

### 2.1.1.10 ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق باشقا سۆزلەر

يۇقىرىدا ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا يوق بىر قىسىم سۆزلەرنى بۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىگە باغلىغان ھالدا بىرقانچە تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇ ئېغىزدىكى بۇنداق سۆزلەر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە نۇرغۇن بۇ رايونغا خاس سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇقۇملارنىڭ تىلدا ئېنىقمۇ ئىنچىكە، ئېنىقمۇ توغرا، دەل ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇلاردىن بىر قىسمىنى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەر دەپ بۆلۈپ، ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) ئىسىملار:

بۇ ئىسىملارنى ئابستراكت ئۇقۇمغا دائىر ئىسىملار ۋە كونكرېت شەيئىگە دائىر

ئىسىملار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) ئابستراكت ئۇقۇمغا دائىر ئىسىملار:

بۇ ئابستراكت ئىسىملار ئۆز نۆۋىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ تىلدا ئىپنىق، توغرا ۋە دەل ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

[pʰɛlɛmma] پەلەمما__ ھىيلە-مىكىر، ساختىلىق، يۈزەلىك.

[saltʰiraχ] سالتىراخ__ كىيسەللىكنىڭ قالدۇقى.

[suqʰurχ\suqʰum] سىقىخ\سىقىم__ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ھالەت، ئازاب، چەكلىمە.

[arikʰyn] ئارىكۈن__ بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن.

[tʰujam] تۇيام__ تۇن نىسبى، تۇن تەڭ بولغان چاغ.

[kʰɛlkʰɛ] كەلكە__ پىكىر بىرلىكى، ئورتاق پىكىر.

[dɛdɛʃ\tʰɛtʰɛʃ] دەدەش\تەتەش__ سەتچىلىك، ئاۋارىچىلىق.

[qʰapʰilaŋ] قاپىلاڭ__ كەچ پىشىن.

[qʰari pʰeʃin] قارىپىشىن__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[kʰakʰuntʃʰiluχ] كاكۇنچىلىخ__ كاكۇن لاي بىلەن تام سۇۋاقلىرىنىڭ چۇشكەن جايلىرىنى تولۇقلاش ئىشى: ئائىلىنىڭ ئۇششاق-چۇششەك ئىشلىرى، خەقنىڭ قۇلچىلىقى.

[tʰutʰum qʰabilijitʰi] تۇتۇم قابىلىيىتى__ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى.

(2) كونكرېت شەيئىگە دائىر ئىسىملار:

بۇ كونكرېت ئىسىملار بۇ رايوننىڭ ھەر قايسى ساھەلەرگە ئائىت ھەر خىل شەيئىلەر نامىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ماس ھالدا بۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئالاقە تىلىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە شەيئىلەرنى توغرا، دەل كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

[atʰu] ئاتۇ__ ئوق ئېتىش، قىرغىنچىلىق.

[nal] نال__ قومۇشنىڭ ئىچىدىكى نېپىز پەردە.

[ʤyn] جۈن__ ئاق ھاراق.

[kʰakʰun] كاكۇن__ سامان ئارىلاشتۇرۇلغان، ئەمما پىشۇرۇلمىغان لاي.

[bɛldɛx] بەلدەك__ بەلنىڭ سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەلگە تېڭىۋېلىنىدىغان تېرە جابدۇق.

[bøgylyx\bøŋlyx] بۆگۈلۈك\بۆڭلۈك__ ياغاچ كارۋات، تاختايلىق سۇپا.

[pʰuruʃ] پۇرۇش__ تۇز، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى قويۇش ئۈچۈن ئويۇپ ياسالغان ياغاچ قاچا.

[adasqʰa] ئاداسقا__ ئانا-ئانىلاردىن قالغان تەۋەرۈك نەرسىلەر.

[dɛχtʃʰɛ\dɛχtʃʰɛx] دەخچە__ ئۇچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

[sɛrʤan] سەرجان__ ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئۆلچەش ئەسۋابى، شەكلى ئېچىلغان سىركۇلغا ئوخشايدۇ.

[sylyx] سۇلۇك__ بىر خىل قان شورىغۇچى ھاشارەت.

[syngy] سۇنگۇ__ نەيزە، مىلتىق نەيزىسى.

[ʃopʰuχ] شوپۇخ__ پۇت مىتكوت چىقىپ ئوشۇق ئىششىپ كەتكەندە تۆگە يۇڭىنى شاكىراپقا چىلاپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئارىلاشما.

[ʃildip\ʃiltʰip] شىلدىپ\شىلتىپ__ ئۇسۇملۇكتىن ياسالغان يامغۇرلۇق يېپىنچا.

[lɛvlɛx] لەۋلەك__ ئالىيۇمىن جاۋۇر.

[manda] ماندا__ بىر خىل يۇگىمەچ ئوت، ئۇنىڭ رەڭگى ئاق، توزغاقلىق كېلىدۇ.

[maja] مايا__ دۈۋىلەپ قويۇلغان توپا. [كان]

[mɛrrɛ] مەررە__ پولۇ ئەتكەندە گۆرۈچنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ دۈملەپ پىشۇرۇلغان گۆش.

[ʁɯʤɛx] غىجەك__ تاپ يەيدىغان بىر خىل قۇش.

[qʰoʁda] قوغدا__ سېپىل ئۇستىدىكى قاراۋۇلخانا.

[gezɛŋ] گېزەڭ__ ئوتتۇرىسى بەل، ئىككى تەرىپى پەس تۆپىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى.

[ʧʰaʤup] چاجۇپ__ جىنازىغا ئۆلۈكنى سالىدىغان تاختا، تەختىراۋان.

[kʰøtʰɛl] كۆتەل__ تاغنىڭ بېلى، كىچىك دۆڭ، داۋان.

[kʰømɛx] كۆمەك__ بىر نەرسە كۆمۈپ قويۇلغان جاي.

[ʃyptʰyr] شۈپتۈر__ پوق-سۈيدۈكلەرنىڭ سىسىق پۇرىقى.

[pʰaltʰuk] پالتۇك__ پەگاھنىڭ بىر چېتى، كەش قويىدىغان ئورۇن.

[tʰaχtʰuʃ] تاختۇش__ تامغا ياندالغان ئاسما تاختا.

[qʰoʃlaʃ] قوشلاش__ ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلىدىغان جايى.

[ølgyʧʰɛ] ئۆلگۈچە__ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى، مۇجۇق كېلىدىغان جاي.

[uguluχ] ئۇگۇلۇخ__ تۇرخۇن ئەگمىسىدىكى چوڭقۇر جاي.

[i̯t jatqʰu] ئىشت ياتقۇ__ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[tʰoŋʁɯlaχ] توڭغىلاخ__ توڭلىغان توپا قېتىشمىسى.

[ʧʰirimdan] چىرىمدان__ يېڭى قاتقان نېپىز مۇز.

[qʰoltʰuχmaʃ] قولتۇخماش__ دۆمبىگە يۆدۈلىدىغان ئوتۇن قاتارلىق يۈككە قارىتا ئىككى قولتۇقتىن ئۆتكۈزۈشكە لايىق باغلانغان باغلاق.

[kʰokʰiratma\kʰokʰiram] كوكىراتما\كوكىرام__ كىچىك شارقىراتما، نوردىكى سۇنىڭ ئېگىزدىن چۈشىدىغان جايى.

[daqʰɯratma] داقىراتما__ لەگلەكنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇچقاندا شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن ئاۋاز چىقىرىدىغان قىسمى.

[bal qʰoʃuχ] بال قوشۇق__ ھەسەل، مۇرابىا يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قوشۇق.

[ʧʰɛn qʰoʃuχ] چەن قوشۇق__ ئۆلچەم قوشۇقى.

[qʰɯjmi pʰɛʃ] قىيمىپەش__ گۆش، كۆكتات توغرىغاندا دۆشىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان مەخسۇس تىكىلگەن لاتا. ئەتراپىغا چېچىلغان گۆش ۋە كۆكتات پارچىلىرى مۇشۇنىڭغا چۈشىدۇ.

[tʰøpʰi pʰɛnʤirɛ] تۆپىپەنجىرە__ ئۆينىڭ تورۇسىدىن چىقىرىلغان ئالاھىدە ياسالغان دېرىزە.

[tʰøpʰi tʰynyx] تۆپىتۈنۈك__ ئۆينىڭ تورۇسىدىن چىقىرىلغان تۈڭلۈك.

[java kʰøxnar] ياۋا كۆكنار__ چىمەنلىكتە ياكى تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك.

[kʰepʰinɛx tʰon] كېپىنەك تون__ يامغۇر-يېشىندا كىيىلىدىغان يەڭسىز تون.

[suptʰaj ʧʰeji] سۇپتاي چېيى__ سۇپتاي يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغدا

ئۆسىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن دەملەپ ئىچىلىدىغان تەملىك، دورىلىق چاي تۈرى. ئۇنىڭ *سۇپتاي چاي، بەش يوپۇرماقلىق چاي، سۇپتاي سۇدە چېيى، ئالتۇندەك سېرىق چاي، ئەسپەر چېيى* دېگەندەك بىر قانچە تۈرلىرى بار.

2) سۇپەتلەر:

بۇ يەردىكى سۇپەتلەرنى ئادەمنىڭ خاراكتېرى، مىجەز-خۇلقى، قىياپىتىگە دائىر سۇپەتلەر ۋە شەيئىلەرگە دائىر سۇپەتلەر دەپ ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(1) ئادەمنىڭ خاراكتېرى، مىجەز-خۇلقى، قىياپىتىگە دائىر سۇپەتلەر:

ئىلى ئېغىزىدا ئادەم خاراكتېرى، مىجەز-خۇلقى ۋە قىياپىتىگە دائىر ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر قىسىم سۇپەت سۆزلىرى بار. بۇ سۆزلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم خاراكتېرىنى، مىجەز-خۇلقىنى ۋە قىياپىتىنى توغرا، ئىخچام، دەل ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

[ɛstlix] ئەستىلىك__ ئېسىدە تۇتىۋالغان، ئېسى ياخشى، خاتىرىسى ئاجىزلاشمىغان.

[bøsk$^{h}$ɛx] بۆسكەك__ ئالدىغا بۆسۈپ تۇرىدىغان.

[salaχ] سالاخ__ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، تۇرمۇشى تەرتىپسىز.

[soʁrun] سوغرۇن__ ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس.

[oŋmas] ئوڭماس__ ئىلگىرى كەلمەس، ئىشى ئوڭغا تارتماس.

[vitvit] ۋىت-ۋىت__ تولا سۆزلەيدىغان، كىشىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تاپىدىغان، غەيۋەتخور.

[lapʧ$^{h}$aχ] لاپچاخ__ لاپچىيىپ ئولتۇرىدىغان، ھۇرۇن، بولۇمسىز.

[mump$^{h}$uχ] مۇمپۇخ__ ئىچ مىجەز، كىشىگە سىر بەرمەيدىغان.

[gyrgyr] گۇر-گۇر__ چوڭ سۆزلەيدىغان، لاپ ئاربلاش سۆزلەيدىغان.

[q$^{h}$ɯrsɯχ] قىرسىخ__ تەتۈر مىجەز، ئوڭ گەپ قىلسا تەتۈر چۈشىنىدىغان؛ ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان.

[k$^{h}$øpk$^{h}$yr] كۆپكۈر__ سۈنى ھەددىدىن جىق ئىچىدىغان؛ (باللارغا قارىتا) شوخ، كەپسىز، خاپا قىلىدىغان.

[k$^{h}$amax] كاماك__ چىشلىرىنىڭ ئارىسى بوش، بىر-ئىككى چىشى يوق.

[jepʃɯχ\jeʃɯχ] يېپشىخ\يېشىخ__ يۈزى قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان.

[gɛxsɛ\gɛxsi] گەكسە\گەكسى__ يۈزى قېلىن، تاماخور: تىكىلىپ قارىغۇچى؛ ھاراقكەش.

[t$^{h}$oχt$^{h}$aʃlɯχ] توقتاشلىخ__ ئېغىر-بېسىق، ئۆزىنى تۇتىۋالغان.

[χuvalɯχ] خۇۋالىخ__ يېرىم ئۇيقىلىق، چالا ئۇيقىلىق، ئېسىنى سەل يوقاتقان.

[χuʃp$^{h}$iʧ$^{h}$im] خۇشپىچىم__ بوي-بەستى كېلىشكەن، چىرايلىق.

[ømsøryn] ئۆمسۆرۈن__ پاراكەندە، بىنورمال، چىرايى تاتارغان.

[sɯʁɯldaχ\ʃɯʁɯldaχ\ʃɯq$^{h}$ɯldaχ] سىغىلداخ__ يەڭگىلتەك، ئويۇنپەز، مىجەزى يېنىك: مۇقىم مەيدانى يوق، تۇتامى يوق.

[q$^{h}$umq$^{h}$azi] قۇمقازى__ گېپى قۇمدەك تولا، گېپى چۇۋالچاق.

[ɦesapdaː] ھېساپدا:__ پايدا-زىياننى بەك ئىنچىكە ھېسابلىشىپ كېتىدىغان، ھېسابچى.

[ʃat$^{h}$irma] شاتىرما__ گەپنى ئۆپ-چۆرىسىگە قارىماستىن ۋالاق-ۋۇلۇق

دەۋتىدىغان، بىكاردىن خەقنىڭ ئاغزىنى تاتىلايدىغان: شالالاق، ئالدىراڭغۇ، چىچىلاڭغۇ، مىجەزى يېنىك.

مەشئاتە__ [mɛʃʃatʰɛ] پەردازنى كۆپ قىلىدىغان ئايال، پەردازچى ئايال.

تۆت توكتوك__ [tʰøt tʰoxtʰox] سانى ئاز، تەسىرى تۆۋەن، چوڭ بىر ئىش قىلغۇچىلىكى يوق.

غۇژمۇدۇن\غىژمىدىن__ [ʁɯʒmudun\ʁɯʒmidin] ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ يىغلايدىغان.

ئارقان ئۈزە:__ [arqʰan yzɛː] شاش، چاپچىپ تۇرىدىغان.

زەنجىر ئۈزە:__ [zɛnʤir yzɛr] يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

غوجىكۆ:سۈن__ [ʁoʤikʰøːsun] يۇقىرىدىكىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىشنى كۆرسىتىپ قىلىدىغان، ياخشىچاق بولۇشقا خۇشتار.

كىرىش تاسما__ [kʰiriʃ tʰasma] تاسمىنىڭ بىر تۈرى؛ لىگتاسما، بولۇمسىز، يارامسىز.

(2) شەيئىلەرگە دائىر سۆپەتلەر:

ئىلى ئېغىزىدىكى يەنە بىر قىسىم سۆپەتلەر تەبىئەتتىكى ھەر خىل شەيئى-ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلاردىنمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، خۇلاسىلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن:

ئورلاڭ__ [orlaŋ] بېقىندى، باغلاندى، قورچاق.

چاۋات__ [ʧʰavat] بۇرتۇپ چىقىپ كەتكەن.

غىڭساي__ [ʁɯŋsaj] تۇپ-تۇز ساي.

سولجىر__ [solʤir] ئۆي تېمى، گىلەم قاتارلىقلارنىڭ مايماق، قىيپاش، سەل قېيىپ كەتكەن بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئەمەسلىكى.

لوغاي__ [loʁaj] چاقنىڭ مايماق چىقىپ كېتىشى.

پېقىش__ [pʰeqʰɯʃ] (تۇخۇمغا قارىتا) چىقىلغان، ئېزىلگەن؛ يېگىلگەن، ۋەيران بولغان.

تەركىن__ [tʰɛrkʰin] توختام، تۇرغۇن.

قورتۇخ__ [qʰortʰuχ] ئەركەك ھايۋانلارنى پىچىۋەتكەندىن كېيىن پودىقىنىڭ يىگىلەپ قېلىشى: جۇغى كىچىك، ئەمما چاققان.

ئۇشما__ [uʃma] (چوققىغا قارىتا) تىك، ئەگ ئېگىز.

شوداڭ\شوداي__ [ʃodaŋ\ʃodaj] ئىنچىكە، ئېگىز، توغرىسىغا يوغىنىماي، بەلكى ئېگىزىگە ئۆسكەن.

ئىلىنچىخ__ [ilinʧʰɯχ] ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ يۈرگەن، كېسەللىكىنىڭ ئاز-تولا بەلگىلىرى ئىپادىلەنگەن.

پىنەكچە__ [pʰinɛxʧʰɛ] (تاماكىغا قارىتا) پىنەك يۆگىگەن شەكىلدە يۆگەلگەن، بىر ئۇچى ئىنچىكە، يەنە بىر ئۇچىنى توم قىلىپ ئورالغان.

نە دەۋر__ [ne dɛvir] مەشھۇر، داڭلىق.

كۆمرەڭگە__ [kʰømrɛŋgɛ] گومبەز شەكىللىك، دوگىلەك ئويمان شەكىللىك.

ئۆركۈنچىلىك__ [yrkʰynʧʰilix] ۋەزىيەتكە قارىتا قالايمىقانچىلىق قاپلىغان، قاچ-قاچ بولىۋاتقان، تېنچ بولمىغان.

3) پېئىللار:

بۇ پېئىللارنى ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە دائىر پېئىللار ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دائىر پېئىللار دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە دائىر پېئىللار:

ئىلى ئېغىزىدا ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم پېئىللار بار. بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى ئېنىق روشەن، توغرا، دەل كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

[sajmaχ] سايماخ__ تەڭ كۆرمەك، تەڭ سانىماق.

[ʤirʁɯmaχ] جىرغىماخ__ ئىچى-ئىچىدىن يايراپ كەتمەك.

[bɛldimɛx] بەلدىمەك__ تاياقنىڭ يىپ چىگىدىغان يېرىگە كېسىك چىقارماق.

[bɛllimɛx] بەللىمەك__ ①چېلىشچىلارنىڭ بەلدىن ئېلىش تاكتىكىسى.

②نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق، مىلتىققا ئوق سالماق.

[tʰygyrmɛx] تۈگۈرمەك__ ناننى يۇمشىتىپ يېيىش ئۈچۈن نانىنىڭ بىر چېتىنى چىنىدىكى چايغا ئاز-ئازدىن تەككۈزۈش.

[tʰinɯχmaχ] تىنىخماخ__ ئۆزىنى قاچۇرماق، ئارام ئالماق.

[ʃoʃimaχ] شوشىماخ__ ئۇزۇن مەزگىل ماي-گۆش يېمەي شۇنىڭغا تەقەززا بولۇپ كېتىش، مايسىراپ كەتمەك.

[gypsɛjmɛx] گۈپسەيمەك__ ئىششىپ قالماق، كۆپۈپ قالماق.

[ɦovuχmaχ] ھوۋۇشماخ__ ئىششىپ قالماق.

[otʰuχmaχ] ئوتۇخماخ__ يۈز-كۆزگە قارىتا قىزىرىپ قالماق، ئىششىپ قالماق.

[oŋʁajmaχ] ئوڭغايماخ__ كېسەل ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئورۇقلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ، رەڭگى ئۆچۈپ كەتمەك.

[jumzatmaχ] يۇمزاتماخ__ گەپ ئەگىتمەك، سەل تەككۈزۈپ گەپ قىلماق.

[tʰutʰuχmaχ] تۇتۇخماخ__ ئۆڭى ئۆچمەك، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك.

[tʰepʰinmaχ] تېپىنماخ__ دەل جايىنى تاپماق، نەقلىمەك.

[ʤarimaχ] جارىماخ__ يۇكسەلمەك، ئىلگىرى باسماق.

[dajimaχ] دايىماخ__ ئۆزئۆزىنى قامدىماق، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يەتمەك.

[salʤimaχ] سالجىماخ__ يۇرتتىن چىقىپ كەتمەك، مۇساپىر بولماق.

[soŋdimaχ] سوڭدىماخ__ پۇتنىڭ سوڭى بىلەن دەسسىمەك، چەيلىمەك، چىڭدىماق: ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كەلمەك.

[ʃylimɛx] شۈلىمەك__ (گۆشنى سۆڭەكتىن) كىسىپ ئاجراتماق.

[uzuqmax] ئۇزۇقماخ__ هايال بولماق، كېچىكىپ كەتمەك.

[uʃlimaχ] ئۇشلىماخ__ تۇتماق: مۇردىنىڭ پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ تۈز ياتقۇزماق.

[evimɛx] ئېۋىمەك__ ئۆزىنى ئازادە تۇتماق، قورۇنىۋالماي، ئۆزىنى بوش قويىۋەتمەك.

[qʰuntlimaχ] قۇنتلىماخ__ ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلىمەك.

[boʁbajmaχ] بوغبايماق__ زىيادە كىيىنىپ قولۇشالماي قالماق، پاخپىيىپ قالماق.

[kʰøkʰimɛx\kʰøxsimɛx] كۆكىمەك\كۆكسىمەك__ گەپ تالاشماق، گەپ تەگەشمەك، ئەزۋەيلىمەك: ئۇرۇشقان ئىككى تەرەپنى ئاجراتقاندا بىر تەرەپنىڭ ئاجراتقانسېرى كۈچەپ كېتىشى.

[uqʰɯlimaχ] ئۇقىلىماخ__ بەدەننى ئۇگىلىماق، مۇجۇپ تۇتماق.

[pʰiʃuldurmaχ] پىشۇلدۇرماخ__ نەق گەپنى دېمەي، ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرماق.

[tʰeniqʰɯmaχ] تېنىقىماخ__ ياتسىرىماق، ئۆزىنى قاچۇرماق: ياقتۇرماسلىق، يىرگەنمەك، يوغانچىلىق قىلماق: باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلىمەك.

[dɯχsirimaχ] دىخسىرىماخ__ (كەپتەر قاتارلىق قۇشلارغا قارىتا) جۇپسىرىماق: <كۆچ> (ئادەملەرگە قارىتا) جۇپسىرىماق.

[salvaslimaχ] سالۋاسلىماخ__ قەدەمنى چوڭ ئېلىپ تېز ماڭماق.

[oŋdu:maslɯχ] ئوڭدۇرماسلىخ__ قىلچە ئايىماسلىق، ئوڭغا تارتماس قىلىۋەتمەك.

[ʃymdɛxlimɛx] شۈمدەكلىمەك__ يەڭ شىمايلىماق، تۈرمەك.

[ʃylymdimɛx] شۈلۈمدىمەك__ ئاغزىدا شوراپ ھۆل قىلىۋەتمەك.

[ʃalvarimaχ] شالۋارىماخ__ شالىنى چېچىپ بەھۇدە ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىماق، ھاقارەتلىمەك: ئالدىراپ-تېنەپ يۈرمەك، پاي-پېتەك بولماق.

[ʧʰuʧʰulimaχ] چۇچۇلىماخ__ تورغاينىڭ سايرىشى.

[ʤylmɛrimɛx] جۈلمەرىمەك__ كىيىم-كېچەكنى كونىراپ كەتمەك: بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماق.

[χanajlaʃmaχ\χonajlaʃmaχ] خانايلاشماخ\خونايلاشماخ__ئېسىنى سەل يوقاتماق، ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالماق.

[ʧʰiʧʰatʰivɛtmex] چىچاتىۋەتمەك__بەك قورقۇتىۋەتمەك، قورقۇتۇپ قاچۇرىۋەتمەك.

[pʰatʰaŋguʃlimaχ] پاتاڭگۇشلىماخ__ گەجگىسىگە ئۇرماق، پاتاڭغا ئۇرماق: پولاڭلاتماق.

[atʰuʁa bujrumaχ] ئاتۇغا بۇيرۇماخ__ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلماق.

[uzuqmaχ] ئۇزۇقماق__ ئۇزاق ھايال بولماق، كېچىكىپ كەتمەك.

[zidɛkʰimɛx] زىدەكىمەك__ بىزار بولماق.

[jelikmɛχ] يېلىكمەك__ شامالداپ قالماق، شامال تەگمەك.

**(2) شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دائىر پېئىللار:**

ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم پېئىللار شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دائىر بولۇپ، ئوخشاشلا شەيئىلەر ھەرىكىتىنى تېخىمۇ توغرا كۆرۈپ يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

[ʤulʁumaχ] جۇلغۇماخ__ ئىت، مۈشۈك قاتارلىقلارنىڭ تۈك تاشلىشى: كۆچەپ سىلكىنىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتمەك.

[lɯχʃimaχ] لىخشىماخ__ لىق تولماق.

[bɯχsimaχ] بىخسىماخ__ يېمەكلىككە قارىتا پۇراپ قالماق، بۇزۇلۇشقا باشلىماق.

[kʰøvrimɛx\kʰøvimɛx] كۆۋرىمەك\كۆۋىمەك__ قىشتا سوغۇقتىن مۇز قېتىپ مۇز ئاستىدىكى سۇنىڭ پاتماي تېشىپ چىقىشى: قازاندىكى ماينىڭ قىززىغاندا كېڭىيىپ تېشىپ كېتىشى: ئۆز ئۆزىدىن ئېچىپ كۆپمەك، ئۆرلىمەك.

[majsimaχ] مايسىماق__ مايماق كەتمەك، ماكچايماق.

[aptʃʰirimaχ] ئاپچىرىماخ__ رەخت ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ يۇيۇلغاندىن كېيىن كىرىشىپ كېتىشى: ياغاچتىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ قۇرۇپ قىسقىراپ، كىچىكلەپ كېتىشى.

[mεrrε bo:maχ] مەررە بو:ماخ__ (پىشۇرۇلغان گۆشكە قارىتا) ئېزىلىپ كەتمەك، ۋايىغا يەتمەك.

[ʧʰogalaʃtʰu:maχ] چوگالاشماخ__ ئارىلاشتۇرىۋەتمەك، ئاۋارە قىلماق، قالايمىقانلاشتۇرىۋەتمەك.

قىسقىسى، ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى بولمىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. يۇقىرىدا بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، بۇ سۆزلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئەدەبىي تىلدا قوللىنىش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتىرىش مەقسىدىگە يېتىش مۇمكىن.

## 2.1.2 ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداشلىق ھاسىل قىلىدىغان سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى مەلۇم سۆزلەر بىلەن ئوخشاش، ئەمما فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئوخشاشمايدىغان بىر قىسىم خاس سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكى ئەشۇ مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن مەنىداشلار قاتارى ھاسىل قىلىدۇ، ھەمدە پەقەت مۇشۇ ئېغىزدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.[40] بۇنداق سۆزلەرمۇ ئىلى ئېغىزىنىڭ تىل بايلىقىنى نامايەن قىلىدىغان بىر مۇھىم تەركىبتۇر.

مەسىلەن:

[uʃ] ئۇش__ تەرەپ، بۇلۇڭ، تۇش.
[bop] بوپ__ غىش (قەرتتىكى تۆتىنىڭ بىرى).
[kʰut] كۇت__ نەق، دەل.
[guŋ] گۇڭ__ غۇم، ئاداۋەت.
[lεŋ] لەڭ__ يوغان، ئۇلۇغ، كەڭ، داغدام.
[ʤøl] جۆل__ جۇل، كونا، ناچار.
[qʰunt] قۇنت__ ئەستايىدىل، ئىنچىكە.
[χust] خۇست__ ھۆرمەت، ئىززەت، ئابروي.
[χidir] خىدىر__ چەك، ھەددى.
[ɦεʃ] ھەش__ سەت، پاسكىنا.
[ɦaj] ھاي__ ھە، نېمە.
[ariʃ] ئارىش__ ئاچال.
[εŋil] ئەڭىل __ ئۇچا، ئۇستۋاش، كىيىم.
[εjni] ئەينى__ ئەسلى.
[ʧʰaqʰu] چاقۇ__ ئىلمەك، ئىلغۇچ.
[otʰaχ] ئوتاخ__ دوست، بۇرادەر، ھەمكارلاشقۇچى.
[χurʤa] خۇرجا__ دېھقان، پۇقرا.
[kʰaʃal] كاشال__ توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ.
[kʰyrεx] كۈرەك__ گۈرجەك.
[garaj] گاراي__ ئەقىلسىز.
[gølεŋ] گۆلەڭ __ قاينام.

---

[40] ئىلى ئېغىزىدە رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن مەنىداشلار قاتارى ھاسىل قىلىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك. بۇ ھەقتە ماقالىمىزنىڭ رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە ئائىت قىسمىدا ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

[ɛvzaj] ئەۋزاي __ چىراي، تۇرق، پەيل.
[bøvɛx] بۆۋەك__ نادان، ساددا.
[sivɛz] سىۋەز__ دېرەك، خەۋەر.
[ʁɛpsɛ] غەپسە__ بەك، ناھايىتى، ئەجەب.
[tʃʰanda] چاندا__ ئۇزاقتا، ناگاندا.
[lɛllɛ] لەللە__ گۇمۇش، پاڭقۇش، ئەقىلسىز، لەقۋا.
[lodur] لودۇر__ ھۇرۇن، بولۇمسىز.
[iʃmɛr] ئىشمەر__ چىۋەر، ماھىر، ئەپلىك.
[qʰonaχ] قوناق__ مېھمان.
[jamaχ] ياماخ __پۇل.
[pʰisir] پىسىر__ ئېزىلەڭگۇ، مىس-مىس.
[tʰiriʃ] تىرىش__ سەت، پاسكىنا.
[tʃʰytʃʰyn] چۈچۈن__ چۈسا.
[madʒɛs] ماجەس__ رەزگى.
[kʰajpʰaŋ] كايپاڭ__ ئاپقۇر، چوڭ چىنە.
[kʰunnus] كۇننۇس__ پىخسىق، بېخىل.
[ɦɛmsat] ھەمسات__ بىردەم، شۇئان، دەرھال.
[ʁɯŋtʰyz] غىڭتۈز__ توپ-تۈز.
[qʰattʃʰa] قاتچا__ دەرۋازا قانىتى.
[qʰatʰim] قاتىم__ قىساس.
[sylɛj] سۈلەي__ ئاۋاق، ئاجىز، سېمىرمەيدىغان.
[sylyx] سۈلۈك__ مەسلەك، ئېقىم.
[sidʒaχ] سىجاخ__ سىزىق، جىجىق.
[sɛskʰɛ] سەسكە__ تېتىقسىز.
[sajat] سايات__ ئوۋچى.
[dørɛm] دۆرەم__ قېتىم، نۆۋەت.
[dølɛj] دۆلەي__ دۆت، ھالۋا، ھاماقەت.
[bɛldix] بەلدىك__ بەلباغ، تاسما.
[dʒivdʒil] جىۋجىل __ ئەپچىل، چاققان، چىرايلىق.
[tʃʰɛlpʰɛx] چەلپەك__ پوشكال.
[dʒav dʒav] جاۋ-جاۋ__ جاۋىلداق، كاسكا.
[baʁdal] باغدال__ چىپار، چېكىم-چېكىم، چار.
[dʒaldaχ] جالداخ__ كاتاڭ، چوڭقۇر.
[dytmɛt] دۈتمەت__ قېلىن، گەپ ئۆتمەس.
[dyrkʰyn] دۈركۈن__ تۈركۈم، نۈرغۈن، توپ.
[sojpʰaχ] سويپاخ__ قوۋزاق.
[ʁɯmsɯχ] غىمسىخ__ تىنجىق، دىمىق.
[qʰajraχ] قايراخ__ بىلەي.
[qʰajran] قايران__ ئالامەت، ئېسىل.
[kʰyzlɛm] كۈزلەم__ كۈزلەك.
[pʰispʰas] پىسپاس__ يارىماس، بولۇمسىز.

[surχmaχ] سىخماخ__ دىقماق.

[dolχaj] دولخاي__ گەجگە، پاتاڭ، شىللە.

[anʤuʁa] ئانجۇغا __ ئورۇق، ئاۋاق.

[ajaŋq$^{h}$ɯ] ئاياڭقى__ ئاخىرقى.

[oburni] ئوبۇرنى__ ھاجەتخانا، تەرەتخانا، خالا.

[olumaχ] ئولۇماخ__ ھىمىرمەك، تولغىماق، تولغاپ چىمدىماق.

[at$^{h}$ɯʁaz] ئاتىغاز__ ئەركەك غاز.

[anɯʁaz] ئانىغاز__ چىشى غاز.

[alaman] ئالامان__ توپ، كۆپچىلىك.

[ʃat$^{h}$oga] شاتوگا__ شاتاۋار، چاقماق گۈللۈك ماتا.

[ot$^{h}$aχʧ$^{h}$i] ئوتاخچى__ ھەمكارلاشقۇچى، شېرىك.

[budimɛt] بۇدىمەت__ مۆرىمەس، گەپ قىلماس.

[aŋvaʃq$^{h}$a] ئاڭۋاشقا__ شۇڭا، شۇڭلاشقا.

[ɛŋisk$^{h}$in] ئەڭىسكىن__ شۇندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن.

[bɛrɛŋgɛ] بەرەڭگە__ ياڭيۇ.

[t$^{h}$urap$^{h}$at] تۇراپات__ تۇرق، ھالەت.

[t$^{h}$et$^{h}$imɛj] تېتىمەي__ ئۆلەرمەن.

[ʤiʤilaχ] جىجىلاخ__ جىدەلخور، يىغلاڭغۇ.

[sɛrimɛs] سەرىمەس__ غەمسىز، غەم يېمەس.

[sɛrimɛx] سەرىمەك__ ئەنسىرىمەك، غەم يېمەك.

[sirk$^{h}$ajɛ] سىركايە__ پىيالە.

[alaŋlap] ئالاڭلاپ__ دەلدۇگۇنۇپ.

[loŋŋidɛ] لوڭڭىدە__ تۇيۇقسىز، تەساددىپىي.

[manimaχ] مانىماخ__ مىلىمەك، چىلىماق، تەككۈزمەك.

[munuk$^{h}$um] مۇنۇكۇم__ بىچارە، ياۋاش.

[q$^{h}$ap$^{h}$ilaŋ] قاپىلاڭ__ قېلىن، يالغانچى، ئالدامچى.

[gyʤimɛx] گۆجىمەك__ كۈرىمەك.

[uʃt$^{h}$umaχ] ئۇشتۇماخ__ سۇندۇرماق، پارچىلىماق.

[k$^{h}$inimɛx] كىنىمەك__ ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك، سېغىنماق.

[daraŋga] داراڭگا__ تاياق، توقماق.

[t$^{h}$uʤurum] تۇجۇرۇم__ قارار، نىيەت، بىرلىك.

[q$^{h}$at$^{h}$aːlɯχ] قاتا:لىخ__ دېمەتلىك، قۇربىلىق.

[sɛdilix] سەدىلىك__ خاسلىق، مىجەز، ئادەت، خۇسۇسىيەت.

[ɦɛlɛk$^{h}$yn] ھەلەكۈن__ پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق.

[ʁoʤit$^{h}$am] غوجىتام__ بەلتام، ياردەمچى تام، تىرەك تام.

[sivɛzlix] سىۋەزلىك__ خەۋەرچىلىك.

[k$^{h}$ek$^{h}$ɛjmɛx] كېكەيمەك__ غورۇرلانماق، مەغرۇرلانماق، گىدەيمەك.

[gylɛŋgyʃ] گۈلەڭگۈش__ ئىلەڭگۈچ.

[azmanlɯχ] ئازمانلىق__ ھېلى، سەل تۇرۇپ.

[bosunʧ$^{h}$uχ] بوسۇنچۇق__ بوزەك، ئانىي.

[beʤinboʃ] بېجىنبوش__ بوشاڭ، غەيرەتسىز.

[tʰøŋgirɛx] تۆڭگىرەك__ ئەتراپ، ئۆپچۆرە.
[χantʰaχtʰa] خانتاختا__ جوزا، تاماق ئۈستىلى.
[kʰɛskʰɛxtʃʰi] كەسكەكچى__ خەتنە قىلغۇچى، خەتنىچى.
[qʰɯzlatʃʰa] قىزلاچا__ تاپان (قەرتتىكى تۆتنىڭ بىرى).
[ilkʰɛʃmɛx] ئىلكەشمەك__ چېتىلماق، ئارىلاشماق، ئېرىشمەك.
[gajmuntʃʰɛ] گايمۇنچە__ بەزىبىر، بەزى.
[gajniŋkʰi] گاينىڭكى__ بەزى، بىر قىسىم.
[bekʰiʃmɛx] بېكىشمەك__ پۈتۈشمەك.
[ergɛʃmɛx] ئېرگەشمەك__ تىركەشمەك، قارشىلاشماق.
[tʃʰimɛltʰɛx] چىمەلتەك__ چىمچىلاق.
[dirildɛx] دىرىلدەك__ قول تراكتۇر.
[ʁɯmsaŋʁu] غىمساڭغۇ__ تىنجىق، دىمىق.
[manasqʰan] ماناسقان__ تۈتەك، تۇمان.
[tʃʰuruŋqʰaj] چۇرۇڭقاي __ تېرىككەك، سەپرا.
[mørlɛʃmɛx] مۆرلەشمەك__ بەسلەشمەك، دو تىكىشمەك.
[dʒuʁruχmaχ] جۇغرۇخماخ__ تىترىمەك، شۈركەنمەك.
[badraŋkøz] بادراڭ__ پالا كۆز.
[bylkʰɛjmɛx] بۈلكەيمەك__ مۈكچەيمەك، پۈكلەنمەك.
[kʰutmukʰut\kʰytmukʰyt] كۈتمۇ كۈت__ دەلمۇ دەل، نەقمۇ نەق.
[dʒarapʰaza] جاراپازا __ قۇرۇق، ئۇشۇقچە، تۇترۇقسىز.
[qʰɯptʃʰinmaχ] قىپچىنماخ__ قورۇنماق، قىسىنماق.
[ʃiŋtʰajmaχ] شىڭتايماخ __ دىڭگايماق، تىك تۇرماق.
[ʁɯmissida] غىمىسسىدا__ جىمىمىدە، شەپىسىز.
[ilgirikʰin] ئىلگىرىكىن__ بەك، ناھايىتى.
[χanaqʰɯmaχ] خاناقىماخ__ ئىككىلەنمەك، بىخۇتلاشماق.
[mislimijaŋ] مىسلىمىياڭ__ ئېزىلەڭگۈ، سولاش.
[loʁuldimaχ] لوغۇلدىماخ__ لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق.
[bøvɛxtʃʰilix] بۆۋەكچىلىك__ گۆدەكلىك، بالىلىق، نادانلىق.
[tʰitqʰɯlimaχ] تىتقىلىماق__ ئاختۇرماق، كوچىلىماق.
[kʰetʃʰirimlix] كېچىرىملىك__ ئەپۇچان.
[ɛgɛʃtʰyrmɛx] ئەگەشتۈرمەك__ ماسلاشتۇرماق.
[tʃʰigilɛnmɛx] چىگىلەنمەك__ باغلانماق، چىرماشماق.
[tʃʰiŋgilimaʃ] چىڭگىلىماش__ چىرمىشىپ كەتكەن.
[doqʰaslimaχ] دوقاسلىماخ__ سىلكىنمەك، جالداقشىماق.
[sɛpkʰilimɛx] سەپكىلىمەك__ تامچىماق، سېپىلمەك.
[asmaχtʃʰilap] ئاسماقچىلاپ__ يانداپ، ئەگىتىپ.
[ydyskʰilimɛx] ئۈدۈسكىلىمەك__ تەمتىرىمەك، تىمىسقىلىماق.
[atʃʰilivaːmaχ] ئاچىلىۋالماق__ بۆلىۋالماق، ئايرىۋالماق.
[qʰotʰuː qʰara] قوتۇقارا__ زاغزاق، تىكەن ئوت.
[kʰasɛŋ qʰoraj] كاسەڭ قوراي__ كاسىنى ئۆسۈملۈكى.
[tʰoqʰunaq qʰaʁa] توقۇناق قاغا__ قۇزغۇن.

[alik$^{h}$ylyx] ئالىكۈلۈك__ ئالىقوڭغۇز.
[p$^{h}$aq$^{h}$ɯ lɛlɛʃ] پاقى لەلەش__ لەش.
[su mant$^{h}$isi] سۇ مانتىسى__ تۆگۈر، جۇۋاۋا، بەنشىر.
[jiŋgil] يىڭگىل__ يېقىن مەزگىل، يېقىن چاغ.
[jaŋgilivaʃt$^{h}$in\jɛŋgilivaʃt$^{h}$in] ياڭگىلىۋاشتىن\يەڭگىلىۋاشتىن__ يېڭىباشتىن.

قىسقىسى، ئىلى شېۋىسىدىكى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداشلىق قاتارى ھاسىل قىلىدىغان بۇ سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا تىل بايلىقىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلسا مەنىداشلار ئارىسىدا تاللاپ قوللىنىلىش ئىمكانىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، تىلدا مەنىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ دەل، توغرا ئىپادىلەش دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ.

### 2.1.3 ئەدەبىي تىلدىكى مەنىداشلار سۆزلەردىن ئىلى ئېغىزىدا تاللاپ قوللىنىلىدىغانلىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نۇرغۇن مەنىداش سۆزلەر بار، بىر قانچە مەنىداش سۆز بىر مەنىداشلار قاتارى ھاسىل قىلىدۇ. مەنىداشلار قاتارىدىكى بۇ بىر قانچە سۆز ئىچىدە بىرى بۇ ئېغىزدە تاللاپ قوللىنىلىدۇ، باشقىلىرى ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. بۇمۇ بۇ ئېغىزنىڭ سۆزلۈك قوللىنىش جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «ئاتا، دادا» سۆزلىرىدىن ئىلى ئېغىزىدا ئادەتتە «دادا» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «ئانا، ئاپا» سۆزلىرىدىن ئىلى ئېغىزىدا ئادەتتە «ئاپا» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. پەقەت «ئاتا-ئانىلار يىغىنى» دېگەندەك بىرىكمىلەردىلا «ئاتا، ئانا» سۆزلىرى قوللىنىلىدۇ. «ئاچا، ھەدە» سۆزلىرىدىن «ھەدە» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. «ماي، ياغ» سۆزلىرىدىن «ماي» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مەيلى ئۆسۈملۈك يېغى، مەيلى ھايۋانات يېغى، مەيلى باتارىيە، مەيلى بېنزىن، سەلەركە قاتارلىق يېقىلغۇلار بولسۇن، ھەممىسى «ماي» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ئوت، چۆپ» سۆزلىرى ئىچىدە، ئادەتتە «چۆپ» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ، پەقەت «ئوت-چۆپ»دىن ئىبارەت جۈپ سۆز شەكلىدە كەلگەندىلا «ئوت» سۆزى قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. پۇل بىرلىكلىرىدە «سوم، تىيىن» ئاتالغۇلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇلارغا مەنىداش بولغان، ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدىغان «كوي، پۇڭ» سۆزلىرى قوللىنىلمايدۇ. «قەلەمتىراچ، بەكە» سۆزلىرى ئىچىدە «بەكە» سۆزى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار سومكىسىنى ئىپادىلەيدىغان «جىلتا، بوخچا» سۆزلىرى ئىچىدە «جىلتا» سۆزى قوللىنىلىدۇ. «پەمىدۇر، شوخلا» سۆزلىرى ئىچىدە «پەمىدۇر» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، «شوخلا» سۆزى ئىشلىتىلمەيدۇ. (ئىلى ئېغىزىدا بۇنىڭغا يېقىن «شوخۇلا» سۆزى بار، ئەمما ئۇ پەمىدۇرنى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئۆسۈملۈك، يەنى كاكىنەچىنى كۆرسىتىدۇ.) «مېغىز، ئۇچكە» سۆزلىرى ئىچىدە «مېغىز» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. «سىيىر، ئىنەك» سۆزلىرى ئىچىدە ئىلگىرى كۆپ قوللىنىلغىنى «ئىنەك» سۆزى ئىدى، ھازىر ھەر ئىككىسى ئارىلاش قوللىنىلىدۇ.

### 2.1.4 مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر باركى، بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكى

شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، شەكىل جەھەتتە ئوخشاش سۆزلەردىن مەنە دائىرىسى ياكى ئىشلىتىلىشى ئۇسۇلى جەھەتتىن بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ سۆزلەردىكى پەرق مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ-تارلىقى، ئەينى بىر دائىرە ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كەڭ سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، شەكىل جەھەتتە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىدىن كەڭ. بۇنداق بولۇشى بىر قىسىم سۆزلەرگە ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، بىر قىسىم ئوخشىتىش مەنىلىرى يۈكلەنگەن بولۇپ، تېخىمۇ كەڭرى ۋە جانلىق قوللىنىلىدۇ ياكى بەزى سۆزلەرنىڭ باغلىنىدىغان سۆزلىرىنىڭ دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزنىڭ باغلىنىدىغان سۆزلىرى دائىرىسىدىن كەڭ بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ سۆزلەر بىلەن ئەركىن باغلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

[ast] ئاست__ ئەدەبىي تىلدا ئىپادىلىگەن مەنىلىرىدىن سىرت، ياش جەھەتتە ئۆزىدىن كىچىكلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

[aːʁamʧʰa] ئاغامچا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە مىقدار سۆز ئورنىدا 150 كىلوگرامغا باراۋەر ئېغىرلىق بىرلىكى ۋە تەخمىنەن 10 مېتىرغا باراۋەر ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

[aʁɯni\ɛʁɯn] ئاغىنە__ ئەدەبىي تىلدىكى «دوست» دېگەن مەنىسىدىن سىرت، يەنە «ئاكا-ئۇكا، قېرىنداش» مەنىسىنى بېرىدۇ؛ يىگىتنىڭ تويدا ساھىبخانلىق قىلىدىغان، ئەڭ يېقىن تەڭتۇش دوستلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[ala] ئالا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «چالا، تولۇق ئەمەس» مەنىلىرى بار.

[aval\ɛvɛl] ئاۋال\ئەۋەل_ ئەدەبىي تىلدا كۆپىنچە سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن سەل ئىلگىرىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئىلى ئېغىزىدا بۇلاردىن باشقا يەنە يىراق زامانغا نىسبەتەن قوللىنىلىپ «بۇرۇن، بۇرۇنقى چاغ» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ ۋە «باشلانمىسى، ئەڭ بېشى» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

[avumax] ئاۋۇماخ__ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ئاشماق، كۆپەيمەك» دېگەن مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە ھارۋا ياكى كۆلۈككە باسقان نەرسىنىڭ بىر يانغا ئېغىپ كېتىشى، ئادەمنىڭ ئېسىدىن ئېزىپ كېتىشى دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

[ajaχ] ئاياخ__ ئەدەبىي تىلدىكى «پۇت، ئاياغ كىيىم، تۆۋەن تەرەپ، ئاخىرى، داۋامى» دېگەن مەنىلەردىن باشقا دېھقانچىلىقتا يەنە تېپىش ئۇچۇن خامانغا دائىرە شەكلىدە يېيىلغان، ئۇلاغ ياكى تراكتورنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىدىغان باغ بۇغدايىنى كۆرسىتىدۇ.

[qʰol] قول_ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «بارماق» مەنىسى بار.

[ɛzɛl] ئەزەل__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «ئەسلا» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

[baːja] بايا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «ئەسلىدە» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

[pʰaʧʰaχ] پاچاخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىدا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ئۇلغۇچ، چوڭ ئۇزچاتدىن ئىبارەت ئوخشىتىش مەنىسى بار.

[qʰavul] قاۋۇل__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، ئادەمدىن باشقا شەيئىلەرگىمۇ قارىتىلىپ «ياخشى، يارامىلىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

[tʰapʰan] تاپان__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە دېھقانچىلىقتا كۆلەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ ۋاقىت بەلگىلەپ تۇتۇلىدىغان سۇ دېگەن مەنىسى بار.

[tʰajip] تايىپ__ ئەدەبىي تىلدىكى «تائىب» سۆزى ئاڭلاتقان مەنىلەردىن سىرت، يەنە كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەر گۇرۇپپىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە «يات ئاھالە، باشقا مىللەت» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

[sɛmirmɛx] سەمىرمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە سۇغا قارىتا قوللىنىلىپ، «ئۇلغايماق، كۆپەيمەك» مەنىسىدە كېلىدۇ.

[soʁulmaχ] سوغۇلماق__ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ئازلىماق، قۇرىماق، كېمەيمەك» دېگەن مەنىلەرگە يانداش ھالدا «تارتىلىپ كەتمەك، قىسقىرىماق، يىگىلىمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

[søkʰyʃ] سۆكۈش__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «تەنقىد» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

[ʃalaŋ] ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، ئابستراكت ئۇقۇملارغا قارىتا قوللىنىلىپ «ئاز، كۆپ ئەمەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

[ʁol] غول__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، «كۆپ، مول» دېگەن مەنىدە باشقا سۆزلەر بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ.

[qʰalaχ] قالاخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، «ئورىغا يالىتىلغان پاخال» مەنىسىنى ۋە «ئەخلەت ئالغۇچ، شازا» مەنىلىرىنى بېرىدۇ.

[qʰɯzil] قىزىل__ ئەدەبىي تىلدىكى رەڭ ھەققىدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «چەشلەنگەن بۇغداي» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[qʰɯpqʰɯzil] قىپقىزىل__ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش سۈپەت «قىزىل»نىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشتىن سىرت، «بەك، ناھايىتى، ئۇچىغا چىققان» دېگەن مەنىلەردە رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ.

[kʰɛsmɛx] كەسمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «بېكىتمەك» دېگەن كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ.

[kʰiʧʰix] كىچىك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەشكىمۇ قوللىنىلىپ، «ئاز، ئازراق» دېگەن مەنىسىدە كېلىدۇ.

[kʰøtʰɛx] كۆتەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «قالاق، قالدۇق، ئارقىدا قالغان» دېگەن كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ.

[ɦyrrɛx] ھۆررەك__ كۆچمە مەنىدە يەنە «ئۇششۇق، كۆكەمە، مۇتتەھەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

[ojmaχ] ئويماخ__ ئەدەبىي مەنىسىدىن سىرت، يەنە ئورما ئورىغاندا ئورغاقنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئورغاق تۇتمىغان قولنىڭ بارماقلىرىغا سېلىنىدىغان ھالقىسىمان بۇيۇمنى كۆرسىتىدۇ.

[uʧraʃmaχ] ئۇچراشماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى «ئۆزئارا ئۇدۇلىدىن، قارشىسىدىن چىقماق» مەنىسىدىن سىرت، يەنە «ئوخشاپ قالماق، ئورتاقلىقتا ئىگە بولماق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[yntʃʰɛ] ئۈنچە__ ئەدەبىي تىلدىكى «مەرۋايىت» مەنىسىدىن سىرت، يەنە بۇغداي ئورغاندا بىر ئورغاق سىلىشتا ئورۇلغان بۇغداينى كۆرسىتىدۇ.

[eʃɛx] ئېشەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە ئېگىز شاختىن ئالما ئۈزگەندە ئىشلىتىلىدىغان تۆت پۇتلۇق ئېگىز ئورۇندۇقنى كۆرسىتىدۇ.

[ɛl] ئەل__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «قول» مەنىسىنى، كۆچمە مەنىدە «چاما، ئىمكانىيەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

[silkʰiniʃ] سىلكىنىش__ ئەدەبىي تىلدىكى «مىدىرلىماق، تەۋرەنمەك» مەنىلىرىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە تويدا قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئالدى توسۇلغاندا يول توسقانلارغا ئاغامچا پۇلى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

[jaʁaʃ] ياغاش__ بۇ سۆز ئالدى بىلەن «دەل-دەرەخ» مەنىسىدە كېلىدۇ، ئاندىن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش دەل-دەرەخنىڭ پوست ۋە يوپۇرمىقىدىن باشقا كېسىلگەن، قۇرۇغان، قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

[burimaχ] بۇرىماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت يەنە، تاماكا ئوراشنى كۆرسىتىدۇ.

[ujumaχ] ئۇيۇماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە يېمەككە قارىتا «سوۋۇپ قالماق، تۇرۇپ قالماق» مەنىسى بار.

[buluŋ] بۇلۇڭ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، ئىلگىرى يەنە يۈز خو ياكى مىڭ موغا باراۋەر يەر ئۆلچەش بىرلىكى مەنىسىدە قوللىنىلغان.

[pʰom] پوم__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆمۈر ئۈۋۈندىسى بىلەن كالا تېزىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ پوملانغان يېقىلغۇنى كۆرسىتىدۇ.

[tʰɛskʰɛj] تەسكەي__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە كۆچمە مەنىدە ئادەم خاراكتېرىدىكى ناچار تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

[tʰyrmɛl] تۈرمەل__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «باغلام» مەنىسىدە مىقدار سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

[tʰylɛx] تۈلەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە بۈركۈت، قۇرغۇي قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىنىڭ بىر قېتىم تۈك تاشلىغان مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە كۆچمە مەنىدە «قۇۋ، تۈلكە» مەنىسىدا قوللىنىلىدۇ.

[ʤala] جالا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «ئاياللارنىڭ قوشۇمچە ئۆلانغان يالغان چېچى» مەنىسىنى ۋە «دەل-دەرەخلەرنىڭ يېڭى كۆكىرىپ چىقارغان پۆپۈكى»نى كۆرسىتىدۇ.

[ʤɛzχoː] جەزخو:__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە «جازانىخور، يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز پۇل تارقاتقۇچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

[ʤɛjnɛx] جەينەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە يەرگە قارىتا «ئۆلچەمسىز، بۇلۇڭلۇق بىر پارچە» مەنىسىدە كېلىدۇ.

[tʃʰalmaχ] چالماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «بىراۋنى گەپكە سېلىپ ئەخمەق قىلماق» مەنىسىدە كېلىدۇ.

[tʃʰam tʃʰapmaχ] چام چاپماخ__ ئەدەبىي تىلدا پەقەت «چام سالماق» سۆزى بار. ئىلى ئېغىزىدا ئۇنىدىن باشقا يەنە «چام چاپماق» سۆزى بار بولۇپ، كىشى بېشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماق مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[tʃʰøkʰyrmɛx] چۆكۈرمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «ئورۇق سالماق، تېرىماق» مەنىسى بار.

[χamt$^{h}$asma] خامتاسما__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «بوشاڭ، بولۇمسىز» مەنىسى بار.

[ʒygy:tmɛx] ژۈگۈ:تمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «تېزلەتمەك، ئالدىراتماق» مەنىسى بار.

[saz q$^{h}$ɯmmaχ] ساز قىمماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «ئەخمەق قىلماق، مالاڭ قىلماق» مەنىسى بار.

[soχmaχ] سوخماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «چىغ سوقىدىغان ياغاچ توقماق» مەنىسى بار.

[muɦɛbbɛt] مۇھەببەت__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «سىردىشىش، مۇڭدىشىش» مەنىسى بار. يەنى بۇ يەردىكى «مۇھەببەت» يالغۇز ئىشقى-مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى ئەل-ئاغىنىلەر ئارا مۇڭدىشىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[41]

[ojnimaχ] ئوينىماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «چاقچاقلاشماق، ئويناشماق، ئەخمەق قىلماق» مەنىسى بار.

[ʁasildimaχ] غاسىلدىماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «قاترىماق، ئالدىراپ ماڭماق»نى بىلدۈرىدۇ.

[ʁoza] غوزا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «قوۋزاق، پوزەك» مەنىسى بار.

[q$^{h}$ajrimaχ] قايرىماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، پىچاق بىلىمەك، مال-چارۋىنى ئارقىسىغا ياندۇرماق مەنىلىرى بار.

[q$^{h}$ulaχ] قۇلاخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، مىقدار سۆز ئورنىدا كىچىك بىر ئېرىق سۈنى كۆرسىتىدۇ.

[q$^{h}$um] قۇم__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، كۆچمە مەنىدە «تولا سۆزلەيدىغان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

[q$^{h}$ɯr] قىر__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «تاغ-دالا، يايلاق، سىرت» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[ɦɛ dimɛk] هە دېمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «راسا، تازا: ماقۇل دېمەك، قوللىماق، يول قويماق» مەنىلىرى بار.

[tʃ$^{h}$oqq$^{h}$a] چوققا__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن شىرت، تاغ چوققىلىرىدىن ئېلىنىدىغان قاتتىق قېتىپ كەتكەن شورلۇق ئارىلاشما سېغىز تۇپىنى كۆرسىتىدۇ.

[tʃ$^{h}$eq$^{h}$ɯn] چېقىن__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «تاغ قىيالىرى، تاغنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان يار» دېگەن مەننى بېرىدۇ.

[tʃ$^{h}$iŋgiz] چىڭگىز__ بۇ سۆز ئالدى بىلەن تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئەدەبىي تىلدىكىدەك كۆچمە مەنىدە «چىڭ، پىخسىق، بېخىل» مەنىلىرىنى بېرىدۇ.

[doq$^{h}$a] دوقا__ ئالدى بىلەن سۆرەم سۆرىگەندە كالىنىڭ بوينىغا سالىدىغان ئەگىر ياغاچنى كۆرسىتىدۇ، ئۇندىن باشقا ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىمۇ بار.

[dik$^{h}$ilimɛx] دىكىلىمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، «تىرەلمەك، جەينەك تىرەپ تۇرماق» مەنىلىرى بار.

[ʒin] ژىن__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «ئۇچەي» مەنىسىدە

[41] بۇ سۆزنىڭ ئىلى ئېغىزىدىكى مەنىسى تۈرك تىلىدىكى مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

قوللىنىلىدۇ.

[sɛkriʃ\sɛkrɛʃ] سەكرىش\سەكرەش__ كوممۇنا مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ ئادەتتىكى ئەمگەك ۋاقتىدىن سىرت قوشۇپ ئىشلەيدىغان ئەمگىكىنى كۆرسەتكەن.

[sorun] سورۇن__ ئەسلى «خاماندا سورۇق سورۇيدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇندىن سىرت، ئەدەبىي تىلدىكىدەك كۆچمە مەنىدە «كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى تۈزۈلگەن جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

[ʤirim] جىرىم__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە بەزى جايلاردا «بەلباغ، تاسما» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

[ʧʰømmɛx] چۆممەك__ بۇ «چۆم» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك شەكلى بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا پەقەت «نۇرغا چۆممەك» دەپ قوللىنىلىدۇ، ئىلى ئېغىزىدا يەنە سۇغا چۆشۈشكە قارىتامۇ قوللىنىلىدۇ.

[bajɯqʰɯ\abajɯqʰɯ] بايىقى\ئابايىقى__ ئەدەبىي تىلدا «بايىقى» سۆزى «بايا، ھېلى يۈز بەرگەن» مەنىلىرىدە كېلىپ، ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بۇ مەنىسىدىن باشقا بەزىدە «ئەلۋەتتە شۇنداق» دېگەن مەنىدە كېلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[pʰørɛ] پۆرە__ ئەدەبىي تىلدىكى تاماق تۈرى مەنىسىدىن سىرت، «قارىياغاچ چېچىكى» دېگەندىن ئىبارەت يەنە بىر مەنىسى بار.

[yzym] ئۈزۈم__ بەزى جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكى ئۈزۈم ۋە ئۈجمىنى تەڭ كۆرسىتىدۇ. ئايرىپ ئاتاش توغرا كەلسە ئۈزۈم «*ساپ ئۈزۈم*»، ئۈجمە «*شاخ ئۈزۈم*» ياكى «*دەرەخ ئۈزۈم*» دەپ ئاتىلىدۇ.

[bɛt] بەت__ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا «يۈز، تەرەپ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسىمۇ، باغلىنىدىغان سۆزلىرىنىڭ دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپ.

[ulʁajtmaχ] ئۇلغايتماخ__ ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئاشۇرماق، كۆچەيتمەك» مەنىلىرىدە كېلىدۇ، لېكىن باغلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كەڭ، يەنىمۇ كۆپ ئابستراكت شەيئىلەرگە قوللىنىلىدۇ.

[ʧʰolaχ] چولاخ__ ئۇلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپ. مەسىلەن، *ʧʰolaχ pʰima* : كالتە قونجلىق پىما؛ *ʧʰolaχtʰerɛx* : يەر نامى.

[asav] ئاساۋ__ باغلىنىدىغان سۆزلەر دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپ.

[ʃoar] شوئار__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «يولتۆز شەكىللىك، بۇرجەكلىك» مەنىسىنى بېرىدۇ.

[χop] خوپ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «بەك» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

[ujumaχ] ئۇيۇماخ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «سوۋۇماق، تورۇپ قالماق» مەنىسى ۋە «ناھايىتى تېز پىرقىراپ تېنچ تۇرغاندەك ھالەتتە كۆرۈنمەك» مەنىسى بار. بۇ پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى ujdurivɛtmɛx بولۇپ، «ناھايىتى قاملاشتۇرماق» مەنىسىدە.

[gidɛjmɛx] گىدەيمەك__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە «ئورۇقلۇق ياكى كېسەللىكتىن كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتمەك» مەنىسى بار.

**2. مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن تار سۆزلەر:**

ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، شەكىل جەھەتتە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىدىن تار. بۇ سۆزلەر نۇتۇقتا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇقۇملارنى پارچىلاپ تېخىمۇ ئىنچىكە، ئېنىق

ئىپادىلەش ئۇچۇن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

[aʃ vaχt$^{h}$i] ئاش ۋاختى__ ئىلى ئېغىزىدا چۇشتىن بۇرۇن سائەت 10 لار ئەتراپىدىكى مۇقىم ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. دېھقانلار ئادەتتە سەھەردە ئاز-تولا ناشتا قىلىپلا ئېتىزغا ئىشقا چىقىپ كېتىدۇ، كەينىدىن بالا-چاقىلىرى بىر ۋاق تاماقنى ئېلىپ ئېتىزغا بارىدۇ، بۇ دەل مۇشۇ ۋاقىت.

[jelin] يېلىن__ هايۋانلارنىڭ ئەمچىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەملەرگە قارىتا قوللىنىلمايدۇ.

[t$^{h}$oŋk$^{h}$aj] توڭكاي__ ئەدەبىي تىلدا «چوڭ سۆڭەك» مەنىسىدە قوللىنىلسا، ئىلى ئېغىزىدا پەقەت كالا ئوشۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

[q$^{h}$aʁdal] قاغدال__ ئەدەبىي تىلدا «قۇرىغان ياغاچ» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا پەقەت «قوناق شېخىنىڭ كۆتىكى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**3. مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان سۆزلەر:**

ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، شەكىل جەھەتتە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋال بار. يەنى ئەدەبىي تىلدا باشقا مەنە، ئىلى ئېغىزىدا باشقا بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

[q$^{h}$ɯjma] قىيما__ لەغمەن قاتارلىق خېمىرلىق تاماقلاردا «خېمىر ئۈستىگە سېلىنىدىغان قورۇما» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[gɛp oʁrisi] گەپ ئوغرىسى__ باشقىلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ، گەپ ئېلىشقا ماھىر كىشى. بۇ سۆزدە سەلبىي تۈس يوق، چاقچاق تۈسى بار.

[mɛrmɛrt$^{h}$aʃ] مەرمەرتاش__ ئەدەبىي تىلدىكىدەك مەرمەر تاختا تاشنى ئەمەس، بەلكى بالىلار ئوينايدىغان ئۇششاق مەرمەر شارچىنى كۆرسىتىدۇ.

[ot$^{h}$unluχ] ئوتۇنلۇق__ ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئوتۇن كۆپ جاي» مەنىدە ئەمەس، بەلكى ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى «ئوتۇن قويىدىغان جاي» مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

[uq$^{h}$aχ t$^{h}$a:tmaχ] ئۇقاخ تاتماخ__ ئەدەبىي تىلدىكىدەك «پاناھ تارتماق» مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى «غەم يېمەك، كۆيۈنمەك، سېغىنماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

[ømsɛ] ئۆمسە__ ئەدەبىي تىلدا «غەلىتە، ئاجايىپ، بۆلەكچىلا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ، ئىلى ئېغىزىدا «خاپىغان، چىرايى سۇلغۇن» مەنىدە ۋە يەنە «ئەركە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[ɛlɛŋgy] ئەلەڭگۈ__ ئەدەبىي تىلدا «ئېزىتقۇ، ئالۋۇن» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا «يالقۇن» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇندىن سىرت «*ئەلەڭگۈلىمەك*» شەكلىدە پېئىل بولۇپ «يالقۇنلىماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

[ajɛm] ئايەم__ ئەدەبىي تىلدا «بايرام» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، ئىلى ئېغىزىدا ھېيتتىن ئىلگىرىكى ئىككى كۈننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى كۈننىڭ ئالدىنقى كۈن *يالغان ئايەم*، كېيىنكى كۈن *راست ئايەم* دېيىلىدۇ.

[ɦɛ:q$^{h}$ajsi] ھە:قايسى__ «كۆپچىلىك، جامائەت، خەق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[t$^{h}$optʃ$^{h}$a] توپچا__«ئاتنىڭ ئارقا پۇت يىلىكىنىڭ بېشى» مەنىسىدە ۋە «گىرە، گىرەچە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[ʤoʁdaj] جوغداي__ ئەدەبىي تىلدا «تۆگىنىڭ بوينى ۋە تىزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن يۇڭلار» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئىلى ئېغىزىدا «خورازنىڭ بويۇن تۈكى» مەنىسىدە

قوللىنىلىدۇ.

[$t^{h}oq^{h}uma$] توقۇما__ ئەدەبىي تىلدا «توقۇلغان رەخت» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا «توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[$t^{h}$øzmɛx] تۆزمەك__ ئەدەبىي تىلدا «بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا «ئۆگىنىپ قالماق، كۆنمەك» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[$ʧ^{h}$om] چوم__ ئەدەبىي تىلدا «تۆگىگە توقۇلىدىغان توقۇم» مەنىسىدە، ئىلىدا «ئېشەككە توقۇلىدىغان توقۇم» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[$doq^{h}$al] دوقال__ «پەسىل ئالمىشىش ۋاقتىدا بولىدىغان ھاۋا توقۇنۇشى ياكى جۇدۇن ـ چاپقۇن» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[ʒiɣ] ژىگ__ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى «باش سۆڭىكى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[sɛxsɛx] سەكسەك__ ئالدى بىلەن «تېز يۈگرەيدىغان بىر خىل كىچىك ھايۋان» مەنىسىدە، ئاندىن كۆچمە مەنىدە «ئۆيمۇ ـ ئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدىغان كىشى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

[$lep^{h}$iz] لېپىز__ ئەدەبىي تىلدا ئىشتاننىڭ باغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتۇرۇپ تىكىلگەن يېرى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا ئىشتان، چاپاننىڭ تۆۋەن تەرەپ گىرۋىكىنىڭ ئىچىگە قاتلىنىدىغان قىسمى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

[$qart^{h}$a] قارتا__ بۇ سۆز ئىلى ئېغىزىدا «سۈرەت» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. (ئەدەبىي تىلدىكى «قارتا» سۆزى بولسا، ئىلى ئېغىزىدا «كورت» دېيىلىدۇ.)

[$q^{h}$enɯɣmaχ] قېنىخماخ__ ئەدەبىي تىلدا «قانماق» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا «قېتىرقىنماق، قىزىقماق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[$k^{h}$ɛrgɛ] كەرگە__ ئەدەبىي تىلدا نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېچىش، كېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا كىگىز ئۆينىڭ ياغاچ شادىلىق تېمى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[$laŋq^{h}$a] لاڭقا_ ئىلى ئېغىزىدا غورۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى تىك ياغاچ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىي تىلدا كۆچمە مەنىدە «ئورۇق ھەم ئېگىز، لەقۋا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

[$nezɯq^{h}$umaχ] نېزىقماخ__ ئەدەبىي تىلدا «قېيداش، نارازى بولۇش» مەنىسىدە، ئىلى ئېغىزىدا «ئىككىلىنىش، تارتىنىش، تەكەللۇپ قىلىش، ياراتماسلىق» مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

[gøʃnan] گۆشنان__ ئەدەبىي تىلدا «گۆشنان» ئاتالغۇسىغا «ئىچىگە گۆش قىيمىسى سېلىپ يېقىلغان نان» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئىلىدا گۆشناننىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ، تونۇردا يېقىلمايدۇ، ئۇ قازاندا مايغا داغلاپ پىشۇرۇلىدۇ، بەزىدە بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە هوردا دۈملىنىدۇ.

[sɛlijaχun] سەلىياخۇن__ ئەسلىدە كىشى ئىسمى، كۆچمە" مەنىدە پۇل: يەنى ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قەغەز پۇلنى كۆرسىتىدۇ.

[iʃmɛx] ئىشمەك__ ئەدەبىي تىلدا سۇيۇقلۇق ئىستىمالىغا قارىتىلىدۇ، ئەمما ئىلىنىڭ قاينۇق، قاش يېزىلىرىدا بەزى قويۇق يېمەكلىكلەر ئىستىمالىغىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «لەغمەن» سۆزى بىلەن بىرلىشىپ، «لەغمەن ئىشمەك» دېيىلىدۇ.

[$ʧ^{h}$exmɛk] چەكمەك__ ئەدەبىي تىلدا «تاماكا» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «تاماكا

چەكمەك» دەپ قوللىنىلىدۇ، ئىلىنىڭ قاينۇق قاتارلىق جايلىرىدا «شىمشىكا» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «شىمشىكا چەكمەك» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئەدەبىي تىلدىكى شۇ سۆزنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىدىن پەرقلىق هالدا قوللىنىلىدۇ. بۇ مۇشۇ رايون تىل ئالاھىدىلىكى بولۇش بىلەن بىللە ئەدەبىي تىلدا سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

### 2.1.5 تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى

ئىلى ئېغىزىدا يەنە ئەدەبىي تىلدا ئۇچرىمايدىغان نۇرغۇن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ماقال-تەمسىللەر بار. ئەلۋەتتە، بۇ تۇراقلىق بىرىكمىلەرمۇ خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك هايات داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن هايات خۇلاسىلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئېغىزى سۆز بايلىقىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. بۇلارنى ئۆگىنىش، كەڭ قوللىنىش ئوخشاشلا ئەدەبىي تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغۇسىدۇر.

#### 2.1.5.1 ئىدىئوملار

ئىدىئوملار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ تۇراقلىق شەكىلدە بىرىكىپ بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ۋە كۆپىنچە يېڭى بىر كۆچمە مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدىغان ئىدىئوملاردىن باشقا يەنە ئەدەبىي تىلدا بولمىغان يەنە بىر تۈركۈم ئىدىئوملار بار. مەسىلەن:

[dozaχ ʃot$^h$isi] دوزاخ شوتىسى__ بەك ئېگىز.

[ala k$^h$øz] ئالا كۆز__ يامان نىيەت، يامان نەزەر.

[aχ t$^h$asma] ئاخ تاسما__ بوشاڭ، بولۇمسىز.

[ɛːk$^h$ɛk su] ئەكەك سۇ__ تاغنىڭ ئېقىپ تۇرغان قۇۋۋەتلىك، پاكىز سۈيى.

[ovaː t$^h$ɛkk$^h$yr] ئوۋا تەككۇر__ جىن تەككۇر.

[t$^h$oq et$^h$ɛː jeri] توق ئېتە: يېرى__ نەق گەپ، گەپنىڭ نەق مۇھىم قىسمى.

[p$^h$itʃ$^h$aq utʃ$^h$i] پىچاق ئۇچى__ ئازراق.

[esiri baː] ئېسىرى با:__ مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، ساراڭ قېتىش.

[bir t$^h$oʁram] بىر توغرام__ بىر جايدا ئولتۇرالمايدىغان، شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان.

[saraŋ tʃ$^h$eliʃ] ساراڭ چېلىش__ ساراڭ قېتىش.

[zidi jaman] زىدى يامان__ نىيىتى يامان، ئىچى قارا، تېگى يامان.

[ɦøkmi baʃq$^h$a] هۆكمى باشقا__ باشقىچە، ئالاهىدە، ئادەتتىن تاشقىرى.

[dym k$^h$ømt$^h$yrmɛ gɛp] دۈم كۆمتۈرمە گەپ__ تەتۈر گەپ، تەنە.

[ɛzmisini ɛzmɛx] ئەزمىسىنى ئەزمەك__ ئەزمىلەشمەك، تىلىنى چاينىماق، بەك ئاستا ئىش قىلماق.

[ojun balisi] ئويۇن بالىسى__ ئويۇنچى بالا، ئويۇنغا ئامراق بالا.

[øvɛxt$^h$ɛ jatmaχ] ئۆۋەكتە ياتماخ__ ئېغىر ئاغرىق ئادەمنىڭ ئاۋايلاپ سەگەنچۈككە سېلىپ ياتقۇزۇلۇشى؛ بوۋاقلارنىڭ هېچنېمىنى سەزمەي تاتلىق ئۇخلاپ

كېتىشى.

[øvɛkkʰɛ ʧʰyʃyp qʰa:maχ] ئۆۋەككە چۈشۈپ قا:ماخ__ جان چىقىشنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىنى سەزمەي تىپ-تىنچ يېتىپ قالماق؛ سەكراتقا چۈشۈپ قالماق.

[iʃixkʰɛ ʧʰɯχmaχ] ئىشىككە چىخماخ__ تەرەت سۇندۇرغىلى چىقماق.

[buqʰɯ baʁlimaχ] بۇقى باغلىماخ__ بىخ چىقارماق.

[aχtʰa qʰa:maχ] ئاختا قا:ماخ__ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ھەممىدىن قۇرۇق قالماق، ھېچنېمە قىلالماي قاراپلا قالماق.

[qʰɯzil iʃtʰanni beʃɯʁa kʰijip ʧʰɯχmaχ] قىزىل ئىشتاننى بېشىغا كىيىپ چىخماخ__ كوچىغا چىقىپ بىشەملىك بىلەن جىدەل چىقىرىشقا ئۇرۇنماق.

[gɛpkʰɛ qʰonaχ bɛ:mɛslix] گەپكە قوناخ بە:مەسلىك__ گەپنى تولۇق قىلغىلى قويماسلىق، گەپنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىماسلىق، گەپنى ئۈزۈۋەتمەك، گەپ بەرمەسلىك.

[beʃɯʁa sirkʰɛ qʰujiva:maχ] بېشىغا سىركە قۇيىۋا:ماخ__ ئۆزىگە ئۆزى تۈگمەس ئاۋارىچىلىق تېپىۋالماق، ئۇشۇقچە قالايمىقانچىلىقتا قالماق.

[beʃini ʁaʤap oltʰa:maχ] بېشىنى غاجاپ ئولتا:ماخ__ كىشىگە ئارىلاشماي، يالغۇز ئوچاق بولۇپ ئۆتمەك.

[beʃini oʧʰaχ etʰivɛtmɛx] بېشىنى ئوچاخ ئېتىۋەتمەك__ تولا سۆزلەپ بېشىنى ئايلاندۇرىۋەتمەك، تولا تاپا-تەنە قىلىپ زېرىكتۈرىۋەتمەك.

[beʃi iʃʃip qʰa:maχ] بېشى ئىششىپ قا:ماخ__ ئەخمەقلىق قىلماق، ساراڭ بولۇپ قالماق.

[saqʰɯlɯʁa ot kʰɛtmɛx] ساقىلىغا ئوت كەتمەك__ جىددىي ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق.

[pʰøpʰyɣɯ suʁa ʧʰilaʃmaχ] پۆپۈگى سۇغا چىلاشماخ__ تەلپىكى سۇغا چىلاشماق، ئىشى ئاقماس، گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالماق.

[i̥t tʰykʰini jɛp kʰɛtmɛx] ئىشت تۈكىنى يەپ كەتمەك__ ئىتلارنىڭ كېچىچە توختىماي قاتتىق قاۋاپ چىقىشى.

[burutʰini jikʰɛndɛ a:maχ] بۇرۇتىنى يىكەندە ئا:ماخ__ ئەپلىمەك، جايلىماق، جاجىسىنى بەرمەك.

[bosuʁa bolalmaslɯχ] بوسۇغا بولالماسلىخ__ تەڭ بولالماسلىق، ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك.

[tʰøt tʰoxtʰox] تۆت توك-توك__ سانى ئاز، تەسىرى ئاجىز، چوڭ ئىش قىلغۇچىلىكى يوق.

[ʤanʁa tʰørɛjdɯʁan] جانغا تۆرەيدىغان__ جانغا جاپا، ئۆلەرمەن، كىشىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان.

[beʁɯr basmaχ] بېغىر باسماخ__ ئۆزلىشىپ قالماق، يەرلىشىپ قالماق.

[saʁdɯqʰɯni asmaχ] ساغدىقىنى ئاسماخ__ غەزەپلەنمەك، ئۇرۇشۇشقا تەييارلانماق.

[sajisɯʁa qʰarimaχ] سايىسىغا قارىماخ__ ئۆزىنى ياساپ يۈرمەك، تەرزىنى تۈزمەك.

[ʧʰala kʰørɛŋ] چالا كۆرەڭ__ ھالىغا باقماي كۆرەڭلەيدىغان، ماقتانچاق، مەمەدان.

[bir tʰasqʰam] بىر تاسقام__ ساراڭ قىتىش، ئىسرى بار، مېڭىسىنىڭ سۆيى بار.

[ʁoʤi kʰø:sun] غوجى كۆ:سۈن__ يۇقىرىدىكىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىشنى كۆرسىتىپ قىلىدىغان، ياخشىچاق بولۇشقا خۇشتار.

[pʰana qʰaχmaχ] پانا قاخماخ__ گەپكە ئىزاھ بەرمەك، گەپنى تولۇقلىماق.

[tʰytʰyn ʒutmaχ] تۈتۈن ژۇتماخ__ ئاچچىق يۇتماق، ھەسرەت چەكمەك، دىلى غەش بولماق.

[tʰiluʁa dɛzmal sa:maχ] تىلىغا دەزمال سا:ماخ__ گەپنى ئويلىشىپ قىلماق، يامان سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش.

[qʰoltʰɯqʰɯʁa qʰɯsmaχ] قولتىقىغا قىسماخ__ قوينىغا ئالماق، ئارىغا ئالماق.

[ʧʰimi ʧʰiŋ] چىمى چىڭ__ تېگى مۇستەھكەم، دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان، گېپىدىن يانمايدىغان.

[ʒip atlap kʰɛtmɛx] ژىپ ئاتلاپ كەتمەك__ گەپنىڭ تېمىسىنى تۇيۇقسىز يۆتكەپ كەتمەك، قايمۇقۇپ تېمىدىن چەتنەپ كەتمەك.

[syzme ɦaltʰisi qʰɯlivɛtʰmɛx] سۈزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك__ ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەك.

[serɯχ tʰykʰi tʰɛtʰyr tʰyrylyp kʰɛtmɛx] سېرىخ تۈكى تەتۈر سۈرۈلۈپ كەتمەك__ مۇزلىماق، توڭلىماق.

[serɯχ etʰigɛ kʰiriva:maχ] سېرىخ ئېتىگە كىرىۋا:ماخ__ ئىشەنچىگە ئىگە بولىۋالماق، قېتىغا كىرىۋالماق.

[sirkʰisi su kʰøtʰɛ:mɛjdɯʁan] سىركىسى سۇ كۆتە:مەيدىغان__ چاقچاق كۆتەرمەيدىغان، تەبىئىتى نازۇك.

[ʃopʰu: eʁɯz] شوپۇ ئېغىز__ خەققە گەپ بەرمەيدىغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن گەپ بۇلايدىغان: گەپ توشۇيدىغان.

[noχulisini a:maχ] نوخۇلىسىنى ئا:ماخ__ جاجىسىنى بەرمەك، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالماق.

[qʰɛddi guva: bo:p qʰa:maχ] قەددى گۇۋا: بو:پ قا:ماخ__ قېرىپ ھالىدىن كەتمەك.

[qʰumdin ʒip ɛʃmɛx] قۇمدىن ژىپ ئەشمەك__ خام-خىيال قىلماق، ھېيلە-مىكىر ئىشلەتمەك.

[øpkʰɛ baʁrini qʰaχmaχ] ئۆپكە-باغرىنى چاخماخ__ كۆيۈنمەك، مېھرىبانلىق قىلماق.

[arisidin ala møʃyx øtʰyp kʰɛtmɛx] ئارىسىدىن ئالا مۆشۈك ئۆتۈپ كەتمەك__ ئۆزئارا رەنجىشىپ، قېيدىشىپ قالماق، ئارىلىقىغا سوغۇقچىلىق چۈشمەك.

[qʰoli giri] قولى گىرى__ قولى گال، نائۇستا.

[qʰulaχ qʰaχmaq] قۇلاخ قاخماق__ ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق.

[buqʰɯ baʁlimaχ] بۇقى باغلىماخ__ بىخ چىقارماق.

[pʰaqʰam ɛtmɛx] پاقام ئەتمەك__ باغرىنى باغرىغا ياقماق.

[ʤuldu kʰɛtkʰɛn] جۇلدا كەتكەن__ جۇلدارىغان، كونىرىغان، ئادەت بولۇپ قالغان، ئېرىسىيەت قالغان.

[ʤuluʁɯ ʧʰɯqʰɯp kʰɛtmɛx] جۇلۇغى چىقىپ كەتمەك__ كونىراپ جۇل-جۇل

بولۇپ كەتمەك، ئەسكىرەپ كەتمەك، يىرتىق-ياماق بولۇپ كەتمەك.

[ʧʰala kʰørɛŋ] چالا كۆرەڭ__ هالىغا باقماي كۆرەڭلەيدىغان، ماختانچاق، مەمەدان.

[ʧʰavurup kʰɛtmɛx] چاۋۇرۇپ كەتمەك__ ئوتتا كۆيگەندىن كېيىن بەدەن بۆرتۈپ چىقىپ كەتمەك، نان ياققاندا چالا پىشىپ نان يۈزىدە تۆشۈكچىلەر پەيدا بولماق.

[ʤir sijmɛx] جىر سيىمەك__ قاتتىق قورقۇپ كەتمەك، قورققىنىدىن نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان بولۇپ قالماق.

[ʤirim baʁlimaχ] جىرىم باغلىماخ__ سۇ يۈزىنى نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتماق.

[ʤin tʰasqʰɯmaχ] جىن تاسقىۋەتكەن__ ساراڭ چېلىش.

[ʧʰekʰilɛlɛŋ boːp ʒyːmɛx] چېكى لەلەڭ بوپ يۈرمەك__ لەلەڭشىپ يۈرمەك، لاغايلاپ يۈرمەك.

[dyr ʧʰɯqʰɯp qʰaːmaχ] دۈر چىقىپ قا:ماخ__ تەڭ كېلىپ قالماق، تاقابىل تۇرىدىغان كىشى چىقىپ قالماق.

[demi ʁɯza qʰɯːmaχ] دېمى غىزا قى:ماخ__ قورساقنىڭ ئاچلىقىنى باسقۇدەك ئازراق بىر نەرسە يەپ تۇرماق.

[ʧʰeʁɯni ʧʰaʁlimaχ] چېغىنى چاغلىماخ__ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتماق، ئۆزىنى چاغلىماق.

[bosuʁa bolammaslɯχ] بوسۇغا بولاماسلىخ__ ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك، تەڭ بولالماسلىق.

[eʃɛx tʰuʁdi qʰɯlivɛtmɛx] ئېشەك تۇغدى قىلىۋەتمەك__ پاسكىنا قىلىۋەتمەك، قالايمىقان قىلىۋەتمەك.

[ajuʁɯ sujulup qʰaːmaχ] ئايىغى سۇيۇلۇپ قا:ماخ__ بېرىش-كېلىشى كۆپىيىپ قالماق، ئايىقى چاققانلىشىپ قالماق.

[børɛ tʰerisini kʰijmɛx] بۆرە تېرىسىنى كىيمەك__ ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز تۇتۇلۇشى ياكى ئادەمنىڭ غەزەپلىنىپ تەرىنىڭ تۈرۈلۈشى.

قىسقىسى، ئىلى ئېغىزىدا يۇقىرىقىدەك ئاز بولمىغان خاس ئىدىئوملار بار. بۇ ئىدىئوملار تىلدا مەزمۇننى ئىخچام، جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئويناي‌دۇ. بۇ ئىدىئوملارمۇ ئوخشاشلا تىل بايلىقىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قەدىرلەنگۈسىدۇر.

## 2.1.5.2 ماقال-تەمسىللەر

ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلاردا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا، رېئال قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن ماقال-تەمسىللەر بار. بۇلار خەلقىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يىغىنچاقلانغان ئىلمىي خۇلاسىلىرىدۇر. ھەمدە بۇ ماقال-تەمسىللەر ئىچىدىمۇ بەزى دىئالېكت سۆزلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھازىرغىچە ئەدەبىي تىل دائىرىسىدە تونۇلمىغانلىرى بار. بۇ مەنىۋى مىراسلارنى يىغىش، تونۇش، ھەمدە بۈگۈنكى خىزمەت قىلدۇرۇش يەنە ئوخشاشلا بىزنىڭ تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇش، مەنىۋىيىتىمىزنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملىدىن ئىلى ئېغىزىدىمۇ كۆمۈلۈپ ياتقان نۇرغۇن قىممەتلىك ماقال-تەمسىللەر

بار. مەسىلەن:

**ئارپا ئەككەن ئارپا ئالار، بۇغداي ئەككەن بۇغداي:** «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن ماقال بىلەن مەنىداش بولۇپ، قايسى ئىشقا ئەجىر قىلساڭ شۇنىڭ مۇناسىپ نەتىجىسىنى كۆرىسەن دېگەن مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرنى كەسسەڭ ئوننى ئەك:** تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراش، دەرەخنى ئاز كېسىش، كۆپلەپ كۆچەت تىكىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاتىنىڭ يامىنى تەپكەك، خوتۇننىڭ يامىنى سەكسەك:** كۆرۈنگەن ئۆيگە دوقۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىلىدۇ.

**كونا كولچەكنىڭ ئېشى تاتلىق:** يېڭىنى كۆرگەندە كونىنى تاشلىماسلىق، كونىنىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى:** تەييارتاپلىق، تىلەمچىلىك ۋە سۇخەنچىلىك قامچىلىنىدۇ.

**چېكىشمىگىچە بېكىشمەس:** «ئېلىشمىغىچە تېپىشماس» دېگەن ماقال بىلەن مەنىداش.

**قالماق ئېتى يەم يېمەس، يەم يېسە دورىا تېشەر:** «موللام كۆلمەيدۇ، كۆلسە تېلىقىپ قالار» دېگەن ماقالغا مەنىداش.

**يا قايىنامدىن چىقار، يا سايرامدىن:** ئىشلاردا ھەر خىل نەتىجە چىقىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقى، كۈتۈش لازىملىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**سېزىكى بار سەكرەيدۇ، بەزگىكى بار تىترەيدۇ:** «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك» دېگەن ماقالغا مەنىداش بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ باشقىلار بىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئۆز ئۆزىدىن شۈبھىلىنىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**خۇدانىڭ جامالىنى كۆرىمەن دېسەڭ تاغقا چىق، بۇغا-مارالدىن قورقساڭ ئىسلامبايدەك شاخقا چىق:** ئىلىنىڭ ھېكىمبېگى نەزەرخان خوجا بىر قېتىم بايتوقاينىڭ بايلىرى بىلەن تاغقا شىكارغا چىقىپتۇ. ئاردا ئىسلامباي دېگەن كىشى نەرسە-كېرەكلەرگە قارىغاچ ئۇۋلاقتا قاپتۇ، باشقىلار تاغ ئارىلاپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا بىر بۇغا ئۇۋلاققا يېقىنلاپ كەپتۇ. ئىسلامباي بۇ ھايۋاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قورقۇپ دەرەخقا چىقىۋاپتۇ. باشقىلار قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنى قاتتىق مەسخىرە قىلىشىپتۇ. نەزەرخان خوجا بىر تاختا ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىرنى يېزىپ قويۇپتۇ. كېيىنچە بۇ گەپ خەلق ئىچىگە تارىلىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ماقالغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

**باينىڭ كۆشۈكى توختايدۇ:** كۆشۈكتە ئادەتتە سۇ توختىمايدۇ، ئەمما «باينىڭ كۆشۈكىدە سۇ توختايدۇ». بۇنىڭدا بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ تەقدىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، تەڭسىزلىككە بولغان نارازىلىق ئىپادىلەنگەن.

**بىر ئىشقا ئىگەك كۆتۈرۈپ، يەنە بىرسىنى سىلىۋېتىمىز:** بۇ يەردە بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ئىشنى ئۇغرىلىقچە پۈتتۈرۈۋېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازى كۆرسىتىلىدۇ.

**توققۇزى بايتالغا تارتسا، بىرى ئايغىرغا تارتىدۇ:** بالىلارغا قارىتا ئانا تەربىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، بالىلارنىڭ كۆپىنىڭ مىجەز-خۇلقىنىڭ ئانىغا قارىغاندا ئاتىنى بەكرەك تارتىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**سايدا تاش تېپىلماپتۇ، ئاختامىدا داڭگال:** ئەسلىدە شۇ يەردە كۆپ بولۇشقا

تېگىشلىك نەرسىنىڭ ئەكسىچە ئاز بولۇپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

**خەقنىڭ ياخشىسىغا ياندىشما، ئۆزەڭنىڭ يامىنىدىن قاچما:** ئۆز قەۋمىگە سادىق بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ.

**ئېكىننى ئەرتە ئەككەن، هوسۇلنى ئەرتە ئورار:** ھەرقانداق ئىشنى بالدۇر باشلىسا، نەتىجىسىنى بالدۇر كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**بىر تۈلكىنىڭ شۇملىقىدىن مىڭ توقايغا ئوت كېتىپتۇ:** بىر يامانىنىڭ خاتالىقىدىن نۇرغۇن كىشىلەرگە زەرەر يېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**چۆجىنىڭ شۇملىقىدىن مېكىياننىڭ ئەمچىكى يوق:** «ئېشەككە بىلىپ مۆڭگۈز بەرمەپتۇ» دېگەن تەمسىلگە مەنىداش.

**يەتتى بار، چىراغى يوق:** ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنىڭ تولۇق بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىلىدۇ.

**شەھەرنى ئالدى قوڭتاجى، يالاڭ قالماق بىلەن ناجى:** جوڭغارلار دەۋرىدىكى «خۇنتەيجى، ناجى» قاتارلىق موڭغۇللارنىڭ يۇرتىمىزدا جاھان سورىغانلىقى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بەزىدە يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**قېرىلىق چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ:** ئۆمۈرنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكى، ياشلىقنىڭ تېزلا كېتىپ، قېرىلىقنىڭ ئۇزاققا قالماي يېتىپ كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئەل جېنى بىلەن، ھەش قىز ئېرى بىلەن:** خەق مۇھىم، جىددى ئىش بىلەن بولىۋاتسا، بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**تەپكەكنىڭ موزىيى تەپكەك بولۇر:** ئاتا-ئانا مىجەز خۇلقى، تەربىيىسىنىڭ بالىلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ يېنىدا:** بەزى ئادەملەرنىڭ بىرى-بىرىدىن ئۆتە چىدىماس كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاتىسى باشقىنى نىكاھ قوشىدۇ، ئۆيۈرى باشقىنى خۇدا:** تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغانلىقى، بەزىدە ئويلىمىغان يەردىن يىراق-يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرنىڭ قوشۇلۇپ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاچچىق ئۈرۈككە قولاڭ توشۇماپتۇ:** ناچار ئىش كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىۋەرسە، ھېچكىمنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئارچىغا ئالتە تاياق:** بەزىدە بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئورۇنسىز پالاكەتكە قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك:** بەزىلەرنىڭ ئېلىشقا ئۇستىلىقى، ئەمما قايتۇرۇپ بېرىش توغرا كەلسە بەزگەكتەك تىترەپ تۇرىدىغانلىقىدەك ناچار خىسلىتى تەنقىدلىنىدۇ.

**چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس، ئۆچۈرۈۋەتمىسە ھېساب ئەمەس:** بىر ئىشنى باشلىغان ئىكەن، پاكىز ھالدا ئاخىرىغىچە چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**چىشقاققا ئىت ئامراق، كۆلگەككە ئەر:** بەزىدە ئويلىمىغان يەردىن كەمچىلىكى بار ئادەملەرگىمۇ لايىقىدا ئىگە چىقىپ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار:** بەزى ئادەملەرنىڭ ئەمگەكتىن قاچىدىغانلىقى، ئەكسىچە ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولىۋالىدىغانلىقىدەك ناچار

پەزىلىتى تەنقىدلىنىدۇ.

**ماڭغان قەدەمگە پوق يۇقىدۇ**: يامان يولغا كىرسەڭ، ئۇنىڭ هامان ساڭا زىيىنى تېگىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ، ئەزمىنى بەزمە**: هەر ئىشنىڭ قارشىسىدا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەكىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئۆزۈڭنىڭ قېرىشىنى خەقنىڭ ئىشىدىن كۆرمە**: باشقىلاردىن ئورۇنسىز ئاغرىنماسلىق كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئىتنىڭ توشقانغا يەتكەندە چىشقىسى كېلىدۇ**: بەزىدە ئىش پۇتۇشكە ئاز قالغاندا، ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**يالغانچى يالچىماس، ئوغرى بېيىماس**: پەزىلەتسىز كىشىلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ساق كۆز يىغلىسا، سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار**: بەزىدە نامۇۋاپىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**ئىككى ئۆينىڭ قۇرغىنى بىر ئۆيگە ئاش بوپتۇ**: ئىككى ئۆينىڭ سۇپرىسىدىكى قۇرۇقئۇندىن بىر ئۆيلۈك تاماق چىقىدۇ دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئىقتىسادچان بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**پاقا پاقىدىن، ئىلان ئىلاندىن يىرگەنمەيدۇ**: تەقدىرداش ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئۆزەمنىڭ دەرمەن، يۈگۈرۈپ چىقىپ يەرمەن**: هەر ئىشنىڭ ئۆز ئەركىدە بولۇشىنىڭ ياخشىلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**گەپنىڭ قوڭىنى گەپ ئاچىدۇ**: بىر گەپنىڭ دەرهال كىشىنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغانلىقى، گەپكە گەپ ئۇلىشىپ ئاندىن يېڭى گەپ چىقىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**بېشى قارىنىڭ بارى ياخشى**: بىر ئىش ئۈستىدە ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان بىر ئادەمنىڭ بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئوچۇق چىراي__ تەييار چاي**: مېهمان كۈتۈشتە ئىللىق مۇئامىلىنىڭ ئىنتايىن مۇهىملىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئورۇسچىنى بىلمەن، ئۆرۈپ ئۆتەلمەيمەن**: بەزىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدە هەممىنى بىلىدىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە شۇنىڭغا لايىق بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئېغىز ئايغاق، تىل تايغاق**: تىل ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىنمىسا، ئاسانلا خاتالىق كېلىپ چىقىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

**يېرىمى چاقچاق، يېرىمى جىڭ**: گەپنىڭ چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتىلىۋاتقانلىقى، لېكىن بۇنىڭ تېگىدە شۇنداق ئىشنىڭ هەقىقەتەن بارلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن، ئاپتاپتا يېتىپ كۆتى**: كىشى يامان نام بىلەن ئاتىلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ قىيىنلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**رىسقى غايىب، دىدار غايىب، نىكاھ غايىب**: بەزى ئىشلارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن يۈز بېرىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**ئوتنى پۈلىسە تۇتىشىدۇ، سۇنى قىنىسا ماڭىدۇ**: هەر ئىشنىڭ توغرا يولىنى تاپسا، ئىش يۇرىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئىچ ئات تارتسا، ياندىق ئات تارتماپتۇ**: هەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئۆزئارا

ماسلاشمىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ:** زور ئاپەت كەلسىمۇ، بەزىلەرنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، ھېچ بىر غەم يەپ كەتمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**سوراپ-سوراپ مۇسۇلمان بولىسەن، ئۆيۈلۈپ-ئۆيۈلۈپ كاپىر بولىسەن:** «سورىغان بىلىم ئالار، ئۆيالغان كېيىن قالار» دېگەن ماقالنىڭ ۋارىيانتىدۇر.

**سۇ كەلگىچە توغان چاپ:** «سۇ كەلگىچە توغان سال» دېگەن ماقالنىڭ ۋارىيانتى، لېكىن قوللىنىلغان سۆزلەردە بەلگىلىك پەرق بار. بۇ يەردە «توغان» (ئېتىز ئېچىدىكى كىچىك قىر) بىلەن «توغان (ئۆستەڭ)»، «سال» (قىر چىقار) بىلەن «چاپ» (ئۆستەڭ قاز) دېگەن سۆزلەر ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. لېكىن، ئىككىسىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى يېقىن، يەنى ھەر ئىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ مۇناسىپ تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تۆپە ئىچىدە:** «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەن تەمسىلنىڭ ۋارىيانتىدۇر.

**ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا:** ھەر ئىشقا خۇشاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا خەلق ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن خەلق ماقال-تەمسىللىرى بار. بۇ ماقال-تەمسىللەردە بىر تەرەپتىن بۇ ئېغىزنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ھايات تەجرىبىلىرى گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار تىل بايلىقىمىزنىڭ قىممەتلىك بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

## 2.2 ئىلى ئېغىزىدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ھەرقانداق بىر تىل، دىئالېكت ياكى ئېغىز سۆزلىرى ئالدى بىلەن شۇ مىللەت، شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ شۇ تىلنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۆزلۈكسىز يېڭى سۆزلەرنى يارىتىش ۋە باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەندۇر.

ئىلى ئېغىزىدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنىمۇ يۇقىرىقى بىر قانچە نۇقتىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ئېغىز رايونىدا ساقلىنىپ قالغان، باشقا رايونلاردا ئۇنتۇلغان ياكى كۆپ قوللىنىلمايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر قىسىم سۆزلەر بار. شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇچراشقان ئەرەب، پارس، موڭغۇل، رۇس، خەنزۇ تىللىرىنىڭ تاشقى تەسىرى بار. شۇنىڭدەك ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشاپ كەلگەن تۇغقان تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ.

### 2.2.1 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان لۇغەتى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئىلى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلا (ila) بىر دەريانىڭ نامى، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك

ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.»[42]، «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلىدۇر.»[43] «دىۋان لۇغەتى تۈرك»تە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئىلىدا ياشىغان بۇ قەدىمىي تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ئەينى زاماندا تۈركىي تىللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا، ئۆلچەملىك نۇسخىلىرىدىن بولغان. گەرچە، مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات جەريانىدا بۇ تىل ئەرەب، پارس، موڭغۇل، رۇس، خەنزۇ تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرلىرىگە ئۇچرىغان، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تۈركچىسى ۋە چاغاتاي تىلى بىلەن بولغان يىلتىزلىق باغلىنىشلىرى ھېچ ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. بەلكى، شۇ ئاساستا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، تېخىمۇ يۈكسىلىپ باردى،

ئىلى ئېغىزىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان، ھازىرغىچە ئاكتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئېغىزلىرىدا ئۇنتۇلغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[ast$^{h}$inda] ئاستىن__ ئاست.[44]

[aŋ] ئاڭ__ ئوۋ ئوۋلىماق؛ ئوۋ ئوبيېكتى بولغان ياۋايى ھايۋان.

[aŋʧ$^{h}$i] ئاڭچى__ ئوۋچى.[45]

[ɛrt$^{h}$ɛ] ئەرتە__ بالدۇر، ئىلگىرى، بۇرۇن.[46]

[ɛk] ئەكمەك__ (زىرائەت) تەرمەك.

[ek$^{h}$in] ئېكىن__ زىرائەت. مىسال: ئېكىن ئەكمەك.

[ek$^{h}$inʧ$^{h}$i] ئېكىنچى__ دېھقان، تېرىقچى.

[ek$^{h}$inʧ$^{h}$ilix] ئېكىنچىلىك__ تېرىقچىلىق.

[ɛkmɛx] ئەكمەك__ تېرىماق، تىكمەك.[47]

[ɛl] ئەل__ قول: چاما، ئىمكانىيەت.[48]

[ik$^{h}$indi] ئىكىندى__ دىگەر ۋاقتى. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ɛkindi شەكلىدە مەۋجۇت.[49] مىسال: (ناماز ئەسىر) ikindi namaz.

[bal] بال__ ھەسەل.[50]

[bøk$^{h}$ɛ] بۆكە__ باتۇر، پالۋان. مىسال: ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇلاردەك ھەممە ئادەم ئەيمىنىدىغان بۆكە بولۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «دىۋان»دا چوڭ ئىلان دەپ ئىزاھلانغان.[51]

---

[42]«دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى، 1-توم 124-بەت.

[43] «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى، 1-توم 40-بەت.

[44] «دىۋان»، بەسىم ئاتالاي تەييارلىغان تۈركچە نۇسخا. 2006-يىل 6-باسمىسى، 1-قىسىم 108-بەت.

[45] ئاخمەت كافېرئوغلۇ: «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 3-باسكى، 1993، ئىستانبۇل، ئەندەرۇن كىتابئەۋى، 11-بەت.

[46] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 50-بەت.

[47] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 47-بەت.

[48] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 47-بەت.

[49] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 47-بەت. بۇ سۆز ھازىرقى تۈرك تىلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

[50] «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، (تۈركىيە) 2-قىسىم 267-، 354-بەت، 3-قىسىم 103-، 156-، 338-بەت.

[51] «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، 2-قىسىم 324-بەت.

Sir Gerald Clauson: an Etymological D'ctionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish, 324p.

[bʉtʰʉn] بۈتۈن__ پۈتۈن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا büdün شەكلىدە مەۋجۇت.[52]

[tʰo:qʰu] تو:قۇ__ تاۋار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا torqu سۆزى بار بولۇپ، «ئىپەك» مەنىسى بېرىدۇ.

[tʰo:qʰu tʰoga] تو:قۇ توگا__ تاۋار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توگا» سۆزى tavar شەكلىدە كۆرىلىدۇ.[53]

[tʰumu] تۇمۇ __ زۇكام. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزى tumaʁu شەكلىدە مەۋجۇت.[54]

[tʰumu pʰuʃqʰaχ] تۇمۇ-پۇشقاخ__ زۇكام ۋە شۇ قاتارلىق ئۇششاق كېسەللىكلەر.

[ʤøn] جۆن__ توغرا، دۇرۇس. ئەدەبىي تىلدا بۇ يىلتىزدىن ياسالغان «جۆندىمەك» سۆزى بار.

[sajram] سايرام__ كۆلنىڭ نامى، «تېيىز» مەنىسى بار. مىسال: «يا قاينامدىن چىقار، يا سايرامدىن» (ماقال).

بۇ سۆز «دىۋان»دا: «ئۇشۇقتىن يوقىرى چىقمايدىغان تېيىز سۇ.»[55] دېگەن مەنىدە دەپ، ئۇندىن باشقا يەنە «سايراملاشماق» سۆزى بار بولۇپ، «سۇ ئازايماق، تېيىزلاشماق، سۇ يۈزى بىرئاز تۆۋەنلىمەك»[56] دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان.

[sezix] سېزىك__ ئۆز گۇناھىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆز-ئۆزىدىن ئەنسىرىمەك، شۇبھىلەنمەك. مەسىلەن:

seziɣi ba: sɛxrɛjdu, bɛzgiɣi ba: tʰitrɛjdu. (ماقال)

(سېزىكى بار سەكرەيدۇ، بەزگىكى بار تىترەيدۇ.)

بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى sizik سۆزى ئوخشاشلا «شۇبھە، گۇمان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا siziklik, siziksiz, sizinmɛk قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار[57].

[sirkʰɛ] سىركە_ ئاچچىقسۇ.[58]

[ʃɛʃmɛx] شەشمەك__ يەشمەك.

[jɛzmɛx] يەزمەك__ يەشمەك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ شەكلى «يازماق» شەكلىدە بولۇپ، «يەشمەك، ھەل قىلماق؛ يېڭىلىشمەك، خاتالاشماق؛ يازماق» مەنىلىرىدە كېلىدۇ. «يازماق»دىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بۇ سۆزنىڭ «يازىلماك (ئېچىلماق، يېيىلماق، ياخشىلانماق، ھەل بولماق)، يازىنماك (پېئىلنىڭ ئۆزلۈك شەكلى بولۇپ، ئۆزى ھەل بولماق، ئۆزى ھەل قىلماق مەنىلىرىدە)، يازىشماك (پېئىلنىڭ ئۆملۈك شەكلى بولۇپ، ھەل قىلىشماق، ھەل قىلىشىپ بەرمەك مەنىلىرىدە)، يازلىنماك (پېئىلنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسى بولۇپ، ھەل قىلىنماق مەنىسىدە)، يازلىشماك (ھەل بولماق)، يازماس (يېڭىلىشمەس)، يازساماك (ھەل قىلىشنى ئىستىمەك)، يازتۇرماك (ھەل قىلغۇزماق)، يازۇك

[52] «ئەسكى ئۇيغۇر تۇركچەسى سۆزلۈكى»، 37-بەت.
[53] «ئەسكى ئۇيغۇر تۇركچەسى سۆزلۈكى»، 150-بەت.
[54] «ئەسكى ئۇيغۇر تۇركچەسى سۆزلۈكى»، 165-بەت.
[55] «دىۋان»، تۈركچە، 2-قىسىم 111-، 176-بەت.
[56] «دىۋان»، تۈركىيە، 3-قىسىم 205-بەت.
[57] «ئەسكى ئۇيغۇر تۇركچەسى سۆزلۈكى»، 136-بەت.
[58] «ئەسكى ئۇيغۇر تۇركچەسى سۆزلۈكى» 136-بەت.

(ئاجراشقان، بېغىدىن ئۈزۈلگەن) دېگەندەك بىر مۇنچە شەكىللىرى ئۇچرايدۇ.[59]

[qʰo:\qʰoba] قوۋقوبا__ قوبا، تېكەس ناھىيىسىدە كەنت نامى.

[kʰølyx] كۆلۈك__ ھارۋىغا قېتىلىدىغان ياكى يۈك ئارتىلىدىغان ئۆي ھايۋانلىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا kølyk سۆزى ئوخشاشلا «يۈك ھايۋانى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.[60]

[kʰilit] كىلىت__ ئاچقۇچ. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى kirit. مەنىسى «ئاچقۇچ: قۇلۇپ»[61]. ئۇندىن باشقا يەنە kiriltɛmɛk (قۇلۇپلىماق)، kiritlig (ئاچقۇچلۇق: قۇلۇپلۇق) شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

[orta] ئورتا__ ئوتتۇرا.[62]

[eruɯʁ] ئېرىغ__ پاكىز، سۈپەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا aruɯʁ شەكلىدە بولۇپ، «پاكىز، سەپ، قۇسۇرسىز، مۇقەددەس» مەنىلىرىنى بەرگەن. ئۇندىن باشقا بۇ سۆزنىڭ يەنە arıʁsız, aruɯʁsızlıq, arımaq arınmaq, arıʃ, aruɯtınmaq, arıtmaq قاتارلىق ئورتاق يىلتىزدىن ياسالغان بىر قانچە خىل شەكىللىرى بولغان[63].

[eruɯʁdimaχ] ئېرىغدىماخ__ پاكىزلىماق، تازىلىماق. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى aruɯmaq سۆزىنىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

[ʒiŋiʃkʰɛ] ژىڭىشكە__ ئىنچىكە. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ jintʃkɛ, jintʃgɛ قاتارلىق شەكىللىرى بولغان.[64]

[aʁa] ئاغا__ ئاكا.[65]

[munu] مۇنۇ__ ماۋۇ.[66]

[ʒin] ژىن__ چاتتىكى نېپىز تېرە، ئۇچەي. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا jin شەكلىدە بولۇپ، «تېرە، جىلد» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان.[67]

[burimaχ] بۇرىماخ__ پۇرىماق. بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى burmak بولۇپ، «(خۇش) پۇرىماق، پۇرىقى كۆچەيمەك، ھورلانماق» مەنىلىرىگە ئىگە.[68]

ئىسكەرتىش: «بۇرىماق» سۆزىنىڭ يىلتىزى «بۇر» تىلىمىزدىكى «بۇرۇن» (نەپەس ئەزاسى) سۆزىنىڭ ھەم يىلتىزى بولۇپ، بۇنىڭغا «ئۇن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «پۇراق پۇرايدىغان ئەزا» دېگەن مەنىدە «بۇرۇن» سۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

[bɛkʰɛ] بەكە__ قەلەمتىراچ. قەدىمكى شەكلى: [bɛrkɛ][69]

[kʰyrɛx] كۈرەك__ گۈرجەك. قەدىمكى شەكلى: [kyrɛk]، مەنىسى ئۆلچەم كۈرىسى.[70]

---

[59] «دىۋان» تۈركچە)، 1-قىسىم 92-بە، 2-قىسىم 20-بەت، 3-قىسىم 59-، 111-بەتلەر.

[60] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 77-بەت.

[61] «دىۋان» تۈركچە، 1-قىسىم 357-بەت، 3-قىسىم 345-بەت.

[62] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 95-بەت.

[63] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 13-بەت.

[64] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 193-بەت.

[65] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈگۈ»، 4-بەت.

[66] «مايتىرسىمىت» 97-بەت.

[67] «ئالتۇن يارۇق» 13-بەت.

[68] «دىۋان»، تۈركچە، 2-قىسىم 6-بەت، 3-قىسىم 180-بەت.

[69] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى»، 26-بەت.

[70] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچەسى سۆزلۈكى»، 83-بەت.

[alutʃ$^{h}$i] ئالۇچى__ ئالغۇچى، سىتىۋالغۇچى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا [alatʃu] شەكلىدە بار.[71]

[k$^{h}$øʃɛrimɛx] كۆشەرىمەك__ خۇشاللىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالماق، قىن-قىنىغا پاتماي كەتمەك. بۇ سۆز «دىۋان»دا «كۆل كۆشەردى» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، كۆلنىڭ سۈيى تولۇپ تېشىپ كەتتى دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.[72]

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بولغان، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە باشقا ئېغىزلاردا ئۇنتۇلغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىدىن بۇ ئېغىز رايونىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تىل تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## 2.2.2 ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرى

10-ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەرەب، پارس ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ زور تۈركۈمدىكى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىردى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا ئىلى ئېغىزىمۇ ئەينى زاماندا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلدى، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بار بولغان ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىلى ئېغىزىدا بارلىقى ئېنىق. ئۇندىن باشقا ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان ياكى بولسىمۇ مەنە دائىرىسىدە بەلگىلىك پەرق بولغان ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ۋە ئۇلاردىن ياسالغان بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر بار.

**1. ئىلى ئېغىزىدىكى ئەدەبىي تىلدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەر :**

ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەردىن بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىي تىلدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان، ئەمما ئىلى ئېغىزىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىملىرى بار.

مەسىلەن:

[ada] ئادا__ [ئە] ئىش هەرىكەتنىڭ ئاخىرى، نەتىجىسى.

[t$^{h}$abɯχa] تابىخا__ [ئە] تەبىئىي، كۆڭۈل تارتقۇچە.

[ʁɛssal] غەسسال__ [ئە] مېيىتنى يۇيىدىغان ئادەم.

[bɛrnavul] بەرناۋۇل__ [پ] كېلىشكەن، قاۋۇل ئات.

[k$^{h}$ɛmp$^{h}$ir] كەمپىر__ [پ] موماي.

**2. ئىلى ئېغىزىدىكى مەنە دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغانىراق هالدا قوللىنىلىۋاتقان ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەر**

ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا مەنە دائىرىسى جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغانىراق هالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

[t$^{h}$ɛmsilɛn] تەمسىلەن__ [ئە] ئەدەبىي تىلدىكى «مەسىلەن» سۆزىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

[aval\ɛvɛl] ئاۋال\ئەۋەل__ [ئە] ئەدەبىي تىلدىكىدەك سۆزلىنىۋاتقان چاغقا نىسبەتەن يېقىن چاغلا ئەمەس، بەلكى يىراق زامانغا قارىتا ئىشلىتىلىپ، «بۇرۇن،

---

[71] «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، 7-بەت.

[72] «دىۋان»، تۈركچە نۇسخا. 2006-يىل 6-باسمىسى. 2-قىسىم 79-بەت.

بۇرۇنقى چاغ: باشلانمىسى، ئەڭ بېشى» مەنىلىرىنى بېرىدۇ.

[ajɛm] ئايەم__ [ئە] «ھېيت» مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[tʰajip] تايىپ__ [ئە] ئەدەبىي تىلدىكى «تائىب» سۆزى بىلەن مەنىبەدەش، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەر توپى: يات ئاھالە تەبىقىسى» دېگەن مەنىلىرى بار.

[ɛzɛl] ئەزەل__ [ئە] «قەدىمكى زامان» مەنىسىدىن سىرت، «ئەسلا» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[ɛjni] ئەينى__ [ئە] «دەل ئۆزى» قاتارلىق مەنىلىرىدىن سىرت، «ئەسلىدە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[baplimaχ] باپلىماخ__ [پ] ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلىتىش يۈزىسىدىن ئاتنى مەشق قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

[buruʃ] بۇرۇش__ [ئە] ئەدەبىي تىلدىكى «بۇرج» سۆزى بىلەن مەنىبەداش بولۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىگە ياندىش ھالدا يەنە «دوقال، جۇت، پەسىل ئالمىشىش مەزگىلىدىكى ھاۋا تۇقۇنۇشى، بوران-چاپقۇن» مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

[ʧʰarvaʁ] چارۋاغ__ [پ] ئەدەبىي تىلدىكى «چارباغ» سۆزى بىلەن مەنىبەداش بولۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرىدىن سىرت، يەنە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن دەريادا ياغاچلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ قورشالغان دائىرىنى كۆرسىتىدۇ. چارۋاغنىڭ بىر ئۈچىغا كونجۇر باغلاپ قويۇلىدۇ، بېلىقلار كونجۇتنى پۇراپ چارباغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تۇتۇلىدۇ.

[pʰostʰɛx] پوستەك__ [پ] ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، يەنە قارىياغاچ چېچىكى، پۆرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[pʰaʧʰaχ] پاچاخ__ [پ] كۆچمە مەنىدە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىدا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ئۆلغۈچ، چوڭ ئۆزچاتنى كۆرسىتىدۇ.

[zak] زاك__ [پ] ئەدەبىي تىلدا «تۆمۈر سولفات، تۆمۈر سولفات كېسلاتا تۇزى ۋە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان ئاچ يېشىل كرىستال ماددا» مەنىسىنى، ئىلى ئېغىزىدا سىمۇللۇق تۇستە «يېگىلى بولمايدىغان نەرسە» مەنىسىنى بېرىدۇ.

[ʃoar] شوئار__ [ئە] ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن سىرت، «يۇلتۇز شەكىللىك، بۇرجەكلىك» مەنىسىنى بېرىدۇ.

**3. ئەرەب، پارسچە سۆزلەردىن ياسالغان سۆزلەر:**

ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر ئاساسىدا سۆزگە سۆز قوشۇش ياكى قوشۇمچە ئۇلاش يولى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم يېڭى سۆزلەر بار.

**1) سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن ياسالغانلىرى:**

[ʤallap baziri] جاللاپ بازىرى__ [ئە+پ] تېرە، يۇڭ بازىرى.

[alli ejtmaχ] ئاللى ئېيتماخ__ [ئە+ئۇ] رامىزان ئېيىدا قوشاق ئېيتىپ روزىغا ئويغاتماق.

[tʰaʃlɛpkʰɛ\tʰɛʃlɛpkʰɛ] تاشلەپكە\تەشلەپكە__ [ئۇ+ئە] بازار نامى، مەنىسى: تاش دۇكان.

[ʤin qʰɯʃqʰɯriʃ\ʧʰin qʰɯʃqʰɯriʃ] جىن قىشقىرىش\چىن قىشقىرىش __ [ئە+ئۇ] توي كۈنى تۆت ئاقباش خوتۇن قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، گىلەمنىڭ تۆت ئۈچىدىن تۇتۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدىغان كونىچە توي

قائىدىلىرىدىن بىرى.

[gulava qʰoʁun] گۈلاۋا قوغۇن__ [پ+ئۇ] قوغۇن سورتلىرىدىن بىرى.

[ʤanʁa tʰørɛjdɯʁan] جانغا تۆرەيدىغان__ [پ+ئۇ] جانغا جاپا.

[tʰaχtʰa bommaχ] تاختا بومماخ__ [پ+ئۇ] زىرائەتلەرنىڭ تەكشى بوي تارتىپ بولۇق ئۆسۈشى.

[babɯʁa jɛtmɛx] بابىغا يەتمەك__ [پ+ئۇ] كەيپىياتى چاغ بولماق، كەيپىياتى كۆتىرىلمەك.

[ɛtsɛp qʰɯmmaχ] ئەتسەپ قىمماخ__ [ئە+ئۇ] سەپكە تىزىپ يوقلىما قىلماق.

[bir ʧʰɛndan] بىر چەندان__ [ئۇ+پ] ئازراق، بىزە.

[gir baziri] گىر بازىرى__ [ر+پ] ئاشلىق بازىرى.

[vaŋqʰadir] ۋاڭقادىر__ [خ+ئە] خۇيزۇ كىشى ئىسمى، غۇلجا شەھەر خەلق باغچىسىنىڭ يەنە بىر نامى.

[ʧʰøjyn ʧʰiraχ] چۆيۈن چىراغ__ [ر+پ] چۆيۈندىن ياسالغان ماي چىراغ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى قۇرۇلمىلاردا ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر سۆزگە ئۇيغۇرچە ياكى رۇسچە، خەنزۇچە قاتارلىق باشقا بىر تىلدىن كىرگەن بىر سۆز باغلىنىپ يېڭى بىر ئۇيغۇرچە سۆز بارلىققا كەلگەن. بۇنداق قۇرۇلما ئەدەبىي تىلدا بار بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى پەقەت ئىلى ئېغىزىدىلا مەۋجۇت.

**2) ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن يېڭىدىن ياسالغان سۆزلەر:**

ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەرگە شۇ تىلدىكى ياكى ئۇيغۇرچە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئۇيغۇرچە يېڭى سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

[ɦøkʰymnar] ھۆكۈمنار__ [ئە] [ɦøkʰym + nar] ھۆكۈمدار.

[tʰaχtʰipʰuʃ] تاختىپۇش__ [پ] [tʰaχtʰa+pʰuʃ] مېيىت يۇيۇش تاختىسى.

[aŋʁɯʧʰɛ\aŋʁɯʧʰilix] ئاڭغىچە\ئاڭغىچىلىك__ [ئە+ئۇ] شۇ ۋاقىتقا قەدەر، شۇنىڭغىچە.

[ʤarimaχ] جارىماخ__ [ئە+ئۇ] [ʤari+maχ] ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەش.

[vabalʧʰilɯχ] ۋابالچىلىخ__ [ئە+ئۇ] [vabal + ʧʰilɯχ] ئۇۋالچىلىق.

[a:zilɯχ] ئازىلىخ__ [پ+ئۇ] [a:zi + lɯχ] ئارزۇلۇق، ئەتىۋار.

[ʤanim] جانىم__ [پ+ئۇ] [ʤan+im] جېنىم.

[tʰɛrɛŋgyʃ] تەرەڭگۈش__ [پ+ئۇ] [tʰɛrɛŋ+gyʃ] ئىلغۇر، بۇلاپكا.

«ھۆكۈمنار» سۆزى «ھۆكۈمدار» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشۇمچىسىمۇ كىرمە قوشۇمچىدۇر. «تاختىپۇش» سۆزىدىمۇ كىرمە قوشۇمچە ئۇلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلەرگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. ئەدەبىي تىلدا «تەرەڭگۈچ» سۆزىنىڭ يىلتىزى «تەرەڭ» بار بولۇپ، «قاتتىق تارتىلغان، پۇرلەشكەن ياكى بوش جايلىرى قالدۇرۇلماستىن كېرىلگەن» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بۇ سۆزگە ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلىنىپ يېڭى سۆز ياسالغان.

دېمەك، ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا ئۆزگىچە تۈستە كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئەدەبىي تىلدا بار ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەر بۇ ئېغىزدا بار

بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر بار، ھەمدە ئۇلاردىن ياسالغان يېڭى سۆزلەر بار.

## 2.2.3 موڭغۇل تىلىنىڭ تەسىرى

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن موڭغۇل تىلى بىلەن تۈركىي تىللار ئارىسىدا ئۆزئارا كۈچلۈك تەسىرلىشىشنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەركىبىدىمۇ ئاز بولمىغان موڭغۇل تىلى مەنبەلىك سۆزلەر بار. چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە ئىلى بۇ خانلىقنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن تارتىپ بىر قانچە ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرى تىل-يېزىق، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىن موڭغۇللارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. مۇناسىپ ھالدا موڭغۇل تىلىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى قالدۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا بار بولغان موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىن باشقا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان يەنە بىر قىسىم موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر بار. تۆۋەندە بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. موڭغۇلچە يەر نامىلىرى:

موڭغۇل تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىدا قالدۇرغان تەسىرى ئالدى بىلەن ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ھېلىمۇ شۇ پېتى قوللىنىپ كېلىۋاتقان موڭغۇلچە نۇرغۇن يەر نامىلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئىلىدا ئاز بولمىغان موڭغۇلچە يەر نامىلىرى بار. مەسىلەن:

بايانداي [bajandaj]__ غۇلجا شەھرىگە قاراشلىق بىر بازار نامى. موڭغۇلچە شەكلى: bajinta

بايتوقاي [bajt$^{h}$oq$^{h}$aj]__ يەر نامى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

جاغىستاي [ʤaʁɯst$^{h}$aj]__ چاپچال ناھىيىسىدە يېزا نامى. موڭغۇلچە شەكلى: ʤiʁasutaj

خۇنخاي [χunχaj]__ چاپچال ناھىيىسىدە بىر يېزا نامى. موڭغۇلچە شەكلى: χonχu

سۇپتاي [supt$^{h}$aj]__ نىلقا ناھىيىسىدە بىر يېزا نامى.

قۇلۇستاي [q$^{h}$ulust$^{h}$aj]__ غۇلجا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە بىر كەنت نامى. موڭغۇلچە شەكلى: χulsuta

قۇشتاي [q$^{h}$uʃt$^{h}$aj]__ تېكەس ناھىيىسىدە بىر يايلاق نامى. موڭغۇلچە شەكلى: χusumta

ئۇلاستاي [ulast$^{h}$aj]__ نىلقا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە يېزا نامى. موڭغۇلچە شەكلى: ulijasitaj

قاڭغاي [q$^{h}$aŋʁaj]__ تېكەس ناھىيىسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. موڭغۇلچە شەكلى: χaŋʁaj

قاپچىغاي [q$^{h}$aptʃ$^{h}$ɯʁaj]__ بۇ نام بىلەن ئاتالغان بىر قانچە يەر بار. موڭغۇلچە شەكلى: χaptʃɯχu

سارۇچىن\شارغۇچى [sarutʃ$^{h}$in\ʃarʁutʃ$^{h}$i]__ توققۇزتارا ناھىيىسى تاشتۆپە يېزىسىدا كەنت نامى. موڭغۇلچە شەكلى: ʃarboχtʃi\ʃaribtʃi

[noʁaʃaraŋ] نوغاشاراڭ__ غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىسىدا يەر نامى،

[borbosun] بوربوسۇن__ غۇلجا ناھىيە مازار يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت نامى. موڭغۇلچە شەكلى: burʁusun

[kʰyrɛ] كۈرە__ قورغاس، تېكەس ناھىيىلىرىدە يېزا، كەنت ناملىرى. «موڭغۇلكۈرە» سۆزىدىمۇ بۇ تەركىب بار. موڭغۇلچە شەكلى: kyrɛ

[narat] نارات__ كۈنەس ناھىيىسىدە يايلاق نامى. موڭغۇلچە شەكلى: nartu

[nilqʰa] نىلقا__ ناھىيە نامى. موڭغۇلچە شەكلى: nilky

[qʰuʤirtʰɪ] قۇجىرتى__ تېكەس، نىلقا ناھىيىلىرىدە يېزا نامى. موڭغۇلچە شەكلى: χuʤurtu

[jamatʰu] ياماتۇ__ ئىلى دەرياسىدىكى بىر كېچىك نامى. موڭغۇلچە شەكلى: jamatu

[noʁajtʰu] نوغايتۇ__ غۇلجا ناھىيىسىدە بىر كەنت نامى، موڭغۇلچە شەكلى: noʁatu

[dadamtʰu] دادامتۇ__ غۇلجا شەھرى ئەتراپىدىكى يېزا نامى.

2. موڭغۇلچە باشقا سۆزلەر:

يەر نامىلىرىدىن باشقا ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان ئاز بىر قىسىم باشقا موڭغۇلچە سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

[ʤɛ][1] جە__ باغلىغۇچى بولۇپ، «يا، ياكى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. موڭغۇلچە شەكلى (ʤɛ)، مەنىسى «يا، ياكى». مىسال:

ɦazir ba:saŋ ʤɛ ba:, ʤɛ joχ u. (ھازىر بارساڭ يا بار، يا يوق ئۇ.)

[ʤɛ][2] جە_ پېئىل بولۇپ، «بولدى قىلماق، توختاتماق» مەنىسىدە. موڭغۇلچە شەكلى (ʤɛ)، مەنىسى: خوپ، بولىدۇ، ماقۇل. مىسال: ʤɛrɛj, ʤɛsɛŋʧʰu. (بولدى قىل، بولدى قىلساڭچۇ.)

[χamar\maχar] خامار\ماخار__ قاڭشار. موڭغۇلچە (χamir)، مەنىسى: بۇرۇن (پۇراش ئەزاسى).

[ova:] ئوۋا__ موڭغۇللار دەۋرىدىن قالغان ئىپتىدائىي دىنلارغا ئائىت تاش دۆۋىلەنگەن خاتىرە جاي. موڭغۇلچە شەكلى: ova، مەنىسى: دۆۋىلەش، يىغىش.

[ova: tʰɛkkʰyr] ئوۋا تەككۈر__ جىن تەككۈر.

دېمەك، موڭغۇل تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇچرىشىشى ئىلى ئېغىزىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى ئورتاق ئىپادىلىرىدىن باشقا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان خېلى كۆپ ساندىكى يەر نامىلىرى ۋە باشقا بىر قىسىم سۆزلەر ھازىرغىچە بۇ يەردە قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

## 2.2.4 رۇس تىلىنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تاتار تىللىرىغا ئوخشاشلا رۇس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۈچلۈك ئۇچرىغان تۈركىي تىللارنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ ئىلى ئېغىزىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە باشقا ئېغىزلىرى ئۇچرىغان تەسىرگە قارىغاندا خېلىلا زوردۇر. شۇنىڭدەك، رۇس تىلىنىڭ رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر دىئالېكت، ئېغىزلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىلى ئېغىزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چار روسىيە ئىلىغا بېسىپ كىرىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلىغا 10 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە رۇسلارنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن تەڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدىكى تەسىرىمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كەڭ-كۆلەمدە سىڭىپ كىردى. 1881-يىلى باشلانغان كۆچ-كۆچتە زور ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى رۇس ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قايتا ئىلىغا يېنىپ كەلدى ۋە رۇسلارنىڭ تەسىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە يېزا-ئىگىلىكى، سانائەت، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مەتبۇئات، سەنئەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرلىدى. ئۇلار ئۇچرىغان بۇ تەسىر ئەلۋەتتە شىنجاڭ رايونىدا ئالدى بىلەن ئارىلىقى يېقىن، ئالاقىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى، ئاندىن ئىلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا تارالدى. شۇنداق بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان رۇس تىلىدىن تىلىمىزغا كىرگەن سۆزلەر ئىككى مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلى ئېغىزىدا ئوخشاش قوللىنىلغاندىن سىرت، ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىنمىغان ياكى تەسىرى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، ئەمما ئىلى ئېغىزىدا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان يەنە نەچچە يۈز سۆز بار.

تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا رۇس تىلىنىڭ ئانا سۆزلىرى بولماستىن، بەلكى ھىندى-ياۋروپا تىللىرىغا تەۋە بولغان قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى لاتىن، فرانسۇز، ئىتالىيان، ئىنگلىز تىللىرىدىن رۇس تىلىغا كىرگەن سۆزلەرمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن بۇ سۆزلەر بىزگە رۇس تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىڭىپ كىرگەن.

**1. رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى.**

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسىملاردۇر. ئىسىملاردىن باشقا يەنە باشقا تۈركۈمدىكى بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار.

1) ئىسىملار:

ئىسىملارنىڭ ئىچىدە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىغا ئائىت كەسپىي ئاتالغۇلار ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇلاردىن باشقا تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئائىت باشقا سۆزلەرمۇ بار.

**(1) تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت سۆزلەر:**

ئىلى ئېغىزىدا كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە نامى رۇسچە ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن شەيئىلەر بولۇپ، بۇلار ئۆي جاھازلىرىدىن تارتىپ، ئۇششاق تۇرمۇش لازىمەتلىرىگىچە، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى داۋامىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن يېڭى شەيئىلەرگىچە تۇتىشىدۇ. بۇلاردىن رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

بوتكا__ ياغاچ ياكى قاڭالتىردىن ياسالغان يۆتكىگىلى بولىدىغان [botkʰɑ] ،

كىچىك دۇكان.

[pʰapʰirus] پاپىرۇس__ قاپلىق تاماكا.

[pʰadcrkʰa] پادارکا__ سوۋغات.

[pʰortmal] پورتمال__ ھەميان.

[pʰortʰuʃkʰa] پورتۇشكا__ دېرىزىنىڭ ھاۋالاندۇرغۇچ ئايرىم كۆزنىكى.

[pʰepʰinis] پېپىنىس__ كۈلدان.

[pʰirastʰin] پىراستىن__ كارۋات كىرلىكى.

[tʰompʰuʃkʰa] تومپۇشكا__ كارۋات يېنىغا قويۇلىدىغان پەس ئىشكاپ.

[ʤarkʰop\ʒarkʰop] جاركوپ\ژاركوپ__ قورداق.

[ʧʰaʃkʰa] چاشكا__ كۇرۇشكا.

[doχupkʰa] دوخۇپكا__ پىرەنىك پىشۇرىدىغان قۇرۇلما.

[zipkʰa] زىپكا__ سەگەنچۇك.

[soskʰa] سوسكا__ ئېمىزگە.

[sezin\sizon] سېزىن\سىزون__ مەزگىل، پەسىل.

[sitʰopkʰa] ستوپكا__ ئىستاكان.

[sivit] سىۋىت__ رەڭ، تۈس.

[ʃorkʰa] شوركا__ شاكىچىك؛ ئەگەشكۈچى.

[ʃilaŋkʰa] شىلاڭكا__ رېزىنكا تۇرۇبا.

[ʃanir] شانىر__ ئىشىكنىڭ گىرەچىسى.

[kʰatlɛx] كاتلەك__ ئاسما تۇتقۇچلۇق تۆمۈر قاچا، كىچىك چېلەك.

[kʰɛstʰirilkʰɛ] كەستىرىلكە__ قەلەي كورا.

[kʰaropkʰa] كاروپكا__ كىچىك كاردۇن قۇتا.

[kʰɛrɛʃnivaj\kʰariʃnivaj] كەرەشنىۋاي\كارىشنىۋاي__ قوڭۇر.

[kʰunupkʰa] كۇنۇپكا__ باسما مىق.

[kʰirislo] كىرىسلو__ يۇمشاق ئورۇندۇق، سافا.

[kʰiljonkʰa\kʰirlɛŋkʰɛ] كىليونكا\كىرلەڭكە__ سۇلئاۋ داستىخان.

[gardirop] گاردىروپ__ ئېگىز تىكلىمە ئىشكاپ.

[girelkʰa] گىرېلكا__ بەدەنگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن، ئىچىگە قىززىق سۇ قۇيۇلىدىغان، خالتا شەكلىدىكى ئاغزى بۇرمىلىق رېزىنكە سايمان.

[gɛrɛlkʰɛ] گەرەلكە__ لامپىنىڭ پىلىك ئورنىتىلغان ئوتتۇرا قىسمى.

[matras] ماتراس__ كارۋات يۈزىگە سېلىنىدىغان، قېلىن ھەم يۇمشاق تەييار تەگلىك.

[obuxtʰa] ئوبۇكتا__ مۇھەببەت ئوبيېكتى، لايىقى.

[etʰaʒ] ئېتاژ__ بىنا قەۋىتى.

[ispʰiʧkʰa] ئىسپىچكا__ سەرەڭگە.

(2) كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە رەختناملىرى:

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدە كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە رەخت ناملىرى بار بولۇپ، بۇ رۇسلارنىڭ، شۇنىڭدەك غەربنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن:

[basinuʃkʰa] باسىنۇشكا__ ئۈستى ئوچۇق يازلىق ئاياق.

[bɛt$^{h}$iŋk$^{h}$ɛ] بەتىڭكە__ قىسقا قونجىلىق خۇرۇم ئاياق.
[bot$^{h}$ɛj] بوتەي__ رېزىنكە ئۆتۈك.
[burulk$^{h}$ɑ] بۇرۇلكا__ ئىشتان.
[bulapk$^{h}$ɑ] بۇلاپكا__ ئىلغۇر، قاداق.
[p$^{h}$alʃopk$^{h}$ɑ] پالشوپكا__ قىسقا خۇرۇم پەلتۇ.
[p$^{h}$iremerk$^{h}$ɑ] پىرېمېركا__ كىيىمنى كىيىپ سىناش.
[p$^{h}$ilaʃ] پىلاش__ كۇزلۇك ئۇزۇن چاپان.
[t$^{h}$alast$^{h}$opk$^{h}$ɑ] تالاستوپكا__ بەلباغلىق كالتە چاپان.
[t$^{h}$opli:] توپلى:__ ئايالچە يازلىق خۇرۇم ئاياق.
[t$^{h}$uʤurk$^{h}$ɑ] تۇجۇركا__ جېكىت، چاپان.
[rɛzmir] رەزمىر__ كىيىم نومۇرى.
[rubaʃk$^{h}$ɑ] رۇباشكا__ ئايالچە ئۇزۇن ئىچكۆينەك.
[sabuʃk$^{h}$ɑ] سابۇشكا__ سائەت بېغى.
[sarap$^{h}$an] ساراپان__ قىزچە ئاسما يوپكا.
[saruʃk$^{h}$ɑ] سارۇشكا__ كىيىمنىڭ مۇرە تەگلىكى.
[ʃatlaŋk$^{h}$ɑ] شاتلاڭكا__ بىر خىل چاقماق گۈللۈك رەخت.
[ʃolk$^{h}$ivaj] شولكىۋاي__ بىر خىل چاقماقلىق ئىپەك رەخت.
[t$^{h}$irik$^{h}$ɑ] تىرىكا__ بىر خىل رەخت نامى.
[k$^{h}$ɛpk$^{h}$ɛ] كەپكە__ ماڭلىيى ئۈستى قىسمى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدىغان شەپكە.
[giladijɛ] گىلادىيە__ رەخت يۇزىگە گۈل ئىشلەش قول ھۈنەرۋەنچىلىكى.
[lot$^{h}$uʃk$^{h}$ɑ] لوتۇشكا__ ئەرەنچە ساپما خۇرۇم ئاياق.
[medalijon] مېدالىيون__ مەيدىگە ئېسىلىدىغان كۆزلۈك زىننەت بۇيۇمى.
[nask$^{h}$i] ناسكى__ قىسقا پايپاق.
[nork$^{h}$ɑ] نوركا__ سۇ بۇلغىنى تېرىسى، قىشلىق كىيىم تېرە ماتېرىيالى.
[isp$^{h}$aŋk$^{h}$ɑ] ئىسپانكا__ بىر خىل ھەرىبچە شەپكە.
[iʃnur] ئىشنۇر__ ئاياق بوغقۇچى.

(3) يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى ناملىرى:

19 ـ ئەسىر غەرب سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى رۇسلار ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ شەيئىلەر بىلەن بىرگە كەلگەن رۇسچە ناملار ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنى بېيىتتى. بۇنىڭ ئىلى ئېغىزىدىكى ئالاھىدە ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن كۆرەلەيمىز.

[p$^{h}$irʒikt$^{h}$or\p$^{h}$ilʤikt$^{h}$or] پىرژىكتور\پىلجىكتور__ قول چىراغ.
[p$^{h}$irimis] پىرىمىس__ كىرسىن ئوچاق.
[p$^{h}$irjomnik] پىريومنىك__ سىگنال قوبۇل قىلغۇچ.
[p$^{h}$ilast$^{h}$ik$^{h}$op] پىلاستىكوپ__ ئامبۇر.
[p$^{h}$ilast$^{h}$ink$^{h}$ɑ] پىلاستىنكا__ فاتىفون تەخسىسى.
[t$^{h}$ermus] تېرمۇس__ چايدان.
[dilgiram] دىلگىرام__ سىمتاناپ تۆۋرۈكى.
[ist$^{h}$olba] ئىستولبا__ سىمتاناپ تۆۋرۈكى.
[dyʤyx\divʒyx] دۈجۈك__ توك ھاسىل قىلىدىغان كىچىك قۇرۇلما.
[zamuk$^{h}$ajna] زامۇكاينا__ توك سىمى كۆيۈپ كەتمەك.

[sostʰav] سوستاۋ__ تەركىب، دائىرە، سىستېما.

[som] سوم__ يۈەن، كوي.

[suvarkʰa] سۇۋاركا__ كەپشەر، پايات.

[selisar] سېلىسار__ رېمونتچى.

[gajkʰa] گايكا__ قالپاقلىق رەزىبىلىك چىڭىتقۇچ تۆمۈر مىق.

[mojkʰa] مويكا__ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.

[pʰirijom] پىرىيوم__ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش.

[pʰilitʰɛ] پىلىتە__ چۆيۈن قاپقاقلىق، كۆپ ئىغىزلىق ئوچاق.

**(4) ماشىنا ۋە قاتناش-ترانسپورتقا ئائىت سۆزلەر:**

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ماشىنا، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىغا ئائىت سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

[pʰadijom] پادىيوم__ ئۆرلەش يولى.

[ispʰuskʰa] ئىسپۇسكا__ تۆۋەنلەش يولى.

[pʰirav] پىراۋ__ شوپۇرلۇق كىنىشكىسى.

[χalastʰaj] خالاستاي__ قۇرۇق خوت.

[zivit] زىۋىت__ ئوت ئالدۇرۇش.

[sivitʃ] سىۋىچ__ ئۈچقۇن چاقمىقى.

[ʃestʰirinkʰa] شېستىرىنكا__ چىشلىق چاق.

[kʰatʰir] كاتىر__ تېز ئۈزەر قولۋاق.

[kʰalaskʰa] كالاسكا__ ئىككى ئات، تۆت چاقلىق، ئىككى كىشىلىك مەپىلىك ئات ھارۋىسى.

[kʰilɛ] كىلە__ بالون يېلىمى.

[garaʒ\gɛrɛʒ] گاراژ\گەرەژ__ يولۇچىلار قاتناش بېكىتى.

[lotkʰa] لوتكا__ كىچىك قېيىق.

[vasmirkʰa] ۋاسمىركا__ چاقنىڭ مايماق چىقىپ كېتىشى.

**(5) سودا، مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر سۆزلەر:**

رۇسچە كىرمە سۆزلەر ئىچىدە يەنە سودا-سېتىق ئىشلىرىغا، مەمۇرىي ئىشلارغا ئائىت بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

[atpʰoskʰa] ئاتپوسكا__ ئورگان تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساياھەت، دەم ئېلىش.

[avanis] ئاۋانىس__ ئىش ھەققى ياكى نورمىدىن تۇتۇش ھېسابىغا ئالدىن ئېلىنغان پۇل ياكى ئاشلىق.

[pʰaʒarni] پاژارنى__ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى.

[ʤalun] جالۇن__ مائاش.

[tʃʰasnij] چاسنىي__ پۇقراچە.

[dakʰumunt] داكۇمۇنت__ ھۆججەت.

[doɣvar] دوگۋار__ توختام.

[sajuz] سايۇز__ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى: ئىتتىپاق، جەمئىيەت، بىرلەشمە.

[kʰantʰor] كانتور__ باش سېتىش ئورنى.

[giraʒdan] گىراژدان__ پۇقرا.

[massa] ماسسا__ ئامما.

[opt$^h$uvaj] ئوپتۇۋاي__ توپ.
[izdilni] ئىزدىلنى__ ۋاقىتلىق.
[ismena] ئىسمېنا__ ئالمىشىپ ئىشلەش نۆۋىتى.
[p$^h$ut q$^h$atʃ$^h$a] پۇت قاچا__ 16 كىلوگىرامغا باراۋەر ئۆلچەم قاچىسى.
(6) مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر:
رۇسچە كىرمە سۆزلەرنىڭ يەنە بىر تۈركۈمى مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىگە دائىر سۆزلەر بولۇپ، رۇس مەدەنىي، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا بەلگىلىك تەسىردە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:
[assent] ئاسسېنت__ ياردەمچى ئوقۇتقۇچى: ئىمتىھان نازارەتچىسى.
[biroʃur] بىروشۇر__ كىتابچە.
[p$^h$irat$^h$ik$^h$ol] پىراتىكول__ ئۆگىنىش نەتىجە جەدۋىلى.
[t$^h$oʃk$^h$a] توشكا__ چېكىت.
[sivist$^h$ok] سىۋىستوك__ ئىسقىرىق.
[izvanix] ئىزۋانىك__ قوڭغۇراق.
[k$^h$anik$^h$ol] كانىكول__ تەتىل.
[k$^h$onvert] كونۋېرت__ لىپاپا.
[k$^h$ilask$^h$om] كىلاسكوم__ سىنىپ باشلىقى.
[gimnazijɛ] گىمنازىيە__ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ.
[master] ماستېر__ ئىگە، كەسىپ ئەھلى.
[niot] نىئوت__ لاياقەتسىز.
[vitʃ$^h$irk$^h$a] ۋىچىركا__ قىز-ئوغۇل ئولتۇرۇشى.
[isp$^h$isk$^h$a] ئىسپىسكا__ رويخەت.
[isk$^h$opk$^h$a] ئىسكوپكا__ تىرناق بەلگىسى.
[inisp$^h$ikt$^h$ir] ئىنىسپىكتىر__ تەكشۈرگۈچى، نازارەتچى.
(7) سەنئەت ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر:
سەنئەت ساھەسىگە ئائىت رۇسچە كىرمە سۆزلەر ئىچىدە غەربچە چالغۇ ئەسۋابلىرى نامىلىرى ۋە ئۇسسۇل نامىلىرى بار بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ بەلگىلىك تەسىرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:
[adnotʃk$^h$a\atluʃk$^h$a] ئادنوچكا__ رۇسچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل.
[ansambil] ئانسامبىل__ سەنئەت ئۆمىكى.
[balalajk$^h$a] بالالايكا__ رۇسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى.
[p$^h$ak$^h$ist$^h$urup] پاكىستۇرۇپ__ تاق قەدەملىك بىر تانسا تۈرى.
[p$^h$ok$^h$us] پوكۇس__ چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، ياسانچۇق.
[damusk$^h$i] دامۇسكى__ ئايالچە: مودا بولىۋاتقان.
[duχovoj] دۇخوۋوي__ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.
[k$^h$ort] كورت__ قەرت.
[garmuʃk$^h$a] گارمۇشكا__ ئېغىز گارمۇنى.
[garmun] گارمۇن__ ئاكاردىيون.
[mandalina] ماندالىنا__ بېشى ئۈچ بۇرجەكلىك بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب.
[ist$^h$irodʒi] ئىستىروجى__ تازىلىق ئىشچىسى.
(8) ھەربىي ساھەگە ئائىت سۆزلەر:

روسچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئىشلار ساھەسىگە ئائىت بىر تۈركۈم سۆزلەر بار. بولۇپمۇ ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەربىي ساھەگە ئائىت نۇرغۇن سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرى ھازىر ئىستېمالدىن قالدى، شۇنداقتىمۇ يەنە قوللىنىلىۋاتقانلىرى بار. مەسىلەن:

[aborun] ئابورون__ دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش.

[bakʰalaʃkʰa\botʰuluʃkʰa] باكالاشكا\بوتۇلۇشكا__ سۇدان.

[birigada] بىرىگادا__ ھەربىي گۇرۇپپا.

[tʰaptʃʰankʰa] تاپچانكا__ ياغاچ كارۋات.

[zastʰap] زاستاپ__ قاراۋۇلخانا.

[sanitʰarkʰa] سانىتاركا__ ھەربىي سېستىرا.

[gimnastʰurkʰa] گىمناستۇركا__ فورما.

[ɛdlinijɛ] ئەدلىنىيە__ قىسىمنىڭ گۇرۇپپا بىرلىكى.

زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدا ھەربىي ساھەگە ئائىت ئەينى زاماندا قوللىنىلغان تېخىمۇ كۆپ روسچە كىرمە سۆزلەر بار.

**(9) تىببىي ساھەگە ئائىت سۆزلەر:**

داۋالاش، تېببىي ساھەگە ئائىت بىر قىسىم روسچە كىرمە سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[ɛpʰirɛs] ئەپىرەس__ ئوپېراتسىيە.

[narkʰoz] ناركوز__ ئوپېراتسىيە ئالدىدا كېسەلنى ھوشسىزلاندۇرۇش.

[gospʰitʰal] گوسپىتال__ دوختۇرخانا.

[balnist\bɛlnis] بالنىست\بەلنىس__ كېسەللەر ياتىقى.

[ɦɛptʰijɛx] ھەپتىيەك__ دورىخانا.

[ispʰirapkʰa] ئىسپىراپكا__ كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دەم ئېلىش ئىسپاتى.

**(10) يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە ئائىت ئاتالغۇلار:**

روسچە كىرمە سۆزلەر ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نامىلىرى ۋە كۆكتات، مېۋە سورتلىرى ناملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[sijalkʰa] سىيالكا__ ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى.

[malatʰilkʰa] مالاتىلكا__ ئۇرۇق ئاقلاش ماشىنىسى.

[pʰaχot] پاخوت__ مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتسىز دەپ يوققا چىقىرىلىدىغان قىسمى.

[selina] سېلىنا__ شەھەردىن يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇش.

[batraq] باتراق__ ئەمگەكچى، يانچى.

[ʃimiʃkʰa] شىمىشكا__ گازىر.

[qʰulupnix] قۇلۇپنىك__ بۆلجۈرگەن.

[kʰapʰuskʰa] كاپۇسكا__ كاللەك بەسەي.

[kʰartʰuʃkʰa] كارتۇشكا__ ياڭيۇ.

[apʰorut] ئاپوروت__ ئالما سورتىنىڭ نامىدىن بىرى.

[zimupkʰa] زىمۇپكا__ قىشلىق ئالما سورتلىرىن بىرى.

[limun amma] لىمۇن ئاما__ ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

[istʰakʰan amma] ئىستاكان ئاما__ ئالما سورتلىرىدىن.

**(11) يېمەك-ئىچمەككە ئائىت ئاتالغۇلار:**

روسلاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم يېمەكلىك ۋە سوغ ئىچىملىك نامىلىرى

بار. مەسىلەن:

[zak$^h$usk$^h$a] زاكۇسكا__ ئىشتەي ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان مەزەلەر.

[k$^h$atlit] كاتلىت__ قىيما كوملاچتىن تەييارلانغان تاماق.

[varina] ۋارىنا__ مۇراببا.

[eris] ئېرىس__ سۈتنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

[k$^h$avas] كاۋاس__ ھەسەل، قۇلماق ئارىلاشتۇرۇپ ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك.

[mɛrɛʒʒym] مەرەژژۈم__ ماروژنا.

[velk$^h$a] ۋېلكا__ ئارا قوشۇق.

(12) ئابستراكت ئىسىملار:

ئىلى ئېغىزىدا ئابستراكت ئۇقۇملارغا دائىر ئاز بىر قىسىم رۇسچە كىرمە سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

[p$^h$ilitk$^h$a] پىلىتكا__ ھېيلە-مىكىر: تاكتىكا.

[k$^h$asas] كاساس__ مۇناسىۋەت، ئالاقە.

(13) يەر ناملىرى:

ئىلىدا رۇسچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم يەر ناملىرى بار. مەسىلەن:

[novigort] نوۋىگورت__ غۇلجا شەھىرىدە مەھەللە نامى.

[sit$^h$alin k$^h$otʃ$^h$a] ستالىن كوچا__ غۇلجا شەھىرىدە كوچا نامى.

[zajomk$^h$a] زايومكا__ ئىلى دەريا بويىدىكى ساياھەت ئورنىنىڭ نامى.

[gɛlɛnt$^h$ir\ gilɛnt$^h$ir] گەلەنتىر\گىلەنتىر__غۇلجا شەھىرىدە بازار نامى.

[resej] رەسەي__ روسىيە.

2) باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە سۆزلەر:

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدە ئىسىملاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم مىقدار سۆز، سۈپەت، رەۋىش، پېئىلغا تەۋە سۆزلەرمۇ بار.

(1) مىقدار سۆزلەر:

بىر قانچە سۆز مىقدار سۆز ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن:

[baʃk$^h$a] باشكا__ باغلام، بولاق.

[p$^h$ut] پۇت__ ئىككى مو ياكى تۆتتىن بىر خوغا باراۋەر يەر ئۆلچەم بىرلىكى.

[k$^h$uva\k$^h$uba] كۇۋا\كۇبا__ ھەجىم بىرلىكى كۇپ.

(2) سۈپەتلەر:

ئاز بىر قىسىم رۇسچە سۈپەت سۆزلىرى بار. مەسىلەن:

[p$^h$olni:] پولنى:__ تولۇق، مۇكەممەل: ئۇزۇن ئېتەكلىك.

[tʃ$^h$est$^h$ɛj] چېستەي__ پاكىز، تولۇق، كەم-كۈتىسىز.

[duvajni] دۇۋاينى__ رەختنىڭ كەڭلىكىگە قارىتا قوش قەۋەتلىك.

[gat$^h$u] گاتۇ__تەييار.

(3) رەۋىشلەر:

ئاز بىر قىسىم رەۋىشلەرمۇ بار. مەسىلەن:

[sapsim] ساپسىم__پۈتۈنلەي، ھەممىسى.

[suvar] سۇۋار__ پۈتۈنلەي.

[p$^h$iram] پىرام__ ئۇدۇل، ھېچنېمىگە قارىماستىن.

(4) پېئىللار:

رۇسچە سۆزلەرگە ئۇيغۇرچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ياكى ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان بەزى پېئىللار بار. مەسىلەن:

پاياتلىماخ [pʰajatlimaχ] كەپشەرلىمەك.

ئوپۇس قىمماخ [opʰus qʰɯmmaχ] بىر-بىرلەپ تەكشۈرمەك، ئاختۇرماق.

ئالدىنقى سۆزدە رۇسچە «پايات» سۆزىگە ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى «لا» قوشۇمچىسى، كېيىنكىسىدە رۇسچە «ئوپۇس» سۆزىگە «قىل» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلغان.

2. سۆزگە سۆز قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان رۇسچە تەركىبلىك سۆزلەر:

ئىلى ئېغىزىدا رۇسچە سۆزلەرگە رۇسچە، ئۇيغۇرچە ياكى پارسچە تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم بىرىكمە سۆزلەر بار. مەسىلەن:

گەلەپى ئىشتان [gɛlɛpʰi iʃtʰan] [ر+ر] ئات مىنىشكە لايىقلاشتۇرۇلغان، ئېغى كەڭ، ئىككى يانچۇقىنىڭ ئورنى سىرتقا ئالاھىدە چىقىپ تۇرىدىغان ئىشتان.

مانچېستېر بۆك [mantʃʰistʰer bøx] [ر+ئۇ] قىزىل دۇخاۋا دوپپا.

ئەدىلنى قورا [ɛdilni qʰora] [ر+ئۇ] ئايرىم قورۇ.

نېمىسچە [nemistʃʰɛ] [ر+ئۇ] پائالىيەت چىقىمىنى كۆپچىلىك تەڭ كۆتىرىش قائىدىسى.

كىمانى يەڭ [kʰimani jɛŋ] [ر+ئۇ] ياپونچە كالتە يەڭ.

ئابورۇن تۇتماخ [aborun tutmaχ] [ر+ئۇ] جەڭدە يوشۇرۇنماق، مۇداپىئەلەنمەك.

ماشىنىچىخانا [maʃintʃʰɯχana] [ر+پ] تىككۈچىلىك دۇكىنى.

گىر بازىرى [gir baziri] [ر+پ] ئاشلىق بازىرى.

3. رۇسچە كىرمە سۆزلەردىكى مەنە ئۆزگىرىشى.

1) مەنە دائىرىسى ئەسلىدىكىگە باراۋەر سۆزلەر:

رۇس تىلىدىن كىرگەن كەسپىي ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلى ئېغىزىدا ئەسلىدىكىگە باراۋەر ھالدا بىر مەنىلىك سۆز ئورنىدا قوللىنىلغان. مەسىلەن: «دۇخوۋوي» سۆزى ئوخشاشلا چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرىنى، «پىلاستىكوپ» سۆزى ئوخشاشلا ئامبۇرنى كۆرسەتكەن.

2) مەنە دائىرىسى تارايغان سۆزلەر :

رۇس تىلىدا بىرقانچە مەنە ئاڭلىتىدىغان بەزى سۆزلەر تىلىمىزغا بىر مەنىسى بىلەن ياكى ئەسلىدىكىدىن ئازراق بىر قانچە مەنىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: «ئانسانبىل» سۆزىنىڭ رۇس تىلىدا «توپ، ئومۇمىي گەۋدە، گۇرۇپپا؛ سەنئەت ئۆمىكى، ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى؛ (دراما، مۇزىكا، ئۇسسۇل ئورۇنداشتىكى) ماسلىشىش؛ ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان بىر نەچچە كورپۇس بىنا؛ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى» قاتارلىق بىر قانچە مەنىسى بار: ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندا بۇنىڭ ئىچىدىكى «سەنئەت ئۆمىكى» دېگەن بىرلا مەنە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، «ناخشا-ئۇسسۇل ئانسانبىلى» دېگەن سۆز بىرىكمىسى ئىچىدىلا قوللىنىلىدۇ. «ئوپېراتسىيە» سۆزى ئەدەبىي تىلدا تېببىي مەشغۇلات ۋە ھەربىي مەشغۇلاتتىن ئىبارەت ئىككى مەنىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان (ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ شۇنداق)، ئەمما ئىلى ئېغىزىدا «ئەپىرەس» شەكلىدە ئۇنىڭ پەقەت 1-مەنىسىلا قوبۇل قىلىنغان. «بەتىنكە» سۆزى رۇس تىلىدا «ئاياق، خۇرۇم ئاياق» دېگەن مەنىلەردە،

ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندا ئاياقلارنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى بولۇش دائىرىسىدە قوبۇل قىلىنغان. «پېرژېكتور» سۆزى رۇس تىلىدا «نۇرنى يىغىپ چۈشۈرىدىغان چىراغ، كۆلەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، كىنو قويۇش ئاپپاراتى، قول چىراغ» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىلى ئېغىزىدا پەقەت «قول چىراغ» دېگەن مەنىدىلا قوبۇل قىلىنغان.

3) مەنىسى ئۆزگەرگەن سۆزلەر:

بىر قىسىم سۆزلەر ئەسلى تىلدىكىدىن سەل ئوخشىمايدىغان ياكى ئەسلى مەنىگە يېقىنراق باشقا بىر مەنە ئاڭلىتىدىغان شەكىلدە قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: رۇس تىلىدا «خۇرۇم سومكا، خىزمەت سومكىسى؛ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسى: ئەسەر ئورگىنالى» مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان «پورتمال» سۆزى تىلىمىزدا «پۇل قاپچۇقى، ھەميان» مەنىسىدە قوبۇل قىلىنغان. رۇس تىلىدا بۆشۈك مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان «زىپكا» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا «سەگەنچۈك» مەنىسىدە قوبۇل قىلىنغان. رۇس تىلىدا «قىشلىق، قىشتا پاناھلىنىدىغان جاي» دېگەن مەنىلەردىكى «زىمۇپكا» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا قىشلىق ئالما سورتلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. رۇس تىلىدا «كۆڭلەك» مەنىسىدا قوللىنىلىدىغان «سارۇچكا» سۆزى ئىلى ئېغىزىدا «كىيىمنىڭ مورە ۋە كۆكرەك قىسمىدىكى ئەستەر بىلەن تاش ئىچىگە ئېلىنىدىغان مەخسۇس توقۇلغان بىر خىل رەخت» دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىنغان. «نېپىز تاختا: پېرتىۋال: ناخشا تەخسىسى، نۇرغا سېزىمچان تاختا: ئەينەك تەگلىك تاختا: قەۋەت: يوپۇرماق، ياپراق شەكىللىك نەرسە: ھەرىكەتچان يالغان چىش» مەنىلىرىنى بېرىدىغان «پلاستىنكا» سۆزى بىزدە پەقەت فاتىفون، VCD قاتارلىقلارنىڭ ئاۋاز ياكى كۆرۈنۈش ئېلىنغان تەخسىسى دېگەن مەنىدىلا قوبۇل قىلىنغان.

دېمەك، رۇس تىلىدىن ئىلى ئېغىزىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلى مەنىسى بويىچە قوللىنىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ مەنىسىدە تارىيىش ياكى باشقىچە ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ كېتىشكە تېگىشلىككى، بەزىدە رۇس تىلىدىكى ئەينى بىر سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا بىر خىل شەكىلدە، ئىلى ئېغىزىغا باشقا بىر خىل شەكىلدە قوبۇل قىلىنغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| بورت | بىلىيارت |
| كورت | قەرت |

**4. ئىلى ئېغىزىدىكى رۇسچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە قارىتا مەنىداشلىق ھاسىل قىلىشى.**

رۇس تىلىدىن كىرگەن ئىلى ئېغىزىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرگە قارىتا مەنىداشلار قاتارىنى ھاسىل قىلغان، ھەمدە رۇس تىلىدىن كىرگەن تەركىبنى كۆپرەك تاللاپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سوم | كوي، يۈەن |
| پورتمال | ھەميان |
| پىلاستىكوپ | ئامبۇر |
| پىلىتكا | تاكتىكا |

| | |
|---|---|
| تېرموس | چايدان |
| كونۋېرت | لىپاپا |
| بوتۇلكا | شىشە |
| قۇلۇپىنىك | بۆلجۈرگەن |
| پىرژىكتور | قول چىرىغى |
| ئىسپىراپكا | كېسەللىك ئىسپات قەغىزى |

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇلۇق قاتاردىكى رۇسچە كىرمە سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ، ھەمدە ئەدەبىي تىلدىكى قارشى قاتاردىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداشلىق ھاسىل قىلىدۇ.

**5. ئىلى ئېغىزىدىكى رۇسچە كىرمە سۆزلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى.**

رۇسچە سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىغا كۆپلەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلگەن مەزگىلى 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىتتۇر. 50-يىللاردىن كېيىن جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چېگرىنىڭ تاقىلىشى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلىرىغا رۇس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش زور دەرىجىدە ئازايدى. 90-يىللارنىڭ بېشىدا قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قازاقىستان بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى بىر مەزگىل كۈچەيدى. بۇ مەزگىلدە ئاز بىر قىسىم رۇسچە سۆزلەر (مەسىلەن: توروس___ ساياھەتچى) قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك بولمىدى. ئەكسىچە، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا خەلقئارالىق تىللاردىن بىۋاستە سۆز قوبۇل قىلىش ۋە ئانا تىل ئېلېمېنتلىرىدىن سۆز ياساش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە  رۇس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئازىيىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم رۇسچە سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا قوللىنىلىش چاستوتىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەتتا بەزى سۆزلەر ئاساسەن قوللىنىلمايدىغان بولدى.

**1) قوللىنىلىش چاستوتىسى تۆۋەنلىگەن رۇسچە كىرمە سۆزلەر:**

رۇس تىلىدىن ئىلى ئېغىزىغا ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر گەرچە پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئاز قوللىنىلىدىغان بولدى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى تەدرىجى ھالدا باشقا سۆزلەر ئىگىلەشكە باشلىدى. بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىلگىرىكى ئاددىي قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا زامانىۋىي پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىگىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى شەيئىنىڭ نامى بولغان رۇسچە سۆزنىڭ قوللىنىلىش چاستوتىسى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. يېڭىسىنىڭ نامى ئۇيغۇرچە ياسالدى ياكى باشقا بىر تىلدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىندى.

ئىلى ئېغىزىدا ھازىرچە يوقالمىغان، ئەمما قوللىنىلىش چاستوتىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مەلۇم دەرىجىدە ئازايغان سۆزلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

پاپىروس (تاماكا)، پىپىنوس (كۆلدان)، كاتلەك (بىر خىل قاچا)، گاردىرۇپ (تىكلىمە ئىشكاپ)، گىرەلكە (بىر خىل ئىسسىتقۇچ)، شولكۋاي (بىر خىل رەخت)، ئىشنۇر (بوغقۇچ)، سوستاۋ (تەركىب)، سۇۋىچ (ئۇچقۇن چاقمىقى)، شېستىرىنكا (چىشلىق چاق)، كالاسكا (بىر خىل مەيلىك ھارۋا)، ئاتپوسكا (ساياھەت)، سايۇز (ئىتتىپاق)، ئىزدىلنى (ۋاقىتلىق)، ئىسمېنا (ئالمىشىپ ئىشلەش)، بىراشۇر (كىتابچە)، سىۋىستوك (ئىسقىرىق)، نىئوت (لاياقەتسىز)، ئىزۋانىك (قوڭغۇراق)،

ئىستىروجى (تازىلىق ئىشچىسى)، گاتو (تەييار)، سوۋار (پوتونلەي)، ئوپوس (ئاختۇرۇش).

2) يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان رۇسچە كىرمە سۆزلەر:

قوللىنىش چاستوتىسىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، رۇس تىلىدىن كىرگەن يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بۈگۈنكى كۈندە پەقەت 70-60 ياشتىن يۇقىرى چوڭلارنىڭ ئاغزىدىلا قوللىنىلىدىغان، ياشلار قوللانمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ پۈتۈنلەي يوقىلىش گىرداۋىغا يېتىپ كەلدى. بۇنداق سۆزلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

پاداركا (سوۋغاتلىق)، جاركوپ (قورۇما)، ئېتاژ (قەۋەت)، ئىسپىچكا (سەرەنگە)، پىرىمېركا (كىيىمنى كىيىپ سىناش)، پىرىمىس (كىرسىن ئوچاق)، پىرژومىنىك (سىگنال قوبۇل قىلغۇچ)، زامۇكاينا (توك سىمى كۆيۈپ كەتمەك)، پادىيوم (ئۆرلەش يولى)، زىۋىت (ئوت ئالدۇرۇش)، ئىسپوسكا (تۆۋەنلەش يولى)، جالون (مائاش)، كانتور (باش سېتىش ئورنى)، ئىسپىسكا (رويخەت)، ئىنىسپىكتىر (تەكشۈرگۈچى)، بىرىگادا (ھەربىي گۇرۇپپا لۇ)، تاپچانكا (ياغاچ كارۋات)، زاستاپ (قاراۋۇلخانا)، سانىتاركا (ھەربىي سېستىرا)، گىمناستۇركا (فورما)، سېلىنا (تۆۋەنگە چۈشۈرۈش)، مالاتىلكا (ئۇرۇق ئاقلاش ماشىنىسى)...

دېمەك، رۇس تىلى ئىلى ئېغىزىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تىللارنىڭ بىرى. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بۇ تىل كۈچلۈك بىر تەسىر كۆرسىتىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتتى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ تەسىر تەدرىجى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىۋاتقان رۇسچە كىرمە سۆزلەردىن باشقا يەنە نەچچە يۈزلىگەن رۇسچە سۆزلەر ھېلىمۇ بىر قەدەر كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

## 2.2.5 خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ھەرقايسى ئېغىزلىرىغا ئوخشاشلا ئىلى ئېغىزىمۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا ئۇنىڭ تەسىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلدى. ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىۋاتقان خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلى ئېغىزىدا بار. شۇنىڭدەك ئەدەبىي تىلدا ئانچە قوللىنىلمايدىغان يەنە بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەرمۇ ئىلى ئېغىزىدا ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە ئىلى ئېغىزىدىكى خەنزۇچە ئاملىلارنى تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. ئىسىملار.

ئىلى ئېغىزىغا كىرگەن خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسىملار بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرگە تۈتىشىدۇ.

1) يېزا-ئىگىلىك ساھەسىگە ئائىت سۆزلەر:

بەزى يېزا ئىگىلىك قوراللىرى، مېۋە، زىرائەت ناملىرىغا ئائىت خەنزۇچە سۆزلەر بار. مەسىلەن:

چەنچەزە__ (铲铲子) [ʧʰɛnʧʰɛːzɛ] زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپ ئوت ئوتاشقا ماس كېلىدىغان كىچىك ئوتىغۇچ.

ۋاۋازا__ (挖挖子) [vavaza] ئۆرە تۇرۇپ ئوت ئوتاشقا ماس كېلىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ئوتىغۇچ.

[ʃaŋ] (墒) شاڭ_ بىر بويلام ئېتىز بۆلىكى.
[ɛrʧ$^h$uza] (二秋子) ئەرچۇزا__ كۆزلۈك ئالما سورتىدىن بىرى.
[χaŋdu] (黄豆) خاڭدۇ__ سېرىق پۇرچاق.
[ʤyminden] (居 民 点) جۈمىندەن__ جايلىق يەر، ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان يەر، ئاھالىلەر نۇقتىسى.

2) كىيىم-كېچەككە ئائىت سۆزلەر:

ئىلى ئېغىزىدا خەنزۇچە ئاتالغان بىر قىسىم كىيىم-كېچەك ئىسىملىرى بار.
مەسىلەن:
[beʃir] (背心) بېشىر__ يەڭسىز پوپايكا.
[gøʤɛj\goʤaj] (裹脚) گۆجەي__ پايتىما.
[χeʧ$^h$iŋgir] (合成格) خېچىڭگىر__ بىرىكمە پاشنىلىق ئاياق.
[dat$^h$uʃe] (大头鞋) داتوشې__ يۇمۇلاق تۇمشۇقلۇق قىشلىق ئاياق.
[momɯχɛj] (棉鞋) مومىخەي__ قىشلىق يۇمشاق لاتا ئاياق.

3) مەمۇرىيناملار:

ئىلى گېنىرال مەھكىمىسى دەۋرىدىن قالغان مەمۇرىيەتكە ئائىت بىر قىسىم خەنزۇچە ئاتالغۇلار بار. مەسىلەن:
[ʤaŋʤuŋ] (将 军) جاڭجۇڭ__ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئىلى گېنىرال مەھكىمىسىنىڭ گېنىرالى.
[jaʧ$^h$ɛn] (衙钱) ياچەن__ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تارقىتىلغان مىس پۇل.
[ʤaŋgyjdɛ] (掌柜的) جاڭگۈيدە__ خوجايىن.

4) تۇرمۇش بۇيۇملىرىناملىرى:

كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىرىنىڭ بىر قىسىملىرىنىڭ نامى خەنزۇچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:
[χɛjvan] (海碗) خەيۋان__ ئاپقۇر چىنە.
[ligyj] (立柜) لىگۈي__ تىكلىمە ئىشكاپ.
[dami] (大煤) دامى__ داڭگال كۆمۈر.
[za] (渣) زا__ ئۇۋاق كۆمۈر.
[lant$^h$a\lant$^h$o] (狼头) لانتا\لانتو__ ياغاچ بولقا.
[siʤyɛn] (瓷砖) سىجۈەن__ چىنە خىش.
[ʤaŋza] (毽子) جاڭزا__ تەپكۈچ.

5) تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر سۆزلەر:

ئىلىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلىق بولغان بىر قىسىم خەنزۇچە ئىسىملار بار.
مەسىلەن:
[vaŋɦolu] ۋاڭخولۇ__ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ھۆكۈمرانلارنىڭ يەرلىك خەلققە سالغان، ھەمدە ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان بىر ھاشارنىڭ نامى. ھۆكۈمرانلار ئىلى گېنىرال مەھكىمىسى جايلاشقان كۈرە قەلئەسىدە ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا دەرياغا قارىتىپ سېلىنغان «ۋاڭخولۇ» (望河楼) راۋىقىنى ئىلى دەريا سۈيىنىڭ يار ئېلىپ ئېقىتىپ كېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن دەريا ئېقىنىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھاشار ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ھېلىھەم بىر ناخشىنىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە. تۆۋەندىكىسى بۇ ناخشىدىن بىر كوبلېت:
ياز بولسا قىلۇر غەمكىن،

ۋاڭ خولۇنىڭ ئالۋىڭى.
ھاشارلارغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى.[73]

[lɛŋ] لەڭ__ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە يەرلىك خەلقتىن ئېلىنغان ئاشلىق (粮) بېجى.

[susɛn] سۇسەن__ سۆز مەنىسى «تارقاقلاشتۇرۇش» (疏散) بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھۆكۈمەتنىڭ شەھەرلىكلەرنى يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندە قوللىنىلغان سۆز.

[χo] (斛) خو__ كونا زاماندا قوللىنىلغان سەككىز مو ياكى تۆت پۇتقا تەڭ يەر ئۆلچەم بىرلىكى؛ بەش كۈرىگە تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. مىسال: خۇدايىم بۇيرىسا خورىدىن ئون خودىن ئاشلىق ئالىمىز.

[zilydyj] زىلۇدۇي__ «قالدۇرۇق يەر» (自留地) دېگەن مەنىدە بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرى كوممۇنا مەزگىلىدە ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆكتات تېرىشىغا رۇخسەت قىلىنغان يەر.

[daŋkʰaŋ] داڭكاڭ__ «ئەپكەش-سېۋەت» (担筐) دېگەن مەنىدە بولۇپ، كوممۇنا مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ ئوغۇت توشۇشتا ئىشلەتكەن سېۋەت-ئەپكەشنى كۆرسىتىدۇ.

**6) قاتناش قوراللىرىغا دائىر سۆزلەر:**

بىر قىسىم قاتناش قوراللىرىنىڭ نامىلىرىمۇ خەنزۇچە ئاتالغان. مەسىلەن:

[ʃopʰo\ʃopʰi] شوپو\شوپى__ (手扶拖拉机) قول تراكتور.

[lalatʃʰɛj\lalatʃʰi] لالاچەي\لالاچى__ (拉拉车) ئېشەك ھارۋىسى.

[ergilo] ئېرگىلو__ (二轱辘) ئىككى چاقلىق بىر خىل ھارۋا.

[lɛŋgɛ:\lɛŋgɛzɛ] لەڭگە:\لەڭگەزە__ (栏杆子) ھارۋا جاھازىسى، توساق.

**7) يەر نامىلىرى:**

ئىلىدا خەنزۇچە ئاتالغان بىر قىسىم يەر نامىلىرى بار. بۇ جايلار كۆپىنچە چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى تۇرغان كۈرەگە يېقىن بۆلەكلەر بولۇپ، ئاساسەن بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرى دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

[syjdyŋ] سۇيدۇڭ__ (水定) قورغاس ناھىيە بازىرىنىڭ نامى.

[tʃʰiŋsiχoza] چىڭسىخوزا__ (清水河) قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزا بازىرى. مەنىسى: سۈزۈك دەريا.

[losigoŋ] لوسىگوڭ__ (芦草沟) قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزا بازىرى. مەنىسى: قومۇشلۇق.

[daʃigo] داشىگو__ (大西沟) قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. مەنىسى: چوڭ غەربىي جىلغا.

[gozigo] گوزىگو__ (果子沟) قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. مەنىسى: ئالمىلىق.

[sɛngoŋ] سەنگوڭ__ (三宫) قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. مەنىسى: ئۈچ ئوردا.

---

[73] تېيىپجان ھادى: «ئىلى خەلقىنىڭ بىرقانچە تارىخىي ناخشىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «ئىلى گېزىتى»، 1981-يىل 5-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سانى.

[ʧ$^h$ɛjlɛŋzɛ] چەيلەڭزە__ (界梁子) غۇلجا شەھرىگە قاراشلىق بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ نامى. مەنىسى: چېگرا تاغ.

[χɛnbiŋ] خەنبىڭ__ (汉宾) غۇلجا شەھرىنىڭ بىر يېزىسى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى (汉兵) بولۇپ، «خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇرالغۇسى» دېگەن مەنىدە.

[χɛnsu baziri] خەنسۇ بازىرى__ (汉人街) غۇلجا شەھرىدىكى بىر بازارنىڭ نامى.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىسىملار بار.

2. سۈپەتلەر:

ئىلى ئېغىزىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئاز بىر قىسىم سۈپەت سۆزلىرى بار.

مەسىلەن:

[bendirin] بېندىرىن__ (本地人) مۇشۇ يەرلىك كىشى.

[gaŋ] گاڭ__ (光) پەقەتلا، پۈتۈنلەي.

[daχeŋgɛ:] داخېڭگە__ (大亨) ھاكاۋۇر، يوغانچى.

[ʤiŋgirʤiŋ] جىڭگىرجىڭ__ (真正) ھەقىقىي.

3. ياسالما سۆزلەر:

تۆپ سۆزلەردىن باشقا خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ياسالغان بىر قىسىم ياسالما سۆزلەرمۇ بار. بۇ سۆزلەر خەنزۇچە سۆزگە ئۇيغۇرچە ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇش، ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئۇيغۇرچە سۆز قوشۇش قاتارلىق يوللار بىلەن ياسالغان. مەسىلەن:

[ʃaŋʁa ajrimaχ] شاڭغا ئايرىماخ__ (墒) ئېتىزنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق.

[ʧ$^h$aʤuŋ q$^h$uruʃ] چاجۇڭ قۇرۇش__ جاڭ چېلىپ قارشى ئېلىش.

[boliwa:maχ] بولىۋا:ماخ__ (包) كۆتىرە ئالماق.

[ʤɛnzinan] جەنزىنان__ ھورنان.

[ʧ$^h$ajp$^h$ɛʃ] چاي پەش__ چاي ئوراپ قويىدىغان تۇگۈچ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىمۇ بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

يامۇلغا سولاپ قويدى،<br>
قولۇمغا سالدى تېجەنزە.<br>
ھەرگىز نالە قىلمايدۇ،<br>
ئۆزى قىلغان خوخەنزە.[74]

بۇ قوشاقتىكى خەنزۇچە ئىككى سۆزنىڭ مەنبەسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

[t$^h$eʤɛnzɛ] تېجەنزە__ (铁剪子) قولغا سېلىنىغان ئىسكەنجە.

[χoχɛnzɛ] خوخەنزە__ (好汉子) ئەزىمەت، مەرت، ئوغۇل بالا.

دېمەك، خەنزۇ تىلىمۇ ئىلى ئېغىزىدا بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تىللارنىڭ بىرى، ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدىكى نۇرغۇن خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنىڭ بارلىقىدىن سىرت، ئىلىدا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان بىر قىسىم خەنزۇچە كىرمە سۆزلەر بار.

---

[74] مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات يۇرتى مۇزىكا تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «ئىلى ناخشىلىرى» (يېڭى يېزىق) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1980يىل 4-ئاي 1-بېسىلىشى، 43-بەت، «سادىر».

## 2.2.6 تۈغقان تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرى

ئىلىدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قازاق، قىرغىز، سالار، ئۆزبەك، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. تۇغقان تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ تىللار بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، نۇرغۇن ئورتاق سۆزلەرگە ئىگە. شۇنداقلا بۇ تىللار ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ماقالىمىزنىڭ مەزمۇنىغا ماس ھالدا باشقا تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 2.2.6.1 قازاق تىلىنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرى تۇغقان خەلقلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىككى خەلقنىڭ تىللىرىمۇ بۇ رايوندا بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەرنىڭ ئىككى تۇغقان تىلدا يىلتىزداش ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى تەرەققىياتلار جەريانىدا ھەر ئىككى تىلدا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىدە بولغان، شۇنىڭدەك قەدىمى سۆزلەردىن قايسىلىرىنى كىمنىڭ ساقلاپ قالغان-قالمىغانلىقى جەھەتتىمۇ بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى بار، ئەلۋەتتە. بوگۈنكى كۈندە بۇ رايوندا تەبىئىي تۈردە ئۇيغۇر تىلىدىكى خاس بىر قىسىم سۆزلەر قازاق تىلىغا، ئوخشاشلا قازاق تىلىدىكى بىر قىسىم خاس سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا قايتا قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت. تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان، ئەمما باشقا ئۇيغۇر دېئالېكتلىرىدا ھازىر ئانچە قوللىنىلمايدىغان، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ساھەسىگە ئائىت بولغان نۇرغۇن سۆزلەر قازاق تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىدىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. ھايۋانات ناملىرى، ئات رەڭلىرى دېگەندەكلەر بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تۈركىي تىللارغا ئورتاق بەزى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىمۇ قازاق تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىقى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەھۋاللار بار.

تۆۋەندە ئۇلاردىن بىر قىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) ئىسىملار:

قازاق تىلىدىن ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا كىرگەن بىر قىسىم ئىسىملار بار بولۇپ، بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

[ʤaʁdaj] جاغداي__ ئەھۋال، ھالەت، شارائىت.

[iŋʁaj] ئىڭغاي__ مۇۋاپىق شارائىت، ئىمكانىيەت.

[oraj] ئوراي__ ئىمكانىيەت، شارائىت،

[urpʰaχ] ئۇرپاخ__ ئەۋلاد.

[χoʤa bekʰɛ] خوجا بېكە__ ئايال خوجايىن، خوجايىنىنىڭ ئايالى،

[ravʁaʃ] راۋغاش__ دۆشۈنە، تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك،

[qʰumurusqʰa] قۇمىرىسقا__ چۈمۈلە (ئادەتتە «قۇمۇرۇسقىدەك» شەكلىدە كېلىپ، «كۆپ، نۇرغۇن» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)،

[tʰoʁan] توغان__ ئۆستەڭ،

2) سۈپەتلەر:

قازاق تىلىدىن كىرگەن ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدىغان بىر قىسىم سۈپەت

سۆزلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

[sodur] سودۇر__ تەنتەك، كەپسىز.

[syjk$^{h}$ymsiz] سۈيكۈمسىز__ يېقىمسىز، كىشىگە يېقىشلىق بولمىغان.

[mɯχt$^{h}$a] مىختا__ پۇختا، چىڭ، مەھكەم.

[øŋk$^{h}$ɛj] ئۆڭكەي__ پۈتۈنلەي، ھەممىسى.

[q$^{h}$ajran] قايران__ ئالامەت، ئېسىل (ئەپسۇسلىنىش تۈسى بار).

3) رەۋىشلەر:

قازاق تىلىدىن كىرگەن ئاز بىر قىسىم رەۋىشلەر بار. مەسىلەن:

[alʁaʃ] ئالغاش__ بالدۇر، ئاۋۋال.

[bøt$^{h}$yn] بۆتۈن__ يوچۇن، ئايرىم، يات، سىرت.

[bet$^{h}$aldi] ئۆز ئالدىغا، ئۆ مەيلىچە، بىكارغا، بوشقا، ئورۇنسىز.

4) پېئىللار:

قازاق تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم پېئىللار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياردەمچى پېئىللار تەلەپپۇزى جەھەتتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

[sandalmaχ] ساندالماخ__ ئۇ يەر بۇ يەرلەردە نىشانسىز مېڭىپ يۈرۈش، تەمتىرەپ يۈرمەك.

[syjk$^{h}$ynmɛx] سۈيكۈنمەك__ يۆلەنمەك، تايانماق.

[syjynmɛx] سۈيۈنمەك__ يۆلەنمەك، تايانماق.

[ust$^{h}$imaχ] ئۇستىماخ__ تۇتماق.

[ilitmɛx] ئىلىتمەك__ باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك.

[oraj q$^{h}$ɯmmaχ] ئوراي قىمماخ__ ھېساۋاتقا قارىتا ئورنىغا ياتقۇزىۋەتمەك، شۇنىڭغا ھېساپ قىلىۋەتمەك.

[t$^{h}$yzgɛ olt$^{h}$a:maχ] تۈزگە ئولتا:ماخ__ ھاجەت قىلماق، تەرەت قىلماق.

**5) تۈركىي تىللارغا ئورتاق، ئەمما قازاق تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە تەلەپپۇزى قىلىنىدىغان سۆزلەر:**

ھەر قايسى تۈركىي تىللارغا ئورتاق بىر قىسىم سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى بىلەن ئەمەس، بەلكى قازاقچە تەلەپپۇزىغا يېقىن ئېيتىلىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

[sarmaj] سارماي__ سېرىقماي، قازاقچە تەلەپپۇزى [sarmaj].

[jajlav] يايلاۋ__ يايلاق، قازاقچە تەلەپپۇزى [ʤajlav].

[k$^{h}$øp$^{h}$yr] كۆپۈر__ كۆۋرۈك، قازاقچە تەلەپپۇزى [køpyr].

[bozadir] بوزادىر__ بوز ئېدىر (يەر نامى)، قازاقچە [bozadir].

[syjɛx] سۈيەك__ سۆڭەك، قازاقچە تەلەپپۇزى [syjøk].

[bajlamaχ] بايلاماخ__ باغلىماق، قازاقچە تەلەپپۇزى [bajlav].

دېمەك، قازاق مىللىتى ئىلىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن قازاق تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا كۆرسەتكەن بەلگىلىك تەسىرى بار. بۇنى يۇقىرىقى مىساللاردىن بىر قەدەر ئېنىق كۆرەلەيمىز.

## 2.2.6.2 باشقا تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرى

باشقا تۈركىي تىللار ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن تىل تاتار تىلىدۇر.

تاتار تىلىمۇ تۇغقان تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە، ئەلۋەتتە. 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سوۋېت تاتار يېڭىچە مائارىپى ۋە مەدەنىيىتى ئىلى، چۆچەك رايونلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. بۇ جەرياندا رۇس تىلى ئامىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كىرىشىدە تاتار تىلى مەلۇم دەرىجىدە ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. ھەتتا، 40-، 50-يىللاردا شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا تاتار تەلەپپۇزىدا سۆزلەش بىر مەزگىل مودىغا ئايلانغان، تاتارچە سۆزلىسە ئوقۇغان، «زىيالىي سۈپەت» تۇيۇلغان.

بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزدىكى قايسى سۆزلەرنىڭ ئاۋۋال تاتار تىلىغا، ئاندىن بىزنىڭ تىلىمىزغا كىرگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىغا تاتار تىلىدىن كىرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

مەسىلەن:

[abist$^{h}$ɛj] ئابىستەي__ مۇئەللىمە.

[baq$^{h}$ɯr] باقىر__ مىس، مىس قاچا.

بىزنىڭچە تاتار مائارىپىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا، شۇ قاتاردا تاتار تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى يۇقىرىقى بىر قانچە سۆز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە بۇندىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئىلى ئېغىزىدا يەنە ھازىرقى زامان تۈرك تىلى بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدىغان بىرقانچە سۆز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

[zor k$^{h}$ɛːmɛx] زور كەلمەك__ قىيىن كەلمەك، تەس كەلمەك، قىينالماق. «زور» سۆزى تۈرك تىلىدا: قىيىن، تەس. مىسال:

iʃni χɛχ q$^{h}$ɯlivassa, saŋa nimi zor k$^{h}$ɛldi.

(ئىشنى خەق قىلىۋاتسا، ساڭا نېمە تەس كەلدى؟)

[diʃlo] دىشلو__ تۆت چاقلىق، ئىككى ئاتلىق ھارۋا. «دىشلى» [diʃli] سۆزىنىڭ تۈركچىدىكى ئۇدۇل مەنىسى «چىشلىق» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سۆز تۈركىيەنىڭ كارس ئېغىزىدا: «ھارۋىدا ئات قوشۇلىدىغان يەر»[75] (arabada atın koşulduğu yer.) مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇنىڭغا يېقىن «دىشلىك» [diʃlik] سۆزى بولسا، تۈركىيەنىڭ يەنە بىر قىسىم ئېغىزلىرىدا «تىزگىن ئورنىدا ئاتقا باغلىنىدىغان يىپ» (dizgin yerine ata takılan ip.) مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.[76] بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئات ۋە ھارۋىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن ئۆزبەك، قىرغىز، سالار تىللىرىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزى بىلەن ئۇچراشقان، بۇ مىللەتلىرىنىڭ ئاھالە سانى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بەك ئاز بولغاچقا ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا كۆرسەتكەن تەسىرى كۈچلۈك ئەمەس. ئەكسىچە، ئىلى ئېغىزىنىڭ بۇ تىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك.

---

[75] «تۈركىيەدە خالق ئاغزىندان دەرلەمە سۆزلۈكى» 4-كىتاب 1524-بەت.

[76] «تۈركىيەدە خالق ئاغزىندان دەرلەمە سۆزلۈكى» 4-كىتاب، 1525-بەت.

### 2.2.7 ئۇيغۇر تىلى باشقا دىئالېكت، ئېغىزلىرىنىڭ ئىلى ئېغىزى بىلەن بولغان تەسىرلىشىش مۇناسىۋىتى

ئىلى ئېغىزى خۇددى ئۇرۇمچى ئېغىزىغا ئوخشاشلا باشقا ھەرقايسى ئۇيغۇر ئېغىزلىرىنىڭ تەسىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلغان ئارىلاشما ھالەتتىكى ئېغىز. شۇنداقلا ئۇ باشقا ئۇيغۇر ئېغىزلىرىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلاردا ئومۇملىشىشىغا قارىتا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان ئېغىزدۇر.

ئىلى ئېغىزىنىڭ ئارىلاشما ھالەتتىكى ئېغىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردۇر:

بىرىنچىدىن، جۇڭغارلار دەۋرىدە ئىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ جۇڭغارلار تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغانلىقى ياكى خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قېچىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن كېيىنكى دەۋرلەردە مانجۇلار شىنجاڭدىن باشقا ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇرلارنى بۇ رايونغا قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىققان. يەنە شۇنىڭدەك مانجۇلار تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئىلىنىڭ ھېكىم بەگلىكىنى تۇرپانلىق ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپشۇرغاچقا ۋاڭ جەمەتىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىلىغا كۆچۈپ چىقىپ ئورۇنلاشقان. نەتىجىدە ھەرقايسى ئۇيغۇر ئېغىزلىرى بۇ جايدا ئۇچرىشىپ، يېڭى بىر تىل قاينىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچىدىن، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى رۇسلار ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى كۆچەيدى، رۇس تىلىنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى ئىلى ئېغىزىغا ئېقىپ كىردى ۋە ئىلى ئېغىزى ئارقىلىق باشقا رايونلارغا تەدرىجى تارقالدى. ئىلى ئېغىزى بۇ جەرياندا ۋاستىچىلىق رولىنى ئۆتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى دىئالېكت، ئېغىزلارغا ئۆز تەسىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يەتكۈزدى.

ئۈچىنچىدىن، 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت ئۈچ رايون سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى مائارىپىنىڭ تەسىرىگە ئالدى بىلەن ئۇچرىغان ئۇيغۇر رايونلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ غۇلجا مەدەنىيەت، پەن-مائارىپ، نەشرىياتچىلىق، سەنئەت ساھەلىرىدە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۈكسەلگەن رايونغا ئايلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن غۇلجا ئىنقىلاپىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلدى، ھەمدە ئۆز رايونلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى بۇ رايونغا ئېلىپ كەلدى. ئىلى-يەتتە سۇ ئېغىزى ۋە قەشقەر-پەرغانە ئېغىزىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك نورمىسىنىڭ رەسمىي تۈردە بېكىتىلىشى[77] بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە غۇلجىدا چىقىدىغان ھەرقايسى نەشر ئەپكارلىرى بۇ تىلنى ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوللاندى. بۇ يەردىن تارقىتىلغان گېزىت، ژۇرنال، كىتابلار ئارقىلىق ئىلى ئېغىزىنىڭ تەسىرى پۈتۈن

---

[77] ئا.ت ھەيدەروپ: «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993-يىل 1-سان.

شىنجاڭغا تارقالدى، ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تىكلىنىش ئاساسىنى ياراتتى.

بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزى، تۇرپان ئېغىزى، قۇمۇل ئېغىزى ۋە خوتەن دىئالېكتىنىڭ تەسىرلىرى ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بۇ ئېغىزلار ئىلىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىش ئاساسىدا چوڭ دائىرىدە بىر پۈتۈن ئىلى ئېغىزىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، بەزى جايلاردا كىچىك دائىرىدە ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىغان ھالدا «ئېغىز ئاراللىرى»نى شەكىللەنگەن. غۇلجا شەھرى، غۇلجا ناھىيىسى، چاپچال ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، ھەمدە نىلقا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا «تارانچى» تەلەپپۇزى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شاتا يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى يەتتە سۇ رايونىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا كېيىنكى مەزگىللەردە ئاتۇشتىن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ جايلاردا ھېلىمۇ ئاتۇش تەلەپپۇزىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك. (قورغاس ناھىيىسىگە قوشنا بولغان بۆرتالا موڭغۇل ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىدا ئوخشاشلا ئاتۇش تەلەپپۇزىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.) بۇ يەرلەرنى ئاتۇش ئېغىزىنىڭ ئىلىدىكى «كىچىك ئارىلى» دېيىشكە بولىدۇ. بەزى يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە قۇمۇل ئېغىزىنىڭ، بەزىلىرىدە تۇرپان ئېغىزىنىڭ، يەنە بەزىلىرىدە ھەتتا خوتەن دىئالېكتىنىڭ تەسىرىنى ھېلىمۇ بىلىش مۇمكىن. كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، نىلقا ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا باشقا تىللارنىڭ، جۈملىدىن قازاق تىلىنىڭ تەسىرىنى بىرقەدەر ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

1. ئىلى ئېغىزىدىكى باشقا دىئالېكت، ئېغىزلاردىن كىرگەن سۆزلەر.

ئىلى ئېغىزىدا باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت، ئېغىزلىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[mijɛ] مىيە__ تۇرپان ئېغىزىدىكىگە ئوخشاش «مېڭە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

[mijisiniŋ syji bɑ:] مىيىسىنىڭ سۈيى با:__ ساراڭ قېتىش، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت. بۇ بىرىكمىدىمۇ تۇرپان ئېغىزىنىڭ تەسىرى بار.

[tʃʰydʒɛx] چۈجەك__ «چۈجە» مەنىسىدە بولۇپ، تۇرپان ئېغىزىدىكى «جۈجەك» سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ.

[møgɛ\møgy] مۆگە\مۆگۈ__ «مېۋە» مەنىسىدە بولۇپ، تۇرپان ئېغىزىدىكىگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

[mantʰɑ] مانتا_ تۇرپان ئېغىزىدا «پەگاھ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ماندا» سۆزى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى چوڭقۇر ئويۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئورۇنغا ئادەتتە ئوتۇن دۆۋىلىنىدۇ، ئوت قالىغۇچى شۇ جايغا چۈشۈپ ئوت قالايدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بۇ سۆزنىڭ 2-بوغۇم بوغۇم بېشىدىكى «د» تاۋۇشى جاراڭسىزلىشىپ «ت» تاۋۇشىغا ئالماشقان. بۇ سۆز يەنە «ئوچاخ مانتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزدىن ياسالغان «مانتا ئوچاخ» سۆزىمۇ بار.

[mut søzlɛʃ] مۇت سۆزلەش__ قۇرۇق گەپ قىلىش. بۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى تەركىبى «مۇت» خوتەن دىئالېكتىدىكى «پۇلسىز، ھەقسىز، بىكار» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ،

ئىلى ئېغىزىدا بۇ سۆز «سۆزلەش» بىلەن بىرلىشىپ كېلىپ يېڭىچە مەنە ئاڭلاتقان.

**2. باشقا دىئالېكت، ئېغىزلاردىن پەرقلىق مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر.**

ئىلى ئېغىزىدا باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت، ئېغىزلىرىدىمۇ بار، ئەمما مەنىسى بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىق ھالدا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

[ʃiʃɛ] شىشە__ لامپا، پانارلارنىڭ ئەينەك قاپقىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەدەبىي تىل ۋە قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزلىرىدىكىدەك «ئەينەك، سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ئەينەك قۇتا» دېگەن مەنىلىرى يوق.

[ʃoχula] شوخۇلا__ بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، مېۋىسى بىر قەۋەت خالتىسىمان ياپراق بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، پىشقاندا قىزىرىدۇ. كارنەي كېسەللىكلىرىگە دورا قىلىنىدۇ، تېبابەتچىلىككە «كاكىنەچ» ياكى «شوخلەك» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز جەنۇب ئېغىزلىرىدىكى «پەمىدۇر» مەنىسىدىكى «شوخلا» سۆزى بىلەن مەنىسى بىر ئەمەس.

[rɛŋ] رەڭ__ بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ، قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدىكىدەك «سىياھ» مەنىسىنى بەرمەيدۇ.

[qʰɛlɛm] قەلەم__ سىرتى پولات، سۇلىئاۋ بىرىكمىلىرىدىن ياسالغان قاپچۇق، ئىچى تەكرار قاچىلاپ ئىشلىتىلىدىغان رەڭلىك ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بولغان يېزىش قوراللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ سىياھ قەلەم، ماي قەلەم، كاربونلۇق قەلەم قاتارلىق تۈرلىرى بار. گرافىت ياكى بەزىبىر رەڭلىك ماتېرىياللارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان، سىرتى ياغاچ بىلەن قاپلانغان، ئۇچلاپ ئىشلىتىلىدىغان يېزىش قورالى قېرىنداش دېيىلىدۇ. «قېرىنداش» بىلەن «قەلەم» بىر ئۇقۇم ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئوچۇق. بۇ جەھەتتە قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدىن پەرقلىنىدۇ.

[ʧʰaj] چاي __ بۇ سۆزنىڭ دائىرىسى قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدىكى «چاي» سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسىدىن تار. قايناقسۇ «چاي» دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا چاي يوپۇرمىقى سېلىنىپ، دەملىنىپ، تەمى چىقىرىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن «چاي» ئاتىلىدۇ.

[ʤoza] جوزا__ خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ سۆزنىڭ پەقەت «تاماق ئۈستىلى» دېگەن بىرلا مەنىسى بار. ئۇ قەشقەر-ئاتۇش ئېغىزىدىكىدەك ھەم ئۈستەلنى، ھەم ئورۇندۇقنى كۆرسەتمەيدۇ.

[jitʰim] يىتىم__ بۇ سۆزنىڭ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنت» دېگەنلا مەنىسى بار. خوتەن دىئالېكتىدىكىدەك ئادەتتىكى كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن ھەرگىز ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىلىدا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىكى ئادەملەرنى چاقىرىش توغرا كەلسە بەزىدە sonur[78] سۆزى ئىشلىتىلىدۇ.

[qʰari] قارى__ بۇ سۆز پەقەت قۇرئاننى ياد ئوقۇيدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ، كۇچار ئېغىزىدىكىدەك ئادەتتىكى كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ ئەمەس.

[kʰømɛʃ] كۆمەش__ خوتەن دىئالېكتىدىكى «كۆمەچ»كە توغرا كەلمەيدۇ. بۇ

---

[78] «سونۇر» سۆزىدىن ياسالغان «سونۇرقىماق» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «ھەيران بولماق، ئەجەبلەنمەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 97-بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە بۇ سۆز يەنە قۇمۇل ئېغىزىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، «سونۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى «غەلىتە، ناتونۇش، غەيرى»دىن ئىبارەت.

سۆزگە ئەدەبىي تىلدا «چوقچا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان: تونۇردا تۇرماي چۈشۈپ كەتكەن نان» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئىلى ئېغىزىدا پەقەت كېيىنكى مەنىسىلا بار. ئالدىنقى مەنە يوق.

[aχlaʃ] ئاخلاش، [sojuʃ] سويۇش، [ølt^hyryʃ] ئۆلتۈرۈش، [k^hesiʃ] كېسىش پېئىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى ــ پىچاق بىلەن مېۋە، كۆكتاتلارنىڭ شۆپىكىنى ئېلىشقا قارىتا «ئاقلاش» سۆزى قوللىنىلىدۇ. باشقا بەزى ئېغىزلاردىكىدەك «سويۇش» پېئىلى قوللىنىلمايدۇ. ئوخشاشلا، مال بوغۇزلاش ۋە گۆشىنى تېرىسىدىن ئاجرىتىشقا قارىتا «سويۇش» پېئىلى قوللىنىلىدۇ. «ئۆلتۈرۈش» ياكى «كېسىش» پېئىلى قوللىنىلمايدۇ.

ئەسكەرتىش: ئىلى ئېغىزىدا يەنە بۇ رايوندا ياسالغان بەزى يېڭى سۆزلەر بار. مەسىلەن:

| ئىلى ئېغىزىدا | ئەدەبىي تىلدا |
| --- | --- |
| تۇگۈر | جۇۋاۋا، بەنشىر |
| سۇ مانتىسى | جۇۋاۋا، بەنشىر |
| تۇگۈنەك | ياڭيۇ |
| خانتاختا | جوزا |
| مەرمەر چۆپ | ساۋمىيەن (炒面) |

مېنىڭچە، بۇنداق سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلغا ئېلىپ كىرىپ قوللىنىش ۋە كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلى ئېغىزى ھەرقايسى ئېغىزلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئارىلاشما تىپلىق ئېغىزدۇر.

قىسقىسى، ئىلى ئېغىزىنىڭ تىل بايلىقى ھەقىقەتەن مول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان نۇرغۇن سۆزلەر ھېلىمۇ ساقلىنىپ ياتماقتا. ئۇ ھەرقايسى يات تىللارنىڭ تەسىرىگە، قېرىنداش تىللارنىڭ تەسىرىگە، ھەر قايسى ئۇيغۇر ئېغىزلىرىنىڭ تەسىرىگە تەڭ ئۇچرىغان. ھەممە مۇشۇلار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان بىر ئالاھىدە ئېغىز رايونىدۇر.

# 3 ـ باب: گراماتىكا

گراماتىكىلىق پەرقىنىڭ بار ـ يوقلىقى بىر تىلنى دىئالېكتلارغا بۆلۈشتە ئاساسلىنىدىغان بىر مۇھىم ئۆلچەم. ئېغىزلاردا فونېتىكىلىق پەرقلەر ۋە خاس ئېغىز سۆزلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئەمما كۆزۈنەرلىك گراماتىكىلىق پەرقىنىڭ بولۇشى ناتايىن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى ئېغىزلىرىلا ئەمەس، بەلكى دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ چوڭ گراماتىكىلىق پەرق يوق، خالاس.

ئىلى ئېغىزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولغان، تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئەدەبىي تىلغا ھېلىھەم يېقىن بولغان بىر ئېغىزدىن ئىبارەت. گراماتىكا جەھەتتە ئەدەبىي تىل بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان نۇقتىلار ئىلى ئېغىزىدا يوق. شۇنداقتىمۇ ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر، جۈپ سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىق نۇقتىلاردا بەزى خاس تەرەپلەر بار.

## 3.1 مورفولوگىيە

### 3.1.1 ئىسىملار

ئىلى ئېغىزىدا سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ياكى تىل ئورنى جەھەتلەردىكى ئاھاڭداشلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ خىل ئاھاڭداشلىق گەرچە لوپنۇر ئېغىزىدىكىدەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك. بۇ سەۋەبتىن ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى، كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

1) كۆپلۈك قوشۇمچىسى:

(1) ئىلى ئېغىزىدا سۆز يىلتىزى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغان سۆزلەرگە كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندا لەۋ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر»نىڭ «لۇر، لۈر» ۋارىيانتلىرى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| قۇش + لار + م = قۇشلىرىم. | قۇش + لار + م = قۇشلۇرۇم. |
| ئۆي + لار + م = ئۆيلىرىم. | ئۆي + لار + م = ئۆيلۈرۈم. |
| كۆز + لەر + م = كۆزلىرىم. | كۆز + لەر + م = كۆزلۈرۈم. |
| سۆز + لەر + م = سۆزلىرىم. | سۆز + لەر + م = سۆزلۈرۈم. |

(2) ئەدەبىي تىلدا مەخسۇس ئاتالغۇلار ئارقىسىغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانمايدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بولسا، بۇ خىل ئۇلىنىش ئەھۋالى قىسمەن مەۋجۇت.

مەسىلەن: «قاينۇقلاردا سۇ يوق بۇ ژىل». بۇ جۈملىدىكى «قاينۇق» يەر نامى، يەنى چاپچال ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. بۇ يەردە قاينۇقتىن بىر قانچىسى يوق، پەقەت بىرسىلا بار؛ باشقا يېزىلارنى قوشۇپ كۆرسىتىۋاتمايدۇ، پەقەت مۇشۇ قاينۇقنىلا

كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» قوشۇپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

(3) كۆپلۈك قوشۇمچىسىغا «ئا، ئە» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇقۇم تېخىمۇ سىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن:

①كېلىڭلارا (كېلىڭلارچۇ). ②تاماق يەڭلارا (تاماق يەڭلارچۇ).

2) كېلىش قوشۇمچىلىرى:

(1) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ»دىن باشقا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا كەلگەن بۇ قوشۇمچىنىڭ «نۇڭ، نۇڭ» ۋارىيانتلىرى بار.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| ئۇ + نىڭ = ئۇنىڭ. | ئۇ + نۇڭ = ئۇنۇڭ. |
| بۇ + نىڭ = بۇنىڭ. | بۇ + نۇڭ = بۇنۇڭ. |
| ئۆرۈك + نىڭ = ئۆرۈكنىڭ. | ئۆرۈك + نۇڭ = ئۆرۈكنۇڭ. |
| كۆۋرۈك + نىڭ = كۆۋرۈكنىڭ. | كۆ:رۈك + نۇڭ = كۆ:رۈكنۇڭ. |

(2) چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن، تىن» لاردىن باشقا يەنە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا كەلگەن «دۇن، تۇن، دۇن، تۇن» ۋارىيانتلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| قۇمۇل+ دىن = قۇمۇلدىن. | قۇمۇل+ دۇن = قۇمۇلدۇن. |
| ئۇرۇخ + تىن = ئۇرۇختىن. | ئۇرۇخ + تۇن = ئۇرۇختۇن. |
| ئۇرۇمچى + دىن = ئۇرۇمچىدىن. | ئۇرۇمچى + دۇن = ئۇرۇمچۇدۇن. |
| كۆرۈش + تىن = كۆرۈشتىن. | كۆرۈش + تۇن = كۆرۈشتۇن. |

3) شەخس قوشۇمچىلىرى:

بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن، ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋلەشتۇرۇش تەسىرىدە سۆز يىلتىزىنىڭ كېيىنكى تاۋۇشى لەۋلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| قۇلاق + ئىڭ = قۇلىقىڭ. | قۇلاق + ئۇڭ = قۇلۇقۇڭ. |
| قورساق + ئىم = قوسىقىم. | قو:ساق + ئۇم = قوسۇقۇم. |

شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن سىپايە تۇرنىڭ قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداشلىق دەرىجىسى بۇ قوشۇمچىغىچە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. لېكىن، ئىلى ئېغىزىدا بۇ ئاھاڭداشلىق سىپايە تۇرنىڭ قوشۇمچىسىغىچە يېتىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
| --- | --- |
| قولۇڭ + ز = قولىڭىز. | قولۇڭ + ز = قولۇڭۇز. |
| پۇتۇڭ + ز = پۇتىڭىز. | پۇتۇڭ + ز = پۇتۇڭۇز. |
| كۆزۈڭ + ز = كۆزىڭىز. | كۆزۈڭ + ز = كۆزۈڭۈز. |
| يۈزۈڭ + ز = يۈزىڭىز. | يۈزۈڭ + ز = يۈزۈڭۈز. |

ئىلىدا بەزى كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە 1ـ شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتتىكى يېقىنلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

غەنى + م = غېنىم. ئىلى + م = ئىلىم.

ئادىلە + م = ئادىلەم.          سانىيە + م = سانىيەم.

بولۇپمۇ ئاخىرى «ئە» تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان ئۇچۇق بوغۇملۇق ئايالچە كىشى ئىسمىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىغا «م» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: خالىدەم، پەرىدەم، راھىلەم، ساھىبەم، زاھىدەم، مەۋلىدەم...

## 3.1.2 رەۋىش

### 1. ۋاقىت رەۋىشلىرى:

ئەدەبىي تىلدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك قىسىم ۋاقىت رەۋىشلىرى بار. مەسىلەن:

[azmanlɯχ] ئازمانلىخ__ سەل تۇرۇپ، ھېلى.

[kʰøly] كۆلۈ__ كېلەر يىلى.

[jandu:qʰɯ ʒil] ياندۇرقى يىل__ ھېكايە قىلىنغان چاغدىن ئىلگىرىكى يىل.

[aŋʁɯtʃʰɛ\aŋʁɯtʃʰilix] ئاڭغىچەشۇ ۋاقىتقا قەدەر، شۇنىڭغىچە.

[pʰatqʰɯtʃʰɛ] پاتقىچە__ ھېلىغىچە، تېز، چاپسان.

[kʰejinsizɛ] كېيىنسىزە__ ئەدەبىي تىلدىكى «كېيىنچە» سۆزى بىلەن باراۋەر .

[alʁaʃ] ئالغاش__ دەسلەپ، بالدۇر، ئاۋۋال.

[buda\budu] بۇدا\بۇدۇ__ بۇ دۆرەم، بۇ قېتىم.

[budaqʰɯ\buluqʰɯ] بۇداقى__ بۇ دۆرەمكى، بۇ قېتىمقى.

[birintʃʰi tʰoχu] بىرىنچى توخۇ__ باش توخۇ، كېچە سائەت 11 لەرگە توغرا كېلىدۇ.

[ikkʰintʃʰi tʰoχu] ئىككىنچى توخۇ__ كېچە سائەت 1-2 لەر ئەتراپىدىكى ۋاقىت.

[ytʃʰyntʃʰi tʰoχu] ئۈچۈنچى توخۇ__ سەھەر سائەت بەش ئەتراپىدىكى ۋاقىت.

### 2. ئورۇن رەۋىشلىرى:

ئورۇن رەۋىشى «ئاستىدا» ئىلى ئېغىزىدا يەنە قەدىمكى شەكلى بويىچە «ئاستىندا» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

### 3. دەرىجە رەۋىشلىرى:

يەنە بەزى دەرىجە رەۋىشلىرى بار. مەسىلەن: «ئارى» [arɪ] سۆزى «تېخىمۇ ئارتۇق، تېخىمۇ ئېغىر» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

بولۇشسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان «ئەمەس» باغلامچى پېئىلى «ئوڭاي» سۆزى بىلەن بىراقتىن باغلىنىش [oŋaj...ɛmɛs] ئارقىلىق «بەك، ئىنتايىن، ناھايىتى مەنىلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

oŋaj jaχʃi ɛmɛs meniŋ akʰam digɛn. (مېنىڭ ئاكام بەك ياخشى.)

### 4. ھال رەۋىشلىرى:

يەنە بىر قىسىم ھال رەۋىشلىرى بار. مەسىلەن:

[ɦaŋqʰaj] ھاڭقاي__ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان، ھەيران بولماق.

[lɛŋluŋ] لەڭلۈڭ__ يەر تەۋرىگەندىكى ھالەت، باشنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەسلىك ھېس قىلىشى.

[asmaχtʃʰilap] ئاسماخچىلاپ__ ياندىپ، ئەگىتىپ.

[alaŋlap\ɛlɛŋlɛp] ئالاڭلاپ\ئەلەڭلەپ__ دەلدۈگۈنۈپ، ئېگىز-پەس دەسسەپ.

[kʰøŋyl tʰavarɛn] كۆڭۈل تاۋارەن__ كۆڭلى تارتقىنىچە، خاتىرجەم، خالىغىنىچە.

[gepiŋ ara] گېپىڭ ئارا__ گەپ ئارىسىدا، گېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

### 3.1.3 سان

ئىلى ئېغىزى ئارىلاشما ئېغىز بولغاچقا بەزى سانلارنىڭ تەلەپپۇزىدا ھەر خىل ئەھۋاللار بار. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدىكى «بىر» سانىنىڭ «بىر\بى:\بىي\بىژ» دەيدىغان ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەممىسى بار.

«ئىككى» سۆزى تەلەپپۇز قىلىنغاندا سۆز بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى جاراڭسىزلىشىپ، [i̥kkʰi] ئېيتىلىدۇ، «ئۈچ» سۆزى تەلەپپۇز قىلىنغاندىمۇ «ئۈ» تاۋۇشى جاراڭسىزلىشىپ [y̥ʃ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «ئىككى» سۆزى بەزى يەرلەردە قەدىمىي شەكلى بويىچە «ئىكى» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «ئوتتۇز» سۆزىمۇ بەزى يەرلەردە قەدىمكى شەكلى بويىچە «ئوتۇز» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

### 3.1.4 مىقدار سۆز

**1. شەيئى مىقدار:**

ئەدەبىي تىلدا ئانچە ئۇچرىمايدىغان ئىلىدا خەلق ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم شەيئى مىقدار سۆزلىرى بار. مەسىلەن: تۇرمەل (باغلام)، تۇلەك (قوشنىڭ تۇك تاشلىغان قېتىمى)، قولاق (كىچىك بىر ئېرىق سۇ)، ۋېتەك (نەپەر، جان) قاتارلىقلار. مىسال جۈملىلەر:

①بىزگە بىر قولاق سۇ بېرىڭلار.
②ئۈچ تۇلەك ۋاقىت ئۆتكەندە بۇركۇتنى جانغا سالىمىز.
③ بىر تۇرمەل چۆپ ئەكەلدىم.
④ تۆت ۋېتەك ئادەم تۇرۇپ قوقتۇڭلامۇ؟

بۇلاردىن باشقا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدىمۇ «باشكا (باغلام، بولاق)، كوبا (كۆپ)» قاتارلىق مىقدار سۆزلەر بار. مەسىلەن:

①بىر باشكا قەن ئالدىم. ②بىر كوۋا قارىغاي سېتىۋالدىم.

**2. ھەرىكەت مىقدارى:**

«دۇركۇن» سۆزى ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەشكە دائىر مىقدار سۆز بولۇپ، «تۇركۇم، قېتىم، كەينى ـ كەينىدىن، نۇرغۇن، توپ» دېگەن مەنىلىرى بار. مەسىلەن:

بۇ بىرىنچى دۇركۇندى. (بۇ بىرىنچى قېتىمقىسى ئىدى.)

**3. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەش مىقدارى:**

خەلق ئارىسىدا ئۇزۇنلۇق ئۆلچەشكە دائىر ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان «ئاغامچا (10 مېتىرغا باراۋەر بىرلىك)، ئاغامچا بويى (كۇننىڭ ئۆرلەش ئارىلىقى بىرلىكى)، نەيزە بويى (قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن ئېگىزلىكى)، تاپان (ۋاقىت ئۇزۇنلۇق بىرلىكى)» قاتارلىق مىقدار سۆزلەر بار.

**4. ئېغىرلىق ئۆلچەش مىقدارى:**

خەلق ئارىسىدا ئېغىرلىق ئۆلچەملىرىگە ئائىت «ئاغامچا» (150 كىلوگىرامغا باراۋەر ئېغىرلىق مىقدارى) سۆزى بار. مەسىلەن: «بىر ئاغامچا كۆمۈر ئەكەلدىم.»

**5. يەر كۆلىمى ئۆلچەش مىقدارى:**

يەر كۆلىمىنى ئۆلچەش بىرلىكلىرىدىن خەلق ئارىسىدا يەنە «تۇلۇپ، بۇلۇڭ (يۈز

خو ياكى مىلڭ موغا باراۋەر)، سەرجان (ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇققا باراۋەر)، پۇت (ئىككى مو ياكى تۆتتىن بىر خوغا باراۋەر يەر)، خو (سەككىز مو ياكى تۆت پۇتقا تەڭ))» قاتارلىقلار بار.

**6. پۇل مىقدار سۆزلىرى:**

ئىلىدا ئادەتتە پۇل بىرلىكلىرىدىن «سوم، تىيىن» كەڭ قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: «ئىككى سوم ئەللىك ئالتە تىيىن» (ئەدەبىي تىلدا: ئىككى يۈەن بەش مو ئالتە پۇڭ).

## 3.1.5 ئالماش

2-شەخس ئالماشلىرىنىڭ تاللاپ قوللىنىلىشىدا بىر ئاز خاسلىق بار. «سەن» ئالمىشى يېقىن مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ، ھەمدە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بەزى جايلاردا كىچىكلەر چوڭلارغىمۇ، ئەر-ئاياللار ئارىسىدىمۇ ئۆز ئارا «سەن» ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. ئەمما، بەزى جايلاردا ئەرلەرگىلا قوللىنىلىپ، ئاياللارغا كۆپرەك «سىز» ئالمىشى قوللىنىلىدۇ.

«سىز» ئالمىشى يېڭى تونۇشقانلارغا، ئالاھىدە ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە قوللىنىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا چوقۇم «سىز» ئالمىشىنى قوللىنىدۇ، ئوقۇتقۇچى كۆپىنچە قىز ئوقۇغۇچىلارغا «سىز»، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا «سەن» ئالمىشىنى قوللىنىدۇ.

بۇ رايوندا ئالاھىدە زۆرۈرىيەت بولمىسا، «سىلى، ئۆزلە» ئالماشلىرى قوللىنىلمايدۇ. شۇنىڭدەك كۆپلۈك ھۆرمەت شەكلىگە قارىتا «سىزلەر» قوللىنىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا «سىلەر» ئالمىشى قوللىنىلىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن «مۇنۇ» (بۇ) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

بەزى ئالماشلاردا تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەرگەن بولىدۇ. «مۇنداق» ئالمىشى «مانداق» شەكلىدە، «ئۇنداق» ئالمىشى «ئانداق» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «چالغا تۇتقان قوللار مانا مانداق ئىلەشتۇرىدۇ.»

بەزى سوراق ئالماشلىرىدا تاۋۇش، بوغۇملار قىسقىراش سەۋەبىدىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

[nimiʃt$^{h}$aχ] نىمىشتاخ__ نېمىشقا ئانداق. مىسال:

nimiʃt$^{h}$aχ q$^{h}$ɯlisɛː adɛmniŋ itʃ$^{h}$ini p$^{h}$uʃurup.

(نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ؟)

«نەدىنئارا» ئالمىشى ياقتۇرماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

nɛdinara k$^{h}$ɛldi bu, bir abdan iʃni buzup.

(نەدىنئارا كەلدى بۇ، بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ.)

دائىم قوللىنىلىدىغان يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالماشلار بار:

[birɛː t$^{h}$erim] بىرە تېرىم__ بىرەر تال، بەك ئاز.

[bir tʃ$^{h}$ɛndan] بىر چەندان__ ئازراق، بىزە.

[birmuntʃ$^{h}$ilaː] بىرمۇنچىلا:__ بەزىلەر.

[birnɛːtʃ$^{h}$ɛnlɛː] بىر نە:چەنلە:__ بەزىلەر.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلى ئېغىزىدىكى ئالماشلاردا بەلگىلىك خاس ئالاھىدىلىكلەر بار.

## 3.1.6 پېئىل

بەزى سۆزلەرنىڭ پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىشىدە پەرقلىق نۇقتىلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىي تىلدا «سوغا چۆمۈلمەك» شەكلى بويىچە ئۆزلۈك دەرىجە بولۇپ كەلگەن پېئىل، ئىلى ئېغىزىدا بەزى جايلاردا باش دەرىجە بويىچە «سوغا چۆممەك» شەكلىدە كېلىدۇ.

پېئىللارنىڭ راي شەكلىدە تۈرلىنىشى:

ئەدەبىي تىلدا ئۇچۇق بوغۇملۇق سۆز يىلتىزىدىن كېيىن ئىمكانىيەت قوشۇمچىسى «ئال، ئەل» ئۇلىنىدۇ، ئاندىن يەنە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى، زامان قوشۇمچىسى ۋە باشقا قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، پېئىل يىلتىزىدىكى ئىش-ھەرىكەتنى تاماملاش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بۇ خىل ئۇلىنىشتا ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن بەلگىلىك پەرق بار. مەسىلەن: «يە_» پېئىلىنى مىسال ئالايلى:

ئەدەبىي تىلدا: يە (پېئىل) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + ئەل (ئىمكانىيەت ياردەمچىسى) + مە (بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مەن (1-شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) = يېيەلمەيمەن (يەيەلمەيمەن).

ئىلى ئېغىزىدا: يە (پېئىل) + لە (ئىمكانىيەت ياردەمچىسى) + مە (بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مەن (1-شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) = يەلەمەيمەن.

| ئەدەبىي تىلدا | ئىلى ئېغىزىدا |
|---|---|
| دېيەلەيمەن | دەلەلەيمە(ن) |
| دېيەلمەيمەن | دەلەمەيمە(ن) |
| دېيەلىگەن | دەلەلىگەن |
| دېيەلمىگەن | دەلەمىگەن |

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا ئىمكانىيەت ياردەمچىسى «ئال، ئەل» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «لا، لە» شەكلىدە قوللىنىلغان.[79]

پېئىللارنىڭ تۇس بىلەن تۈرلىنىشى:

ئەدەبىي تىلدا مەيلى تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىل بولسۇن ئۆتكەن زامان 1-شەخس كۆپلۈك شەكلىدە تۈرلەنگەندە ئوخشاشلا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق «دۇق، تۇق» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا بولسا، بۇلاردىن باشقا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىللارغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق «دۈك، تۈك» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

---

[79] ئەگەر بۇ يەردە «ل» كۆپەيگەن تاۋۇش ھېسابلانسا، ئۇ ھالدا ئىمكانىيەت ياردەمچىلىرى ھەر ئىككى خىل شەكىلدە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بولغان بولىدۇ. ئوخشىماسلىق ئەدەبىي تىلدا كۆپەيگەن «ل» تاۋۇشى ئىمكانىيەت ياردەمچىسى «ئا، ئە» تاۋۇشىنىڭ ئارقىسىغا، ئىلى ئېغىزىدا ئىمكانىيەت ياردەمچىسى «ئا، ئە» تاۋۇشىنىڭ ئالدىغا ئۇلانغان بولىدۇ. يەنى:

ئەدەبىي تىلدا: يە (پېئىل) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + ئە + (ئىمكانىيەت ياردەمچىسى) + ل (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مە (بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مەن (1-شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) = يېيەلمەيمەن.

ئىلى ئېغىزىدە: يە (پېئىل) + ل (كۆپەيگەن تاۋۇش) + ئە (ئىمكانىيەت ياردەمچىسى) + مە (بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) + ي (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مەن (1-شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى) = يەلەمەيمەن.

①amma jambuni t$^{h}$onujmɛː, uni k$^{h}$ødyk biz ɑː jɛdɛ.

(ئەما، يامبۇنى تونۇيمەن، چۈنكى ئۇنى كۆردۇق بىز ئۇ يەردە.)

②bɛrizk$^{h}$ɑmniŋ biq$^{h}$ɯnidin øt$^{h}$yp k$^{h}$ɛtk$^{h}$ɛn gɛplɛːnimu bɛrizk$^{h}$ɑmniŋ didyk, ɑʁzidin ʧ$^{h}$iqq$^{h}$ɯnini boːsimu bɛrizk$^{h}$ɑmniŋ didyk.

(بەرىزكامنىڭ بىقىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن گەپلەرنىمۇ بەرىزكامنىڭ دېدۇق، ئېغىزىدىن چىققىنى بولسىمۇ بەرىزكامنىڭ دېدۇق.)

بۇ جۈملىلەردە سۆز يىلتىزى «كۆر، دە»لەر تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر بولغاچقا ماس ھالدا ئۇلارغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق «دۇك» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

«تېلېفون قىلىپتىكەندۇك، باستۇرىۋەتتۇك، بېرىپتىكەنتۇك، ئۇزىتىۋاتتۇق، تېتىۋاتتى» دېگەن سۆزلەردىمۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى دەل ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بويىچە بولغان. بۇ ئەھۋال قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ.

**باغلامچى پېئىللارنىڭ قوللىنىشى:**

ئەدەبىي تىلدا «ئىكەن» باغلامچى پېئىلى سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنى باشقىلار ئارقىلىق ئۇققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا كېسىم پېئىل بىلەن باغلامچى پېئىل «ئىكەن» نىڭ ئوتتۇرىسىغا «دى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. يەنى ئەدەبىي تىلدا «بارىدىكەن» شەكلىدىكى پېئىل ئىلى ئېغىزىدا «باراتتىكەن» شەكلىدە، ئەدەبىي تىلدا «قىلاتتى، ئېتەتتى» شەكلىدىكى پېئىل ئىلى ئېغىزىدا «قىلاتتىكەن، ئېتەتتىكەن» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىشى با:دىكەن (ئۇنىڭ ئىشى بار ئىكەندۇق).

«ئىكەن» باغلامچىغا بەزىدە پېئىل ئۇلانمىغان ھالدا «دى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: دادام يوقدى. (دادام ھازىر يوق.)

ئەدەبىي تىلدا «قالىدىكەنمىز» قۇرۇلمىسى ئىلى ئېغىزىدا «قالىمىزكەن» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: دەپ قويمىساڭلار ئۇنتۇپ قالىمىزكەن (ئەسكەرتىپ قويمىساڭلار ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز). بۇ جۈملىدىكى «قالىدىكەنمىز» پېئىلىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئەدەبىي تىلدا: قال (پېئىل) + ئى (كۆپەيگەن تاۋۇش) + د (زامان) + ئى (كۆپەيگەن تاۋۇش) + كەن (تۇس) + مىز (شەخس).

ئىلى ئېغىزىدا: قال (پېئىل) + ئى (كۆپەيگەن تاۋۇش) + مىز (شەخس) + كەن (تۇس).

كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ جۈملىدە ئىلى ئېغىزىدا شەخس قوشۇمچىسى بىلەن بىلەن تۇس قوشۇمچىسىنىڭ ئورنى ئەدەبىي تىلدىكى شەكلىگە نىسبەتەن ئۆز ئارا ئالماشقان. شۇنىڭدەك زامان قوشۇمچىسى قىسقىراپ، زامان مەنىسى تۇس مەنىسى ئىچىدە قوشۇپ ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندىكى جۈملىدىمۇ شۇنداق: ئەتە يەنە ئىشلەيمىزكەن (ئەتە يەنە ئىشلەيدىكەنمىز).

ئەدەبىي تىلدا «بېرەيلى» شەكلىدىكى پېئىل ئىلى ئېغىزىدا بەزىدە «بېرىنى» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

biz buniŋʁɑ k$^{h}$ølniŋ bojuʁɑ gylɛŋgyʃ seːp berini.

(بىز بۇنىڭغا كۆلنىڭ بويىغا گۈلەڭگۈچ سېلىپ بېرەيلى.)

ئەدەبىي يازما تىلدا «ئىدى» شەكلىدە كۆرۈلىدىغان باغلامچى پېئىل ئەدەبىي جانلىق تىلدا «تى» شەكلىدە قىسقىرايدۇ، ئىلى ئېغىزىدا «دى» شەكلىدە قىسقىرايدۇ. مەسىلەن:

qʰajaqqʰa kettʰi ɦazir baːdiʁu. (قاياققا كەتتى، هازىر بار ئىدىغۇ.)

يەنە مەسىلەن: «يېقىن ئىدى» پېئىلى ئىلى ئېغىزىدا «يېقىندى» شەكلىدە، «مېنىڭ ئىدى» پېئىلى «مېنىڭدى» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

## 3.1.7 تەقلىد سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر بار. بۇ تەقلىد سۆزلەرمۇ تىلىمىز بايلىقىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

1. ئاۋاز تەقلىدلىرى:

[gumburdaman] گۇمبۇر-دامان__ تاراق-تۇرۇڭ.

[ɛtʰɛtʰɛj ʃɛtʰɛtʰɛj] ئەتەتەي-شەتەتەي__ ئۇنداق-مۇنداق، ئۇ-بۇ دەپ قالايمىقان سۆزلەش.

[χɯrtʰiŋ sirtʰiŋ] خىرتىڭ-سىرتىڭ__ يېنىچە-قىرىچە.

2. هالەت تەقلىدلىرى:

[aŋʁal tʰaŋʁal] ئاڭغال-تاڭغال__ ئوڭغۇل-دوڭغۇل.

[aŋqʰaj tʰaŋqʰaj] ئاڭقاي-تاڭقاي__ يېتىپ ئاشار، باياشات.

[ajqʰɯn jajqʰɯn] ئايقىن-يايقىن__ ئوچۇق-ئاشكارا.

[bulqʰan tʰalqʰan] بۇلقان-تالقان__ «بۇلقان-تالقان بولماق» شەكلىدە قوللىنىلىپ جىددىيلىشىش، ئاچچىقلىنىشتىن ئۆزىنى تۇتىۋالالماسلىق، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

[sajaq salpʰa] ساياق-سالپا__ يەككە-يىگانە.

[pʰoldaŋ soldaŋ] پولداڭ-سولداڭ__ ساڭگۇل-سوڭگۇل.

## 3.1.8 تىركەلمە

«ئۆزى\ئۇزى» تىركەلمىسى «بېرى، بۇيان» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ʧʰoŋ boːʁanniŋ øzi ʤɯχ iʃlaːni kʰøryp kʰɛttʰuχ.

(چوڭ بولغاندىن بۇيان جىق ئىشلارنى كۆرۈپ كەتتۇق.)

«ئۇزى» تىركەلمىسى ئادەتتە «ئېنىڭزى، شۇنىڭزى، كەلگەنىڭزى، بارغانىڭزى» دېگەندەك شەكىللەردە كېلىپ ئەسلى سۆز بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكى «تەۋە» تىركەلمىسى ئىلى ئېغىزىدا بەزى جايلاردا «تاۋى» [tʰavi] شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

u jɛː qʰajnuqqʰa tʰavi. (ئۇ يەر قاينۇققا تەۋە.)

## 3.1.9 باغلىغۇچى

ئەدەبىي تىلدىكى باغلىغۇچىلاردىن سىرت، «ئاڭۋاش\ئاڭۋاشقا» باشلىغۇچىسى بار، مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى «شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن» دېگەن سۆزلەرگە يېقىن كېلىدۇ.

بەزى جايلاردا موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن تاللانما باغلىغۇچى «جە» ئەدەبىي تىلدىكى «يا، ياكى» باغلىغۇچىلىرىغا باراۋەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ھازىر باساڭ ئۇ جە با، جە يوخ.

## 3.1.10 ئۈلانما

ئىلى ئېغىزىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم ئۈلانمىلار بار.

1. «لا» ئۈلانمىسى:

ئارزۇ-ئىستەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

①چىكىتىۋالايلىلا. (چىقىپ كېتىۋالايلىچۇ.)

②ئىش بومۇسۇنلا. (ئىش بولمىسۇنچۇ.)

③ئوتتۇرۇپ تۇرايلا. (ئولتۇرۇپ تۇرايچۇ.)

«لا» ئۈلانمىسى يەنە بۇ خىل ئەھۋال دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

①ساپلا مۇشۇ خەقكەنغۇ. (باشقىلار يوق ئىكەن دېمەكچى)

②بىراقلا كېتەمسىلەر. (پۈتۈنلەي كېتەمسىلەر)

③ھەممىسىلا مۇشۇمۇ؟ (باشقا يوقمۇ دېمەكچى)

④مۇشۇلا؟ (باشقا يوقمۇ دېمەكچى)

⑤ئوبدانلا بوپ قاپسىز. (خېلى ئوبدان دېمەكچى)

⑥راسلا. (شۇنداق، راست ئەمەسمۇ دېمەكچى)

2. «ئا، ئە» ئۈلانمىسى:

پېئىللارنىڭ ئارقىسىغا ئۈلىنىپ كېلىپ، تەكلىپ قىلىش، ئۈندەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

①يەرە. (يېگىن)

②ئالارە. (ئالغىن)

③يەڭلارا. (يېسەڭلارچۇ)

④ئېلىڭلارا. (ئالساڭلارچۇ)

⑤نۇرجانكامنىڭ ئۆيىنى كۆكىتىپ قويۇڭلارا.

⑥ئەخمەتجان ئۇكا، ماقۇل دېسەڭا!

⑦تىلىڭمۇ كەلمەيدىغان يەرلەر جىق دېسەڭا-ھە؟

⑧ئېيتىڭلارا، ئۇ دۆشمەننىڭ قانچە پوتىيىنى پارتلاتتى؟

⑨چاي ئىچكەچ ئاڭلاپ باقسىڭىزا، ئوقۇپ بېرەي...

⑩كۆندۈرسىڭىزا دادىڭىزنى، شەھەرگە كىرىپ كېتەيلى!

⑪توپىسى يوق يەرلەر بىلەن ھايدىسىڭىزا!

بەزىدە «ئا، ئە» ئۈلانمىسىدىن كېيىن يەنە «رە» ئۈلانمىسى ئۈلىنىدۇ. مەسىلەن: «قىل» پېئىلى «قىلە\قىلارە» شەكلىلىرىدە، «ئىچ» پېئىلى «ئىچە\ئىچەرە» شەكلىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

3. «ھوي، ئۈي» ئۈلانمىسى:

ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئاخىرى بىرئاز سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

① -نېمە بولدى، زىيەك ھوي!

②سەھرالىقلار شەھەرنى ئاپتوغوي!- دېيىشتى ئۇلار.
③سارائمۇي سەن؟ (سارائمۇ سەن؟)
④كىمۇي بۇ ؟ (كىم بۇ؟)
بەزىدە «ئا، ئە» ئۇلانمىسىنىڭ ئارقىسىدىن «ھوي، ئۇي» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، ھەم ئۇندەش، ھەم ھەيرانلىق ئىپادىلىرى تەڭ ئىپادىلىنىدۇ.
مەسىلەن: ①يەڭلارۇي. ②ئېلىڭلارۇي.
4. «زە» ئۇلانمىسى:
بىر ھەركەت بىلەن يەنە بىر ھەركەتنىڭ ئۇلىنىشى، داۋاملىشىشى، باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

①k$^{h}$ylifi: k$^{h}$ɛtk$^{h}$ɛdik$^{h}$in t$^{h}$urupzɛ, fiej q$^{h}$ɯzlirim disɛm fiɛ dɛjdu.
(كۈلۈشۈپ كەتتكەندىن كېيىن مەن «ھەي قىزلىرىم» دېسەم، «ھە؟» دەيدۇ.)

② ʃuniŋ bilɛ:zɛ undaχ bo:sa t$^{h}$iŋʃaŋla:, ʧ$^{h}$irajlɯχniŋma ɛmgiɣi vɛzip$^{h}$isi oχʃaʃk$^{h}$ina, sɛtniŋmu oχʃaʃk$^{h}$ɛnʁu vɛzip$^{h}$isi ɛmgiɣi.
(شۇنىڭ بىلەن، ئۇنداق بولسا تىڭشاڭلار دېدىم، چىرايلىقنىڭمۇ ئەمگىكى، ۋەزىپىسى ئوخشاشكىنا، سەتنىڭمۇ ئوخشاشكەنغۇ ۋەزىپىسى، ئەمگىكى؟)

③fiawi t$^{h}$ut$^{h}$uq t$^{h}$a:t$^{h}$ivɛ:sɛm u jɛ:dik$^{h}$i fiot$^{h}$un q$^{h}$ɯzla:zɛ waj ust$^{h}$am mɛjɛ:di bir fiɛnsu joldaʃ ba:di fiawa t$^{h}$ut$^{h}$uχ k$^{h}$yni p$^{h}$ɛq$^{h}$ɛt t$^{h}$atmajdu dɛjdu.
(ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ رەسىمگە تارتىۋەرسەم ئۇ يەردىكى خوتۇن-قىزلار: «ۋاي ئۇستام، ماۋۇ يەردە بىر خەنزۇ يولداش بار ئىدى، ھاۋا تۇتۇق كۈنى پەقەت رەسىمگە تارتمايدۇ» دەيدۇ.)

④ula:zɛ sɛn q$^{h}$oralni q$^{h}$umʁa t$^{h}$ɛkk$^{h}$yzmɛj t$^{h}$ixlɛp q$^{h}$oj ɛ:jɛ:gɛ, q$^{h}$oraldin q$^{h}$ɯrɯχ ɛllix met$^{h}$ir neri t$^{h}$ur digɛndin k$^{h}$ejin, q$^{h}$oralniŋ fiɛmmini aʧ$^{h}$iq$^{h}$ɯp t$^{h}$ixlɛjdu.
(ئۇلار سەن قورالنى قۇمغا تەككۈزمەي تىكلەپ قوي ئاۋۇ يەرگە، قورالدىن 40-50 مېتىر نېرى تۇر دېگەندىن كېيىن قورالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ تىكلەيدۇ.)
ئېنىقكى، يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەردە قوللىنىلغان «زە» ئۇلانمىسى ئالدىنقى بۆلەكتىكى ئىش بىلەن كېيىنكى بۆلەكتىكى ئىشنىڭ ئارقىمۇ ئارقا باغلىنىشىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتىدۇ.
5. «دېگىنە» ئۇلانمىسى:
ئاڭلىغۇچىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ھېكايە قىلىۋاتقانلىقى، ئىشنىڭ جەرياندىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

bazaːʁa baːduχ diɣinɛ, ʤiχ neːsileːni alduχ.
(بازارغا باردۇق دېگىنە، جىق نەرسىلەرنى ئالدۇق.)
6. «كى» ئۇلانمىسى:
ئەدەبىي تىلدا «كى» يۈكلىمىسى شەيئى نامىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. ئىلى ئېغىزىدا شەيئى نامى بىلەن بىللە كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: بۇ مېنىڭكى قىزىم. (بۇ مېنىڭ قىزىم.)

## 3.1.11 ئىملىق سۆزلەر

1. ھېس تۇيغۇ ئىملىقلىرى:

بىر قىسىم ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى بار. مەسىلەن:

[aŋq$^{h}$ara] ئاڭقارا__ «ئاۋۇنى قارا» دېگەن سۆزنىڭ قىسقىچە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «ئاڭقارا، ما بالىنى، چوپ-چوڭلا بوپ كېتىپتۇ.»

[vaj] ۋاي__ بۇيرۇق پېئىلىدىن كېيىن كېلىپ، ئىشەنمەسلىك، مەنسىتمەسلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مىسال: ماڭە ۋاي!،- دېدى بىرى بوم ئاۋاز بىلەن،- ئادەممۇ ئۇچامدۇ؟

[oɦuʃ] ئوھۇش__ ئەدەبىي تىلدىكى «ئوش» ئىملىقىغا باراۋەر بولۇپ، بىرئاز سوزۇلۇپ ئېيتىلىدۇ، زېرىكىش، بېزىش، خۇشياقماسلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

oɦuʃ oʁamni t$^{h}$ola q$^{h}$ajnatmaj ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$ɛ ʤugu.

(ئوھۇش، ئوغامنى قايناتماي چىقە، ماڭ.)

2. چاقىرىق ئىملىقلىرى:

[q$^{h}$arisaŋ] قارىساڭ__ «قارىغىنا» دېگەندەك مەنىدە چاقىرىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

vaj q$^{h}$arisaɴ, bizniŋ ɦelɯq$^{h}$ɯ at jamanmu bɛk asav at, ɦarvini apq$^{h}$ɯʃip zadi ʤalaχlit$^{h}$ip t$^{h}$ep$^{h}$ip, ɦarvini p$^{h}$arɛ p$^{h}$ɛrɛŋ ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$ɯrivɛtk$^{h}$ili t$^{h}$as q$^{h}$aldi.

(ۋاي قارىساڭ، بىزنىڭ ھېلىقى ئات يامانمۇ بەك ئاساۋ ئات ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ، جالاقلىتىپ، تېپىپ ھارۋىنى پارە-پەرەڭ قىلىۋاتكىلى تاس قالدى.)

بۇ جۈملىدە «قارىساڭ» ئىملىقى تىڭشىغۇچىغا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىتىش ئىستىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ بەزى كىچىك پەرقلەر مەۋجۇت. بەزى سۆز تۈركۈملىرىدىكى ئەدەبىي تىلدا كام بولغان ئېلېمېنتلارنى ئەدەبىي تىلدا قوللىنىش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

## 3.2 سىنتاكسىس

مەركىزىي دىئالېكتقا تەۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلى ئېغىزىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدە ئەدەبىي تىلدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان نۇقتىلار يوق، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ياسالما سۆزلەر، قوشما پېئىللىق سۆزلەر ۋە جۈپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدا بەزى خاسلىقلار بار. تۆۋەندە بۇ نۇقتىلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 3.2.1 ياسالما سۆزلەر

ياسالما سۆزلەر سىنتاكسىسنىڭ بىر مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى. ئىلى ئېغىزىدىكى ياسالما سۆزلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكنى كۆرۈش مۇمكىن.

1. قۇرۇلمىدىكى ئىخچاملىق.

ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا قوشۇمچىلارسىز تۈپ سۆز شەكلىدە كۆرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىرقانچە قوشۇمچىلىرى ئىچىدە بەزىلىرى قىسقىرىغان ھالدا ياسالما سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

[q$^{h}$ɯl] قىل__ قىلچە. بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدا «چە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن، ئىلى ئېغىزىدا قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن. مىسال:

biz silɛːniŋ søzyŋlaːʁa jaman iʃinidik$^{h}$ɛnmiz, q$^{h}$araŋ, bizniŋk$^{h}$igɛ q$^{h}$ɯl iʃɛnmɛjdik$^{h}$ɛnsilɛː.

(بىز سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا بەك ئىشىنىدىكەنمىز، قاراڭ، سىلەر بىزنىڭ سۆزىمىزگە قىلچىمۇ ئىشەنمەيدىكەنسىلەر.)

[soʁ] سوغ__ سوغۇق. بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدا «ئۇق» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن، ئىلى ئېغىزىدا قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن. مىساللار:

①bygyn k$^{h}$yn bɛx soʁ. (بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق.)

②t$^{h}$azimu soʁ ʧ$^{h}$iraj adɛmk$^{h}$ɛnʁu bu.

(تازىمۇ سوغۇق چىراي ئادەم ئىكەنغۇ بۇ.)

[soʁlaχ] سوغلاخ__ سوغۇق بۇلاق. يەر نامى، چاپچال قاينۇقتا.[80] ئىلى ئېغىزىدا بۇ بىرىكمىدە ئالدىنقى سۆزنىڭ 2-بوغۇمى ۋە كېيىنكى سۆزنىڭ 1-بوغۇمى چۈشۈپ قالغان.

[t$^{h}$un] تۈن__ تۈنجى. بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدا دەرىجە سان قوشۇمچىسى «جى» قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىلى ئېغىزىدا قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن. مىسال:

bu meniŋ t$^{h}$unum. (بۇ مېنىڭ تۈنجى بالام.)

[ʧ$^{h}$oq] چوق__ چوقۇر. ئىلى ئېغىزىدا كېيىنكى بوغۇم قوللىنىلمىغان.

[indʒa] ئىنجا__ ئەدەبىي تىلدىكى «ئىنجىماروق» سۆزى بىلەن باراۋەر. ئىلى ئېغىزىدا بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ «ئىنجا» ۋە «ماروق»دىن ئىبارەت ئىككى تەركىبىي قىسمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇچرايدۇ.

[maruχ] ماروخ_ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[zɛrɛt] زەرەت__ زاراتگاھ.

[dam] دام__ ئەدەبىي تىلدىكى «دادام» سۆزىگە تەڭ. بۇ شەكىل دادىسى بىلەن قورداش كىشىلەرنى ئاتىغاندا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قوللىنىدۇ.

[k$^{h}$ezo] كېزو__ كېزەكچىلىك. ئىلى ئېغىزىدا «چىلىك» ياسىغۇچى قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان.

[iʃk$^{h}$ɛk$^{h}$i] ئىشكەكى__ ئىچكىرىكى. ئىلى ئېغىزىدا ئىككى «كى» بوغۇمىنىڭ ئارىلىقىدا «رى» قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان.

[t$^{h}$aʃq$^{h}$aːq$^{h}$ɯ] تاشقاقى__ تاشقىرىقى. ئىلى ئېغىزىدا ئىككى «قى» بوغۇمىنىڭ ئارىلىقىدا «رى» قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان.

بۇلاردىن ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا قۇرۇلما جەھەتتە قىسقىراپ، تېخىمۇ ئىخچام تۈستە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

---

[80] ئىلى ئېغىزىدە «سوغلاق» (سوغۇق بۇلاق)، «قىزلاق» (قىزىل بۇلاق) دېگەندەك «بۇلاق» سۆزى بىلەن بىرلەشكەن سۆزلەردە «بۇلاق» سۆزىنىڭ 1-بوغۇمىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئىلىدىكى «مىڭلاق» شەھىرىنىڭ تولۇق شەكلى «مىڭ بۇلاق» بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## 2. قوشۇمچىدىكى پەرق.

ئىلى ئېغىزىدا سۆز يىلتىزى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش، ئەمما قوشۇمچىسى ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر بار.

مەسىلەن:

[atʃʰilaʃ] ئاچىلاش__ ئاچال. سۆزنىڭ يىلتىزى «ئاچا» (ئاچىماق) بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا «ل» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «لاش» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[tʰaʃa] تاشا__ تاشقىرىقى. سۆزنىڭ يىلتىزى «تاش» (سىرت) بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا «قى+رى+قى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن، ئىلى ئېغىزىدا «ئا» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. مىسال:

islamjyz bizgɛ tʰaʃa ʒut boːʁaʃqʰa biz ulaːniŋ gepʰigɛ dɯqqʰɛt qʰɯːp qʰalidikʰɛnmiz.

(ئىسلام يۈزى بىزگە نىسبەتەن باشقا يۇرت بولغاچقا بىز ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەت قىلىپ قالىدىكەنمىز.)

[ɦynɛrmɛn] هۈنە:مەن__ هۈنەرۋەن. يىلتىزى «هۈنەر»، ئەدەبىي تىلدىكىسىگە «ۋەن» قوشۇمچىسى ئۇلانغان، ئىلى ئېغىزىدا بۇ قوشۇمچە «مەن» شەكلىدە ئۇلانغان.

[ɦøkʰymnar] هۆكۈمنار__ هۆكۈمدار. يىلتىزى «هۆكۈم»، ئەدەبىي تىلدا «ران» قوشۇمچىسى ئۇلانغان، ئىلى ئېغىزىدا بۇ قوشۇمچە «نار» شەكلىدە ئۇلانغان.

[bojuntʃʰaχ] بويۇنچاخ__ بويۇنچۇق. يىلتىزى «بويۇن» بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا «چۇق» قوشۇمچىسى ئۇلانغان، ئىلى ئېغىزىدا بۇ قوشۇمچە «چاخ» (چاق) شەكلىدە ئۇلانغان.

[tʃʰillaʃqʰa] چىللاشقا__ چىللاق. ئەدەبىي تىلدا «لاق» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «لاش+قا» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. [سۇپتاي]

[tʃʰaŋqʰurun] چاڭقۇرۇن__ چاڭقىلىقاي، ئالدىراش، بىسىق. يىلتىزى «چاڭق» بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا «ئىل+قاي» قوشۇمچىلىرى، ئىلى ئېغىزىدا «قۇرۇن» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[kʰøkʰysyp\kʰøkʰytʰyp] كۆكۈسۈپ\كۆكۈتۈپ__ كۆرسىتىپ. يىلتىزى «كۆر»، ئەمما قوشۇمچىلارنىڭ شەكلىدە پەرق بار.

[ʁulaʤip] غۇلاجىپ__ غۇلاچلاپ. يىلتىزى «غۇلاچ». ئەدەبىي تىلدا «لاپ» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «ئىپ» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[kʰyzlɛm] كۈزلەم__ كۈزلەك. يىلتىزى «كۈز»، ئەدەبىي تىلدا «لەك» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «لەم» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[tʃʰaʁɯn] چاغىن__ چاغلىق. سۆز يىلتىزى «چاغ». ئەدەبىي تىلدىكىسىگە «لىق» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدىكىگە «ئىن» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[bilnɛʃmɛk] بىلنەشمەك__ بىلىنمەك. سۆزنىڭ يىلتىزى «بىل». ئەدەبىي تىلدىكى ۋارىيانتىغا «ن+مەك» ئىلى ئېغىزىدىكى ۋارىيانتىغا «ن+ش+مەك» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[qʰurbilɯχ] قۇربىلىق__ قۇرداش. ھەر ئىككىسىنىڭ يىلتىزى «قۇرب» (ئەدەبىي تىلدا «ب» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان). ئەدەبىي تىلدىكىسىگە «داش» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدىكىسىگە «لىق» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

[tʃʰatʰara\tʃʰatʰira] چاتارا\چاتىرا__ چاتراق. سۆز يىلتىزى «چات». ئەدەبىي تىلدىكىسىگە «راق» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدىكىسىگە «ئارا\ئىرا» قوشۇمچىسى

ئۆلانغان.

[kʰavaxʃɯmaχ] كاۋاكشىماخ__ كاۋاكلاشماق، كۆڭلى يېرىم بولماق. يىلتىزى «كاۋاك»، ئەدەبىي تىلدا «لاش+ماق» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «شى+ماق» قوشۇمچىسى ئۆلانغان.

[kʰøkʰɛtʰɛj\kʰøkʰɛltʰaj] كۆكەتەي\كۆكەلتاي__ كۆكەمە، ئۇششۇق. سۆزنىڭ يىلتىزى «كۆك»، كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان. ئەدەبىي تىلدا «ئە+مە» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «ئە+تاي\لتاي» قوشۇمچىسى ئۆلانغان.

[qʰoːqʰum] قوقۇم__ قورقۇنچ. سۆز يىلتىزى «قورق». ئەدەبىي تىلدا «ئۇنچ» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «ئۇم» قوشۇمچىسى ئۆلانغان.

[ʃapʰaltʰaŋ] شاپالتاڭ__ شاپىلاق. ئالدىنقى قىسمى «شاپال» ھەر ئىككىسىدە ئوخشاش، كېيىنكى قىسمى ئەدەبىي تىلدا «ئاق» قوشۇمچىسى، ئىلى ئېغىزىدا «تاڭ» قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت.

[daldaqʰɯmaχ] دالداقىماخ__ دالدىلانماق. سۆز يىلتىزى «دالدا». ئەدەبىي تىلدا «لان+ماق» قوشۇمچىلىرى، ئىلى ئېغىزىدا «قا+ماق» قوشۇمچىلىرى ئۆلانغان.

[døʃɛlgɛ] دۆشەلگە__ دۆشە. ئىلى ئېغىزىدا «دۆشە» سۆزىگە «لگە» قوشۇمچىسى ئۆلانغان.

[ɦyrɛdimɛx] ھۈرەدىمەك__ ھۈرمەك. ئىلى ئېغىزىدا يىلتىز «ھۈر»دىن كېيىن «ئە+دە» قوشۇمچىلىرى ئۆلانغان.

[møŋkʰimɛx] مۆڭكىمەك__ مۆڭمەك. ئىلى ئېغىزىدا سۆز يىلتىزى «مۆڭ»دىن كېيىن «كى» قوشۇمچىسى ئۆلانغان.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا سۆز يىلتىزى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، لېكىن قوللىنىلما جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۆلىنىشى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ ئىلى ئېغىزىنىڭ سۆز ياساش ئۇسۇلى جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. بىرىكىش شەكلىدىكى پەرق.

ئىلى ئېغىزىدا بىر قىسىم ياسالما سۆزلەرنىڭ سۆز يىلتىزى ۋە قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدا ئايرىم-ئايرىم مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى تەركىبنىڭ بۇ خىل شەكىلدە بىرىكىشى بۇ ئېغىزدىلا مەۋجۇت، ئەدەبىي تىلدا يوق. مەسىلەن:

[tʰɛŋlitʃʰyx] تەڭلىچۈك__ كىچىك تەڭنە.

[ʤiɣditʃʰyx] جىگدىچۈك__ جىگدىچى قۇش.

[sytligɛn] سۈتلىگەن__ سۈتلۈك ئوت.

[gidigɛj] گىدىگەي__ گىدىيىپ يۈرىدىغان، گىدەيگەن، ھاكاۋۇر.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەدەبىي تىلدا «تەڭنە» سۆزى بار، ئەمما كىچىك تەڭنىنى كۆرسىتىدىغان «چۈك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىشى بىلەن ياسالغان «تەڭنىچۈك» سۆزى يوق. «جىگدە» سۆزى بار، ئەمما جىگدىچى قۇشنى كۆرسىتىدىغان «چۈك» قوشۇمچىسى ئۆلانغان «جىگدىچۈك» سۆزى يوق. «سۈت» سۆزى بار، ئەمما «سۈتلۈك ئوت»نى كۆرسىتىدىغان «لىگەن» قوشۇمچىسى ئۆلانغان «سۈتلىگەن» سۆزى يوق. «گىدىگەي» سۆزىگە كەلسەك، گەرچە «گىدەيمەك» سۆزىدە بۇ سۆز بىلەن يىلتىزداش تەركىب بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «گەي» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ يېڭى سۆز ياسىغان شەكلى يوق.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا سۆز ياساۋاتقان بەزى قوشۇمچىلار، گەرچە ئەدەبىي تىلدا بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سۆز ياساش رولى ۋە باغلىنىدىغان سۆز يىلتىزلىرىنىڭ دائىرىسى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كەڭ بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ئىلى ئېغىزىدا تېخىمۇ كۆپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

4. يىلتىزدىكى پەرق.

ئىلى ئېغىزىدا سۆز يىلتىزى ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان، ئەمما قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر بار.

مەسىلەن:

[azmanliχ] ئازمانلىخ__ «سەل تۇرۇپ، ھېلى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆز يىلتىزى «ئازمان» ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدۇ.

[k$^{h}$ak$^{h}$unʧ$^{h}$iliχ] كاكۇنچىلىخ__ «كاكۇن لاي بىلەن تام سۇۋاقلىرىنىڭ چۈشكەن جايلىرىنى تولۇقلاش ئىشى: ئائىلىنىڭ ئۆششاق-چۈششەك ئىشلىرى، خەقنىڭ قۇلچىلىقى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، سۆز يىلتىزى «كاكۇن» (سامان ئارىلاشتۇرۇلغان، ئەمما پىشۇرۇلمىغان لاي) ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدۇ.

دېمەك، ئىلى ئېغىزىدا بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەرگىمۇ ئۇلىنىپ يېڭى سۆز ياسايدۇ.

5. تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان سۆزلەر.

ئىلى ئېغىزىدا بەزى سۆزلەرگە ئۇلانغان تۇرلىگۈچى قوشۇمچە بۇ سۆز بىلەن مەھكەم باغلىنىپ ياسالما سۆزلەرگە ئوخشاش دائىم بىللە قوللىنىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن:

[gysmɛst$^{h}$ɛx] گۇسمەستەك__ (ئادەم بەدىنىگە قارىتا) ناھايىتى قاۋۇل، كۈچلۈك، ساغلام. مىسال:

dadam gysmɛst$^{h}$ɛx t$^{h}$u:sa, unuŋda k$^{h}$esɛl nimiʃ q$^{h}$ɯ:sun.

(دادام ناھايىتى ساغلام تۇرسا، ئۇنىڭدا كېسەل نېمە ئىش قىلسۇن.)

[ʧ$^{h}$anda] چاندا__ ئۇزاقتا، ناگاندا، بىر كۈنى، ئاخىرى. مىسال:

ølmisɛm ʧ$^{h}$anda k$^{h}$ørɛ:mɛn,

t$^{h}$alliva:ʁan jarimni.

(ئۆلمىسەم بىر كۈن كۆرەرمەن، تالڵىۋالغان يارىمنى.)

[q$^{h}$olbeχɯdɛx] قول بېخىدەك__ جايىدا، ئۆلچەملىك، سىپتا، نەپىس. مىسال:

dadisi digɛn u q$^{h}$olbeχidɛx ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$urivet$^{h}$ididɛ gɛp digɛnni, uniŋ gepi ytmɛjdu ɛŋik$^{h}$izɛ.

(ئۇنىڭ دادىسى گەپنى ناھايىتى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنتۇلمايدۇ.)

ئىلى ئېغىزىدا بۇ بىرىكمىلەردىكى «چان، گۇسمەس، قول بېغى» سۆزلىرى كۆپىنچە ئايرىم قوللىنىلمايدۇ. پەقەت يۇقىرىقىدەك «دا، تەك» تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان شەكىلدە يېڭى مەنە ئاڭلاتقان ھالدا ياسالما سۆزلەردەك قوللىنىلىدۇ.

## 3.2.2 قوشما پېئىللىق سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە «قىل، كەل، كەت، قال، بول،

ئال، قوپ، ئاچ، تاپ، سال، قورۇ» قاتارلىق بىر قاتار تۈس يارده‌مچى پېئىللىرىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ياسالغان ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر قىسىم قوشما پېئىللىق سۆزلەر بار. مەسىلەن:

1. «قىل» يارده‌مچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىرى:

[ʧʰyʃkʰyn qʰɯmmaχ] چۈشكۈن قىمماخ__ چۈشمەك، ئورۇنلاشماق.

[nɛzɛr qʰɯmmaχ] نەزەر قىمماخ__ نەزەر سالماق، پەرەز قىلماق.

[ɛngajɛn qʰɯmmaχ] ئەنگايەن قىمماخ__ بىراۋنىڭ سەتچىلىكىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىغۇەتمەك، ئەلگە ئايان قىلماق.

[zor qʰɯmmaχ] زور قىمماخ__ چىلىشماق، كۈچىمەك، كۈچ چىقارماق، چېلىشىشنى باشلىماق. مىسال: چېلىشچىلار «قېنى، سەن زور قىل، سەن زور قىل» دەپ چېلىشىشنى باشلاپ كېتىدۇ.

[dɛdɛʃ qʰɯmmaχ] دەدەش قىمماخ __ ئۆزىنى ئورۇنسىز ئاۋارە قىلماق، بىكاردىن سەتچىلىككە قالماق.

[χuʃkʰɛttʰi qʰɯmmaχ] خۇشكەتتى قىمماخ__ ھۆرمەت شارابى تۇتماق: ئۇسسۇلغا تارتماق. مىسال: ئادىنوچكا راسا ئەۋجىگە چىققاندا، ئاسىيە غوجامنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشكەتتى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

[dørɛ qʰɯmmaχ] دۆرە قىمماخ__ ئۆلۈم كۈنى ئۆلگۈچى ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈم نامىزىغا كەلگەن جامائەتكە نەزىر ھېسابىدا ئاز-ئازدىن پۇل تارقىتىدىغان ئادەت.

[ʤɛxʤɛx qʰɯmmaχ] جەكجەك قىمماخ__ توشقاننىڭ تېپىرلاپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشى.

[malaŋ qʰɯmmaχ] مالاڭ قىمماخ__ ئەخمەق قىلماق.

2. «كەل» يارده‌مچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىرى:

[saj kʰɛːmɛx] ساي كە:مەك__ دەل كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك، ياپسار كەلمەك.

[uχtʰa kɛːmɛx] ئۇختا كە:مەك__ دەل كەلمەك، كۆڭۈلدىكىدەك چىقماق.

[sonuː kʰɛːmɛx] سونۇ: كە:مەك__ نەقمۇ-نەق كەلمەك، دەل جايىدا كەلمەك.

3. «بول» يارده‌مچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىرى:

[ʃaː bommaχ] شە: بومماخ__ دۆۋىلىنىپ قالماق، ئېسىنى يوقاتماق، ھوشىدىن كەتمەك. مىسال: زىياۋدۇن خېلى كۈتتى، رەيھان چىقمىدى، ئۇ رەيھاننىڭ پاتلا شا بولۇپ قالىدىغىنىنى، بۇ شا بولۇشنىڭ بۇ يىل كۆپىيىپ قالغىنىنى بىلەتتى.

[bølɛx boːmaχ] بۆلەك بو:ماخ__ ئۆي ئايرىپ چىقماق، ئايرىلىپ كەتمەك.

[maduχɯda bommaχ] مادىخىدا بومماخ__ ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، يوغانچىلىق قىلماق: ئارىسالدى بولماق، ئىككىلەنمەك.

[dørɛ bommaχ] دۆرە بومماخ__ قۇشلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىسىدا قالغانلىرى ئەتراپىدا دائىرە ھاسىل قىلىپ سايرىشىشى: بىرەيلەن ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئاساسىي ئاھاڭنى ئېيتىش، قالغانلار ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ماسلىشىش ھەرىكىتى.

[qʰajtʰiʃ bommaχ] قايتىش بومماخ__ ئۆلۈپ كەتمەك، تۈگەپ كەتمەك.

[aʁuʃtʰɛ bommaχ] ئاغۇشتە بومماخ__ ئارىلاشماق، قوشۇلۇپ كەتمەك.

[iʤil bommaχ] ئىجىل بومماخ__ ئېچىكىپ قالماق، ئامراق بولماق.

[malaŋ bommaχ] مالاڭ بومماخ__ ئەخمەق بولماق.

4. «ئال» يارده‌مچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىرى:

[bɛjgɛ aːmaχ] بەيگە ئا:ماخ__ بىرىنچى بولماق، ئۆزۈپ چىقماق.

[qʰartʰɯʁa aːmaχ] قارتىغا ئا:ماخ__ سۇرەتكە تارتماق.

5. «قوپ» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىرى:

[mødyj qʰopmaχ] مۆدۈي قوپماخ__ ئۆكتە قوپماق، قارشى چىقماق.

[øj qʰopʰaːmaχ] ئۆي قوپا:ماخ__ ئۆي سالماق.

6. «ئاچ» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[inqʰɯlap aʃmaχ] ئىنقىلاپ ئاشماخ__ ئىنقىلاپ باشلىماق، ئىنقىلاپ قىلماق.

7. «تاپ» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[beqʰɯʃ tʰapmaχ] بېقىش تاپماخ__ ياخشى بېقىلماق، كۈتۈلمەك، تەربىيىلەنمەك، خەۋەر ئېلىنماق.

8. «سال» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[tʰavuʃqʰa saːmaχ] تاۋۇشقا سا:ماخ__ سايلامدا ئاۋازغا قويماق.

9. «سانج» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[aχ sanʤimaχ] ئاخ سانجىماخ__ (چاچقا) ئاق كىرمەك.

10.«قورۇ» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[ʤuduni qʰorumaχ] جۇدۇنى قورۇماخ__ ئاچچىقى كەلمەك، نەپرەتلەنمەك.

11.«تارت» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[dapʰirusqʰa tʰaːtmaχ] داپىرۇسقا تا:تماخ__ سوراقىقا تارتماق، سۈرۈشتۈرمەك.

12. «بېسىپ كەت» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغىنى:

[tʰoŋur besip kʰɛtmɛx] توڭۇر بېسىپ كەتمەك__ قىشتا سوغۇق ھەم كىر دەستىدىن قول دۈمبىسىنىڭ قارىداپ ھەم يېرىلىپ كېتىشى.

### 3.2.3 جۈپ سۆزلەر

ئىلى ئېغىزىدا يەنە ئەدەبىي تىلدا ئانچە قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم جۈپ سۆزلەر بار. بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى سۆز بەزىلىرى قوشۇمچىسىز ھالدا، بەزىلىرى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كېلگەن.

1. باغلىغۇچىلارسىز بىۋاستە باغلانغان جۈپ سۆزلەر:

[latʰa pʰytʰyx] لاتا-پۈتۈك__ لاتا-پاتا، رەخت-پەخت.

[jaŋʁuz jerim] ياڭغۇز-يېرىم__ يالغۇز، يېگانە. مىسال:

jaŋʁuz jerim oːtʰaʁanda bir, i̥kkʰintʃʰi ʃundaχ zøryr gɛp kʰerɛx boːʁan tʃʰaʁda kʰeːp sorisa ytʰyp kʰetʰidu.

(بىرىنچىدىن يالغۇز ئولتۇرغاندا، ئىككىنچىدىن شۇنداق گەپ كېرەك، زۆرۈر بولغان چاغدا كېلىپ سورىسا يېتىپ كېتىدۇ.)

[jara tʃʰiraχ] يارا-چىراخ__ يارا؛ يارا ۋە باشقا جاراھەتلەر.

[otʃʰuχ jeriχ] ئوچۇخ-يېرىخ__ ئوچۇق-يورۇق.

[ɛlɛj bɛlɛj] ئەلەي-بەلەي__ ئۈنداق-مۇنداق، ئۇ-بۇ.

2. يەنە بىر قىسىم جۈپ سۆزلەر شەخس ياكى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمىدە بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

[kʰutmu kʰut] كۈتمۇ-كۈت__ دەلمۇ دەل، نەقمۇ نەق. مىسال: قارا، كۆزلىرىڭ ئاپاڭنىڭكىدەك چىرايلىق، پاھ، قاش-كىرپىكلىرىڭچۇ تېخى، كۈتمۇ-كۈت ئۆزى.

[dyrmy dyr] دۈرمۇ-دۈر__ كەينى كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن؛ ئۈدۈلمۇ-ئۈدۈل،

قارىمۇ-قارشى.

[uʃmu uʃ] ئۇشمۇ ئۇش__ تۇشمۇ تۇش، بۇلۇڭ-پۇشقاق، تەرەپ-تەرەپ، ھەرجاي: باراۋەر، تەڭ، دەل، دەلمۇ-دەل، ئۇدۇل.

[judi juq$^{h}$ɯ] يۇدى-يۇقى__ (تۇغقانچىلىقتا قارىتا) شىرەم، يىراق.

[t$^{h}$ajʁat$^{h}$adin majʁat$^{h}$aʁɯʧ$^{h}$ɛ] تايغاتتادىن مايغاتتاغىچە__ چوڭ-كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىسى.

[ʁɛldɛ ʁɛʃɛx] غەلدە غەشەك__ غەلدە-غەش». بۇ جۈپ سۆزدە 2-تەركىبنىڭ ئاخىرىغا ئىلى ئېغىزىدا «ئەك» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ سۆز «مۇ» ئۇلانمىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، «يۇدى-يۇقى» سۆزى شەخس قوشۇمچىسى «ئى»نىڭ ياردىمى بىلەن، «تايغاتادىن مايغاتاغىچە» سۆزى كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن «دىن، غىچە»نىڭ ياردىمى بىلەن، «غەلدە-غەلەش» سۆزى كېلىش قوشۇمچىسى «دە»نىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلى ئېغىزىنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان گراماتىكىلىق پەرقى چوڭ ئەمەس. ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان بەزى كىچىك گراماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرلا بار، خالاس. بۇ ئۆزگىچىلىكلەرنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش تىلىمىزنىڭ سىنتاكسىسلىق قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 4-باب: ئىلى ئېغىزى تېكىستلىرى

## 4.1 زىياۋۇدۇن يەھيا



زىياۋۇدۇن يەھيا: 73 ياش، ساۋاتسىز، دېھقان.
ئورۇن: غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسى قاراباغ كەنت.
ۋاقىت: 2008-يىل 10-ئاينىڭ 29-كۈنى.

### 4.1.1 يېتىملىك

mɛn anamdin on i̥kkʰi jaʃtʰa ʒitʰim qʰaldim, anamdin on i̥kkʰi jaʃtʰa ʒitʰim qʰelip aʁɯnɛ[81] i̥kkʰimiz, anam on i̥kkʰi oʁul tʰuʁuptʰikʰɛː, on i̥kkʰidin i̥kkʰi oʁul qʰaːʁan, i̥kkʰi oʁul qʰaːʁandikʰin bizniŋkʰi dadimiz bojdaq[82] qʰaldi, biz u øjdɛ jalʁuz qʰalduχ, ʃuniŋ bilɛ u jaqqʰa sørylyp, bu jaqqʰa sørylyp ʒyrup, bajniŋkʰi balisini baqʰɯdɯʁanʁa altʰi ajlɯχ malajʁa tʰuːdum, maɴa qʰɯzini bɛːgɛn munu ruχsi[83] digɛnniŋkʰi, uniŋ balisini beqʰɯp ʃuniŋ bilɛː bu altʰajni tʰoʃqʰazdɯm[84], ulaː jaχʃi, amdan kʰyttʰi meni, ɛnkʰejin[85] malaj tʰudum, uniŋdin nim qʰɯʁandikʰin qʰoj baχtʰim on altʰi jeʃimda, mɛʃyrgɛ[86] qʰoj beqʰɯp ʧʰɯqʰɯrivɛtkʰɛndin kʰejin mozijini baχtʰim y̥ʃ aj, mozaj baχtʰim pʰutʰum jalaɴʁɯdaχ, jɛ ʧʰoqʰaj joχ, ʁasildap[87] muʃundaχ qʰɯːp, ʒɯʁlap ʒyryp melini baχtʰuχ.

goŋsɛndaŋ[88] jetʰip kʰɛldi, dadam oːlqʰasim[89] digɛnniŋ ʧʰoŋ χotʰunini ɦøkʰymɛt aʤritʰivɛtkʰɛndin kʰejin uni aldi, uni aːʁandinkʰin kʰiʧʰikkʰinɛ qʰazan beʃidin qʰutʰulup maʃindaχ[90] boːp nim qʰɯlduq, bajlaːniŋ tʰuluqʰɯʁa minip, melini beqʰɯp ʃundaq qʰɯlip øtʰyp qʰɯjinʧʰilɯχlaː jɛttʰi bizgɛ.

---

[81] ئاغىنە- بىر تۇققان، قېرىنداش.
[82] بويداق- بويتاق.
[83] رۇخسى_ كىشى ئىسمى.
[84] توشقازدىم- توشتۇردۇم.
[85] ئەن كېيىن- ئاندىن كېيىن.
[86] مەشۇر- كىشى ئىسمى.
[87] غاسىلدىماق- قاتىرماق. ئالدىراپ يۈرمەك.
[88] گوڭچەنداڭ_ [خەن] كوممۇنىستىك پارتىيە. خەنزۇچە شەكلى: 共产党
[89] ئولقاسىم- ئادەم ئىسمى. يەنى ئوبۇلقاسىم.
[90] ماشىنداق_ مۇشۇنداق.

burun bir ʧʰapʰan joχ, tʰerɛ, qʰojnin tʰerisi, aʃqʰa selip[91] jazniŋ kʰyni, mana meniŋ øzɛmniŋ beʃidin øtkʰɛn, jazniŋ kʰyni tʰeʃini kʰijimiz, qʰɯʃniŋ kʰyni iʧʰini kʰijimiz, muʃdaχ pʰ̥itlap kʰɛtkʰɛn, χɛχniŋ øjigɛ kʰirsɛx oltʰura:mɯʁan qʰoltʰaχla:ni[92] tʰatlap, mana muʃu qʰɯjinʧʰilɯχla:ni, bo:ʁan gɛpni qʰɯlimɛ:, bir jaʁan gɛpʰni qʰatmajmɛ: mɛn, beʃimdin øtkʰɛn, mana muʃundaχ, bizgɛ mandaχ kʰijim digɛn nɛdɛ tʰuruptʰu, bajla:dimu nim qʰɯlidu, bir mɛʃyrbaj bilɛ: ruχsibaj digɛndɛ anʧʰɛ munʧʰɛ, muʃdaχ qʰari ʧʰibɛrqʰut ʃu ʧʰaʁda ali deriʤilix kʰijim, vaj pʰalani qʰara ʧʰibɛrqʰut kʰijiptʰu disɛ atʰɛj[93] ʃuni kʰø:gɛn biz berip.

### 4.1.2 دەرياتا كۆزۈرۈك يوق

ɨ̥kkʰi tʰal jaʁaʃ sɛ:p qʰojʁan, ɨ̥kkʰi tʰal jaʁaʃni dɛssɛp, jazniŋ kʰyni ɦarvila:ni pʰa:ʧʰilap, ʧʰaqʰɯni baʃqʰa, ʃotʰisini baʃqʰa, at øtmisɛ dɛjjadin suʁa sɛ:p bu jaqqʰa ɦajdap øtkʰyzivetʰip, andin ʃɛ:gɛ[94] baridɯʁan. ʃɛ:gɛ apʰirip aʃu ysɛnbɛɣ[95] ɦaʤi digɛnniŋkʰi zavutʰɯʁa zɯʁɯr, jɛ buʁdaj apʰa:saχ, buʁdaj apʰa:saχ on ɨ̥kkʰi tʰijin, a:ʃɛ:gɛ øtkʰyzɛlisɛx. bommisa sɛkkʰis tʰijin, tʰoqqʰus tʰijin ɦazirqʰɯ pʰulʁa. zɯʁɯr ʒigirmɛ ɨ̥kkʰi tʰijin, vaj ʒigirmɛ sɛkkʰis tʰijindin setʰiva:saχ χoʃal, kʰøʃɛr[96] bo:p kʰetʰɛttʰuχ, kʰøʃɛrɛp χoʃal bolup, ma: ʒigirmɛ sɛkkʰis tʰijindin zɯʁɯr setʰivalduχ, bizniŋkʰini amdan aldi dɛp. nɛʧʃʧʰɛ adɛm eqʰɯp øldi qʰaʃ dɛjjasida[97].

bir kʰɛmbɛʁɛl ølyp qʰa:sa (tʰesti). bir qʰɯʁɯnʧʰilɯχ bo:p kʰɛttʰi, qʰanʧʰinʧʰi ʒilikʰi mɛn savatsiz adɛm jaχʃi uχmajdikʰɛnmɛ:, matʰa tʰapʰa:maj, miʧʰittʰikʰi[98] ʤɛjnamazla:mu tʰygɛp χɛχni orap, umu tʰygɛp, aniŋdikʰin qʰandaχ qʰɯldi, ɦɛʃnimɛ tʰapʰamɯʁan kʰɛmbɛʁɛllɛ:, uʃʃaχ bali ʧʰaqʰɯlɯχ kʰɛmbɛʁɛllɛ: dadisini, muχpʰurkʰam didimu χudajim, birnimɛ digɛn adɛmlɛ:ni bidini tʰoqʰup, bidigɛ jøgɛp kʰømgɛn. ma: zaratkʰallɯχtʰa ʃu adɛmlɛ:. bilimiz, ba:ʁan biz, bidigɛ jøgɛp kʰømgɛn. unʧʰilik ʤapʰa tʰatqʰan, qʰoŋida nɛdɛ, ʃalvur, qʰɯʃniŋ kʰyni iʧʰini kʰijidu, jazniŋ kʰyni tʰeʃini kʰijidu. mana maʃdaχ muʃɛqqʰɛt tʰa:tqʰan. u mandaχ kʰijim digɛn nɛdɛ tʰuruptʰu. bajla:, aʃu ruχsi[99] pʰamiʃikla:[100], ruχsi qʰara ʧʰibɛrqʰuttʰin kʰijim kʰijiptʰikʰɛ: ʃuni mugarɛxlɛp[101] kʰirgɛnni bilimɛ:, ʃim tʰuʤurkʰa kʰijiptʰu ruχsi dɛp ʤamaɛtniŋ mugarɛklɛp kʰirginini bilimɛ:.

---

[91] تېرنى ئاشقا سېلىپ- تېرنى ئاشلاپ، پەششىقلاپ ئىشلەپ.
[92] قولتاخ- قولتۇق.
[93] ئاتەي_ ئەتەي، مەخسۇس، ئالاھىدە، قەستەن.
[94] شە_ شەھەر.
[95] ئۇسەنباي- ئادەم ئىسمى، يەنى ھۇسەنباي.
[96] كۆشەرمەك- خۇشاللىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالماق.
[97] دەيىيا_ دەريا.
[98] مىچىت- مەسجىد.
[99] رۇخسى_ كىشى ئىسمى.
[100] پامىشىك_ [ر] پومىشچىك، يەر ئىگىسى.
[101] مۇگارەك- مۇبارەك.

### ئۆلەن 4.1.3

ɛj aval ɛj ajɛj baʃlap aj: χudajimni ɛj,
ɦɛj jad a: e:tʰili a: jar ja:rɛj,
ɦɛj jad a: e:tʰili a: jar ja:rɛj,
ɛj pʰɛjʁɛmbɐrniŋ synnɛtʰini jɛj,
ɦa: ʃad a: e:tʰili a: jar ja:rɛj,
ɛj ʃad a: e:tʰili a: jar ja:rɛj.

ɛj bygynɛj ajɛj aχʃam aj tʰoldi jɛj,
a: yrkʰy vaj qʰɛnijɛj a: jɛj vajjɛj qʰɛni,
ɦɛj yrkʰy qʰeni a: ja:rɛj a: ja:rɛj.

sim sim arlaʃ jaʁdi jamʁur ,
serildi tʰaʃqʰa a: jɛj ja:rijar ɦɛj,
ɛj serildi tʰaʃqʰa a: jɛj ja:rijar ɦɛj.

ɛj appʰaʁɛj appʰaʁɛj tʰoʃqʰanla: jɛj,
ɦɛj qʰumda ojna: a: jɛj ja:rɛj.
ɛj ø:lɛnmigen jigitlɛ:,
a: tʰojda va: ojna: jɛj ja:rɛj,
ɛj tʰojda a: ojna: jɛj aja:rɛj.

ʃaχɯ arilap, tʰaʁ arilap vaj a: ja:ri ja:rɛj,
søjsɛ jaman bolmamdu gyl ɛj ja:ri ja:rɛj.
ʃaχɯ arilap, tʰaʁ arilap a: jɛj dɐrdiŋ jaman ɛj,
baldur ʁazaŋ bolmamdu gyl ɛj vaj ja:rijar jɛj.

ɛj kʰøl bojidin ødex balisi,
soʁ[102] suʁa ʧʰyʃɛ: a:jɛj ja:rɛj.
sultʰan vaj ʁoʤam atlandi jɛj,
nikʰa: qʰeni jɛj a: jɛj ja:ri ja:rɛj,
a: nikʰa: qʰeni a: ja:ri ja:rɛj.

### بېيىتلار 4.1.4

ɛtʰijazniŋ ʃamili,
øttʰi bizniŋ ɦojli bilɛn.
men jarimʁa gyl ɛvɛttʰim,
bir tʰutʰam lojli bilɛn.

---

[102] سوغ_ سوغۇق.

fiɛχli[103] bo:sa gylni a:sun,
tʰaʃlivetsun lojlini.
ja: tʰutsa bizni tʰutsun,
tʰaʃlivetsun kʰonini.

davuzuŋniŋ[104] munar baʃuɯʁa,
ʧʰuɪχsa kʰørɛlmɛjdu kʰiʃi.
fiɛʤɛp ʃirin baluɯʁu sɛn,
ymmɛt yzɛlmɛjdu kʰiʃi.

aqqʰuɯnɛ kʰøjnɛx kʰiyipsiz,
aχ tʰikʰɛnlɛ: ynmisun.[105]
kʰøkkʰinɛ kʰøjnɛx kʰijipsiz,
kʰøx tʰikʰɛnlɛ: ynmisun.
i̥kkʰɛjlɛn fiaʃuɪχ[106] bolajli,
øjdikʰilɛ: tʰujmisun.
øjdikʰilɛ: tʰujsa tʰujsun ,
vɛdɛ jalʁan bolmisun.
vɛdisigɛ tʰurmuɯʁan,
ɛsli musurman[107] bolmisun.

### 4.1.5 ئورما ناخشىسى

aj:diŋda vaj ɛj o:ʁan o:ma,
ɛ:tʰizluɪχtʰa baʁ qʰaldi jɛ:j.
az kʰyn oj:nap ajrilduχ,
ʒyrɛklɛ:dɛ daʁ aj: qʰaldi vaj.

sɛfiɛrdɛ ojʁuɯnadurmɛn,
ilandɛk tʰolʁuɯna:durmɛn aj:.
be:ʃimʁa vaj balá kʰɛlsɛ,
igɛmgɛ jalvura:durmɛn aj:.

atniŋ atluɯʁuɯ ba:dur,
navatniŋ tʰatluɯʁuɯ ba:dur.
sɛn qʰarimisaŋ jarim,

[103] ھەخلى ـ ئەقلى.
[104] داۋۇز ـ دەرۋازا.
[105] ئۈنمىسۇن ـ بۇ سۆز باشقا كونتېكىستلاردا «ئۇلمىسۇن» شەكلىدە كۆرىلىدۇ.
[106] ھاشىخ ـ ئاشىق.
[107] مۇسۇرمان ـ مۇسۇلمان.

seniŋdin tʰatlɯʁɯ baːdur.

## 4.1.6 كۆككىنە كەپتەر بولۇپ

kʰøkkʰiːnɛ kʰɛptʰɛː boːlup,
uʃtʰum qʰanaːtʰimni syzyp.
ɛj kʰøkkʰinɛ kʰɛptʰɛː boːlup ɛj,
uʃtʰum qʰanaːtʰimni syzyp .
ɛj tʃʰin gepʰiŋni maŋi bɛː,
vaj mɛn kʰetʰɛj vaj ymmɛt yzyp.
ɛj tʃʰin gepʰiŋni maŋi bɛː vaj,
vaj mɛn kʰetʰɛj ymmɛt yzyp.

ɛj kʰɛttʰi dɛp kʰøŋnyŋni[108] buzma,
vaː kʰɛtmisɛm vaj nalɛt maɴa.
ɛj kʰɛttʰi dɛp kʰøŋnyŋni buzma,
vaː kʰɛtmisɛn ɛj nalɛt maɴa.

ɛj ikʰi tʰal qʰara setʃʰidin,
vaː øzgisi vaj dyʃmɛn maɴa.
ɛj ikʰi tʰal qʰara setʃʰidin,
vaː øzgisi dyʃmɛn maɴa.

ɛj tʃʰapʰinimniŋ jeŋini vaj,
baʃimʁa qʰojdum tʰeŋini.
ɛj tʃʰapʰinimniŋ jeŋini vaj,
baʃimʁa qʰojdum tʰeŋini.
vaj ølmisɛm tʃʰɛnda[109] kʰøryrmɛn,
vaj tʰallivaːʁan vaj jarini.
ɛj vaj ølmisɛm tʃʰɛnda kʰøryrmɛn,
vaː tʰallivaːʁan jarini.

ɛj tʃʰapʰinimniŋ jeŋi tʰaː ,
vaj dʒɛjnikʰim qʰandaχ pʰatʰaː.
ɛj tʃʰapʰinimniŋ jeŋi tʰaː vaj,
jaː dʒɛjnikʰim qʰandaχ pʰatʰaː.
ɛj bizni kʰøjdyrgɛn sɛtʰɛŋlɛː,
va øjidɛ qʰandaχ jatʰaː.
ɛj bizni kʰøjdyrgɛn sɛtʰɛŋlɛː,

[108] كۆڭنۈڭ_كۆڭلۈڭ.
[109] چەندا_ ئۇزاقتا، ناگاندا، ئاخىرى (تەكرارلىق دەرىجىسى ئىتايىن تۆۋەن).

va: øjidɛ vaj qʰajdaχ jatʰa:.

ɛj kʰitʃʰikkʰinaŋ ʁaz balisi,
ɦalɛmgɛ suni baʃlidi.
ɛj kʰitʃʰikkʰinaŋ ʁaz balisi jɛj,
ɦalɛmgɛ suni baʃlidi.
ɛj bizni kʰøjdɛrgɛn sɛtʰɛŋlɛ:,
χudaʁa øzini vaj tʰaʃlidi.
ɛj bizni kʰøjdɛrgɛn sɛtʰɛŋlɛ:,
χudaʁa øzini tʰaʃlidi.

## 4.1.7 چۆن-چۆن سالىۋات

tʃʰytʃʰyrɛ salivat[110], bar muɦɛmmɛt,
mɛn øzɛm batʰur idim,
tʰaqqʰa tʃʰɯqʰɯp ovlar idim,
bøkʰymni qʰɯrʁa qʰojup,
qʰɯrɯq qʰɯzni qʰoʁlar idim.
meniŋ batʰurluʁum ʃukʰi,
jeni joq qʰoŋʁuzni ja:ʁa tʰa:tʰip minɛttʰim,
bir ʤiŋ kʰepʰɛxni ɛlgɛ jølɛtmɛj kʰøtʰirɛttʰim.

tʃʰɯʁ tʰyvidin tʰørɛlmigɛn tʰoʃqʰan tʃʰɯχtʰi,
pʰutʰimɯʁan tʃʰomaχ bilɛn birni qʰojsam,
kʰolimɯʁan orɯʁa tʃʰyʃtʰi.
altʰi adɛmgɛ bastʰu:dum,
jɛttʰi adɛmgɛ sojdu:dum.
altʰi pʰatman jeʁɯ tʃʰɯχtʰi ,
jɛttʰi pʰatman tʃʰavisi.
ʒil on i̥kkʰi aj jɛvatʰimɛ:,
ɛnɛ ba: jɛnɛ tʰɛŋ jartʰisi.

ɛskʰi tʰyɣmɛndin qʰoqʰaχ tʃʰɯqʰɯdu,
jaman ajaldin pʰoqʰaχ.
ɛskʰi qʰɛlɛjdin daŋ tʃʰɯqʰɯdu,
jaman ajaldin pʰaŋ.
yskʰɛk kʰalɯʁa tʃʰolaq buqʰa,
tʰa:ʁɯl kʰalɯʁa tʰoqʰal buqʰa.
ja:ʁan ejitsam lap bolidu,

110 چۆچۆرە سالىۋات ــ يەرلىك بىر خەلق قوشىقى، باشقا كونتېكىستلاردا «چۆن-چۆن سالىۋات» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

i̥kkʰi ʤuga ʧʰɯqʰɯp biri dap bolidu.

### رامزان قوشاقلىرى 4.1.8

rozi tʰut namaz øtʰɛ ʤaniŋ yʧʰyn ɛj,
rozi tʰut namaz øtʰɛ ʤaniŋ yʧʰyn,
χɛjiri qʰɯl zakʰatʰini maliŋ yʧʰyn.
ramizan alla ʃɛri[111] ramizan,
χoʃ mubarɛk kʰɛldilɛr ʃu ramizan.

rozunuŋ oni qʰeni, qʰɛdri qʰɛni,
bultʰurqʰɯ musurmanlaː bijil[112] qʰeni.
ramizan alla ʃɛri ramizan,
χoʃ mubarɛk kʰɛldilɛr ʃu ramizan.

rozini on tʰutʰup kʰɛlduχ sizgɛ,
rozini on tʰutʰup kʰɛlduχ sizgɛ,
rozunuŋ zakʰatʰini beriŋ bizgɛ.
ramizan alla ʃɛri ramizan,
χoʃ mubarɛk kʰɛldilɛr ʃu ramizan.

øjyŋniŋ arqʰasida tʰajniŋ izi,
øjyŋniŋ arqʰasida tʰajniŋ izi,
kʰɛʃtʰi jaʁlɯq[113] beridu bajniŋ qʰɯzi.
ramizan alla ʃɛri ramizan,
χoʃ mubarɛk kʰɛldilɛr ʃu ramizan.

### پەرى قوشاقلىرى 4.1.9

ɛjː ɛjː ɛvval χuda bismilla,
bismillaniŋ vaj ɦørmitʰi,
alla, alla, qʰadir alla jɛj,
alla, alla, disɛmmɛn,
allaʁa qʰul bolsammɛn qʰadir alla,
alla, alla, qʰadir alla ajː,
mundaχ myʃkʰyl kʰesɛlgɛ,
ʃipʰa ɛtkʰin tʰilɛjmɛː,
alla, alla, qʰadir alla jɛj.

---

[111] شەرى_ شەرئىي.
[112] بى يىل_ بۇ يىل.
[113] كەشتى ياغلىق_ كەشتىلەنگەن ياغلىق. باشقا كونتېكىستلاردا «كەشمىر ياغلىق» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

kʰɛʃ kʰirdi, kʰɛʃ kʰirdi, zugal[114] boldi, ɦɛj dadɛj,
jarimʁa ugal[115] boldi, vaj allijɛj.
sumbul satʃʰini tʰarap, ɛj daʁɛj,
jar kʰelip ʤugan[116] aj boldi, jɛj vaj allijɛj.

atʰam bilɛː, atʰam bilɛː anam joχ, ɛj ɦɛj daʁɛj,
ɛlgɛ ɛtʰivarim joχ, alli jɛj.
tʰøː bɛʃ kʰynlyk alɛmdɛ, ɦɛj daʁɛj,
beʃimda mirabim[117] joχ, vaj alli jɛj.

kʰɛtmɛktʃʰi bolup qʰaldim, ɛj ɦɛj daʁɛj,
ɛrzimni bajan ɛjlɛj, vaj allijɛj.
kʰɛtsɛŋ kʰɛtʰivɛː jarim, ɦɛj daʁɛj,
seniŋ bilɛ nimɛ pʰɛrvajim, ɛj allijɛj.

aː u mɛːlɛŋdin bu mɛːlɛŋgɛ,
ojnaj dɛp kʰɛldim.
mɛjli baːmu mɛjli joχmu,
sinaj dɛp kʰɛldim, vaj.
ɦɛq alla χɯraliŋ mɛn,
vaj kʰi alla, ʤananiŋ mɛn.

---

[114] زوگال_ [ئە] زاۋال، كەچ.
[115] ئوگال_ [ئە] ئوۋال.
[116] جوگان__ [پ] جوۋان.
[117] مىرەبىم - [ئە] ئىگەم.

## 4.2 ئاۋۇت ئەلەم

ئاۋۇت ئەلەم: 69 ياش، دېھقان، 5-سىنىپ سەۋىيە.
ئورۇن: غۇلجا ناھىيە دۆڭ مازار يېزىسى توقاي كەنت.
ۋاقىت: 2009-يىل 2-ئاينىڭ 2-كۈنى.

### 4.2.1 يېرىلغىن تاش

ɛrdɛ qʰaːʁan bir oʁul baː, ajal joq. ajalni aːʁandikʰin ajal aː øjgɛ øgɛj ana boːp qʰalidu aː baluʁa. øgɛj boːp qʰaːʁandikʰin bu (qʰɯz) balini øgɛj baluʁa ʧʰetʰiʃ ytʃʰyn tʰoj mɛrikʰɛ qʰɯːp beridu ɛmɛsmu. mɛrikʰɛ qʰɯːp bɛːgɛndiŋkʰin, bu mɛrikʰɛ ʃuniŋ bilɛn tʰaza bolivatqʰanda qʰɯz qʰaʧʰididɛ. qʰeʧʰiʃ ytʃʰyn bir byjyx[118] tʰaqqʰa kʰirip kʰetʰidu ɛmɛsmu. bir byjyx tʰaqqʰa berip,

jerilʁɯn tʰaʃ, jerilʁɯn,
mɛn saɴa bolaj jaldaʃ

digɛndikʰin[119] tʰaʃ iʧʰidin ʤaraɴlap avaz ʧʰɯqʰɯp jerilʁandinkʰin,

jepʰilʁɯn tʰaʃ, jepʰilʁɯn,
mɛn saɴa bolaj joldaʃ

digɛndikʰin tʰaʃ jepʰilidu, ʧʰaʃ tʰeʃida qʰeːp qʰalidudɛ. ʧʰaʃ tʰeʃida qʰeːp qʰaʁandikʰin atʰisi baridu. øgɛj atʰa qʰejnaːtʰa boːp baridudɛ,

jerilʁɯn tʰaʃ, jerilʁɯn,
mɛn bir kʰørɛj qʰɯzimni.
didarɯʁa tʰojup mɛn,
eːtʰivalaj søzymni

dɛjdu ɛmɛsmu. digɛndikʰin tʰaʃ iʧʰidin avaz ʧʰɯqʰɯp,

jerilma tʰaʃ, jerilma,
mɛn atʰamni kʰørgym joq.
didarɯʁa tʰojmisam,
tʰa ølgynʧʰɛ kʰøŋlym tʰoq

dɛjdudɛ. bajam øzynyŋ anisi baːdɛ ɛndi ɛːjɛːgɛ baːʁan,

jerilʁɯn tʰaʃ, jerilʁɯn,
mɛn bir kʰørɛj qʰɯzimni.
didarɯʁa qʰenip mɛn,
eːtʰivalaj søzymni

digɛndikʰin

jerilma tʰaʃ, jerilma,
mɛn anamni kʰørgym joq.

---

118 بۈيۈك - چوڭ.
119 دىگەندىكىن_ دېگەندىن كېيىن.

didaruʁa tʰojmisam,
tʰa ølgyntʃʰɛ kʰøŋlym tʰoq

dɛjdu ɛmɛsmu. bajɯqʰɯ aliduʁan balá bɛrip qʰalididɛ bu jɛ:gɛ. aliduʁan vaχtʰa qʰɛtʃʰip kʰɛttʰi ɛmɛsmu bu qʰɯz. ɛrniŋ balisidɛ bu, bajɯqʰɯ qʰɯzni aliduʁan,

jɛrilʁɯn tʰaʃ, jɛrilʁɯn,
mɛn bir kʰørɛj dʒigɛrimni.
didaruʁa tʰojuvɛlip,
ɛ:tʰivalaj søzymni

digɛndikʰin bu qʰɯz dɛjdudɛ,

jɛrilma tʰaʃ, jɛrilma,
mɛn dʒigɛrimni kʰørgym joq.
aval idi dʒigɛrim,
ɛmdi boldi øz ɛrim

dɛp kʰɛ:p jɛnɛ unimajdudɛ. uniŋʁumu unimuʁandikʰin tʰaʃmu jɛrilmajdu, χɛjir, øziniŋ siŋlisi ajby digɛn baridu, buniŋ øz siŋlisi bir qʰosaχtʰa jatqʰan ajby digɛn bolidikʰɛ:. ajby digɛn siŋlisi bɛrip, kʰɛʃ kʰirip kʰɛtʰip ba:ʁan,

jɛrilʁɯn tʰaʃ, jɛrilʁɯn,
mɛn bir kʰørɛj ɦɛdɛmni.
didaruʁa tʰojup mɛn,
ɛ:tʰivalaj søzymni

dɛjdudɛ, digɛndikʰin tʰaʃ itʃʰidin avaz tʃʰɯqʰɯp,

jɛrilʁɯn tʰaʃ, jɛrilʁɯn,
mɛn bir kʰørɛj siŋlimni

digɛndikʰin tʰaʃ avaz tʃʰɯqʰɯrip jɛrilʁandinkʰin, bular bir qʰutʃʰaʁliʃip, bir mɛzgil ʒyryp mɛnzil muraduʁa jɛtʰip, bir byjyx tʰaqqʰa kʰirip kʰɛtʰip qʰalidu ɛmɛsmu.

bir byjyx tʰaqqʰa kʰirip kʰɛtkʰɛndikʰin, ɦɛdɛ ɦɛrip kʰɛttʰim digɛndɛ qʰolini sunʁan. tʃʰaʃ digɛn dʒul dʒul dʒul tʃʰugulup kʰɛtkʰɛn. bir tʰaʁda kʰɛtʰip baridudɛ, ɛŋli[120]ajaʁ ʒitʰilip kʰɛtkʰɛn, siŋlisiniŋ qʰolini tʰa:tqʰan. χɛjir, buniŋ bilɛn bir byjyx tʰaʁniŋ itʃʰigɛ kʰirip bir jɛ:gɛ ba:ʁanda, ɦɛdɛ ɦɛrip kʰɛttʰim kʰitʃʰikkʰinɛ kʰøz ʒumbalaj[121] digɛndikʰin, maqʰul dɛpla (kʰøz) ʒumʁan. qʰarisa, ussudum digɛndɛ, siŋlim bu bulaχniŋ syjini iʃmɛ, iʃsɛŋ kʰijix bop qʰalisɛ: digɛndɛ, jaχ iʃmɛjmɛ: dɛp (iʃmɛjdu). nɛtʃtʃʰɛ kʰyndyz jol ʒyryp, mɛnzil murafila:ni kʰɛzgɛn, ɦɛrip kʰɛtkʰɛn ɦɛdisi uχlap qʰa:ʁanda (siŋlisi) bɛripla bulaχniŋ syjini itʃʰip kʰijix bop qʰaldidɛ bu qʰɯz, ah siŋlim dɛpla siŋlisini qʰutʃʰaʁlɯʁan.

χɛjir, bu jɛ:dɛ ʒuʁlajdu, qʰaχʃajdu, uniŋ kʰɛjnidin ʃu mɛzgildɛ pʰadiʃa:niŋ lɛʃkʰɛ:liri kʰɛ:p bu kʰijixni qʰoʁlap, qʰɯzni qʰoʁlap tʰutʰivalidu ɛmɛsmu, qʰɯzni orduʁa apʰiridu, kʰijixni apʰiridu. apʰirip baʁlap qʰojup. bu pʰadiʃa:, sajaɦɛtkʰɛ

---

[120] ئەڭل - كىيىم-كېچەك.
[121] ژۇمبالاي- يۇمۇپ تالاي.

tʃʰɯqʰɯp kʰɛtkʰɛn pʰadiʃa: kʰɛgendikʰin buni qʰɯrɯχ kʰetʃʰɛ kʰyndyz tʰoj qʰɯlip, gylnarɛmkʰɛ u qʰɯzniŋ etʰi, gylnarɛm digɛn qʰɯzni qʰɯrɯχ kʰetʃʰɛ kʰyndyz tʰoj qʰɯlip alidikʰɛ ɛmrigɛ. avu kʰijixni baʁlap qʰojidikʰɛ. baʁlap qʰojʁandikʰin, χɛjir, bir kʰynlɛ:dɛ bu qʰɯz ɦamilda: bommamdu pʰadiʃa: a:ʁan gylnarɛm digɛn (qʰɯz). ɦamildar bo:ʁandikʰin ʃuniŋ bilɛ: pʰadiʃa:niŋ tʃʰoŋ χotʰuniniŋ qʰojnuʁa sɛl pʰi̥t tʃʰyʃyp, ɦɛj muʃu tʰuʁsa bizni tʃʰatʰaq qʰɯlidikʰɛ, ma χotʰunni nim qʰɯlip, biz pʰɛrzɛnt kʰø:migɛndikʰin bizni øltʰyryvetʰiʃi mymkʰin dɛjdikʰɛndɛ pʰadiʃaniŋ tʃʰoŋ χotʰuni. undaχ bosa: biz buniŋʁa kʰølniŋ bojuʁa gyleŋgyʃ[122] se:p berini dɛp, gyleŋgyʃni kʰølniŋ bojida joʁan bir tʃʰinarʁa gyleŋgyʃ se:p berip, tʰaza utʃʰivatʰqʰanda, pʰadiʃa: sajaɦɛtkʰɛ tʃʰɯqʰɯp kʰɛtkʰɛn, kʰesivetʰidikʰɛ: ɛmɛsmu arqʰanni. kʰølniŋ tʰyvigɛ tʃʰy:p kʰetʰidu ɛmdi bu qʰɯz. kʰijix tʰɛlmyryp tʰuridudɛ, tʰɛlmyryp tʰu:ʁandikʰin, bu kʰijix kʰølgila tʰɛlmyryp tʰu:ʁandikʰin pʰadiʃa:niŋ χotʰuni pʰadiʃa: kʰɛ:gɛndikʰin mɛn aʁrip qʰaldim muʃu kʰijixni sojup, muʃuniŋ ʒyriɣini jimisɛm mɛn saqʰajmajmɛ: digɛndɛk bir gɛpʰni qʰɯlidikʰɛndɛ, pʰadiʃa: ʃuniŋ bilɛnla ʤallatlirɯʁa ɛmir qʰɯlidikʰɛn kʰijixni sojuŋla: dɛp, digɛndikʰin bu kʰijix dɛjdikʰɛndɛ,

ʤenim ɦɛdɛ tʃʰɯχ kʰøldin,

kʰylpʰɛt kʰɛldi beʃimʁa.

siŋliŋ ʤandin ajrilar,

sɛn kʰɛlmisɛŋ qʰeʃimʁa

dɛjdudɛ, bajɯqʰɯ i̥kkʰi qʰat ɦɛdisi kʰølniŋ tʰegigɛ tʃʰyʃyp gezɛk[123] kʰøz jorudi ɛmɛsmu kʰølniŋ tʰegidɛ,

jenimda bar qʰoʃ bøʃyk,

qʰoʃ gilɛmlɛ: jolumda.

qʰandaq tʃʰɯqʰaj ʤan siŋlim,

ɦasan ɦysɛn qʰolumda

dɛjdu ɛmɛsmu, gezɛk kʰøz jorup qʰaldidɛ kʰølniŋ tʰegidɛ, aʃdaq digɛndikʰin,

daʃ qʰazanla: esilʁan,

qʰoʃ pʰitʃʰaχla: bilɛngɛn.

tʃʰaqqʰan tʃʰɯqqʰɯn ɦɛdiʤan,

tʰamɯʁɯmʁa qʰadalʁan

dɛjdu ɛmɛsmu, sɛn tʃʰɯχmisaŋ meni sojivetʰidɯʁan boldi dɛjdudɛ. aʃdaq qʰɯlip, χɛjir, pʰadiʃa: kʰɛ:gɛndikʰin bu kʰijixmu sojulmaj, kʰølgɛ tʰɛlmyryp ʒɯʁlɯʁandikʰin bu nim iʃ digɛndikʰin, χɛjir, bu jɛrdɛ kʰølniŋ syjini tʰa:tsa, kʰølniŋ tʰegidin bu ajal saχsalamɛt tʃʰɯqqʰan i̥kkʰi bala bilɛ:. bo:ʁan ɛɦvalni uqqʰandikʰin kʰøryp, kʰølniŋ tʰegidin bir ʒutʰum zɛmzɛmsu dɛjdikʰɛn atʃʰɯqʰɯp, a: siŋlisɯʁa bɛ:gɛndikʰin silkʰingɛndikʰin, bajɯqʰɯ ɛksigɛ kʰɛ:gɛn, ɛɦvalni uqqʰandikʰin pʰadiʃa: tʃʰoŋ χotʰunni øltʰyrivetʰidikʰɛ.

---

[122] گۈلەڭگۈش - ئىلەڭگۈچ.

[123] گېزەك - قوشگېزەك.

## 4.2.2 مەشرەپ قائىدىلىرى

ɛmdi bu mɛʃrɛp qʰajdilirimizdɛ burunlaːda, qʰaraŋ, mɛʃrɛp dɛp ʧʰajʁa etʰidɯʁan, ottʰuz oʁul dɛp sajlajdɯʁan, ʒɯʁɯlidɯʁan. naɦajitʰi tʰɛrtʰip, ɛχlaq naɦajitʰi jaχʃi bolidɯʁan. ɦɛ, uniŋ kʰɛjnidin ʧʰirajlɯχ duttʰaː, tʰɛmbur ʧʰelip ojnap, biːdɛm bɛɦozur [124] dɛp, tʰamakʰa ʧʰekʰidɯʁanliri tʰamakʰa ʧʰekʰip, boʃinip [125] kʰirip, ʃundaq qʰɯp ojnap, uniŋ kʰɛjnizɛ [126] ɦelɯqʰɯ bir bɛzilɛːni sorunʁa tʰaːtʰidɯʁan [127] iʃliri baː, jakʰi kʰeʧʰikʰip kʰɛldi aχ kʰøx digɛndikʰin bulaːni sorunʁa tʰaːtʰip qʰazi sajlap, bulaː ottʰurɯʁa selip soal tʰaːtʰip [128] bulaːni ʤazalajdɯʁan iʃ, ʤazalajdɯʁan iʃ baː. bɛzilɛːni naχʃɯʁa buːrup qʰojidɯʁan, bɛzilɛːni tʰoʃqʰan tʰɛptʰi [129] qʰɯːp qʰojidɯʁan, bɛzilɛːni ɛmdi bu ɦelɯqʰɯ nim qʰɯp, jultʰuz kʰøːsitʰimiz [130] dɛp, ʧʰapʰanniŋ jɛŋidin, ɛŋnini [131] saʁuzivetʰip, su qʰujvetʰip maʃdaq, ʃu arilɯχlaːda sorivalidɯʁan. ɛssalamu ɛlɛjkʰum, tʰalniŋ igilgini sunʁuni dɛjdu. pʰalanʧʰikʰamniŋ ɛmdi gunajini biz sorisaχ, muniŋdin kʰɛjin aʃdaχ iʃlaːni øtkʰɛzmisɛ dɛp.

ɛmdi bu mɛʃrɛpniŋ bir alaɦidiligikʰin bali ʤaqʰuni [132] tʰɛrbijilɛʃtʰɛ naɦajitʰi bir jaχʃi ɛχlaχ, jaχʃi pʰɛzilɛtlix iʃ. buni kʰøːmisɛ tʰaza jaχʃi boːmajdu. bɛzi jɛːlɛːdɛ tʰoj tʰøkʰyn, sorunlaːda dɛstʰɯχan seliʃtʰa ɦɛʤɛp [133] mɛʃrɛp kʰøːmigɛn nimikʰɛn bu dɛp qʰojidɯʁan gɛplɛː muʃu jeqʰɯnqʰɯ zamandimu bolundi. χeli ʧʰoŋ boldum, øj tʰuttʰum, makʰan tʰuttʰum digɛn bilɛnma, aʃulaːni qʰolaʃtʰuraːmajdɯʁan adɛmlɛːmu baː, ʤumuŋlaː. nimiʃkʰɛ disɛ bajɯqʰɯ mɛʃrɛp intʰizamini, ɛχlaqʰuni ygɛnmigɛn adɛm mana muʃundaχ sorunlaːda ʧʰanidɯʁɯmila ʧʰanidu, mandaχ iʃlaː bu.

bu mɛʃrɛp digɛn χɛχni (tʰɛrbijilɛjdu), mɛʃrɛp digɛn. bɛʃ on ʒilla ɛmɛs, ɦɛttʰa muʃu yʃ kʰɛnt mɛʃɛː, ʃu mɛʃrɛp ojnajdɯʁanlaːni ʒɯʁsa (bir mɛʃrɛp boludu). ɦazirʁu joqʰap kʰɛttʰɯʁu, qʰatʰaː elip, ɦɛttʰa mɛʃrɛpni ʧʰirajlɯq tʰygɛtkʰɛndin kʰɛjin biʒ ʧʰinɛ aʃni qʰoːp qʰojidu. kʰim alidu, boldi mɛn aldim mɛʃrɛpni dɛp, jakʰi maː ʧʰarʃɛnbɛ jakʰi pʰɛjʃɛnbɛ bizniŋ øjgɛ mɛʃrɛpkʰɛ dɛjdu. ʒiraχ jeqʰɯndin tʰuqqʰanliri kʰelidu, naχʃa ejtʰidɯʁanlirini naχʃɯʁa seːp qʰojidu, bɛzibir qʰazaχʧʰɛ ɦølɛn ejtʰidɯʁanlirini ɦølɛngɛ seːp qʰojidu. bu bir qʰɯzɯq iʃ, lekʰin ɛχlaχ ʤɛɦɛttʰin eːp ejtqʰanda naɦajitʰi jaχʃi pʰɛzilɛtkʰɛ igidɛ. uniŋkʰɛjin dɛstʰɯχan ʧʰoŋ sorunlaːda bu ɛχlaχni ygɛnmɛstʰin kʰirip qʰaːʁan adɛmlɛːniŋ

[124] بەھوزۇر ـ ئازادە بولماق، دەم ئالماق.
[125] بوشىنىپ ـ سىرتقا چىقىپ تەرەت سۇندۇرۇپ، ئىچىنى بوشىتىپ.
[126] ئۇنىڭ كەينىزە ـ ئۇنىڭدىن كېيىن.
[127] سورۇنغا تاتماخ ـ مەشرەپتە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا تارتىپ چىقارماق.
[128] سوئال تاتماخ__ سوراققا تارتماق.
[129] توشقان تەپتى ـ مەشرەپتىكى جازا ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.
[130] يۇلتۇز كۆستىش ـ مەشرەپتىكى جازا ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.
[131] ئەڭنى ـ كىيىمى.
[132] بالا ـ جاقا ـ بالا ـ چاقا.
[133] ھەجەپ_ ئەجەب.

baʃqʰɯʧʰila aʃu ɦelɯqʰɯ qʰojniŋ arisuʁa øʃkʰɛ kʰirgɛndɛxla ʧʰanidudɛ, bu sorundikʰi ɛχlaqʰɯ tʰaza jaχʃi bommajdudɛ. bu mɛʃrɛpniŋkʰi ɛχlaqʰɯ naɦajitʰi ʧʰoŋ jaχʃi, ʧʰoŋ jaχʃi ɛχlaχ, χɛlqni tʰɛrtʰip intʰizamʁa naɦajitʰi bojsundurup, jaχʃi pʰaalijɛtʰlɛːni yginidu, muʃundaχ ɛmɛsmu bu mɛʃrɛp.

baʃliniʃtʰa aldida ʃu mɛʃrɛpkʰɛ eːtʰidu[134], eːtqʰandikʰin kʰelidu, ɦɛmmisi kʰeːp boːʁandikʰin qʰol ʧʰaːqʰaʃ su elip, birɛː pʰijalɛ ʧʰaj beridu, bɛziliri ʧʰaj bɛːmɛjla aldirap ɦelɯqʰɯ ojnap kʰetʰidɯʁanliri baː, bir pʰijalɛ ʧʰaj berip, qʰolʧʰaqʰaχ su elip, andin duttʰaː, tʰɛmbur ʧʰelip ojnajdu, ʃu vaχtʰa mɛʃrɛpkʰɛ eːtqʰan χeli adɛmlɛːdin iʧʰidin kʰɛːmigɛnlɛːni qʰoːsaqqʰa seːp qʰojidudɛ, mɛʃrɛp baʃlɯʁɯʧʰɛ, baʃlanʁandikʰin kʰɛːgɛnlɛːni nimɛ yʧʰyn kʰejin kʰɛldi dɛp sorunʁa tʰaːtʰidu, ras ojnap bir jɛːlirigɛ kʰelip sorunʁa tʰaːtʰip, inkʰin bijit ejtʰiʃidu bulaː. birbirsigɛ ʧʰaj qʰujup, ɛmdi mɛn ɦelɯqʰɯ ʧʰimʧʰim salivatni[135] untʰup qʰaptʰimɛː, ɦelɯqʰɯ bɛzi bijitlaːni ejtʰiʃidudɛ. bijitlaːni ejtqʰanda qʰajtʰuraːmaj qʰaːsa, qʰajtʰuraːmaj qʰaːsa, buni iniŋ kʰɛjnidin qʰosaqqʰa sɛːp qʰojup, pʰaʃʃap baː, qʰazilaːʁa ɛriz qʰɯlidu. ɦelɯqʰɯ, aʃu ɦelɯqʰɯ misali mɛʃrɛp baʃlanʁandikʰin ʧʰaj iʧʰip alidɯʁu, bu sorunda ottʰaʁandikʰin ʧʰaj iʃkʰɛndikʰin vaj davutʤan sizgɛ χuʃ kʰetʰiptʰu[136], ja avutʤan sizgɛ χuʃ kʰetʰiptʰu digɛndikʰin bu ørɛ tʰurup qʰolini muʃːdaq qʰɯlip tʰuːʁan.

aχ sarajdin ʧʰɯrχtʰi jarim,
ʧʰin tʰugani[137] pʰyrkʰynyp.
qʰolida zɛjtʰunɛ jaʁlɯq,
tʰal ʧʰivɯχtʰɛk tʰolʁunup.

tʰal uʧʰi tʰalʁa tʰegɛmdu,
tʰal uʧʰi tʰalʁa jiraq.
mɛjlimiz sizgɛ ʧʰyʃyptʰu,
øjiŋiz andin jiraq.

øj jiraqʰɯ bolsa bolsun,
kʰøŋyl jiraqʰɯ bolmisun.
i̥kkʰimizniŋ aldida ,
vɛdɛ jalʁan bolmisun

dɛp mundaq berip qʰojidudɛ. χɛjir, bu ʧʰajni iʧʰipla, bu giri[138] ɛdɛm bosaː (ʧʰinisi) ʁaʃla[139] qʰatlap ʧʰinilɛː bilɛː kʰɛttʰimu, bu gunaːʁa pʰytʰididɛ, kʰejin tʰɛχsir meniŋ ʧʰinɛm qʰajtmidɯʁu bijitʰim bilɛː digɛndikʰin buni sorunʁa

---

[134] ئېيتماق- چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق.
[135] چىمچىم سالىۋات- بۇ يەردە «چۈن-چۈن سالىۋات» قوشىقىنى دېمەكچى.
[136] خۇش كەتتى- سورۇندا ئۆز نېسۋىسىنى يېقىن بىرەيلەنگە ھەدىيە قىلىش، چاي تۇتۇش.
[137] تۇگا_ تاۋار.
[138] گىرى- ئىشنىڭ يولىنى ئۇقمايدىغان، سورۇن كۆرمىگەن.
[139] غاشلا_ غاچىدە.

tʰa:tʰidu ɛmɛsmu. jakʰi bo:misa ʃu ɛdɛm iŋ[140] bo:mɯʁanda bijit bilmisima[141] ɛʁɯr qʰopʰup[142] tʃʰajni symirivɛtkʰɛndin kʰejin dɛrja bojida ɛqʰum, kʰøŋlimiz jeqʰum didi boldi pʰyttʰi χalas. mandaq bu mɛʃrɛpniŋ qʰajdisidɛ ɛmdi bu. bijitqʰa bijit qʰajtʰu:misa ɛplɛʃmɛjdu, bu mɛʃrɛpniŋkʰi mana maʃindaq. ɦɛ, uniŋ kʰɛjdin jɛnɛ sorunla: tʃʰe:p, amdan bɛzmilɛ:ni ojnap, jɛnɛ aʃindaq sɛl igiz pʰɛs jakʰi ɦɛlɯqʰɯ ala tʰajaχ[143] dɛpmu qʰojimiz pʰaʃʃapniŋ (tʰajɯqʰɯni) tʰɯqʰɯvalidɯʁanla: ba:. iniŋkʰin uni kʰø:gɛnlɛ: ajʁaqtʃʰɯ[144] bolidu, ajʁaqtʃʰi (ejtʰip) bo:ʁandikʰin uniŋkʰin uni jɛnɛ qʰalidu ottʰurɯʁa tʰa:tʰip ula:ni, uniŋ kʰɛjnizɛ dʒazaʁa tʰa:tqʰan, samsa jaqʰɯmiz[145] dɛvatqʰan. uniŋ kʰɛjnidin i̥kkʰila samsini mandaχ qʰɯpla jaqqʰandin kʰejinla, vaj ajaχtʰin ytʃʰi qʰopʰup ɛssalamu ɛlɛjkʰum tʰalniŋ igilgini sunʁumi dɛjdu, muʃu adɛmniŋ gunajidin biz soruduχ, zadi munuŋdin kʰejin aʃdaχ bo:misa dɛjdu, bɛzi tʰaza qʰɯzzɯqtʃʰila: mɛʃrɛptʰɛ ɦɛlɯqʰɯ atʰajtʰɛn[146] ʒɯqʰɯliʃ ytʃʰyn dɛjdɯʁanla: ba:dɛ, zadi meni bi: dʒazaʁa tʰa:tsa dɛjdɯʁan, ʃuniŋda birsini ras mɛʃrɛptʰɛ ottʰurɯʁa dʒazaʁa tʰa:tmamdu. mɛʃrɛpkʰɛ bu kʰɛjin kʰɛldi dɛp tʰa:tqʰandikʰin buniŋʁa nim qʰɯlimiz disɛ, buniŋʁa zadi buniŋ mɛʃripʰini aq qʰɯlimiz kʰøx qʰɯlimiz, buni suʁa basajli digɛndikʰin bu ɛdɛm mɛʃrɛpkʰɛ meniŋ ɦønyrym ʒytʰy: kʰetʰidu dɛp zadila unimajdikʰɛndɛ, suʁa basqʰandikʰin ɦynyrym ʒytʰy: kʰetʰidu dɛp. aʃdaq qʰɯlip qʰɯzɯqtʃʰilɯχ iʃkʰɛn ɛmdi bu. aʃindaχ iʃla:ni ejtʰidu, aʃdaχ qʰɯp ajaɴʁɯsida[147] jaχʃi duttʰa:, tʰɛmbur tʃʰelip, ɛχlaχ tʰoʁrilɯχ søzlɛp (tʰygɛjdu) .

uniŋ kʰɛjnidin ʃu vaχlada ɛmdi u tʰɛrɛqqʰɯjat bo:mɯʁaʃqʰɯmikʰin adɛttʰikʰi ørɛ dʒuga[148] ba:ʁu, dʒugini tʰɛtʰyr kʰijip, laχʃigirni[149] manda: qʰɯlip, ɦɛlɯqʰɯ burʁa tʰøgɛ[150] qʰɯlip jasap ɛkʰiridikʰɛ. ʃuniŋda muʃu bɛzilɛ: ɦɛlɯqʰɯ at ojunlirini jasap ɛkʰilidikʰɛ mɛʃrɛplɛ:gɛ. ja ʁeripniŋ tʰørigesi[151], sunup kʰɛttʰi qʰovurʁesi dɛp, aʃindaχ ojunla:ni qʰojup ojnajdikʰɛ: mɛʃrɛplɛ:dɛ. lekʰin bu ujʁurla:niŋ buruntʰin kʰelivatqʰan ɛnɛnisi naɦajitʰi jaχʃi pʰaalijɛtkʰɛ bu. χalaŋ iʃ[152] joχ bunuŋda qʰaraŋ, dʒɛmijɛtkʰimu tʰɛsiri joχ, χɛlqqʰɯmu tʰɛsiri joχ. ɦazir mana mɛʃɛ:lɛ:dɛ bolivatqʰan iʃla:ni disɛ dʒɯq. biriniŋ øjigɛ birsi oʁu:lavatqʰan, biriniŋ tʰoχujini oʁu:lavatqʰan, bort[153] tʰop ojnavatqʰan. ɦazir qʰanunma naɦajitʰi

[140] ئىڭ_ ئەڭ.
[141] بىلمىسىما_ بىلمىسىمۇ.
[142] ئېغىر قوپۇپ- ئېغىر بويىنىنى يېنىك قىلىپ قوپۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ.
[143] ئالا تاياق- مەشرەپتە پاشاپنىڭ سورۇن باشقۇرىدىغان تايىقى، «گۇلتاياق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
[144] ئايغاقچى- خەۋەرچى.
[145] سامسا ياقماق- مەشرەپتىكى جازا ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.
[146] ئاتايتەن- ئاتايىن، ئالاھىدە، مەخسۇس.
[147] ئاياڭقىسىدا- ئاخىرىدا.
[148] ئۆرە جوگا- جۇۋىنىڭ بىر تۈرى.
[149] لاخشىگىر- قىسقاچ.
[150] بۇرغا تۆگە- يەنى بۇغرا تۆگە، تۆگىنىڭ ئەركىكى.
[151] تۆرىگە- تۆگە.
[152] خالاڭ ئىش- قالايمىقان ئىش، «خالاڭ-خۇتۇڭ ئىش»مۇ دېيىلىدۇ.
[153] بورت- بىليارت.

(k$^h$yʃlyx). imam, mɛzinlɛ:gɛ t$^h$ɛʃvɯq (ba:). ɦɛtt$^h$a ʒurnalniŋma berip t$^h$urivat$^h$idu. jɛna aʃundaq ɛχlaχsizlɯχ iʃ k$^h$øpt$^h$ɛ.

mɛʃrɛp ojnɯʁan vaχla:da naɦajit$^h$i balla:ni t$^h$ɛrbijilɛʃ, jaχʃi jolʁa mɛŋiʃ mana muʃundaχ iʃla: ba: ɛmɛsmu mɛʃrɛpt$^h$ɛ. ajɯʁɯʁa berip mɛʃrɛpniŋ, ajɯʁɯda uzun sorunla: t$^h$ygyt$^h$yp, unuŋ k$^h$ɛjnizɛ ʃu q$^h$ɯ:ʁan t$^h$amaχni jɛp t$^h$aamni, uniŋ k$^h$ɛjnidin bir ʧ$^h$inini elip gøʃ bilɛn q$^h$op q$^h$ojidu. k$^h$im alidu, ɦaj mɛn alimɛ: dɛp t$^h$aliʃivatq$^h$an q$^h$ɯzɯχʧ$^h$ilɯχ. jak$^h$i k$^h$elidɯʁan ʧ$^h$arʃɛmbɛ ja p$^h$ɛjʃɛmbɛ bizniŋk$^h$igɛ mɛʃrɛp, ʒiraχ jeq$^h$ɯndin k$^h$ɛ:gɛnlɛ: a:rilip q$^h$a:misaɴla: dɛp, muʃundaχ iʃla:ni mɛʃrɛp bilɛ: t$^h$ygɛtk$^h$ɛnk$^h$ɛ:. ʃu zamandik$^h$i t$^h$ɛrɛq$^h$ɯjatt$^h$a ʃu χɛlχq$^h$ɛ ɛχlaχ t$^h$ɛrɛpt$^h$in naɦajit$^h$i zor ilɦamt$^h$ik$^h$ɛ ʃu.

### 4.2.3 ئورما ناخشىسى

ajdiŋʁa o:ʁan oma:, a: jɛj,
et$^h$izlɯχt$^h$a baʁ q$^h$aldi, alt$^h$unumɛj .
et$^h$izlɯχt$^h$a baʁ vaj q$^h$aldi, ɦe vaj,
az k$^h$yn ojnap ajrilip, alt$^h$unumɛj ,
ʒyrɛklɛ:dɛ daʁ vaj q$^h$aldi, vaj.

ja at$^h$adin ejtmapt$^h$u, alt$^h$unumɛj,
ja anadin ejtmapt$^h$u, ɦu vaj.
ɛzɛldin t$^h$ɛlijim ʃundaq, alt$^h$unumɛj,
mɛn k$^h$imdin jaman, jamanlajmɛn, ɦɛj.

## 4.3 توختاخۇن ئەسپەر



توختاخۇن ئەسپەر: 88 ياش، دېھقان، كەچكۈرستا ئوقۇغان.
ئورۇن: غۇلجا ناھىيە ئۇچئۇن بازىرى ئالتە ئۆي كەنت.
ۋاقىت: 2009-يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنى.

### 4.3.1 بەرىزكامنىڭ يامان گەپلىرى

bɛrizkʰam bir kʰyni ɛtʰigendila bizniŋ øjgɛ kʰirip kʰɛldi. kʰirip kʰelip ʃuniŋ bilɛː amin alla ɛkbɛr dɛp dua qʰuːʁandikʰin, ajaliniŋ etʰi χɛltʃʰɛmdi, bygyn χɛltʃʰɛ sørɛmni apqʰeʃip kʰɛttʰi didi. sørɛmni apqʰeʃip kʰɛttʰi dividi, meniŋ tʃʰaj ɛːtʰivatqʰan apʰam pʰirla ajlinip,[154] bɛrizkʰa jugaʃraχ at qʰatsili bommamdu didi. dividi dadam rɛmɛtlik maɴa manda: bir qʰarap qʰojup, ɦoj χotʰun ɦɛmmila adɛmniŋ etʰi seniŋ etʰiŋdɛk jugatʃ ɛmɛs didi. ajali bilɛn soqʰuʃup qʰelip jamanlap tʃʰikʰɛtkʰɛngɛ bygyn χɛltʃʰɛ sørɛmni apqʰɯʃip kʰɛttʰi (dɛp), ma gɛpni kʰɛltʰyridu.

ɛnikʰizɛ, bir jɛːdɛ kʰetʰiː baratthuχ, bir adɛm ɦaːrvusɯʁa bir ajal selivaptʰu. mundaq pʰyrkʰɛndʒɛ aːtʰivalidikʰɛː biz kʰitʃʰɯrχ tʃʰaʁlaːda ajallaː. ʃuniŋ bilɛː u bɛrizkʰam buni kʰøryp, ɦoj pʰalani qʰoʁun tʰɛːgɛn oχʃajdu, kʰɛpʰɛ tʰikʰivaptʰu didi. buni biz tʃʰyʃinimiz aː aɴlavatqʰanlaː tʃʰyʃɛnmɛjdu. bu ɛː pʰyrkʰɛndʒɛ aːtʰivaːʁan ajalni kʰɛltʰyryp, qʰoʁun tʰɛːgɛn oχʃajdu kʰɛpʰɛ tʰikʰivaptʰu dɛjdudɛ. bu mandaː kʰɛpʰigɛ oχʃaʃla japʰidu ɛmɛsmu.

suptʰajʁa kʰetʰip baːsa bir aʁɯnisi utʃrap, bɛrizkʰa nɛgɛ maɴdiŋ disɛ, suptʰajʁa qʰoʁun tʰerip qʰojʁan pʰiʃqʰaː boːsa yzɛj, χam boːsa øryp qʰojaj dɛp kʰetʰip barimɛː dɛptʰu. u digini uniŋ aldida bir ɦarva tʰavuzni apʰirip nisi setʰivetʰip kʰɛptʰikʰɛː, ʃu tʰavuzniŋ pʰuluʁa kʰetʰip baːʁanda utʃrɯʁan ɛdɛmgɛ qʰoʁun tʰerip qʰojʁandim, pʰiʃqʰaː boːsa yzɛj, χam boːsa øryp qʰojaj dɛp kʰetʰip barimɛː digini. nɛχ boːsa nisi satqʰanniŋ pʰuli ɛːp kʰelimɛn, nesi boːsa bir qʰatʰaː esigɛ sɛːp qʰojimɛː digɛn gɛp.

onjɛː jyzniŋ[155] ɛdɛmliri tʃʰyʃɛnmɛjdikʰɛː, ɛː ɛdɛmniŋ kʰyjoʁul boːʁan ɛdɛmniŋ etʰi pʰaltʰikʰamkʰɛ, ʃuniŋ bilɛː bu tʰojʁa kʰelip, onjɛː jyzidɛ pʰaltʰa digɛn ɛdɛmgɛ beriduʁan bolduχ dɛp pʰaraŋ qʰɯːsa bɛrizkʰam qʰopʰup, χɯtʰaj pʰaltʰisimikʰɛː,

---

[154] پىرلا ئايلىنىپ- دەرھاللا.

[155] ئونيەيۈزى- يەر نامى، يەنى ئونيار يۈزى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

orus pʰaltʰisimikʰɛ dɛptʰu aʃini, digɛndikʰin bula: χɯtʰaj pʰaltʰisikʰɛ dɛptʰu, anda: digini ʁulʤiniŋ ɛdimimu, sɛvittʰin kʰɛ:gɛn ɛdɛmmu digɛn gɛp.

mɛmɛ: zekir digɛn ɛdɛm bir jazniŋ kʰyni muʃdaχ vaχtʰa bir kʰalisini sojup setʰiptʰu. bir beʃ on adɛmgɛ satqʰandikʰin, u vaχlada tʰaraza azdɛ, bir qʰassapla:da, dukʰantʃʰila:da bo:misa (baʃqʰɯla:da joχ). bir tʰaraza az vaχla:kʰɛ:, bir tʰaraza bilɛ: setʰip, bu beʃ altʰi adɛmgɛ satqʰandikʰin tʰarazini tʰɛxʃyrɛp baχsa tʰaraza kʰam[156]. tʰaraza kʰam bo:ʁandikʰin ʃuniŋ bilɛn ɛnikʰizɛ buni mɛmɛ: zekir digɛn sopʰitʃʰaʁ[157] ɛdɛm. a: gøʃ a:ʁan ɛdɛmlɛ:ni ɛkʰɛ:, ma: kʰam, ikkʰi jyz giram kʰam jerini berimiz dɛp, ula:ni ɛ:kʰilip, kʰam je:ni berivetʰiptʰu. ʃu vaχtʰa bɛrizkʰam a:ptʰikʰɛ: aʃu gøʃtʰin, bɛrizkʰamnimu qʰɯtʃʰiriptʰu. ʃuniŋ bilɛ: bɛrizkʰam kʰe:vatsa bi: tʰop ɛdɛm ɦoj bɛriz nɛgɛ maɴdɨŋ disɛ, gøʃ satqʰan ɛdɛmniŋ etʰi zikrɛmdi, ɦej zikʰrɛm sɛjdi sɛvi qʰɯvetʰiptʰu, ʃuniŋʁa kʰetʰip ba:rimɛ: dɛptʰu. ɦɛ, sɛjdi sɛvi, namazniŋ χatʰa jɛ:liri bo:sa sɛjdi sɛvi bilɛ: tʰyzɛjmiz. ɦɛ ɛviniŋ[158] χatʰa gøʃniŋ kʰam jerini tʰyzɛp az azdin kʰam jerini berivatsa bɛrizkʰam digɛn adɛm dɛrrula zikrɛm sɛjdi sɛvi qʰɯ:vetʰiptʰu, ʃuniŋʁa kʰetʰip ba:rimiz dɛjdu. a:ʃinda: jamajduʁan adɛmdi u.

ɛlliɣinʤi ʒili qʰoʃ ɦajdavatsam bɛrizkʰam kʰɛldi aruzda. muʃu jolni jaqʰɯlitʰip, jolniŋ bojuʁa kʰelidikʰɛ:mɛ:, buʁdaj ɦajdavatqʰan. bɛrizkʰam kʰe:vatqʰan jolʁa, bu ɛdɛmniŋ kʰeliʃi mɛn ɦajdap etʰimni aʃu ɛdɛmniŋ alduʁa salam qʰɯlajtʃʰu dɛp jɛtkʰyzyp kʰɛldim. ɛssalamu ɛlɛjkʰum dividim, va ɛlɛjkʰum ɛssalam, ɦoj tʰoχtʰɛmmu sɛn dɛjdu. ɦɛ, mɛʃɛdɛ durχantʃʰilɯχ qʰɯldiŋla:mu dividi, ʃuniŋ bilɛ: ɦɛɛ didim. ɛlliɣinʤi ʒili mɛ:lidɛ kʰyndila tʰoj, kʰelɛ:mɛjmɛndɛ aruzda ɛstʰɛχpʰurulla dɛp. kʰyndila tʰoj, ʃuniŋ bilɛ: mɛ:lidikʰilɛ: qʰajda:, mɛ:liniŋ itʃʰi tʰeʃlɯχmu dɛp soridim. sorisam tʰeʃlɯχ ukʰam, tʰeʃlɯχ, aχʃam imrɛmziniŋ qʰɯzi jeŋʁa jɛttʰi dɛjdu. samsaχ mɛzinniŋkʰini tʃʰɛʃlɛp qʰojdi, ɦej bygyn ussivetʰidu jɛj dɛp beʃini ɛʁɯtʰidu. imrɛmziniŋ qʰɯzi jeŋʁa jɛttʰi digini imrɛmzikʰam digɛnniŋ qʰɯzini tʰurʁan ɛpʰɛndimgɛ bɛ:gɛn ʃu kʰyndɛ. ɛmdi samsaχ mɛzinniŋkʰini tʃʰɛʃlɛp qʰojdi, bygyn ussivetʰidujɛj dɛp beʃini ɛʁɯtqʰɯni mal gy(ry)tʃʰini øtkʰyzyp qʰojʁan kʰynikʰɛ. ɛvu jeŋʁa jɛttʰi digini ɛ: qʰɯz ɛ:gɛ tʰɛkkʰɛndin kʰejin ula:niŋ kʰotʃʰisi bir kʰotʃʰa bolidudɛ jeŋi, jeŋʁa jɛttʰi digini aʃu. ɛmdi avu maj gy(ry)tʃʰini a:pʰirip øtkʰyzivetʰip ɛtʰɛ tʰoj bolidu digɛn gɛpʰi, tʃʰɛʃlɛp qʰojdi ɛtʰɛ ussidu digini buʁdajni raslap qʰojdi ɛtʰɛ tʰaʁa: bilɛ: ussidu, a: χotʰun ɛ:gɛ tʰɛɣdidɛ, ɛmdi tʰɛkkʰɛndikʰin uniŋ ɛ:gɛ tʰɛkkʰɛn iʃini kʰɛltʰyryp dɛvatqʰan gɛp bu ɛmdi.

### 4.3.2 دادام دەپ يىغلىغانغا مۇنۇ مۆڭگۈز

ablaχan dɛp bilɛmsilɛ:kʰi ʃɛ:dɛ bir sattʰa:tʃʰi aʁɯnɛm baridi, ɦazir dolqʰun

[156] كام- كەم.

[157] سوپىچاغ- سوپى مىجەز، تەقۋادار.

[158] ئەۋى- ئاۋۇ.

dɛp balliri ba: sazɛndi [159] . ʃuniŋ ajali ølyp kʰetʰip bir tʃʰɯqʰɯptʰu, abdirimkʰamniŋ pʰerizurχanni a:sam qʰanda: dɛjsɛ: dɛp. ɦo asaŋ jaχʃi bolidu. ɛmdi ʃuniŋʁa bir nimɛ (disɛŋ), mɛn uniŋʁa dimiɣim tʰɛs dɛp pʰaraŋliʃip. qʰarimamsɛ: ma i̥kkʰi balamni, bula: ʃu unda: dɛp, bunda: dɛp χapʰa qʰɯlip, aʃindaχla:ni qʰɯvatʰidu dɛp pʰaraŋ qʰɯldi bu ablaχan. pʰaraŋ qʰɯlividi, ʃuniŋ bilɛn mɛnzɛ ɦɛj balliriŋni ɛjvɛʃkʰɛ kʰɛltʰyriduʁanʁa oŋaj, oŋajla kʰɛltʰyrivalimiz uni disɛm, ɦɛ nim dɛjsɛ: dejdu. sɛntʃʰu ɛvu seni baqʰɯduʁan kʰelinliriŋgɛ, balam apʰaŋniŋ azraχ bir nimisi baridi qʰara, u muʃu iʃixniŋ astʰinda bosuʁuniŋ tʰegidɛ bir qʰatʃʰida. mɛn seni i̥kkʰi kʰelinniŋ itʃʰidɛ ɛŋ jaχʃi kʰelinim dɛp saɴa dɛvatʰimɛ:, baʃqʰɯla:ʁumu dimɛ, eriŋgimu dimɛ, mɛn ølgɛndin kʰejin sɛn buni etʃʰip al dɛp qʰojuptʰu bir kʰelinigɛ. jenɛ bir kʰelinigima uniŋʁumu ʃunda: dɛp qʰojuptʰu, ʃunda: digin didim [160]. ʃuniŋ bilɛ: bu i̥kkʰi kʰelin bu adɛmni bir baqqʰɯli tʰu:dikʰin ɛjɦannas. bu ø:lɛndi, ʃunda: baχtʰi buni. beqʰɯp ø:lɛndi, bu ø:lɛngɛndin kʰejin ɛniŋkʰin bu ølididɛ bu. ølgɛndikʰin bu kʰelinliri aldiraʃ jettʰisini bɛ:gitʃʰila kʰolaptʰu. kʰolap qʰarisa, munda: munda: i̥kkʰi pʰartʃʰɛ qʰɛʁɛz, χɛt jezuʁluχla tʰu:ʁan. ɛnikʰizɛ u jɛnɛ bir møŋgyzniŋ itʃʰidɛ tʰu:ʁan. ʃuniŋ bilɛ: χetʰini elip oqʰup baχsa, dadam dɛp ʒuʁluʁanʁa munu møŋgyz, anam dɛp ʒuʁluʁanʁa munu møŋgyz digɛn qʰɛʁɛzkʰɛ:.

---

[159] سازەندى ـ سازەندە.

[160] بۇ يەردە ئاۋۋال ئۇ كىشىگە شۇنداق ئۇگەتكەنلىكى، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ، لېكىن ئاغزاكى باياندا ئىككى ئىش ئارىلىشىپ كەتكەن.

## 4.4 ئابدۇرېھىم تۇردى



ئابدۇرېھىم تۇردى: 64 ياش، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە، پېنسىيونېر.

ئورۇن: غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي يېزىسى.

ۋاقىت: 2008-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى.

### 4.4.1 ئات چاپالمىدۇق

bɛrizkʰam dɛp islam jyzidɛ bir pʰaraŋtʃʰi adɛm øtʰyptʰikʰɛː, u adɛm øzi namratraχ adɛmkʰɛndɛ, ʁoʤamniŋ[161] vaχtʰida ɛmdi muʃu jazniŋ kʰyni yryx sɛjlisigɛ oχʃaʃ aː jaχtʰa islam jyzilɛːdimu qʰoʁun sɛjlisi bolidikʰɛ. ʁojam tʃʰɯqʰɯdikʰɛ, ɛmdi uniŋ bɛrizkʰamniŋ qʰɯzɯχtʃʰilɯʁɯʁa χuʃ bolup bɛrizni tʃʰaqʰɯriŋla dɛjdikʰɛ ʁoʤam. tʃʰaqʰɯrip qʰojidikʰɛ, ʃuniŋ bilɛ ɛmdi uni u tʃʰaqʰɯridikʰɛː, bu tʃʰaqʰɯridikʰɛː, qʰoj sojidikʰɛː, jɛnɛ birnimɛ qʰɯlidikʰɛː. nurʁun tʰamaχlani etʰip miːman qʰɯlidikʰɛ. bɛrizkʰam ɛmdi kʰeːp, ɦe momaj bu ʁoʤamniŋ tʃʰejini itʃʰivɛduχ sɛt boldi, sɛnmu birnim qʰɯp qʰojsaŋ biː qʰɯʃqʰɯrivasaχ tʃʰyʃkʰɛ tʃʰajʁa voːsimu dɛptʰikʰɛː. boptʰu dɛp momaj tʰøt bɛʃ ʒuttʰani sɛːpla ʁoʤamni tʃʰaqʰɯriptʰu, aʁɯniliri bilɛː dɛstʰɯχan qʰɯptʰu ɦazirqʰɯdɛk.

ʁojam ɛmdi at tʃʰapʰaːmiduχ sizni dɛp, jeqʰɯndin ɛgitʰip seːp qʰojduχla dɛptʰu. ʃuniŋ bilɛ ʁoʤam dɛrɦal bu gɛpniŋ mɛnisigɛ jɛtmɛjla oːtʰurup tʃʰajni itʃʰiptʰu. ʒuttʰa ʁoʤamʁa jeqʰɯptʰu, ɦoj bɛriz, qʰaːʁanlaːniŋ at tʃʰapqʰɯnidin sɛnla qʰɯʃqʰaʁɯnɛ, jeqʰɯndin ɛgitʰip seːp qʰojʁɯniŋ oŋkʰɛː dɛptʰu. ʁoʤammu bɛrizkʰamniŋ japtʰa gepʰidin qʰanaɛt ɦasil qʰɯːʁandɛ.

### 4.4.2 بىر ئادەم ئۆلسە ئىككى سوم بېرىدۇ

jɛtmiʃ altʰintʃʰi ʒili bu jɛdɛ mɛmlikʰɛt bojitʃʰɛ luʃɛn[162] tʰɛrbijisi maɴʁuzuʃni ottʰurɯʁa qʰojdɯʁu. ʃu vaχtʰida ɛmdi bizniŋ jezɯʁa kʰadirlaː kʰep tʃʰyʃtʰi,

---

[161] غوجام- 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىلىنىڭ ھېكىمبەگ غوجىسى.

[162] لۇشەن- [خەن] يونىلىش، يەنى سىياسىي يونىلىش، خەنزۇچە 路线.

naːjidin[163], oblastʰin, u jɛː, bu jɛːdin. bizniŋ muʃu dyjgɛ riʃit buʤaŋ[164] dɛp maː birliksɛp, dinij iʃlaː idarisidin mɛːʃɛːgɛ ʧʰyʃyryp qʰojdi. maː bizniŋ mɛːjɛːdɛ bir χoʃnimiz boliduʁan ʁoʤam nijaz imam dɛp. bu adɛm muʃu mɛsʧʰitniŋ imamidɛ ɛmdi. bizniŋ ɦelɯqʰɯ qʰɛʁɛzdɛ qʰɯrɯχ i̥kkʰinʧʰi ʒili, qʰɯrɯχ i̥kkʰinʧʰi ʒilidin ɦesapluʁandimu jɛtmiʃ altʰinʧʰi ʒilɯʁɯʧʰɛ χeli uzun ʒil boːp kʰetʰididɛ. ʃu qʰɛʁɛz ʃu bovajniŋ saχlɯʁɯnɯʁu ɛmdi imamniŋ.[165] ʃuniŋ bileː bu luʃɛn tʰɛrbijɛsi boːʁandikʰin ɦemmɛ ʤɛɦettʰin bulaː sɛp selip nim qʰɯp. miʧʰittʰin ʧʰɯχ kʰevatqʰandikʰin, siz nimisi miʧʰitniŋ dɛp u ɛdɛm soraptʰu. mɛn imami dɛptʰudɛ. qʰanʧʰɛ ʒil boldi, qʰɯrɯχ ʒil. maaʃ berɛmdu, beridu. qʰandaχ beridu, bir adɛm ølsɛ i̥kkʰi som beridu dɛptʰu. ølmisiʧʰu, ølmisɛ ʤamaɛtni uzitʰivetʰip imam mɛzin i̥kkʰimiz qʰeːp qʰelip tʰavutni tʰepʰip, tʰepʰip qʰojimiz, altʰɛ kʰynniŋ biridɛ øliduʁu dɛptʰu. digɛndikʰin bu gɛpni maː adɛm buʤaŋ boʁandikʰin χatʰirlivelip, avu jeziniŋ ʃyʤisi mɛmɛtʤan digɛn adɛmgɛ berip, ɦe maː qʰɯrɯχ ʒillɯχ imamkʰɛː, sɛn kʰimgɛ maaʃ berivatʰisɛː. bu bir adɛm ølsɛ i̥kkʰi som maaʃ beridu dɛjdu. ølmisɛ qʰandaχ qʰɯlisɛː disɛm, tʰavutni tʰepʰimɛː dɛjdu. muʃu ɛmdi azat zamanda dɛjduʁan gɛpma digɛndikʰin, ʃuniŋ bileː bu adɛmni ɛːjɛːgɛ birliksɛpkʰɛ tʰonuʃtʰurup rɛsmi ɦɛr ajda qʰɯrɯχ bɛʃ som maaʃ beriduʁan bolup, aʃu goŋʃi[166]niŋ ʃyʤi[167]si øzi pʰensiyigɛ ʧʰɯkʰɛtkʰiʧʰɛ ʃu adɛmniŋ maaʃini ɛkʰiːp berip ʒyːdi.

### 4.4.3 كارنىمىغا تۇرۇپ قالىدىكەن

avu saj mɛːlidɛ maː pʰolatkʰaɴlaːniŋ bovisi isa kʰøxveʃi[168] digɛn adɛm biz muʃu azatlɯχtʰin kʰejinmu bilimiz, kʰøxveʃi bolup az zaman maʃu jɛr aːʁan aʃu sesɯχ bɛʃon[169] mɛmur ʃaŋjoniŋkʰi[170] tʰɛripʰiniŋkʰi kʰøxveʃi bolup qʰaptʰu. su jaqʰɯlajdikʰɛndɛ bu adɛm, su jaqʰɯlap kʰetʰivatsa maː ɦamutkʰamlaːniŋ dadisi davut ʧʰolaχ digɛn adɛm isakʰamlaːniŋ χoʃnisi kʰøkveʃtʰin χoʃ boːp, ɦɛː tʰoχtʰa bu ɛmdi bizniŋ χoʃna kʰøxveʃi boːp qʰaldi, buniŋ biː jolini qʰɯp qʰojaj dɛp, ɦo isa tʰoχtʰa dɛptu. biː kʰøx etʰini minip sokʰulditʰip ʧʰikʰetʰivassa, ɦɛ nim dɛjsɛ. ɛssalam ɛlɛjkʰum davutkʰa nimɛ gepʰiŋ baː. tʰoχtʰa, tʰoχtʰa dɛp øjdin aʧʰɯqʰɯp jerim qʰarʧʰajni[171] ʁoːʤunʁa[172] seːp qʰojidikʰɛ. ɦo rɛχmɛt buni bundaχ qʰɯːmisaɴmu bolattʰi dɛptu. bu isa kʰøxveʃi kʰɛtʰip berip aʃu qʰaridøŋ baʁniŋ

[163] نايە- ناھىيە.
[164] بۇجاڭ- [خەن] ئىدارە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، خەنزۇچە 部长.
[165] بۇ يەردە مەسجىدنىڭ تارىخىغا ئائىت ساقلانغان بىر ماتېرىيال كۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ.
[166] گوڭشى- [خەن] كوممۇنا، يەنى ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باراۋەر، خەنزۇچە 公社.
[167] شۇجى- [خەن] پارتكومنىڭ سېكرېتارى، خەنزۇچە 书记.
[168] كۆك بېشى- زىرائەتلەرنى مال-ۋاران، ئوغرى-يالغاندىن قوروغۇچى خادىم.
[169] سېسىق بەشئون- يەر نامى، غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىسىدا.
[170] شاڭيو- [خەن] ‹كونا› يېزا باشلىقى، خەنزۇچە شەكلى 乡约.
bir tʰal qʰɯzim baː, sɛkkʰiz ʃunuŋ bilɛː. biri ølyp qʰaldi, jɛttʰi balam baːdɛ. ʃuniŋ bilɛː u tʰurmuʃlaːni qʰurup muʃu kʰɛmgitʃʰɛ ʤaɦan tʰutʰup, muʃu qʰɛdɛrgitʃʰɛ[479] kʰɛlduq. kʰɛːgɛndɛ ɛmdi undaχ aililɛr ɦɛlɯqʰɯ oɓuxtʰuluq ailidɛ ɦɛlɯqʰɯ soqʰuʃuʃ digɛn boːmajdikʰɛː, vaŋ vaŋ ʤidɛl boːmajdikʰɛː. mɛn muʃu kʰɛmgitʃʰɛ muʃu jolduʃum, bu jolduʃum maŋa qʰattʰɯχ gɛp qʰɯːʁanni bilmɛjmɛː. mɛn unuŋʁa qʰapaχ kʰøtʰyryp varvur qʰɯlip gɛp jandurup, qʰattʰɯχ gɛp qʰɯːʁanni mɛn bilmɛjmɛː. i̥kkʰimiz muʃu kʰɛmgɛ kʰɛːgitʃʰɛ bir ɛʁɯz neri, bir ɛʁɯz beri boːmaj, ʃu ʃaraitqʰɯ kʰɛːgitʃʰɛ mɛʃɛgɛ kʰɛlduχtʰɛ, ɦɛʃqʰandaχ boːmaj, ɦɛttʰa qʰerip kʰɛttʰuχ mana. mɛn atmiʃ bɛʃtʰɛ, maː ɛdɛm[480] atmiʃ sɛkkʰizgɛ kʰirdi, muʃu kʰɛmgitʃʰɛ kʰɛlduχ.

ʃuniŋʁa qʰarɯʁanda didim mɛn, bu tʰurmuʃ jaχʃi tʰurmuʃkʰɛː. meniŋ øzɛmniŋ bir tʰal qʰɯzi baːdi. uma aʃdaχ bir jɛːni tʰutʰup tʰoj qʰɯlimɛn didi. χeli vaqqʰɯtʃɛ mɛn ʤajillɯq qʰɯːp unimidimdɛ. ɦuj tʰoχtʰa, mɛn øzɛm muʃundaχ qʰɯːp jɛttʰi ʒilda aran tʰɛɣdim. ɛmdi bu qʰɯzimmu muʃdaχ boːsa, bu boluduʁan iʃmu dɛp, ɛː χotʰun i̥kkʰimiz ɦoj bu balam ølyvaːmisun jɛnɛ, bir tʰal qʰɯzim dɛp bu qʰɯzimnima, ʃu øzɛm, kʰejin øzɛmniŋ øtkʰɛzgɛn iʃlirɯʁa nim qʰɯlip, asas qʰɯlip bu qʰɯzimnima maʃdaχ tʰurmuʃqʰa kʰejinrɛx bɛːdim.

mana muʃu kʰɛmgɛ kʰɛːgitʃʰɛ tʃʰoŋ oʁlum qʰɯrɯχ bɛʃ jaʃqʰa kʰirdi, unuŋdun kʰɛjni qʰɯrɯʁ yʃkʰi kʰirdi. ottʰuz jɛttʰi, ottʰuz altʰi, ottʰuz bɛʃ mana aqʰɯ kʰɛjni,[481] muʃu kʰɛmgɛ kʰɛlduχ. bizniŋ øjdɛ avu vaŋvaŋ ʤidɛl tʃʰɯqʰɯrip, qʰɯqʰas syrɛn boːʁanni ɦɛʃ ɛdɛm uχmajdu. mɛn øzɛmmu uχmajmɛː, joldaʃmu uχmajdu. ʃunuŋʁa qʰarɯʁanda bu ɦokʰumatniŋ obuktʰilɯʁɯ naɦajiti omdan bolidikʰɛː. bu bolidɯʁan iʃkʰɛː dɛjmɛː, øzɛmniŋkʰi bɛʃimdin øtkʰɛn iʃlaːni søzlisɛm. ɛmdi bizniŋkʰi ʃaraitʰimiz ʃudɛ.

ɦazir ombɛʃ nɛvri vaː. ɦɛmmisi mɛːʃɛːdɛ. tʃʰoŋi ʒigirmi i̥kkʰigi kʰirdi. qʰaːʁanlaː on, ombɛʃ jaʃ, ʒigiːmi jaʃ. ʃunuŋ bilɛː tʰøvini bɛʃ altʰi jaʃ. munu balam øjymnyŋ aːqʰɯsidikʰimu bir oʁlum. unuŋ yʃ qʰɯzi baː. ɦɛlɯqʰɯndɛx ʤɯχ boːsɯʁu bu kʰɛmgitʃʰɛ qʰɯrɯʁ ɛllikkʰɛ jɛtʰip kʰɛtʰɛːdim mɛnma.

---

[479] مۇشۇ قەدەرگىچە - بۈگۈنگە قەدەر.

[480] ماۋۇ ئادەم - ئۆز ئېرىنى كۆرسىتىدىغان ئەگىتمە سۆز.

[481] ئارقى-كەينى — ئالدى-كەينى، ئىلگىرى-كېيىن.

# 4.19 تۇراخۇن نىيازقۇل



تۇراخۇن نىيازقۇل: 68 ياش، دېھقان، باشلانغۇچ سەۋىيە.
ئورۇن: چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا ئارا ئۆستەڭ كەنت.
ۋاقىت: 2008-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنى.

## 4.19.0 خەلق ناخشىلىرىدىن پارچىلار

1

jolumʁa kʰøz tʰikʰip ʤanan, ɛj ʁɛmgyzar
qʰaldiŋʁu jiraχlaːda jɛj
meːniŋ ytʃʰyn dert tʃʰekʰip, ɛj ʁɛmgyzar
kʰøjyp ɦiʤran pʰiraqlaːda jɛj

seniŋ ʁɛmkʰin ʃu ɦaliŋni, jɛj
ɛslɛjmɛn qʰoʃaqlada, ɛj
tʰirik ajrilʁɯnim sentʃʰyn, ɛj ʁɛmgyzar
kʰøjimɛn dozaqlada, jɛj

ɛj jɛj sulma atʃʰilip ɦɛrgiz, ɛj
tʃʰetʃʰɛkʰa bɛrgi ʃaχɯŋdin, ɛj
tʰɛbɛssum kʰɛtmisun ɦɛrgiz, ɛj ʁɛmgyzar
aj jyzyŋ zinaqʰɯŋdin, ɛj
tʰɛbɛssum kʰɛtmisun ɦɛrgiz, ɛj ʁɛmgyzar
aj jyzyŋ zinaqʰɯŋdin, ɛj

2

eχ gyzɛl vɛtʰɛn sɛn, misli ʤɛnnet sɛn,
zoq bilɛn ʤaɦanɛj ɦøsnyŋgɛ baqqʰaːn.
kʰøpkʰøk asminiŋ ɛj zɛrdin tʰon kʰijip,
qʰujaʃ baʁridin ɛj altʰun nur jaqqʰaːn.

igiz tʰaʁliriŋ ɛj kʰymyʃ tʰaʒ kʰijip,
jaltʰirap kʰørkʰɛm ɛj kʰøzni tʃʰaχnatqʰan.

ʧʰɛxsiz ormunuŋ ɛj ojnap ʃoq usuːl,
sazɛndɛ qʰuʃlar ɛj qʰanatlɛː qʰaqqʰan.

uluq bir alla jɛj jaratqʰan tʰaŋdin,
ʃu baɦardin ɛl bɛχtʰini tʰapqʰan.
ɦɛr ʧʰeliʃ ʤɛŋdin ɛj qʰuʧʰup ʧʰoŋ zɛpʰɛr,
gyzɛl vɛtʰɛn sɛn ɛj duldulдɛx ʧʰapqʰan.

## 4.20 مىجىت نىزام



مىجىت نىزام: 63 ياش،
تېخنىكوم، پېنسىئونېر.
ئورۇن: چاپچال ناھىيە
جاغىستاي يېزا 2-كەنت.
ۋاقىت: 2009-يىل 5-ئاينىڭ
28-كۈنى.

### 4.20.0 تائىپ

soal: qʰandaq aʁunilɛ: tʰajip[482] boludu, bu qʰandaq ʃɛkʰillinidu, qʰantʃʰɛ jaʃlaːʁa kʰirgɛndikʰin qʰandaχ davamliʃidu, baʃqʰa jurtlaːʁa oχʃimajduʁan buniŋ ɛl aʁunidartʃʰiluχtʰa qʰandaχ pʰɛrqʰɯ baː, muʃulaːni bir qʰur øziŋiznin tʃʰyʃɛntʃʰisi bojitʃʰɛ søzlɛp bɛːsiŋiz.

ʤavap: bu baʃqʰɯ jɛːlɛːdɛ qʰandaχ boludukʰi ɛmdi ini uχmajmɛː. bizniŋ muʃu ʤʰaʁɯstʰaj jezisida tʰajip digɛn dɛslɛptʰɛ, ɦɛ, jɛttʰi jaʃtʰin tʰaːtʰip ʃɛkʰillinidu. ɦɛ, bu ʤɛrjanda bulaːniŋkʰi baːʁanseri ziʃliʃiʃ, birbirsi bilɛn billɛ boluʃ tʰɛrɛpliri ɛŋ dɛslividɛ bulaː kʰotʃʰilaːda oni, ɛndi bulaː asasi ʤɛɦɛttʰin mɛɦɛllilɛːni asas qʰɯːʁan ɦalda, ɦɛ, birliʃidu. jakʰi boːmisa bɛziliri tʰuqqantʃʰiluχ munasivɛt vɛ jeqʰɯn ʒyryʃ munasivɛtʰi bilɛn baʃqʰa mɛɦɛllilɛrdinma ariliʃip keːp, bir tʰajip boːp ojnajduʁan ʃɛkʰil boludu. ɛmdi, ʃu mɛɦɛllidɛ dɛslɛptʰɛ øːlɛnmigɛn mɛzgillɛːniŋ aldida, ɦɛ, ɛndi, bɛzi tʰajiplaːniŋ sani ombɛʃ, ʒigirmɛ, ʒigirmɛ i̥kkʰi, ottʰuz muʃu qʰɛdɛr boludu. ɦɛ, kʰejin, ɛndi, øjlɛjgɛndin kʰejinkʰi ʃaraittʰa ɛmdi bulaːniŋkʰi mɛʃrɛp ojnaʃ digɛn bu qʰaidiliri bilɛn bu ʒigirmi i̥kkʰisi øːlɛngɛndin kʰejin qʰuruχ tʰøt boːʁandikʰin, bu ɛndi, bir ailigi nisbɛtʰɛn mɛʃrɛp beriʃ tʰoʁri kʰeːp qʰaːsa adɛm sani kʰøp boːʁanluχtʰin, ɛmdi ɦɛluqʰɯ øzliriniŋ iŋʁajuʁa[483] qʰarap bølynyp kʰetʰipmu ojnajduʁan ʃaraitliri boludu.

ɛndi bunuŋ asasi ʃɛkli ʃɛkʰilliniʃi jɛttʰi jaʃtʰin bolup, bu ɦɛ, aʃindaq dɛslɛptʰɛ mɛʃrɛp beriʃ ʃɛklidɛ boːmaj, bir birsini tʃʰaqʰɯriʃ bilɛnma bir øjdɛ oːtʰurup dɛm eliʃ

---

[482] تايىپ - ئەلگ يېقىن ئاغىنىلەر توپى.
[483] ئىڭغاي - ئەھۋال، شارائىت، ئىمكانىيەت.

vaχlirida aʃundaχ pʰaraŋliʃip, muŋduʃup øtʰiduʁan kʰynliri boludu. kʰejinkʰi tʃʰoŋajʁan mɛzgilliridɛ astʰa astʰa bula: ɦelikʰɯ qʰatʰar tʃʰaj ɦesavida ojnajduʁan mɛzgillirimu boludu. ɛmdi bu mɛʃrɛp ojnaʃ vaχtʰi asasij ʤɛɦɛttʰin onuntʃʰajdin ytʃʰyntʃʰajʁɯtʃʰɛ muʃu ɛtrapla:da, bolupmu qʰɯʃ mavsumida dɯ:χanla:niŋkʰi, ɛndi ja bommisa oqʰuʃ jeʃidikʰi ballaniŋkʰi, ɛndi ɦelikʰi ʃu vaχlada birliʃiʃ vaχtʰi jeqʰɯn boʁanliqʰɯ ytʃʰyn a: dɯχantʃʰilɯqqʰa tʃʰɯqʰɯp kʰetʰidu, jɛnɛ bir jɛ:gɛ kʰetʰidu, jɛnɛ bir jɛ:gɛ kʰetʰidu, u vaχtʰa iʃ aldiraʃ, unuŋ ystʰigɛ jazniŋ kʰyni tʰyn qʰɯsqʰa, ɦɛ maʃindaχ sɛvɛplɛ: tʰypʰɛjlidin jazniŋ kʰyni antʃʰɛ bir bola:majdu. qʰɯʃniŋ kʰynliri, ɛmdi kʰøpʰyntʃʰi billɛ ojnajdu.

ɛmdi billɛ ojnɯʁanda bunuŋ asaslɯq, ɛndi mandaχ ujuʃuʃtʃʰanlɯʁɯ, ɛmdi baʃtʰa ɦelikʰɯ, baʃtʰa aʃu birɛr ombɛʃimiz bir bo:ʁan bo:saq, misalɛn mɛn øzymyznyŋ tʰajpʰini ejitsaq, biz om bɛʃimiz bir bo:saq, ɦɛ asasi ʤɛɦɛttʰin biz ombɛʃ aʃu ʃɛkʰillinip bo:ʁandikʰin biz uni kʰøpʰɛyitmɛjmiz, ɦɛm baʃqʰɯla:nima øzlirimizniŋkʰi tʃʰajlirɯʁa mandaq qʰoʃup qʰɯʃqʰɯriduʁan ɛɦvalla: bommajdu. nimiʃkʰɛ disɛ u aʁɯmida:tʃʰilɯχlada, ɛmdi øzymyznyŋkʰi ɦelikʰi mɛχpʰijɛtligi boludu. mɛχpʰijɛtligi bo:ʁanda, bunuŋda ɦelikʰindɛk mandax bir sajasi χaraxtʰerlikni øz itʃʰigɛ a:ʁan mɛχpʰijɛtlix ɛmɛs, ɛmdi øzliriniŋkʰi ʤɛmijɛtkʰɛ baʁliniʃ munasivɛt mɛχpʰijɛtliγi boludu. misalɛn, muɦɛ:bɛtliʃiʃ, nikʰa:liniʃ, tʰurmuʃ qʰuruʃ, ja bommisa ailidikʰi baʃqʰa iʃla:.

ʃunuŋ bilɛ: bula: birbirsi bilɛ: aʃindaχ billɛ ʒyryp uniŋdikʰin birsini otʃʰirɛtkʰɛ selip ja bommisa tʃʰɛx tʰa:tʰip muʃundaq mɛʃrɛp ojnaʃ tʰyzymini jolʁa qʰojimiz. bunuŋda, ɛndi asasij ʤɛɦɛttʰin dɛslɛptʰikʰi mɛzgillɛ:dɛ sɛn pʰalani tʰamaχ berisɛ: bizgɛ, sɛn pʰykʰyni tʰamaχ berisɛ: dɛjduʁan ʃɛrtʰimiz joχ. kʰimniŋ tʃʰamisi qʰandaχ tʰamaqqʰa jɛssɛ ʃu bojitʃʰɛ, ɦɛ mɛʃrɛp ojnajmiz. lekʰin kʰitʃʰix vaχlirimizda kʰøpʰyntʃʰi biz ailidɛ atʰa animiz øjlɛ:ni qʰalajmɯqʰan qʰɯlivɛttʰiŋ dɛp qʰoʁlɯʁan mɛzgillɛ:dɛ biz tʰonu:niŋ baʃlirida o:tʰurup, ja bommisa jazniŋ kʰynliri antʃʰɛ muntʃʰɛ bir sɛjnala:da o:tʰurup muʃunda: birbirimiz bilɛ: ɦal muŋduʃup, ɦɛ iʃ qʰɯlip usul ojnap, naχʃa ejtʰip digɛndɛk muʃundaχ pʰaalijɛtlɛ:ni ɛ:p barimiz.

ɛmdi buniŋkʰi aχɯrqʰɯ nimisidɛ bizniŋ muʃu jɛ:dɛ ɛmdi asasi ʤɛɦɛttʰin bu qʰerindaʃla:dinmu, tʰajipla: qʰerindaʃ, bir atʰa anidin bo:ʁan qʰerindaʃla:dinmu jeqʰɯnraχ. mɛlum bir øzymyzniŋ ʒyrɛk kʰyjlirini qʰerindaʃla:ʁa ejtʰammisaχmu bu aʁɯmilɛ:gɛ ejtʰalajmiz, tʰajip aʁɯnilirimizgɛ. mɛjli kʰøŋyl χatʰirʤɛmsizliγi bo:sun, mɛjli ɯχtʰisadi ʤɛɦɛttʰikʰi χatʰirʤɛmsizlix bo:sun, bu iʃla:ni ula:ʁa tʰɛpsili digɛndikʰin u tʰajip aʁɯnilirimiz muzakʰirɛ qʰɯ:ʁan asastʰa ʃunuŋ bilɛnzɛ bizniŋ kʰøŋyl azadiligimiz bommuʁan iʃla:da tʰɛsɛlli beriʃ arqʰɯlɯq ɦɛ bir birimizni jølɛjmiz. ɛmdi ɯχtʰisadi ʤɛɦɛttʰin bo:sa tʃʰamimizniŋ jetʰiʃitʃʰɛ uniŋkʰi ʃu ɯχtʰisadi qʰɯjintʃʰilɯχ øtkʰilidin øtʰyp kʰetʰiʃigɛ jeqʰɯndin jardɛmdɛ bolimiz.

bunuŋdin baʃqʰa sizniŋ jenɛ qʰandaχ tʰɛrɛplɛː baː, bunuŋ dairisi kʰøp ɛmdi.

soal: tʰajip boːʁanda ɛl aʁumilɛrniŋ jaʃ pʰɛrqʰɯ bolamdu.

ʤavap: jaʃ pɛrqʰɯ asasi ʤɛɦɛttʰin boːmajdu, ɛmdi bir i̥kkʰi jaʃ mandaχ pʰɛrɯχ boludu, lekʰin ɦelikʰindɛk yʃ tʰøt jaʃ ʧʰoŋlaː bilɛː arilaʃmajmiz, ɦɛm kʰiʧʰixlɛːnimu arilaʃtʰuːmajmiz.

soal: kʰejin tʰɛsaddipij birsi aʃunuŋʁa qʰoʃulup qʰeliʃ tʰoʁra kʰɛːsɛ qʰandaq boludu.

ʤavap: u ʧʰaj beridu. u bizgɛ, misalɛn, birsiniŋ vastʰisi bilɛn muʃu silɛːniŋ tʰajipqʰa kʰirip ɛl aʁɯnidaːʧʰilɯχ qʰɯlaj dɛp muʃunda: pʰikʰir qʰɯsa: oːtʰuruɯʁa qʰojup, bizniŋmu ʒigit baʃlirimiz boludu. aʃilaːniŋ ɛŋidin øtkʰyzyʃ arqʰɯlɯq ja boludu andaχ boːsa u biz bilɛː ariliʃip øtʰymɛː disɛ ariliʃip øtsun dɛp, ʃunuŋ bilɛnzɛ unuŋʁa aʃu qʰoʃumʧʰɛ pʰikʰirni berimiz, unuŋdikʰin u bizgɛ ʧʰaj berip ʃunuŋ bilɛːzɛ ʧʰajʁa ɦɛmmimiz daχɯl boːʁandikʰin berip unuŋdikʰin u bizgɛ qʰoʃulidu. unuŋdikʰin biz uni jenɛ davamlɯχ tʰyrdɛ ɦɛr birimiz øjlirimizgɛ ajrim ʧʰajʁa ʧʰaqʰɯrip, ʃunuŋ bilɛː u bizniŋkʰi tʰajip qʰoʃunimizʁa qʰoʃulidu digɛn gɛp.

soal: bir tʰajipniŋ adɛmliri adɛttʰɛ baʃqʰa tʰajipniŋ adɛmliri bilɛn arilaʃmamda qʰɛttʰi.

ʤavap: ɛndi ariliʃidu, arilaʃqʰanda, ɛndi, misalɛn, bizniŋ beʃimizdin øtkʰɛndɛ tʰojlaːda, misalɛn øjlinip qʰaːʁan boːsaq biz øzymyznyŋ mɛɦɛllisidikʰi øzymyz bilɛn tʰɛŋ qʰurbu[484] tʰajiplaːʁa baːʁaχʧʰa jazimiz tʰojʁa tʰɛklip dɛp, ulaː kʰelip uniŋdin kʰejin ʃu bizniŋ ʧʰoŋ sorunimizni tʰygytʰyʃyp bɛːgɛndikʰin ulaː qʰajtʰidu. mɛɦmanlaːni jaχʃi, ʧʰirajlɯχ (uzitʰimiz), ɛmma øzymyznyŋ tʰajipniŋ adɛmliri baʃqʰa tʰajiplaːni ʧʰaqʰɯrʁan mɛzgildɛ biz pʰytʰynlɛj ʤozida boːmastʰin χɯzmɛttʰɛ bolimiz. ʃunuŋ bilɛːzɛ ulaːni ʧʰirajlɯχ jolʁa sɛp boːʁandinkin, ʃuniŋ bilɛː øzymyz ajrim qʰɛːp qʰelip uniŋdikʰin biz øzymyznyŋkʰi zijapʰitʰi boːsa zijapʰitʰini, atʰɯʁan nɛːsisi boːsa ʃunuŋdun bɛɦirimɛn boːp qʰajtʰimiz.

soal: adɛttʰikʰi tʰoj tʰøkʰyn, nɛzir tʰiraχlaːda χɯzmɛt qʰɯliduɯʁanlaː asasɛn ʃu tʰajiptʰikʰilɛrdin boludu.

ʤavap: ɦɛ, tʰajiptʰikʰilɛː boludu. misalɛn, mɛn bir oʁlumnuŋ synnɛt tʰojini qʰɯmmaχʧʰi boːsam aldi bilɛn tʰuqqʰanlaːni ʧʰaqʰɯrivɛtkʰɛndikʰin bizniŋ bu jɛːdɛ, ɛndi balamniŋ synnɛt tʰojini qʰɯːmaχʧʰidim digɛn bir pʰikʰirni oːtʰuruɯʁa qʰojup alaːʁa ʧʰaj qʰojimiz,[485] boptʰu jaχʃi boptʰu, iʃqʰɯlip bu synnɛt ada qʰɯːsaŋ jaχʃi iʃ dɛp, unuŋdikʰin ulaː razilɯχ bɛːgɛndikʰin uniŋdikʰin biz aʁɯnilɛːni ʧʰaqʰɯriv ɛkʰilip orunlaʃtʰuruʃ ɛːp barimiz, aʁɯnilɛːgimu bir ʧʰinɛ ʧʰaj qʰojimiz. ɦɛ ʃunuŋ bilɛː aʁɯnilɛːzɛ undaχ boːsa dɛp χɯzmɛt bølyʃivalidu. aːni qʰɯːsaχ boludikɛː, mani

---

484 تەڭ قۇربى ـ تەڭتۇش.

485 چاي قويماق ـ مەسلىھەت چايغا چاقىرماق.

qʰɯːsaŋ boludikʰɛ, sɛn ani qʰɯl, sɛn mani qʰɯl, ajalla: aːni qʰɯːsun, ɦɛ mala: mani qʰɯːsun digɛndɛk vɛzipʰilɛːni bølyvelip ʃuni ittʰipaχlɯχ asasida ʧʰirajlɯχ, iʃqʰɯlip, ɦoj pʰalan tʰajpʰi mundaχ jaχʃi uzattʰi digɛn bir namʁa igɛ bolajli digɛn asastʰa aʃindaχ jolʁa salimiz.

ɛmdi basqʰɯ vaχlaːda, ɛmdi bizniŋkʰi tʰajpʰimizniŋ iʧʰidikʰi mɛχpʰijɛtlixlɛː boːsa, misalɛn, øzymizgɛ ʧʰuʃluχ adɛm boːʁandikʰin mɛχpʰijɛtlɯx boluduʁu. lekʰin bunuŋdun ɦɛmmimiz χɛvɛrdaː, lekʰin baʃqʰɯ tʰajiplaːʁa biz asasij ʤɛɦɛttʰin bundaχ iʃlaːni søz ʧʰøʧʰɛk qʰɯːp, ɦɛ ulaːʁa mandɯʁɯ andɯʁɯ dɛp oːtʰamajmiz, ulaːmu ʃundaχ boludu. lekʰin mandaχ baːdi kʰɛldidɛ jenɛ ɦelikʰi ʒuːtni asas qʰɯːʁandɛx øzymyznyŋkʰi tʰɛŋ qʰurbilaːni aʃinda tʰoj tʰøkʰyn, nɛzir ʧʰiraχlaːʁa ʧʰaqʰɯrimiz, ulaːmu ariliʃidu. biz tʰajip dɛpla mustʰɛqʰɯlla boːpla, baːni ɦɛmmimiz øzymyz jaŋruz kʰøːmejmiz, ɛmdi ʒut boludu, lekʰin bunuŋda tʰajipniŋ roli nimɛ disɛ asasij ʤɛɦɛttʰin ʧʰoŋ iʃlirimiz boːsa tʰajip ʃu iʃlaːni omumi jyzlyx orunlastʰurup, ʃu χɯzmɛttʰe boːp, ʃu iʃni pʰyttʰyryʃyp beridu.

soal: tʰajiptʰin bɛzilɛːniŋ tʰɯqʰɯp kʰetʰiʃigɛ jakʰi ʧʰɯqʰɯrivetʰiʃkʰɛ tʰoʁra kʰelɛmdu bɛzilɛːni.

ʤavap: tʰoʁra kʰelidu. ɛndi adɛm digɛn oχʃaʃ boːmajdu, oχʃaʃ boːmɯʁandikʰin bɛzilɛː bɛzilɛːniŋ kʰøŋlini qʰajtʰurup[486] qʰojudu. ɛndi bu bir tʰajiptʰa on i̥kkʰi, on yʃ adɛm boːʁandikʰin jɛnila bu øzyniŋkʰi bir kʰiʃilix ɦoqʰoqʰɯ boːʁandikʰin øzyni øzi basqʰuruʃ, ɦɛ nimisi boludu. bɛzilɛːniŋkʰi viʒdani (kʰyʃlyxrɛx), miʤɛzi iʃtʰɯɣrɛx boludu, bɛzilɛːniŋ ɛʁɯrraχ boludu. ɛmdi bɛzilɛː ɦelikʰindɛx øzynyŋ tʰajipniŋ qʰajidɛ nizamlirɯʁa tʰoʁra kʰɛːmɛjdɯʁan, ja adimgɛrʧʰilix qʰajidilirigɛ tʰoʁri kʰɛːmɛjdɯʁan bir iʃlaːni qʰɯːp qʰojsa, ɦɛ unuŋʁa tʰɛsɛlli berip, unuŋʁa jardɛm pʰikʰir qʰɯlip, ɦɛ iʃqʰɯlip øzymyzniŋkʰi aʁɯnidaːʧʰilɯχ, tʰajipʧʰilɯχ vɛzipimizni ada qʰɯlimiz. qʰobul qʰɯmmisa uma øzymu tʰuraːmajdu, øzymu tʰuraːmajdu. lekʰin ɛmdi bizmu aʁɯnilɛːniŋkʰi, tʰajipniŋkʰi aʃiniŋʁa qʰɯːʁan jardimimizni qʰobul qʰɯːmaj, bu aʃinda: butnap[487] ʒyːsɛ, lekʰin tʰajipniŋmu unuŋʁa boːʁan kʰøzqʰariʃi dɛrru øzgyrydu. vaj bu adɛm bommajdikʰɛː bu, jaχʃi boːmajdikʰɛː bu, ʧʰatʰaχkʰɛː bu, buni adɛm qʰɯlaːmiduχ, tʰɛrbijlɛːmiduχ, boːmidi, bu ɛmdi øzyni øzi bilsun dɛpla øzynyŋ ɯχtʰijarɯʁa qʰojup bɛːsɛk ,bɛzi vaχlaːda bu bu tʰajiptʰin ʧʰɯχ: kʰetʰiʃ ɛɦvali boludu. ɛmdi ɦelikʰi viʒdanʁa tʰoʁra kʰɛːmɛjdɯʁan iʃla: boːsa, uni muqʰɛrrɛr ɦɛjdɛp ʧʰɯqʰɯrivetʰidu. mɛːʃɛːlɛdɛ ɦelikʰindɛk øzara mandaχ ɛr ajalʧʰilɯχ boludu ɛmdi, muʃunuŋʁa nisbɛtʰɛn bizniŋkʰi, ɛndi bu tʰajip mɛsilisidɛ u bizni, ɛmdi øzymyznyŋkʰi jyzɛkʰi ʧʰaχʧʰaχlirimiz boːsa qʰandaχkʰi, bunuŋda

[486] كۆڭلىنى قايتۇرۇپ قويماق - كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويماق.
[487] بۇتنىماق - ئورۇنسىز يامانلىماق، رەنجىمەك.

ɦɛlikʰindɛk sɛl mɛχsɛtlik bir gɛplɛːni, ja bommisa bir mɛχsɛtlik bir iʃlaːni qʰɯliduɯʁan boːsa bu muqʰɛrrɛr tʰuraːmajdu. ɦɛ uni ɦajdapla ʧʰɯqʰɯrivetʰdu. ja bommisa u øzynyŋ tʰegiʃlix ʤazasini jɛp joqʰuludu digɛn gɛp.

# 5 ـ باب: ئىلى ئېغىزى سۆزلۈكى

## سۆزلۈكنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئىزاھات

1. سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا شۇ سۆزنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بويىچە يېزىلىشى، سۆز تۈركۈمى، كېلىش مەنبەسى، كىرمە سۆزلەرنىڭ ئەسلى تىلدىكى شەكلى ۋە مەنىسى، ئىلى ئېغىزىدىكى ئىستىمال مەنىسى، ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مىساللار بېرىلدى. بەزى سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغان تارىخىي ئەسكەرتىلدى. ئىشلىتىلىش دائىرىسى تار سۆزلەرنىڭ ماتېرىيال ئېلىنغان يېزا نامى ئەسكەرتىلدى. بەزى سۆزلەرنىڭ قايسى تۈس شەكلى قوشۇمچە ئەسكەرتىلدى. مەسىلەن، ئىجابىي تۈس، سەلبىي تۈس دېگەندەك.

2. ئەدەبىي تىلدا بار، لېكىن ئىلى ئېغىزىدا ئوخشىمايدىغان باشقا مەنىلەرگە ئىگە سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ◇ بەلگىسى قويۇپ ئەسكەرتىلدى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى مەنىلىرى قايتا بېرىلمەستىن، ئەدەبىي تىلدا بولمىغان مەنىسىلا كۆرسىتىلدى.

3. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن، ئىلى ئېغىزىغا خاس سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ※ بەلگىسى قويۇپ كۆرسىتىلدى.

4. نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشى گەۋدىلىك بولغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئەسلى شەكلى سۆز مەنىسىدىن ئاۋۋال تىرناق () ئىچىدە ئەسكەرتىلدى.

5. سۆزلۈك تەركىبىگە ئەدەبىي تىلدىكى مەنداش سۆزلەر تولىمۇ ئىچىدىن بۇ رايوندا تاللاپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ۋە مۇشۇ رايوننىڭ يەرلىك خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تىپىك يەر ناملىرىمۇ كىرگۈزۈلدى.

6. مىساللار ئىككى خىل شەكىلدە بېرىلدى. ئېغىز رايونىدا خاتىرىلەنگەنلىرى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بويىچە بېرىلىپ، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى ئۇيغۇر كونا يېزىقى بويىچە قوشۇمچە قىلىنىدى. كىتابلاردىن ئېلىنغان مىساللار ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بېرىلدى. بەزى مىساللارنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلدى. مەسىلەن: «ماقال، قوشاق» دېگەندەك.

## ئا

aborun ئى. [ر] (оборона) دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش، مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇن. رۇسچە مەنىسى: مۇداپىئەلىنىش، دۆلەت مۇداپىئەسى، مۇداپىئە لىنىيىسى. مىسال: ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارتىزانلار تۆت-بەش كىلومېتىر كەڭلىككە تارقىلىپ، سوپاخۇن ئورۇنلاشتۇرغان ئابارونلاردىن ئورۇن ئېلىشتى.

aborun tutmaχ پ. [ر+ئۇ] (оборона) جەڭدە يوشۇرۇنماق، مۇداپىئەلەنمەك. مىسال: ئۇلار ئېغىزدىن چىقىپ كەتمەكچى، چىقىۋالسىلا كەڭچىلىك، ئابورۇن تۇتۇشقا ئەپلىك، لېكىن ئۇلار يەنە چېكىنىدى.

abist$^{h}$ɛj ئى. [تا] (абыстай) [كونا] مۇئەللىمە، خانىم. مىسال: ـ ئابىستەي!ـ دېۋىدى، خوتۇن دەرھال لامپىنىڭ پىلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆينى يورۇتتى.

ap$^{h}$a ئى. ※ ئانا. مىسال: قار كۆزلىرىڭ ئاپاڭنىڭكىدەك چىرايلىق، پاھ، قاش-

كەرپىكلىرىگىچۇ تېخى، كۆتمۇ-كۆت ئۆزى.

ئى. appʰaχ apʰa\ap apʰa ①چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا ياكى ھامىلىرىنىڭ ئىچىدە ياشتا چوڭى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرى شۇنداق چاقىرىلىدۇ. ②ئانا يوللۇق بەزى ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق چاقىرىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تولۇق شەكلى: ئاپئاق ئاپا.

ئى. appʰaχ ɦɛdɛ\aχ ɦɛdɛ ①ھەدىلىرىنىڭ ياكى كېلىن ھەدىلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرى شۇنداق چاقىرىلىدۇ. ②ھەدە يوللۇق بەزى ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

پ. aptʃʰirimaχ رەخت ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ يۆيۆلغاندىن كېيىن كىرىشىپ كېتىشى: ياغاچتىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ قۇرۇپ قىسقىراپ، كىچىكلەپ كېتىشى.

مىسال:

①kʰøjnikʰiŋiz aptʃʰirap qʰaptʰu. (كۆينىكىڭىز كىرىشىپ كېتىپتۇ.)

②iʃix aptʃʰirap kʰetʰiptʰu. (ئىشىك ئاپچىراپ كېتىپتۇ.)

ئى. apʰorut ※ [ر] (апорт) كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، پىشقاندا مېۋىسى يوغان، تەمى چۈچۈمەل، رەڭگى قىزىل بولىدۇ، ئۇزۇن ساقلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى ئوخشاش.

ئى. atbaʁrɯ <كۆچ> ①ئۈزۈم سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، قورساق تەرپى قىزغۇچ، يۇقىرىسى كۆكۈش بولىدۇ. ②دۆڭلۈكنىڭ يانتۇ باغرى.

ئى. atpʰoskʰa [ر] (отпуска) ئورگان تەرپىدىن ئەۋەتىلگەن ساياھەت، دەم ئېلىش. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قويۇپ بېرىش، تارقىتىش، دەم ئېلىش، تەتىل.

مىسال: (دادام دەم ئېلىشقا كەتتى.) dadam atpʰoskʰuʁa tʃʰuχ kɛttʰi.

ئى. at tʃʰeji بوۋاقلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت.

پ. atlandu:maχ ◇«ئاتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ①سۈننەت تويىدىن بۇرۇن سۈننەتتى قىلىنىدىغان بالا ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنى ئاتقا مىندۈرۈپ مەھەللە ئارىلىتىپ تويغا چاقىرىش ئادىتى. ②مېھمانلارنى يولغا سالماق، ئۇزاتماق.

ئى. atʰu «ئاتماق» پېئىلىنىڭ ئىسىملاشقان شەكلى، مەنىسى قىرغىنچىلىق، يەنى 1918-يىلى ماي ئېيىدا قازاقىستاندا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرپىدىن ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى.

پ. atʰuʁa bujrumaχ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلماق.

ئى. atʰuɪʁaz ئەركەك غاز.

پ. at jaratmaχ ئاتنى ياخشى بېقىپ بەيگىگە سېلىشقا تەييارلىماق.

ئى. atʃtʃʰurχ yryx ①ئاچچىق مېغىزلىق ئۆرۈك. ②غورا.

ئى. atʃʰilaʃ ئاچال، يول ياكى سۇنىڭ بۆلىنىدىغان جايى.

پ. atʃʰiliva:maχ بۆلۈۋالماق، ئايرىۋالماق. مىسال:

suni jarim jolda χɛχlɛ: atʃʰilivaptʰu.

(سۇنى باشقىلار يېرىم يولدا ئايرىۋاپتۇ.)

ئى. aχ burχan يەر نامى، تېكەس ناھىيىسىدە (يەنى: ئاق بۇرھان).

سۈپ. aχ pʰusmaχ ئاق پىشماق، تېنى ئاق، ئاق يۈزلۈك. مىسال: ئايخاننىڭ

ئاق پۇسماق يۈزى گۈرەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

aχtʰa qʰaːmaχ <كۆچ> ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ھەممىدىن قۇرۇق قالماق، ھېچنېمە قىلالماي قاراپلا قالماق. مىسال: bi ʒil mana aχtʰila qʰalduχtʰɛ, su joχ.

(بۇ يىل مانا قاراپلا قالدۇقتە، سۇ يوق.)

aχ tʰasma ئى. ①بىر خىل ئۆسۈملۈك، يەنى تەسكەن. ②‹كۆچ› بوشاڭ، بولۇمسىز.

aχtʰerɛx kʰøx tʰerɛx ئى. قول تۇتۇشۇپ سەپ بولۇپ، قارشى سەپكە ئېتىلىپ كۆچ سىنىشىپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنى.

aχʧʰɛjlɛm ئى. كىچىك قىز بالىلارنىڭ ئۆي تۇتۇش ئويۇنى، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تولۇق شەكلى «ئاغىچا ـ ئايلام».

aχ sanʤimaχ پ. چاچقا ئاق كىرمەك.

aχlɯχ ʧʰaj ئى. نىكاھ تويىدىن ئاۋۋال ئايال ئارىسىدا توي ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىلىدىغان پائالىيەت.

aχ jɛm ئى. قارچۇغىنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۈچۈن قەنتكە مىلەپ بېرىلىدىغان يەم.

ada ئى. [ئە] ◇ئىش ھەرىكەتنىڭ ئاخىرى، نەتىجىسى. مىسال:

bu iʃniŋ adasi ʧʰɯqqʰɯʧʰɛ tʰɛχɯr qʰɯliʃ kʰerɛx.

(بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىققىچە تەخىر قىلىش كېرەك.)

adasqʰa ئى. ※ئاتا ـ ئانىلاردىن قالغان تەۋەررۇك.

adnoʧkʰa\atluʃkʰa ئى. [ر] (одиночка) رۇسچە يالغۇز كىشىلىك ئۆسسۇل. رۇسچە مەنىسى: بويتاق، يالغۇز، يىگانە؛ يالغۇز كىشىلىك قاماق، يالغۇز كىشىلىك قېيىق، بىر ئاتلىق ھارۋا. مىسال: ئادنوچكا راسا ئەۋجىگە چىققاندا، ئاسىيە غوجامنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشكەتتى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

arqʰan yzɛ: سۈپ. شاش، چاپچىپ تۇرىدىغان، باشقۇرۇش قىيىن بولغان. بەزىدە «زەنجىر ئۈزەر»مۇ دېيىلىدۇ.

arɪ سۈپ. تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ ئارتۇق، تېخىمۇ ئېغىر. مىسال: بىر ئايالنىڭ ‹يوقال قاۋان› دېگەن گېپى مىڭ دەررە، يۈز شاپىلاقتىنمۇ يامان، يۈزىگە يۇندا چاچقاندىمۇ ئارى تۇيۇلدى.

ariʧʰida iʃlɛtmɛx پ. قاچا ـ قۇچا قاتارلىق ئۆي جابدۇقلىرىنى ئائىلە ئەزالىرى مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆي ئىچىدە ئادەتتىكى ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىش. مىسال:

bu ʧʰinilɛːni aritʰida iʃlitʰimiz, miːman uʧʰun kʰɛːsɛ ulaːni iʃlitʰimiz.

(بۇ چىنىلەرنى ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ئىشلىتىمىز، مېھمان كەلسە ئاۋۋالارنى ئىشلىتىمىز.)

arisidin ala møʃyx øtʰyp kʰɛtmɛx پ. ئۆزئارا رەنجىشىپ، قېيدىشىپ قالماق، ئارىلىقىغا سوغۇقچىلىق چۈشمەك.

ariʃ ئى. يول ياكى سۇنىڭ ئىككىگە ئايرىلغان جايى، ئاچال.

arikʰyn ئى. بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن. مىسال: دېھقانچىلىقنىڭ سىزۈن

مەزگىلىدە ئارىكۇندە بىر كېلىپ تۇرىدىغان مايلارنى ماي ئىسكىلاتىنىڭ باليياتقۇ شەكلىدىكى تۇڭلىرىغا قاچىلاش بىلەن كۇنىمىز ئۆتەتتى.

azman سۇپ. ①ئازما، يەنى چىشىسىغا چاپالماس قىلىۋېتىلگەن. ②‹كۆچ› ياۋاش. مىسال: مۇختەربايىنىمۇ چىچاتىۋېتەرمىكىن دىسەك ئازمان بولۇپ قالدى.

azmanlɯχ رەۋ. سەل تۇرۇپ، ھېلى. مىسال:

azmanlɯqqʰa barimɛː, sɛl saχlap tʰuː.

(ھېلى بارىمەن، سەل كۇتۇپ تۇر.)

azna aχʃimi ئى. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە 40 نەزىردىن ئىلگىرىكى ھەر پەيشەنبە كۇنى چۇشتىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلار دائىرىسىدە ئۆتكۇزىلىدىغان نەزىر، ياغ پۇراتماق.

aznimaχ پ. ※ئاتنىڭ كىشنىشى، ئەركەك ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى. مىسال: مەست بۇقىنىڭ يەر تىلغاپ ھۆركىرەپ ئازناشلىرى، يېزىدىكى ھەممە ئاۋاز، ھەممە كۆرۈنۈش خۇددى پارىژ تىياتىرخانىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدىكى مۇزىكا ئاۋازىدەك يېقىملىق، سىرلىق ئاڭلاندى.

aːzilɯχ سۇپ. [پ] ئارزۇلۇق، ئەتىۋار.

asav سۇپ. ◇ئۆركەشلەپ تۇرغان، دولقۇنلۇق. مەسىلەن : ئۇ غازلار بىلەن ئويناشقا، ئاساۋ دەريادا چۆمۈلۈشكە ئامراق ئىدى.

ast سۇپ. ◇تۆۋەن، كىچىك (قوللىنىلىش ئورنى كەڭ). مىسال:

qʰaːʁɯni bizniŋ astʰimizda. (قالغانلار بىزدىن كىچىك)

astʰinda رەۋ. ئاستىدا.

assent ئى. [ر< فران] (assistant) ◇ئىمتىھان مەيدانىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى. مەسىلەن:

bygyn mɛn silɛːniŋ mɛjdanʁa assent.

(بۇگۇن مەن سىلەرنىڭ مەيدانىغا ئىمتىھان نازارەتچىسى.)

asmaχtʃʰilap رەۋ. يانداپ، ئەگىتىپ. مىسال: قىزىدىن ئاسماقچىلاپ سورىسا قىزى بارمىدىم دەپ جاۋاب بېرەتتى.

asmi otʃʰaχ ئى. ①تامدىن ئويۇپ ياسالغان، مورىسى ئۇدۇل چىقىدىغان، يان تەرەپتىن كاڭشاڭ چىقىرىلغان ئوچاق. ②دالىدا تاماق ئېتىشتە ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچ ئاچا تۆمۈرگە چۆگۈن قاتارلىقلارنى ئېسىپ ئاستىغا ئوت قالىنىدىنىغان ئوچاق.

aʃ vaχtʰi ئى. [ئە+پ] ◇دېھقانلار سەھەردە ناشتا قىلىپلا ئېتىزغا ئىشقا چىقىپ كېتىدۇ، كەينىدىن بالا-چاقىلىرى بىر ۋاق تاماقنى ئېلىپ ئېتىزغا بارىدۇ، بۇ دەل مۇشۇ تاماقنى يېيىش ۋاقتى، يەنى چۇشتىن بۇرۇنقى سائەت 10 لار ئەتراپى. مىسال: ①كالا دېگەن قوتاندىن كۇن چىقىش بىلەن چىققىلى تۇرسا ئاش ۋاقتى بىلەن قۇيرۇقى ئۇزۇلەتتى. ② ئاتلىرىنى ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەتلەرگە باغلاپ قويۇپ، ئاشۋاختىلىق ئەتكەن چايلىرىنى ئىچىشىپ، شاملىرىنى چاينىشىپ قېرى قارىياغاچ ئاستىغا كېلىدۇ.

aːʁamtʃʰa مىق. [كونا] ◇①150 كىلوگرامغا باراۋەر ئېغىرلىق بىرلىكى، ئىلگىرى كان قۇدۇقىدىن كۆمۈر تارتقاندا ئاغامچىغا باغلاپ بىر قېتىمدا تارتىپ چىقىرىلغان كۆمۈرنى كۆرسەتكەن. مىسال:

bir aʁamtʃ$^{h}$a k$^{h}$ømy: aldim. (بىر ئارغامچا كۆمۈر ئالدىم.)

②تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدىغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى.

a:ʁamtʃ$^{h}$a boji مىق. كونا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن چاغ، كۆپىنچە «ئاش ۋاقتى»غا توغرا كېلىدۇ.

a:ʁamtʃ$^{h}$a p$^{h}$uli ئى. قىز تەرەپ يىگىتلىرى ئويۇن بولسۇن ئۈچۈن قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئوغۇل تەرەپ يىگىتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن ئالىدىغان پۇلى.

aʁlaχtʃ$^{h}$i ئى. ※①ھەيدىگۈچى، سۈيلىگۈچى، نازارەتچى. ②چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى. ③يالاقچى، چوماقچى. مىسال: ھېلىقى رىندۇسا قاناتبېك دېگەن ئاغلاقچىنى ئالدىغا سېلىپ، نۇرغۇن قازاق، ئۇيغۇر، تاتارلارنى قورالاندۇرۇپ بىزنى باستۇرغىلى كېلىۋېتىپتۇ.

aʁuʃt$^{h}$ɛ bommaχ پ. ئارىلاشماق، قوشۇلۇپ كەتمەك. مىسال:

t$^{h}$upraqq$^{h}$a aʁuʃt$^{h}$ɛ boldi. (تۇپراققا كىرىپ كەتتى.)

aʁuz ئى. ئېغىز.

aʁuni\ɛʁun ئى. ◇①ئاكا-ئۇكا، قېرىنداش. مىسال:

biz bir at$^{h}$idin t$^{h}$ø:t aʁuni. (بىز بىر ئاتىدىن تۆت قېرىنداش.)

②يىگىتنىڭ تويىدا ساھىبخانىلىق قىلىدىغان، ئەڭ يېقىن تەختۈش دوستلىرى. [قاينۇق]

aq aʃ ئى. ①بوغداي ئۇنى. ②لەغمەننىڭ پىشقان خېمىرى.

aq yryx ئى. ئۆرۈك سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، رەڭگىگە قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

aŋ ئى. ※ئوۋ ئوۋلاش: ئوۋ ئوبيېكتى بولغان ھايۋان.

aŋtʃ$^{h}$i ئى. ※ئوۋچى.

aŋʁal t$^{h}$aŋʁal سۈپ. ئوڭغۇل-دوڭغۇل. [يېڭى تام]

aŋʁuɯtʃ$^{h}$ɛ\aŋʁuɯtʃ$^{h}$ilix رەۋ. [ئە+ئۇ] شۇ ۋاقىتتا قەدەر، شۇنىڭغىچە.

aŋq$^{h}$ara ئىم. «ئانى قارا، ئاۋۇنى قارا، قارىمامدىغان» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مىسال: ئاڭقارا، ما بالىنى، چوپ-چوڭلا بوپ كېتىپتۇ.

aŋq$^{h}$aj t$^{h}$aŋq$^{h}$aj سۈپ. باياشات، يېتىپ-ئاشار.

aŋvaʃ\aŋvaʃq$^{h}$a\aŋvaʃk$^{h}$ɛ باغل. شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن.

ala سۈپ. ◇چالا-بۇلا، ئاز-تولا، تولۇق ئەمەس. مىسال:

①q$^{h}$ar sus jeʁuɯvatq$^{h}$an, jɛ: jyzi ɛmdila ala bo:ʁandi.

(قار سۇس يېغىۋاتقان، يەر يۈزى ئەمدىلا ئالا بولغان ئىدى.)

②yryxlɛ: ala boluʃq$^{h}$a baʃlidi. (ئۆرۈكلەر ئالا بولۇشقا باشلىدى.)

③aʃ ala bo:p q$^{h}$apt$^{h}$u. (يەنى پولۇنىڭ گۈرۈچى ياخشى پىشماپتۇ.)

ala k$^{h}$øz ئى. يامان نىيەت، يامان نەزەر.

alaŋlap\ɛlɛŋlɛp رەۋ. ◇دەلدۈگۈنۈپ، ئېگىز-پەس دەسسەپ.

alaman ئى. توپ، كۆپچىلىك. مىسال: مىڭلىغان ئاتلىقلار ئۇلارنى قورشاپ، چوڭ ئالامان بولۇپ شىمالغا سىلجىدى.

ala:jaχ ئى. (ئالائاياق) ①تۆت پۇتى ئاق، بەدىنىنىڭ قالغان قىسمى باشقا رەڭدىكى ئات. ②‹كۆچ› چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى.

alʁaʃ رەۋ. [قا] (alʁaʃ) بالدۇر، ئاۋۋال. مىسال:

ɛŋ alʁaʃ kʰirgɛnlɛ:din bir mɛn qʰaptʰimɛ: bu jɛ:dɛ.

(ئەڭ ئاۋۋال كىرگەنلەردىن بىر مەن قاپتىمەن بۇ يەردە.)

alli ejtmaχ پ. [ئە+ئۇ] (الله) روزا مەزگىلىدە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قوشاق ئېيتىپ، كىشىلەرنى روزا ئويغاتماق.

almaʃ bøx ئى. گۈل چېكىلگەن ئاق بۆك.

alikʰylyx ئى. ئالىقوڭغۇز، يەنى ئۇ قىچا، بۇيىلاردا بولىدىغان بىر خىل زەھەرلىك ھاشارەت.

amʁaj ئى. قورسىقى كۆپۈپ قالغان كالىلارنىڭ داۋالىق كۆيشەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىنىپ ئىككى چېتىدىن باغلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

anʤuʁa\anʤirʁa سۈپ. ئورۇق، ئاۋاق، يېگىلى چىرايىغا چىقمايدىغان، ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان.

ansambil ئى. [ر<فران] (ensemblee > ансамбль) سەنئەت ئۆمىكى. رۇسچە مەنىسى: توپ، ئومۇمىي گەۋدە، گۇرۇپپا، سەنئەت ئۆمىكى، ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى: (دراما، مۇزىكا، ئۇسسۇل ئورۇنداشتىكى) ماسلىشىش؛ ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان بىر نەچچە كورپۇس بىنا: سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى.

anuʁaz ئى. چىشى غاز.

anila: ʧʰeji ئى. ئېغىر ئاياق ئايال بوشىنىشتىن ئاۋۋال ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىلىش ئالدىدا ئاياللار ئارىسىدا ئۆتكۈزىلىدىغان چاي.

anilɯχ ئى. ◇نىكاھ تويدىكى قىز تەرەپنىڭ كىيىملىك سېلىقى.

avanis ئى. [ر<فران] (avancer > аванс) ئۆز ھېسابىدىن تۇتقۇزۇش ھېساۋىغا ئالدىن ئېلىنغان پۇل ياكى ئاشلىق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئالدىن تۆلەنگەن پۇل. مىسال:

maaʃ jɛtmɛj ɛχɯri jys som avanis aldim kʰassidin.

(مائاش يەتمەي ئاخىرى كاسسىدىن 100 يۈەن ئالدىن پۇل ئالدىم.)

avval\ɛvvɛl رەۋ. [ئە] (أول) ◇①بۇرۇن، بۇرۇنقى چاغ (يىراق زامانغا ئىشلىتىلىدۇ). مىسال: avvallada joχdi undaχ iʃla: bu jɛ:dɛ.

(بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇنداق ئىشلار بۇ يەردە يوق ئىدى.)

②باشلانمىسى، ئەڭ بېشى. مىسال: ①bu dɛrɛχ qʰajnuχniŋ ɛvvɛlikʰɛn.

(بۇ دەرەخ قاينۇقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تىكىلگەن ئىكەن.)

②qʰajnuχniŋ ɛvvɛligɛ altʰi jyz ʒil boldi.

(قاينۇقنىڭ بەرپا بولغىنىغا 600 يىل بولدى.)

avumax پ. ◇بىر يانغا ئاغماق؛ ئېسىدىن ئازماق. مىسال:

①ɦarwidikʰi saman bir janʁa avup kʰetʰip, ɦarwa ørylyp ʧʰyʃtʰi.

(ھارۋىدىكى سامان بىر يانغا ئېغىپ كېتىپ، ھارۋا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.)

②qʰerilɯχ jɛttʰi, esim avup tʰurudu.

(قىرلىق يەتتى، ئىسىم قىچىپ تۇردۇ.)

③ʃu iʃla: esimni avdurup tʰurudu.(شۇ ئىشلار ئىسمىنى قايدۇرۇپ تۇردۇ.)

avuʃ ئى. ◇①پىر ئويۇنى ئەۋجىگە چىققاندا باخشىنىڭ ئىسمىنى يوقاتقان ھالدا مەستخۇش بولۇپ قوشاق ئىيتىشى. ②داپچىلارنىڭ داپ چىلىپ ئىيتقان قوشىقى.

مىسال: ①pʰɪrigɛ baχʃiniŋ kʰɛjnidin dap tʃʰalimɛ:, avujmɛ:.

(پىرىگە باخشىنىڭ كەينىدىن داپ چالىمەن، ئاۋۇيمەن.)

②مۇڭلۇق يەتتە ئاۋۇشنىڭ كۆچى بىلەن ئۇمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى.

③-نۇرى بالام ناخشىغا ئەجەپ ئۇستا، لىگەننى داپ قىلىپ ئاۋۇشلىرچۇ تېخى؟

aj ئى. ◇يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئائىلىدە ئەتىۋارلىق قىزلار ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلمۇۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ ئايالنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنداق ئەھۋال ئەسلى تەركىبىدە «ئاي» سۆزى بار ئاياللار ئىسمىدا كۆپرەك كۆرىلىدۇ.

ajaχ ئى. تېپىش ئۈچۈن خامانغا دائىرە شەكلىدە يېيىلغان، ئۇلاغ ياكى تراكتۇرنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىدىغان باغ بۇغداي. بۇ سۆزدىن «ئاياغ سالماق، ئاياغ ئۆرۈمەك» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرى ياسىلىدۇ. مىسال: قىز خاماندا خۇددى ئىگىسىگە ئىجىل ماشكىدەك زىياۋۇدۇننىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىردە ئاياغ سىلىشقا، بىردە قوغان ئىتىشقا، بىردە چار بۇغداي ئۆرىدەشكە، يەنە بىردە ئاياغ ئۆرۈشكە... خامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول سېلىپ باقاتتى.

ajaŋqʰɯ سۇپ. ئاخىرقى. مىسال:

ajaŋqʰɯsida men zijan tʰa:tʰip qʰa:maj jenɛ.

(ئاخىرىدا مەن زىيان تارتىپ قالماي، يەنە.)

ajɛm ئى. [ئە] ھېيتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كۈن.

ajqʰɯn jajqʰɯn سۇپ. ئوچۇق-ئاشكارا.

ajuʁɯ sujulup qʰa:maχ پ. بىرىش-كېلىشى كۆپىيىپ قالماق، ئايىقى چاققانلىشىپ قالماق.

## ئە

ɛpʰirɛs ئى. [ر<لات] (operacion > операция) (تاشقى كېسەللەر بويىچە) ئوپېراتسىيە. رۇسچە مەنىسى: ئەمەلىي مەشغۇلات: (تاشقى كېسەللەر بويىچە) ئوپېراتسىيە: (جەڭدە) ئوپېراتسىيە: كەسپ، رەسمىيەت: ئىش تەرتىپى.

ɛtsɛp qʰɯmmaχ پ. [ئە] سەپكە تىزىپ يوقلىما قىلماق. مەسىلەن: بۈگۈن بامداتتىن كېيىن ئەتسەپ قىلىمىز، بامداتقا كەلمىگەن بولسا يالڭاچ ئۆستەڭگە تاشلايمىز، ئاڭلىغاندىمىز جامائەت!

ɛtkʰɛn tʃʰaj ئى. [ئۇ+خەن] ※قېنىق دەملەنگەن قاراچايغا سۈت، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان چاي، سۈتلۈك چاي.

ɛtʰɛtʰɛj ʃɛtʰɛtʰɛj ئال. ئۇنداق-مۇنداق، ئۇ-بۇ دەپ قالايمىقان سۆزلەش. مىسال:

ɛtʰɛtʰɛj ʃɛtʰɛtʰɛj dimɛj ʤim o:tʰurup abdan iʃlɛ.

(قالايمىقان سۆزلىمەي جىم ئولتۇرۇپ ئىشلە.)

ɛdlinijɛ ئى. [ر] (линия) ھەربىي قىسىمنىڭ گورۇپپا بىرلىكى نامىلىرىدىن بىرى.

مىسال: رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يول لىنىيىسى: يۆنۈلۈش: تاشقى شەكىل؛ قۇر؛
تۆمۈريول لىنىيىسى؛ (قانداشلىق مۇناسىۋەتتە) سىپتىما. مىسال: ①ھەر بىر
ئىرۋوت ئەدلىنىيە بويىچە كالون بولۇپ بۆتخانىغا قاراپ دۈشمەنگە شەپە بەرمەي بىردە
ئۆمىلەپ، بىردە ئېڭىشىپ يۈگۈرۈپ سازلىقنىڭ غەربىگە يېتىپ باردى. ②بىر سىۋەز
ئىرۋوتى، بىر مىنامىيوتچى ئەدلىنىيە، ئارقا سەپ تەمىنات روتىسى، قوماندانلىق
شتاب، شتاب باشلىقى قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى.

edilni qʰora ئى. [ر+ئۇ] (отделний) ئايرىم قورۇ، يەنى باشقىلار بىلەن بىر قورۇدا
تەك ئولتۇرمايدىغان، بىرلا ئائىلە يالغۇز ئولتۇرىدىغان قورۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى:
قوشنا.

ɛrtʰɛ رەۋ. [قە] بالدۇر، ئىلگىرى، بۇرۇن، ئاۋال. مىسال:

ekʰinni ɛrtʰɛ ɛkkʰɛn fiosulni ɛrtʰɛ alar.

(زىرائەتنى بالدۇر تېرىغان ھوسۇلنى بالدۇر ئالار.)

ɛrtʃʰuza ئى. [خە] (二秋子) كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ɛrva: eʃi ئى. [ئە+پ] ئەرۋاھلار ئۈچۈن نەزىر ھېسابىدا كوچىغا قويۇپ
قويۇلىدىغان، يولدىن ئۆتكەن ئېھتىياجلىق بىر كىشىنىڭ ئېچىپ دۇئا قىلىشى
ئۈمىد قىلىنىدىغان بىر قاچا ئاش.

ɛzɛl رەۋ. [ئە] ◇ئەسلا. مىسال:

u waχda bu jɛːdɛ altʰin sinip joχ, jɛttʰin sinipqʰu ɛzɛldɛ (joχ).

(ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە 6-سىنىپ يوق، 7-سىنىپقۇ ئەسلا يوق.)

ɛzmisini ɛzmɛx پ. ئەزمىلەشمەك، تىلىنى چاينىماق، بەك ئاستا ئىش قىلماق.

ɛstlix سۈپ. ئېسىدە تۇتىۋالغان، ئېسى ياخشى، خاتىرىسى ئاجىزلاشمىغان.

مىسال: ɛstlix boːsaχmuʁu χeli nɛrsilɛːni dɛp berɛlɛjttʰuχ.

(ئېسىمىز ياخشى بولغان بولسىغۇ خېلى نەرسىلەرنى دەپ بېرەلەيتتۇق.)

ɛːkʰɛk su ئى. تاغنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان قۇۋۋەتلىك، پاكىز سۈيى.
مىسال: مۇختەربايمۇ، نۇرىمۇ، زىياۋۇدۇنمۇ ئەركەك سۇ ئىچكەن-دە، تاغ سۈيى!

ɛkʰɛnɛ پ. ئېلىپ كەلگىنە، ئەكەلگىنە.

ɛkmɛx پ. [قە] تېرىماق، تىكمەك. مىسال: (ماقال)

①aːpʰa ɛkkʰɛn aːpʰa alaː, buʁdaj ɛkkʰɛn buʁdaj alaː.

(ئارپا تەرگەن ئارپا ئالار، بۇغداي تەرگەن بۇغداي ئالار.)

②birni kʰɛssɛŋ onni ɛk. (بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك.)

ɛgɛʃtʰyrmɛx پ. ماسلاشتۇرماق.

ɛŋkʰizɛ\ɛŋkʰiskʰin\ɛŋgiskʰin\ɛŋizkʰin\ɛŋiskʰin ئال. شۇنىڭ بىلەن، شۇندىن
كېيىن، ئاندىن كېيىن؛ تېخى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە. مىسال:

①kʰejin u mitʃʰitni buzup baʃqʰɯdin bir mitʃʰit jasiduq, unimu buzup qʰajtʰidin ɛŋiskʰin maː qʰɛlɛj bilɛn nim qʰɯːp buni jasiduq.

(كېيىن ئۇ مەچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن بىر مەچىت ياسىدۇق، ئۇنىمۇ بۇزۇپ
شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن ماۋۇ قەلەي بىلەن نېمە قىلىپ بۇنى ياسىدۇق.)

②dadisi digɛn u qʰolbeχidɛx tʃʰɯqʰɯrivetʰididɛ gɛp digɛnni, uniŋ gɛpi

ytmɛjdu ɛŋikʰizɛ.
(ئۇنىڭ دادىسى گەپنى ناھايىتى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنتۇلمايدۇ.)

③ھە دېمەمسەن، شەھەرنى ئالايلى، ئەڭگىزە شەھەر تالىشايلى!

ɛŋil\ɛŋin\ɛŋil ئى. ئۇچا، ئۇستۋاش، كىيىم ـ كېچەك. مىسال:

balinin ɛŋnini jɛŋgyʃlivɛt.(بالىنىڭ كىيىمىنى يەڭگۈشلىۋەت)

ɛl ئى. ◇قول؛ چاما، ئىمكانىيەت. مىسال:

ɛlimnin keliʃitʃʰɛ iʃlɛjmɛː. (قولۇمدىن كېلىشىچە ئىشلەيمەن.)

ɛlan ئى. [ئە] ئېلان.

ɛlɛŋgy ئى. يالقۇن.

ɛlɛŋgylimex پ. يالقۇنلىماق.

ɛlɛj bɛlɛj تەق. ئۇنداق ـ مۇنداق، ئۇ ـ بۇ.

ɛngajɛn qʰɯmmaχ پ. بىراۋنىڭ سەتچىلىكىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىۋېتىش، ئەلگە ئايان قىلىش.

ɛvzaj\ozaj ئى. چىراي، تۇرق، پەيل. مىسال:

unuŋ ɛvzaji jaman tʰurudu. (ئۇنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ.)

ɛjni ئى. [ئە] (عين) ئەسلىدە. مىسال:

ɛjnigɛ kʰɛltʰyryp bɛː. (ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەر.)

ɛjipnak سۈپ. [ئە] (عيب) ئەيىبناق، مېيىپ، جىسمانى ئەيىپى بار.

ب

bababut ئى. «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك»كە ئوخشاش باللار ئويۇنى.

babuʁa jɛtmɛx پ. [ئە+ئۇ] (باب) كەيپىياتى چاغ بولماق، كەيپىياتى كۆتىرىلمەك. مىسال:

tʰaza adɛmniŋ babuʁa jɛtkʰɛn vaχtʰida utʃrimajsilɛː, nɛdɛ adɛm soltʰujup aʃu tʰykʰini tʰaʃlivɛtkʰɛn tʰoχudɛk boːʁanda kʰelidikʰɛnsilɛː.

(ئادەم تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتتا ئۇچرىمايسىلەر، نەدە ئادەم سولتىيىپ ئەشۇ تۈكىنى تاشلىۋەتكەن توخۇدەك بولغاندا كېلىدىكەنسىلەر.)

baplimaχ پ. [پ] (باب) ◇ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلىتىش يۈزىسىدىن ئاتنى مەشق قىلدۇرۇش.

batraq سۈپ. [ر] (батрак) [كونا] يانچى، ئىجارىكەش دېھقان. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئەمگەكچى. مىسال: ①بايلار كەمبەغەللىشىپ، كەمبەغەللەر باتراقلىشىپ، باتراقلار لالمىلىشىپ مەھەللىنىڭ پەركايى ئۇچتى. ②ئەڭ قالتىس يېرى ئۇ بىر يېتىم، تىنىمسىز ئىشلەپ چوڭ بولغان باتراقمىش.

badraŋ سۈپ. (كۆزگە قارىتا) پولتىيىپ چىققان. مىسال:

badraŋkøz balikʰɛn bu. (پالىكۆز بالىكەن بۇ.)

basinuʃkʰa ئى. [ر] (босоножка) ※پۇتنى سالغىن تۇتۇش ئۇچۇن تىكىلگەن ئۇستى تەرىپى ئارىلىقلىرى ئوچۇق بىر خىل يازلىق ئاياق كىيىم. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يالاڭئاياق قىز: ئايالچە ساپما كەش، ئايالچە يازلىق ئاياق.

baʃ tʃʰyʃyrgɛ ئى. توي بولىدىغان يىگىتنى ئاغىنىلىرى يۆتكەپ ئېلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇش، تويىنىڭ باشلىنىش ئولتۇرۇشى. مىسال: ①يىگىت باش چۈشۈرگۈسى، قىز ئولتۇرۇشى ئايرىم-ئايرىم ئۆيدە قىلىنىدى، چوڭ ئۈچ ئېغىز تاختايلىق ئۆي ئۈستەل-ئورۇندۇق بىلەن بېزەلدى، يىگىت-قىزلار ئارىلاش ئولتۇرۇشتى.

②muʃu kʰyndɛ baʃ tʃʰyʃyrgy ojnajmiz, jaʃ tʰeχi biz.

(مۇشۇ كۈندە مەسلىھەت چاي ئوينايمىز، ياش تېخى بىز.)

baʃ qʰetʰintʃʰiluχ ئى. باش قېتىمچىلىق. مىسال: ئۇھ، - دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، - ماۋۇ باش قېتىنچىلىقنى!...

baʃkʰa مىق. [ر] (бочка) باغلام، بولاق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كۈپ، ماي كۈپى، ماي ساندۇقى: ياغاچتىن ياسالغان ئوتتۇرىسى توم، ئىككى بېشى ئىنچىكە كۈپ: كۈپ (تەخمىنەن 490 لېتىرغا توغرا كېلىدىغان سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.) مىسال: بۇنداق ئادەم نەدىكىن، ئۇنداق ئادەمنى تاپالىسام ئىككى بوچكا ئالتۇننى قورال ئال دەپ بېرەتتىم...

baʁdal ئى. چىپار، چېكىم-چېكىم، چار. مىسال: baʁdal ʁoraz (چار خوراز)

baqʰɯr ئى. [تا] (бакыр) مىس، مىستا ئىشلەنگەن كىچىك قازان. تاتار تىلىدىكى مەنىسى: مىس: مىستىن ياسالغان بۇيۇم؛ مىس رەڭ.

bakʰalaʃkʰa\botʰuluʃkʰa ئى. [ر] (баклажка) ھەربىچە سۇدان. رۇسچە مەنىسى: ئاغزى تاقىلىدىغان كىچىك چۆگۈن: ھەربىچە سۇدان. مىسال: ئۇ باكالاشكىسىنى ئېگىز كۆتىرىپ سۇ ئىچتى.

bal ئى. [قە] ※ھەسەل.

balalajkʰa ئى. [ر] (балалайка) ※رۇسلارنىڭ ئۈچ تارلىق چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى، شەكلى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، دەستىسىگە پەدە باغلانغان. رۇسچىدىكى مەنىسى ئوخشاش.

bali jatqʰuzmaχ پ. بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرۇش.

bal qʰoʃuχ ئى. ھەسەل، مۇراببا يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قوشۇق.

balnist\bɛlnis ئى. [ر] (больница) ※كېسەلخانا، دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ياتىقى. رۇسچە مەنىسى: دوختۇرخانا. مىسال: ①زىياۋۇدۇنوف بەرا دەرھال بالنىستقا ماڭدۇرۇلسۇن! ②بالنىس-پالنىس دېگەنلەرگە دارىمايمەن.

bali ʤaqʰa ئى. بالا-چاقا. مىسال:

balisima χeli tʃʰoŋ boːp, bali ʤaqʰɯlaːni tʰepʰip øldi, biraχ u bɛrizkʰamdɛk gɛptʰaː ɛmɛs.

(بالىسىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، بالا-چاقىلىق بولۇپ ئاندىن ئۆلدى، بىراق ئۇ بەرىزكامدەك گەپدان ئەمەس ئىدى.)

balitʃʰilap kʰirmɛx پ. ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ كىرمەك.

baːja رەۋ. ◇ئەسلىدە. مىسال:

baja øzliri bilidikʰɛː. (ئەسلىدە ئۆزلىرى بىلىدىكەن.)

bajandaj ئى. [م] (bajinta) يەر نامى، غۇلجا شەھىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى بىر

بازار. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: مۇنبەت تۇپراق، مۇنبەت جاي، باياشات جاي.

bajt$^h$oq$^h$aj ئى. [م] يەر نامى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. موڭغۇلچە «باراقسان، مۇنبەت توقايلىق» دېگەن مەنىدە.

bajχan ئى. پايخان، يەنى بىرىنچى قېتىم سورۇلغان خاماندىن چىققان، قايتا يانجىشقا تەييارلانغان يىرىك سامان ۋە باشاقلار.

byrk$^h$ymɛx پ. پۈركىمەك. مىسال:

beʃimizni byrk$^h$yp jet$^h$ivɛduχ. (بېشىمىزنى پۈركەپ يېتىۋەردۇق.)

bajla پ. [قا] (bajla) باغلا.

bajɯq$^h$ɯla\abajɯq$^h$ɯla رەۋ. ◇ئەلۋەتتە شۇنداق (ئېھتىماللىقنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ). مىسال: abajɯq$^h$ɯla gɛp bu. (ئەلۋەتتە شۇنداق.)

bɛt ئى. ◇يۈز، تەرەپ. مىسال: ①نېرىقى بەت- شىمال چەكسىز يايلاق، ياپيېشىل دۇنيا. ②كەتمەن بېتىگە لىقشىتىپ لاي ئېلىپ يۇقىرىغا ئېتىش ئۇنىڭغا ھوزۇر.

bɛt$^h$iŋk$^h$ɛ ئى. [ر] (ботинки) ※بوغقۇچلۇق، قىسقا قونجىلىق، كۆزلۈك خۇرۇم ئاياق. رۇسچە مەنىسى: ئاياق، خۇرۇم ئاياق.

bɛdvaχ سۈپ. [پ] (بد بخت) بەتبەخت.

bɛrɛŋgɛ ئى. ياڭيۇ.

bɛrnavul سۈپ. [پ] كېلىشكەن، قاۋۇل ئات: ئات سورتىنىڭ بىرىنىڭ نامى. مىسال: ①ئوينىقلاپ تۇرىدىغان ئىككى بەرناۋۇل كالاسكىنى بىردىنلا باغ قورۇغا ئېلىپ كەلدى. ②بەرناۋۇل، ئارغىماق، يارۇسلاۋسكى، ئالاتاۋسكى، مېتىس دېگەندەك ئىسىملار ماڭا قالتىس ئاڭلىنىدۇ.

bɛʃɛm سۈپ. [پ] (بى شرم) بىشەم، ئۇششۇق، گەپ ئاڭلىماس. مىسال: ɦazir sɛl bɛʃɛmrɛk boːp q$^h$aldi balilaː.

(ھازىر باللار سەل ئۇششۇق بولۇپ قالدى.)

bɛʃt$^h$aʃ ئى. بەش تال تاشنىڭ تۆت دانىسىنى يەرگە تاشلاپ، قالغان بىرىنى يۇقىرىغا ئېتىپ، ئۇ چۈشكىچە ئارىلىقتا يەردىكى تاشلارنى ھەر خىل تەرتىپ بويىچە ئالغىنىدا قايتا يىغىۋالىدىغان باللار ئويۇنى.

bɛʃvar ئى. [ئۇ+ئە] بەش شوئار، بەش يۇلتۇز.

bɛʃvar amma ئى. ئالما سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، يۇقىرى تەرەپ ئۇچ تۇگۇنچىكى بەشيۇلتۇزغا ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

bɛʃindʒaj yryx ئى. ئەڭ ئاۋۋال پىشىدىغان بىر ئۆرۈك سورتى، 5-ئاينىڭ ئاخىرى 6-ئاينىڭ باشلىرى پىشىدۇ، پىشىدىغان ۋاقتىغا قاراپ ئىسمى ئاتالغان.

bɛːk$^h$ɛ ئى. قەلەمتىراش. مىسال: بەكە، ئاچقۇچ ئېلىپ كىرىشىمۇ مەنئى قىلىنىسۇن!

bɛldɛx ئى. بەلنىڭ سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن بەلگە تېڭىۋېلىنىدىغان تېرە جابدۇق.

bɛldix ئى. بەلباغ، تاسما.

bɛldimɛx پ. ◇تاياقنىڭ يىپ چىگىدىغان يېرىگە كېسىك چىقارماق.

bɛllimɛx پ. ①چىلىشچىلارنىڭ بەلدىن ئېلىش تاكتىكىسى. ②<كۆچ> نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق، مىلتىققا ئوق سالماق.

bɛnʃir ئى. [خەن] جوۋاۋا.

bɛjgɛ aːmaχ پ. بىرىنچى بولماق، ئۇزۇپ چىقماق.

bop ئى. ①رومبا شەكىللىك. ②قەرتتىكى غىش.

botkʰa ئى. [ر>فران] ※(boutique) ياغاچ ياكى قاڭالتىردىن ياسالغان كىچىك يۆتكەلمە دۇكان. ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىسى: كىچىك كۆلەمدىكى كىيىم-كېچەك دۇكىنى.

botʰɛj ئى. [ر] (боты) رىزىنكا ئۆتۈك.

botʰulkʰa ئى. [ر>فران] (boteille>бутылка) ئەينەك ياكى سۇلئاۋدىن ياسالغان، ئۇزۇنچاق، بوغۇزى تار قاچا (بۇ رايوندا «شىشە» سۆزى بۇ مەنىدە قوللىنىلمايدۇ.).

boʤojmaχ پ. بۆجەيمەك، قورقۇپ چەكچىيىپ قاراش، كۆزىنى ئالايتىپ قارىماق. مىسال:①ئۇ ماڭا بوجىيۇپ قارىدى. ②توخۇلار غازاڭ بىلەن تولغان باغلاردىن پاخال ۋە سامان دۆۋىسىگە ئايلانغان هويلا-ئىغىللارغا ياتسىراپ بوجىيىپ كېلىشىدۇ.

botʃʰigøʃ ئى. نېپىز تىلىپ، تۇزلاپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇلغان گۆش. مىسال: شەهەرگە ئەكىرىپ كېتىش ئۈچۈن يازىچە قۇرۇتقان ئالما، قوغۇن قاقلىرى، پەمىدۇر، لازا، بوجا گۆشلەر، بىر باداڭ ئۇن، ئۇن نەچچە قاداق ياغ... هەممىسى رەيهاننىڭ قولى بىلەن پۇتكەن.

bort ئى. [ر] (бильярд) بىليارت، تاختا-شار ئويۇنى.

borbosun ئى. [م] (burʁusun) يەر نامى، غۇلجا ناهىيىسى تەۋەلىكىدە. موڭغۇلچە مەنىسى: چاتقاللىق. مىسال:

mɛn øzɛm borbusunluχ,
kʰøŋlym tʰaːtʰidu qʰaʃni.
øltʰyrsɛŋmu iʃmɛjmɛː,
jarim ɛtmigɛn aʃni.

(مەن ئۆزۈم بوربۇسۇنلۇق، كۆڭلۈم تارتىدۇ چاينى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن، يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.)

bozadir ئى. [قا] (bozadir) قىشلاق نامى، تېكەس ناهىيىسىدە. قازاقچە مەنىسى: بوز ئېدىر.

boz jatqʰuzmaχ پ. يەرنى تېرىماي بوش قالدۇرۇش. مىسال: بۇ يەرگە ئۈچ بوز ياتقۇزدۇم، تۆت يىرىگە خامان ياسىدىم، پادا-كالىلارغا. سىزنىڭ قويلىرىڭىزغا ئۈچ يىل ئۇدا مۇشۇ يەردىن قورۇ قىلغۇزدۇم.

bosuʁa bolammasluχ پ. هېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك، تەڭ بولالماسلىق. مىسال: -مېنىڭ 40 نەچچە تويۇمنى يىغسىمۇ بۇ تويغا بوسۇغا بولالمايدىكەن،- دېدى غېنى باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ.

bosuntʃʰuχ ①سۈپ. بوزەك، ئانىي. ②پ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بېسىش، تۆۋەن چۈشۈرۈش، بوزەك قىلىش، ئانىي تېپىش. مىسال:

meni baʃqʰɯla:niŋ aldida bosuntʃʰuχ qʰɯldiŋ.

(مېنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇردۇڭ.)

boʁbajmaχ پ. زىيادە كېيىنىپ ھەرىكەتتە قولۇشالماي قېلىش. مىسال:
nimantʃʰɛ boʁbijip qʰaldiŋ. (نېمانچە پومپىيىپ قالدىڭ.)

boldurup qʰa:maχ پ. ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ چارچاپ ھالدىن كېتىپ يېتىپ قېلىشى. مىسال: بۇ جانۋار بولدۇرۇپ قالدىغۇ تاڭ.

boliwa:maχ [خەن] (包) پ. كۆتىرە ئالماق. مىسال: بۇ ئون ئىككى گۆشگىغا بىرنىڭ ئۈچ خو بۇغدىيىنى بولىۋالسام بىر خو يەرگە بىر خو بۇغداي بېرىدۇ.

bojdaq سۇپ. بويتاق. مىسال: ɛjsiraŋkʰam dɛp bir bojdaq adɛm baridi.
(ئەيسىراڭكام دەپ بىر بويتاق ئادەم بار ئىدى.)

bojsyrɛ رەۋ. ※بوي سۇرۇشتۇرۇپ، بويىغا قاراپ. مىسال: ئۇ باللارنى بويسۇرە تىزىلدۇردى.

bojuntʃʰaχ ئى. بويۇنچۇق، كالىنى ھارۋا ياكى ساپانغا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان جەينەكسىمان ياغاچ ئەسۋاب.

buda\budu رەۋ. بۇ دۆرەم، بۇ قېتىم.

budaqʰɯ\buluqʰɯ سۇپ. كېلەركى.

budimɛt سۇپ. گەپ قىلماس، مۆرىمەس.

burutʰini jikʰɛndɛ a:maχ پ. ئەپلىمەك، جايلىماق، جاجىسىنى بەرمەك.

buruʃ ئى. [ئە] بۇرج، دوقال، جۇت، پەسىل ئالمىشىش مەزگىلىدىكى ھاۋا توقۇنۇشى، بوران-چاپقۇن. مىسال:
ɦavaniŋ pʰɛjli jaman tʰurudu, ɛtʰigitʃɛ tʃʰoqʰum bir buruʃ ba:.
(ھاۋانىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئەتىگىچە چوقۇم بىر دوقال بار.)

burulkʰa ئى. [ر] (брюки) ئىشتان، شىم.

burimaχ پ. ◇(تاماكىغا قارىتا) ئورىماق. مىسال: بۇرىغىنا، دوزاخ شوتىسى!

buqʰɯ baʁlimaχ ◇بىخ چىقارماق. مىسال: دەرەخ بۇقا باغلاپتۇ، بۇ يىل مۆگە ئوخشىغۇدەك.

bulapkʰa ئى. [ر] (булавка) ◇ئىلغۇر، قاداق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كۇنۇپكا، زىننەت بۇلاپكىسى.

bulqʰan tʰalqʰan bommaχ پ. جىددىلىشىش، ئاچچىقلىنىشتىن ئۆزىنى تۇتىۋالالماسلىق، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىش.

buluŋ مىق. ◇يۈز خو ياكى مىڭ موغا باراۋەر يەر ئۆلچەش بىرلىكى. [چولۇقاي]

bujla ئى. ھارۋىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، يەنى چاقنىڭ ئوقتىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوقنىڭ باش تەرىپىدىن تۆشۈك تېشىپ قوزۇق شەكلىدە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ.

bøtʰyn سۇپ. [قا] (bøtʰyn) يوچۇن، ئايرىم، يات، سىرت. مىسال:
siz sɛl bøtʰyn kʰøryp qʰalamsizkʰi:, ɛmma kʰøŋliŋizgɛ kʰɛ:misun.
(سىز سەل يات كۆرۈپ قالدىڭىزمىكىن، ئەمما بۇ ئىش كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن.)

børɛ buqʰa ئى. ئۈچ تال ياغاچنى چېتىپ تۇرمىلىنى تۇرىدىغان توساق.

børɛ tʰerisini kʰijmɛx پ. ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز تۇتۇلىشى ياكى ئادەمنىڭ غەزەپلىنىپ تەرىنىڭ تۇرۇلىشى.

børɛ meŋiʃi ئى. ئاتنىڭ سىلىق، تېز-تېز مېڭىش ھالىتى.

børtʰɛ ئى. ئېشەك رەڭگىدىكى ئات.

bøgylyx\bøŋlyx ئى. ياغاچ كارۋات، تاختايلىق سۇپا.

bøskʰɛx سۈپ. ※ئالدىغا بۆسۈپ تۇرىدىغان، ئارقان ئۆزەر.

bøkʰɛ ئى. [قە] («دىۋان»: چوڭ ئىلان)◇باتۇر، پالۋان. مىسال: ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇلاردەك ھەممە ئادەم ئەيمىنىدىغان بۆكە بولۇش ئىستىكى پەيدا بولدى.

bølɛx boːmaχ پ. ئۆي ئايرىپ چىقماق، ئايرىلىپ كەتمەك.

bøldyrgɛn ئى. تاغ بۆلجۈرگىنى. ئۇنىڭ كالا بۆلدۈرگىنى ۋە قوي بۆلدۈرگىنى دېگەن تۈرلىرى بار.

bølykʰɛj ئى. [م] يەر نامى، غۇلجا ناھىيىسىدە.

bøvɛx سۈپ. نادان، ساددا، ئىش ئۇقمايدىغان. مىسال:

biznip tʰaza bøvɛx waχtʰimizda øzimizmu ɛl aʁumileːniŋkʰini (billɛ) apqʰeʃip manduχ.

(تازا نادان چاغلىرىمىزدا بىزمۇ ئەل-ئاغىنىلىرىمىز بىلەن بىللە قىز ئېلىپ قېچىپ ماڭغانتۇق.)

bøvɛxtʃʰilix ئى. گۆدەكلىك، باللىق، ياشلىق، تەربىيىسىزلىك.

bʉtʉn رەۋ. [قە] («دىۋان»: توغرا، دۇرۇس؛ پۈتۈن) پۈتۈن. مىسال:

bʉtʉn bir ʃodyjniŋ tʃʰaj tʰuzini meniŋ gɛdinimgɛ mɯχlap qojdi.

(پۈتۈن بىر ئەترەتنىڭ چاي-تۇزىنى مېنىڭ گەدىنىمگە ئارتىپ قويدى.)

bylkʰɛjmɛx پ. مۆكچەيمەك، پۆكلىنىپ قالماق. مىسال:

vaj bɛx qʰeridim, bylkʰyjyp kʰɛttʰim.

(ۋاي، بەك قېرىدىم، مۆكچىيىپ كەتتىم.)

betʰaldi رەۋ. [قا] (betʰaldï) ئۆز ئالدىغا، ئۆ مەيلىچە، بىكارغا، بوشقا، ئورۇنسىز.

bedʒinboʃ سۈپ. بوشاڭ، غەيرەتسىز.

beʃir ئى. [خەن] (背心) يەڭسىز پوپايكا.

beʃuʁa sirkʰɛ qʰujivaːmaχ پ. ئۆزىگە ئۆزى تۈگمەس ئاۋارىچىلىق تېپىۋالماق، بىر مۇنچە ئۇشۇقچە قالايمىقانچىلىقتا قالماق (بۇ يەردىكى «سىركە» سۆزى «پىتىنىڭ تۇخۇمى» نى كۆرسىتىدۇ).

beʃini ʁadʒap oltʰaːmaχ پ. كىشىگە ئارىلاشماي، يالغۇز ئوچاق بولۇپ ئۆتۈش.

beʃini otʃʰaχ etʰivɛtmɛx پ. تولا سۆزلەپ بېشىنى ئايلاندۇرىۋەتمەك، تولا تاپا-نەتە قىلىپ، تولا دەپ زېرىكتۈرىۋەتمەك.

beʃi iʃʃip qʰaːmaχ پ. ئەخمەقلىق قىلماق. مىسال:

beʃim iʃʃip qʰaːmidi meniŋ undaχ qʰɯliduʁan.

(ئەخمەق بولۇپ قالمىدىم مەن ئۇنداق قىلىدىغان.)

beʁur basmaχ پ. ئۆزلىشىپ قالماق، يەرلىشىپ قالماق.

beqʰuʃ tʰapmaχ پ. ياخشى بېقىلماق، كۆتۈلمەك، تەربىيىلەنمەك، خەۋەر

ئېلىنماق. مىسال:

bu bala tʰaza beqʰɯʃ tʰapmaptʰu. (بۇ بالا تازا ياخشى بېقىلماپتۇ.)

bekʰiʃmɛx پ. پۇتۇشمەك. مىسال: (تەمسىل)

ʧʰekʰiʃmigiʧʰɛ bekʰiʃmɛs. (ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس.)

bendirin سۆپ. [خەن] (本地人) يەرلىك، مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. مىسال: بىز پالاندىلاردىن ئەمەس، غۇلجىنىڭ كىندىكىدىن ئۈنۈپ چىققان يەرلىك - بىندىرىن!

bidʒinar ئى. ※ئۇرۇكنىڭ بىر سورتى، ياغلىق ئۇرۇك، رەڭگى بېغىررەڭ كېلىدۇ.

bɯχsimaχ پ. يېمەكلىككە قارىتا پۇراپ قالماق، بۇزۇلۇشقا باشلىماق. مىسال:

bɯχsip qʰaldimu nimɛ bu gøʃiŋiz.(بۇ گۆشىڭىز پۇراپ قالدىمۇ نېمە؟!)

birɛ: tʰerim سۆپ. بىرەر تال، بەك ئاز.

bir tʰasqʰam سۆپ. ساراڭ قېتىش، ئېسىرى بار، مېڭىسىنىڭ سۆيى بار.

bir tʰoʁram سۆپ. ◇<كۆچ> بىر جايدا ئولتۇرالمايدىغان، شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان.

bir ʧʰɛndan سۆپ. [ئۇ+پ] ئازراق، بىزە.

birmunʧʰila: ئال. بەزىلەر. مىسال:

qʰuz kʰøʧʰyryʃla dɛp qʰojudu uni birmunʧʰila:, bumu møgɛ ʧʰøgilɛ:gɛ oχʃaʃ muʃunuŋmu vaχtʰi jɛtkʰɛndɛ biz kʰøʧʰyryp ɛkʰilidɯʁan gɛp.

(ئۇنى بەزىلەر قىز كۆچۈرۈشلا دەپ قويىدۇ، بۇمۇ مېۋە-چېۋە كۆچۈرگەنگە ئوخشاش، مۇشۇنىڭمۇ ۋاقتى يەتكەندە بىز كۆچۈرۈپ ئەكىلىدىغان گەپ.)

birnɛ:ʧʰɛnlɛ: ئال. بەزىلەر. مىسال:

bir nɛ:ʧʰɛnlɛ: ʃundaχ dɛjdu. (بەزىلەر شۇنداق دەيدۇ.)

biroʃur ئى. [ر<فران] (brochure>брошюра) كىتابچە، قوللانما.

birigada ئى. [ر<فران] (brigade > бригада) [كونا] دېۋىزىيەدىن كىچىك باتالىيوندىن چوڭ ھەربىي قوشۇن بىرلىكى.

birinʧʰi tʰoχu ئى. باش توخۇ، كېچىدە توخۇ تۇنجى قېتىم قىچقارغان چاغ، كېچە سائەت 11 لەرگە توغرا كېلىدۇ.

bilnɛʃmɛx ئى. بىلىنمەك. مىسال:

øzɛŋgɛ bilnɛʃmigen bilɛ: χɛqqʰɛ oʧʰuχ kʰørynyp tʰurudu.

(ئۆزۈڭگە بىلىنمىگەن بىلەن باشقىلارغا ئوچۇق كۆرۈنىپ تۇرىدۇ.)

bɪlɯq ئى. بېلىق.

## پ

pʰapʰirus ئى. [ر] (папироса) [كونا] يۆگەلگەن قاپچۇقلۇق تاماكا. مىسال: نىمىشقا سىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپۇبلىكىسى قىلىۋالمايمىز؟- دېدى دوسكىنوف پاپىروسنى ئىچىگە تارتىپ.

pʰatʰaŋguʃlimaχ پ. ※①گەجگىسىگە ئۇرماق، پاتاڭغا ئۇرماق. ②پۇلاڭلاتماق.

pʰatqʰɯʧʰɛ رەۋ. ◇ھېلىغىچە، تېز، چاپسان. مىسال:

pʰatqʰɯʧʰɛ kʰelimɛ:. (ھازىرلا كېلىمەن.)

pʰaʧʰaχ ئى. [پ] ◇<كۆچ> يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىدا ئىشلىتىلىدىغان چولك ئۇلىغۇچ، چولك ئۇزچات.

pʰaχpʰaχ ①ئى. باللارنىڭ قاتلانغان قەغەزنى يەرگە ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنى. ②سۈپ. ‹كۆچ› قۇرۇق، ئەھمىيەتسىز، تايىنى يوق.

pʰaχot سۈپ. [ر] (поход) مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرگەندە شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن سۈپەتسىز قىسمى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: (سودىدا بېرىلىدىغان) ئۈستەك، ئۈستىگە قوشۇپ بەرمەك. مىسال:

buʁdijiŋ pʰakʰiz ɛmɛskʰɛ:, ondin birini pʰaχotqʰa ʧʰɯqʰɯrivetʰimiz.

(بۇغدىيىڭ پاكىز ئەمەسكەن، ئوندىن بىرىنى سۈپەتسىزگە چىقىرىۋېتىمىز.)

pʰadarkʰa ئى. [ر] (подарка) سوۋغاتلىق، پايدىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن ئۈلۈش. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: سوۋغات.

pʰadijom ئى. [ر] (подъем) [كونا] داۋانغا چىقىش يولى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يۇقىرى ئۆرلەش، يامىشىش، داۋانغا چىقىش.

pʰaʒarni ئى. [ر] (пожарный) ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئوت ئاپىتى، ئۆت كەتمەك: ئوتتىن قۇتقۇزىدىغان، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان: ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى.

pʰaqʰam ɛtmɛx پ. باغرىنى باغرىغا ياقماق. مىسال: سۆلىرىغا پاقام ئېتىپ چولك بولغان يىزامىنى سىغىنىدىم.

pʰakʰistʰurup ئى. [ر<ئىنگ] (foxtrot>фокстрот) تانسىنىڭ تاق قەدەملىك بىر تۈرى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تۈلكىلىك: تۈلكە قەدەملىك ئۇسسۇل، يەنى پاكىستىرۇپ.

pʰaltʰuk ئى. ※پەگانىڭ بىر چېتى، كەش قويىدىغان ئورۇن.

pʰalʃopkʰa ئى. [ر] (полушубка) قىسقا خۇرۇم پەلتۇ.

pʰana qʰaχmaχ پ. ◇‹كۆچ› گەپكە ئىزاھ بېرىش، گەپنى تولۇقلاش.

pʰajatlimaχ پ. [ر+ئۇ] (паять) كەپشەرلىمەك.

pʰajsa ئى. بۇغداي، زىغىر، قىچا، كەندىر قاتارلىق ئۈسۈملۈكلەرنىڭ غولى.

pʰɛttʰaza ئى. ھەر خىل رەڭدە، ئىچى قىسمەن كاۋاك ھالدا قۇيۇلغان تاختا شەكىلدىكى بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

pʰɛgɛz qʰapʰaχ سۈپ. [پ] پەۋاز قاپاق، ياپما قاپاق، يالاڭ قاپاق، قېتى يوق قاپاق. مىسال: بۇرۇتلۇق، گەۋدىلىك، پەگەز قاپاق ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

pʰɛlɛmma ئى. ھىيلە-مىكىر، ساختىلىق، يۈزەلىك. مىسال: ئەي ھۈنەرۋەن، قاتمىغىن ئىشقا پەلەمما. (شېئىر)

pʰɛlim ئى. ماي بىلەن چەيلىنىپ، ئاندىن مايغا داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان، يىتتىن قېلىنراق بىر خىل يېمەكلىك. [قاينۇق]

pʰɛmidur ئى. جەنۇب ئېغىزلىرىدىكى شوخلا («شوخلا» سۆزى بۇ رايوندا قوللىنىلمايدۇ).

pʰɛnɛr ئى. باغۇەنلەرنىڭ ئوغرىغا زەربە بېرىدىغان قورالى. ئۇ تۆمۈردىن بۇرجەكلىك قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇزۇن يىپىنىڭ ئۇچىغا باغلىنىدۇ. ئوغرىغا سالما ئاتقاندەك

ئېتىلىدۇ. مىسال: (ناخشا)

beʁumʁa kʰirɛr bolsaŋ,
qʰoluŋʁa pʰɛnɛr alʁum.
ʃɛriŋgɛ musapʰirmɛn,
ɦalimdin χɛvɛr alʁum.

(بېغىمغا كىرەر بولساڭ، قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەھرىڭگە مۇساپىرمەن، ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.)

pʰotluχ aʃ ئى. توي كېچىسى قىز ھوجرىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەندە قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىنىشىنى تىلەپ دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ئىچىدىغان ھاردۇق ئېشى. (بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «پوت»، يەنى «پوتا» سۆزنىڭ يىلتىزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «باغلاش، چېتىش» مەنىسىدە كېلىدۇ. تۆۋەندىكى سۆزدىمۇ شۇنداق.)

pʰotluχ jaʁaʃ ئى. ساپاندا تىركىشنى ئىلىپ قويىدىغان كىچىك ياغاچ.

pʰortmal ئى. [ر<ئىتال] (portafoglio > портфель) پۇل قاپچۇقى، ھەميان. روس تىلىدىكى مەنىسى: خۇرۇم سومكا، خىزمەت سومكىسى؛ (بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ) مىنىستىرلىك ۋەزىپىسى: ئەسەر ئورگىنالى.

pʰortʰuʃkʰa ئى. [ر] (форточка) دېرىزىنىڭ ئايرىم ئېچىلىدىغان كىچىك كۆزنىكى. روس تىلىدىكى مەنىسى: ئۇدۇل كۆزىتىش كۆزنىكى، ئاچقىلى بولىدىغان دېرىزە، دېرىزە قانىتى، ھاۋا ئۆتكۈزۈش كۆزنىكى.

pʰozɛx ئى. خەشەك، ياغاچقا رەندە سالغاندا چىقىدىغان قەغەزسىمان قىرىندا.

pʰostʰɛx ئى. [پ] قارىياغاچ چېچىكى، پۆرىسى.

pʰokʰus سۈپ. [ر<لات] (focus>фокус) ①كىيىنىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان؛ ياسانچۇق. روس تىلىدىكى مەنىسى: يادرو، يورۇق نۇقتا، مەركەز، كۆزگە چېلىقىدىغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان. مىسال: تۇرسۇن پوكۇس دېگەن سەن بولامسەن؟ ②تانسىنىڭ پۇتنى يانغا ئېلىش ھەرىكىتى.

مىسال: valisniŋ pʰokʰusini bɛx tʃʰirajluχ alidikʰɛnsiz.

(ۋالىسنىڭ يان ھەرىكىتىنى بەك چىرايلىق ئالىدىكەنسىز.)

pʰoxva jaʁluχ ئى. قېلىن تىۋىتلىق چوڭ باش ياغلىق.

pʰoldaŋ soldaŋ رەۋ. ساڭگۇل-سۇڭگۇل.

pʰolni: سۈپ. [ر] (полный) ①تولۇق، مۇكەممەل. ②ئۇزۇن ئېتەكلىك. روس تىلىدىكى مەنىسى: لىق تولدۇرۇلغان؛ پۈتۈن، پۈتۈنلەي؛ ئومۇمىي، ھەممىسى؛ مۇتلەق؛ چەكلىمىسىز. مىسال:

①u orustʃʰuʁa polni:. (ئۇ روس تىلىنى ياخشى بىلىدۇ.)

②ʃu tʃʰaʁla:da ajalla: pʰolni: jopkʰa kʰijɛttʰikɛ:.

(شۇ چاغلاردا ئاياللار كەڭ ئېتەكلىك يوپكا كىيەتتىكەن.)

pʰom ئى. ◇كۆمۈر ئۇۋۇندىسى بىلەن كالا تېزىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ پومىلانغان يېقىلغۇ.

pʰut مىق. [ر<ئېنگ] (foot>фут) [كونا] ◇ئىككى مو ياكى تۆتتىن بىر خوغا

باراۋەر يەر ئۆلچەم بىرلىكى. ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىسى: پۇت، تۇۋ، تەگ: ئىنگلىز چىسى (33 سانتىمىتىرغا تەڭ).

pʰut qʰatʃʰa ئى. [ر<ئىنگ +ئۇ] [كونا] تەخمىنەن 16 كىلوگرامغا باراۋەر ئېغىرلىق ئۆلچەم قاچىسى.

pʰuruʃ ئى. تۇز، ئۇۋاق مۇچ قاتارلىقلارنى قويۇش ئۈچۈن ئويۇپ ياسالغان ياغاچ قاچا.

pʰøpʰyɣɯ suʁa tʃʰilaʃmaχ پ. تەلپىكى سۇغا چىلاشماق، ئىشى ئاقماس، گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالماق. بۇ سۆز 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى رۇسلار ئىلىنى بېسىۋالغاندا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ يەردىكى پۆپۈك رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باش كىيىمىدىكى پۆپۈكنى كۆرسىتىدۇ. مىسال: بۇلارنىڭمۇ پۆپۈكى سۇغا چىلىشىپ قالىدىغان كۈنلەر كېلەر.

pʰørɛ ئى. ◇قارىياغاچ چېچىكى.

pʰyrmɛ tʃʰoruχ ئى. كالىنىڭ خام تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇق. مىسال: ئۈچلىرىغا پەرىجە، تاشلانمىغان جۇۋا، شالۋۇر، كىگىز پايپاق بىلەن پۈرمە چورۇق كىيىشىپ، پۇتلىرىنى ئاستىغا باسقىنىچە، مەسچىت تېمىغا يۆلىنىپ كۈنگە قاقلىنىپ ئولتۇرۇشقان يۇرت چوڭلىرى كۈندىلىك پارىڭىنى باشلىۋېتىشكەنىدى.

pʰyrmɛ tʃʰoqʰaj ئى. يازلىق بوغقۇچلۇق لاتا ئاياقنىڭ بىر خىلى.

pʰepʰinis ئى. [ر] (пепельница) [كونا] كۈلدان.

pʰeqʰɯʃ سۈپ. ※①سوقۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن چىقىلغان پىششىق تۇخۇم. ②<كۆچ> يېڭىلگەن، ۋەيران بولغان.

pʰipʰi tʰumaχ ئى. تۇماقنىڭ بىر تۈرى. مىسال: باشلىرىغا پىپى تۇماق، شاپاق دوپپا كىيىشكەن، يۈزلىرىدە كىر ۋە مايلار قېتىشقان ئىشلەمچىلەر تىنىمسىز ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئېرتىشىپ، تىپىرلىشىپ ئىشلىمەكتە.

pʰipʰi ulaχ ئى. باغۋەنچىلىكتە ئۇلاقنىڭ بىر تۈرى، قوۋزاق ئۇلاقمۇ دېيىلىدۇ.

pʰittʰir ئى. پىتىرا، ئۇۋ مىلتىقىنىڭ ئوقى، چاچما ئوق.

pʰitʰinkʰa ئى. [پ] پېدىگەن.

pʰitʃʰaq utʃʰi سۈپ. ‹كۆچ› ئازراق. مىسال:

biz ɛmdi antʃʰɛ muntʃʰɛ pʰitʃʰaq utʃʰi kʰørivatʰimiz (jaχʃi kʰynlɛːni).

(بىز ئەمدى ياخشى كۈنلەرنى ئانچە-مۇنچە، ئازراق كۆرۈۋاتىمىز.)

pʰidinɛ ئى. پىنىنە، رەيھان، يەنى بىر خىل خۇشبۇي ئۆسۈملۈك.

pʰiratʰikʰol ئى. [ر<فران] (prothogall > протокол) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرى چۈشۈرۈلگەن جەدۋەل. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئەسلەتمە، خاتىرە، كېلىشىمنامە، ئىسپات خېتى.

pʰirastʰin ئى. [ر] (простыня) كارۋات كىرلىكى (يوتقان تاشنى كۆرسەتمەيدۇ.)

pʰiram رەۋ. [ر] (прямо) (قېچىش ھەرىكىتىگە قارىتا) ھېچنېمىگە قارىماستىن، ئۇدۇل. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئۇدۇل، بىۋاستە: دەرھال، شۇئان: سەممىمىلىك بىلەن، ياۋاشلىق بىلەن، ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل: پۈتۈنلەي، ھەقىقەتەن. مىسال:

u mɛndin qʰoːqʰup pʰiram qʰaʃtʰi. (ئۇ مەندىن قورقۇپ ئۇدۇل قاچتى.)

pʰirav ئى. [ر<فران] (preove>проба) شوپۇرلۇق كىشىنكىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئۆرنەك؛ ئىسپات.

pʰiremerkʰa ئى. [ر] (примерка) [كونا] كىيىمنى سىناپ كىيىپ باقماق، كىيىم ئۆلچىمەك.

pʰirʒiktʰor\pʰilʤiktʰor ئى. [ر<لات]

(projectus→projector>прожектор) قولچىراق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: نۇرنى يىغىپ چۇشۇرىدىغان چىراغ، كۆلەڭگە چۇشۇرۇش ئاپپاراتى، كىنو قويۇش ئاپپاراتى، قول چىراغ.

pʰirimis ئى. [ر] (примус) [كونا] كىرسىن ئوچاق.

pʰirijom ئى. [ر] (приёмка) مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىش. مىسال: سىلەرنىڭ مەھسۇلاتىڭلار پىرىيومىدىن ئۆتمىدى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش.

pʰirjomnik ئى. [ر] (приёмник) سىگنال قوبۇل قىلغۇچ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: رادىئو قوبۇللىغۇچ، ئاۋاز قوبۇللىغۇچ؛ ساقلاش ئۇسكۇنىسى؛ يىغىۋېلىش ئورنى. مىسال: بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنا، رادىئو-پىريومنىكلارنى ياسايتتى.

pʰispʰas سۈپ. (ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا) يارىماس، بولۇمسىز؛ گېپىدە تۇرمايدىغان.

pʰisir سۈپ. ※ئېزىلەڭگۈ، مىس-مىس.

pʰiʃuldurup رەۋ. نەق گەپنى دېمەي، ئەزمىسىنى ئېزىپ.

pʰiʃim رەۋ. پىچىم، نەزەر، تەرىز. مىسال: ئۇ كۆزگە ئىلمىغان پىشىمدا لىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا سۆزلىدى.

pʰilastʰikʰop ئى. [ر] (плоскогубцы) ئامبۇر.

pʰilastʰinkʰa ئى. [ر] (пластинка) فاتىفون، VCD قاتارلىقلارنىڭ ئاۋاز ياكى كۆرۈنۈش ئېلىنغان تەخسىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: نېپىز تاختا؛ پېرتىۋال؛ ناخشا تەخسىسى، نۇرغا سېزىمچان تاختا؛ ئېينەك تەگلىك تاختا؛ قەۋەت؛ يوپۇرماق، ياپراق شەكىللىك نەرسە؛ ھەرىكەتچان يالغان چىش.

pʰilaʃ ئى. [ر] (плащ) كۆزلۈك ئۇزۇن چاپان. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يامغۇرلۇق چاپان، خالات.

pʰilitʰɛ ئى. [ر<فران] (plate > плита) پىلىتا، يەنى كۆپ ئېغىزلىق چۇيۈن قاپقاقلىق ئوچاق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تاختا، تاختا ماتېرىيال، مۇنبەر، تەكشى تاختا، مېتال تاختا، تاش تاختا؛ دۈگىلەك ئېغىزلىق مېتال تاختىلىق ئوچاق.

pʰilitkʰa ئى. [ر] (плитка) ھېيلە-مىكىر؛ تاكتىكا. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تاختا، تەكشى تاختا؛ كېسەك، خىش، چىنە خىش؛ ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان كىچىك ئوچاق.

pʰinɛxtʃʰɛ رەۋ. (تاماكا ئوراشقا قارىتا) پىنەك يۆگىگەن شەكىلدە بىر ئۇچىنى ئىنچىكە يەنە بىر ئۇچىنى توم قىلىپ ئورىماق.

pʰinni mɛʃ ئى. چوڭ تېپتىكى نان پىشۇرۇش ئوچىقى.

ت

tʰabɯχa رەۋ. [ئە] (طبع) تەبىئىي، كۆڭۈل تارتقۇچە، ئازادە، تارتىنماي، ئىختىيارىي. مىسال: تابىخا ئويناڭلار، هاراققا زورلىمايمىز.

tʰapʰan مىق. ◇ كۆلەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ ۋاقىت مىقدارىنى كۆرسىتىدىغان بىرلىك. مىسال:

davut buni nimgɛ seːp qʰojdi, ɦɛː, ɛtʰɛ buniŋʁɑ su øssɛ biː bɛʃ tʰapʰan qʰojuː bɛː dɛjdikʰɛndɛ jerim tʃʰaj bilɛn.

(داۋۇت بۇنى نىمىشقا سېلىپ قويدى، ھە، ئەتە بۇنىڭغا سۇ ئۆتسە بەش تاپان سۇ قويۇپ بەر دەيدىكەندە يېرىم چاي بىلەن.)

tʰapʰan su ئى. [كونا] كۆلەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ ۋاقىت بەلگىلەپ تۇتۇلىدىغان سۇ.

tʰap beʃi ئى. ئېتىز بېشى.

tʰaptʃʰankʰa ئى. [ر] (топчанка) ياغاچ كارىۋات. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تۆۋرۈكلەر ئارىسىغا تاختاي قويۇپ ياسالغان كارۋات. مىسال: ①ئىككى قەۋەتلىك، قاڭالتىر ئۆگزىلىك ياتاقنىڭ ئىككىلا قەۋىتىدە ھەر بىر ئۆيگە سەككىزدىن تاپچانكا قويۇلغان. ②شاخ-شۇمبىلاردىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان تاپچانكىلاردا مىلتىقلىرىنى يانلىرىغا قويۇشۇپ ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئويلىماقتا.

tʰaχtʰa bommaχ پ. [پ+ئۇ] (تختە) زىرائەتلەرنىڭ تەكشى بوي تارتىپ بولۇق ئۆسۈشى. مىسال: كۆرگەنسەن، چوڭ ئېتىزغا بەش خو بۇغداي چاچقان، تاختا بوپتۇ، ھەر باش، ھەر باش، غولى قاپقارا، بىر تالمۇ ئاپىخان، سۇلۇ يوق.

tʰaχtʰuʃ ئى. [پ+ئۇ] تامغا ياندالغان ئاسما تاختا. مىسال: قالغان يەرلەرگە پەنلەردىن تاختۇش ياساپ كىتابلارنى تىزىۋەتكەنىدى.

tʰaχtʰipʰuʃ ئى. [پ] (تختە) مېيىت يۇيۇش تاختىسى. مىسال: قېنى كېپەن؟ قېنى تاختىپۇش؟

tʰarantʃʰi ئى. تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق «تارى\تېرىق» (زىرائەت) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، «تېرىقچى، دېھقان» مەنىسىدە. ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىقتا ماھىر بولغاچقا جۇڭغارلار دەۋرىدىن تارتىپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

tʰarantʃʰi tʰumɯqʰɯ ئى. تارانچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاچىماق تۇمىقى.

tʰarantʃʰi doppʰisi ئى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى كىيىدىغان، قىزىل دوخاۋىدىن تىكىلگەن دوپپا، مانچېستىر دوپپا.

tʰarantʃʰi kʰøjnɛx ئى. تارانچىلارنىڭ مادادا ياقىلىق ئەنئەنىۋى كۆينەك پاسونى.

tʰaʁ pʰijaz ئى. تاغدا ئۆسىدىغان پىيازغا ئوخشايدىغان بىر خىل ياۋا كۆكتات.

tʰaːʁɯl amma ئى. ئالما سورتلىرىدىن بىرى، رەڭگى قىزىل ئارىلاش تارغىل كېلىدۇ.

tʰarlam سۆپ. (ئاتىنىڭ رەڭگىگە قارىتا) ئۇ يەر بۇ يېرىدە چېكىتى بار. مىسال: مەن بىر تارلام بوز ئات سېتىۋالدىم.

tʰaʃa ئى. ※سىرت، باشقا. مىسال:

islamjyz bizgɛ tʰaʃa ʒut boːʁaʃqʰa biz ulaːniŋ gepʰigɛ duqqʰɛt qʰɯːp

qʰɑlidikʰɛnmiz.
(ئىسلامىيۇزى بىزگە سىرت يۇرت بولغاچقا بىز ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەت قىلىپ قالىدىكەنمىز.)

tʰɑʃ ɑmmɑ ئى. ئالما سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، بۇ خىل ئالما كەپتەر تۇخۇمىچىلىك ئۇششاق بولىدۇ. قۇم تاش ئالما، سېرىق تاش ئالما دېگەن تۇرلىرى بار.

tʰɑʃqʰɑ:qʰɯ سۇپ. تاشقىرىقى.

tʰɑʃqʰanpʰɑ\tʰɑʃqʰanpʰɑj ئى. تاشنى ئۇشۇق ئورنىدا ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇن. مىسال: .biz kʰitʃʰikʰimizdɛ tʰɑʃqʰanpʰɑ ojnajttʰuχ
(بىز كىچىكىمىزدە تاشقانپا ئويۇنى ئويناپتتۇق.)

tʰɑʃ ɑmmɑ ئى. كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، مېۋىسى ئۇششاق كېلىدۇ. رەڭ ۋە باشقا ئالاھىدىلىكى بويىچە سېرىق تاش ئالما، قىزىل تاش ئالما، قۇم تاش ئالما دېگەن تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ.

tʰɑʃlɛpkʰɛ\tʰɛʃlɛpkʰɛ ئى. [ئۇ+ئە] غۇلجا شەھرىدە بىر بازار نامى، تاش دۇكان دېگەن مەنىدە. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا رۇسلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ ئورۇنغا ئەڭ دەسلەپ بىر تاش-خىشلىق دۇكان سېلىنغان ئىكەن. مىسال: تەشلەپكىدە يەنىلا دۇكانلار ئېچىلغان، بازاردا ئادەم مىغ-مىغ.

tʰɑŋʃurmɑχ پ. بەيگە، سەپەر ئالدىدا ئاتقا نەرسە يېگۈزمەي تەييار ھالەتتە تىك باغلاپ قويۇش. مىسال: ①ئاتلارنى تاڭشۇرۇپ قوي، ئەتە يەنە!- دېدى. ②مۇختەر باي ئېتىنىڭ غېمىدە، ئات تۇنۇگۇندىن بېرى ھېچنىمە يېمەي تاڭشۇرۇلغاندەك شىپپىدە بولۇپ كەتتى.

tʰɑŋqʰoraj ئى. تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا مېۋە.

tʰɑɲlimut ئى. گىلەم نۇسخىسىدا بېسىلغان كىگىز.

tʰalastʰopkʰa ئى. [ر] (толстовка) بەلباغلىق كالتە چاپان، ئۇ چىبەرقۇتتىن تىكىلىدۇ، ئالدى سېرىتمىلىق، تېگى بوغمىلىق، قايرىما ياقا، ئىككى تاشقي يانچۇقى بار. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تولىستويچى؛ خىزمەت كىيىمى، تولىستويچە چاپان.

tʰamtʰaʃ ئى. بېشى تاش ياكى چۆيۈندىن ياسالغان، ئۇزۇن ساپلىق، تۇتقۇچلۇق ئەسۋاب. ئۇ تام سوققاندا توپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى جايلاردا «سوقما تاش» دېيىلىدۇ.

tʰavuʃqʰa sa:maχ پ. سايلامدا ئاۋازغا قويماق. [قاينۇق]

tʰavi تىر. [ئە] تەۋە. مىسال: .u jɛ: qʰajnuqqʰa tʰavi (ئۇ يەر قاينۇققا تەۋە.)

tʰaj ئى. ①ئاتنىڭ بىر ياشلىق بالىسى. ②ئائىلىلەردە ئەتىۋارلىق ئوغۇل پەرزەند كىچىك ۋاقتىدا شۇ ئائىلىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن ئەركىلىتىلىپ «تاي» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: «تاي دادا، تاي ئاكا» دېگەندەك. بەزىدە ئوغۇللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «تاي» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىش بىلەن ئەركىلىتىش مەنىسى بىللە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «تۇرسۇنتاي، قۇربانتاي، ئالىمتاي»

دىگەندەك. ③چوڭلار كىچىك ئوغۇل بالىلارنى بەزىدە ئەركىلىتىپ «تاي» دەپ چاقىرىدۇ.

tʰajʁatʰadin majʁatʰaʁɯʧʰɛ رەۋ. ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىسى.

tʰajip ئى. [ئە] تائىپە. ◇①ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەر توپى، يەنى كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئەڭ يېقىن دوستلار بولۇپ، قورامىغا يەتكەندىن كېيىن رەسمىي تۈردە بىر توپ بولۇپ شەكىللىنىپ بىللە مەشرەپ ئوينايدۇ، ئۆمۈرلۈك دوست بولىشىدۇ. نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن ئەر-ئايال قوشۇلۇپ يەنە داۋاملىق مەشرەپ ئوينايدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا ئۆز تائىپىنىڭ ئادەملىرى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىرلىكتە ياردەملىشىپ بېجىرىدۇ. مىسال:

biz ʒigirmɛ tʰajip ilpʰɛttʰuχ. (بىز يىگىرمە ئاغىنە ئۇلپەت ئىدۇق.)

②يات ئاھالە تەبىقىسى.

tʰɛrɛŋgyʃ ئى. [پ+ئۇ] ئىلگۈچ، ئىلغۇر، بۇلاپكا (ئەدەبىي تىلدا بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «تەرەڭ» سۆزى بار بولۇپ، مەنىسى: قاتتىق تارتىلغان، پۇرلەشكەن ياكى بوش جايلىرى قالدۇرۇلماستىن كېرىلگەن).

tʰɛrtʰɛ ئى. ※ھارۋىنىڭ ئوقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.

tʰɛrkʰin سۈپ. ※توختام، تۇرغۇن. مىسال سۆز: تەركىن سۇ.

tʰɛskʰɛj سۈپ. ◇<كۆچ> خاراكتېردىكى ناچارلىق. مىسال:

mana bu seniŋ tʰɛskʰɛj tʰɛripʰiŋ. (مانا بۇ سېنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىڭ.)

tʰɛʃtʰɛx ◇[كونا] ئاش ئۇسلىدىغان ساپال جاۋۇر.

tʰɛxi ئى. تەكىيە، يۆلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇلۇق شەكىللىك ياستۇق.

tʰɛŋlɛ ئى. تەڭنە.

tʰɛŋliʧʰyx ئى. كىچىك تەڭنە.

tʰɛliŋkʰɛ ئى. تەلەڭگە، لىگەن. [قوغۇنچى]

tʰɛmsilɛn ئى. مەسلەن.

tʰopʧʰa ئى. ◇①ئاتنىڭ ئارقا پۇت يىلىكىنىڭ بېشى. ②گىرە، گىرەچە.

tʰopli: ئى. [ر] (туфли) ※توپلەي، يەنى ئاياللارنىڭ يازلىق خۇرۇم ئايىقى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئاياق، يېنىك لاتا ئاياق.

tʰoruχ ئى. ئات رەڭگى، يەنى قارامتۇل قىزىل، قىزغۇچ ئات.

tʰoʃkʰa ئى. [ر] (точка) <كۆچ>گەپنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: چېكىت، نۇقتا؛ ئورۇن، جاي؛ بولدى، پۈتتى، تامام. مىسال: gepʰiŋniŋ tʰoʃkʰisini diginɛ tʰola gɛpni uza:tmaj.

(گېپىڭنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېگىنە گەپنى تولا ئۇزارتماي.)

tʰoχtʰaʃlɯχ سۈپ. ئېغىر-بېسىق، ئۆزىنى تۇتىۋالغان.

tʰoʁan ئى. [قا] (tʰoʁan) ئۆستەڭ.

tʰoqʰa ئى. [قە] ئىپەك.

tʰoga ئى. تاۋار.

tʰo:qʰu tʰoga ئى. [قە] ئىپەك، تاۋار.

tʰoq etʰɛ: jeri سۈپ. نەق گەپ، گەپنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مىسال:

tʰoq etʰɛ: jerini dɛ gepʰiŋniŋ. (گێپێڭنێك مۆهەم یێرنی دێگەن.)

tʰoqqʰustʰara ئی. ناهیە نامی، تۆرکی تەللاردا بۆ سۆزنێك مەنسی «توققۆز تارام» (توققۆز ئێقەن) دێگەن مەنەدە.

tʰoqʰuma ئی. ※توقۆمچیلق فابریکسی.

tʰoqʰunaq qʰaʁa ئی. قۆزغۆن. مەسال: تێك یارنێك ئۆ یەر-بۆ یێریدە توقیناق قاغیلار ئۆۆیلیریدا قاقیلدیشاتتی.

tʰokʰu: tʰoj ئی. بوست قایتۆرۆلمایدێغان سۆننەت توی. [کان]

tʰoŋʁɯlaχ ئی. توڭلیغان توپا قێتیشمیسی. مەسال: پۆتیدیکی قێلین چەملیك ئۆتۆکینی توڭغیلاقلارغا ئۆروپ قویدۆ.

tʰoŋkʰaj ئی. ※کالا ئوشۆقی.

tʰoŋguz tʰopʰaχ ئی. <کۆچ> باللارنێك بیر-بیرنی قوغلیشیپ، ئێتتیریشیپ، بێسیشیپ ئوینایدێغان ئویۆنی.

tʰoŋur besip kʰɛtmɛx ئی. قیشتا سوغۆق هەم کیر دەستیدین قولنێك دۆمبیسینێك قاریداپ هەم یێریلیپ کێتیشی. مەسال:

qʰara, qʰolliriŋni tʰoŋur besip kʰetʰiptʰu, pakʰizraχ ʒusaŋ bommamdu.

(قارا، قوللیریڭنی توڭۆر بێسیپ کێتیپتۆ. پاکیزراق یۆساڭ بولمامدۆ؟)

tʰompʰuʃkʰa ئی. [ر] (тумбочка) کارۆات یێنیغا قویلیدیغان پەس ئیشکاپ.

tʰovur ئی. ئات، ئێشەکنێك بێشیغا کیدۆرۆلۆپ یەم بێریلیدێغان خالتا. بەزی جایلاردا «دوربا» دێیلیدۆ.

tʰutʰuχmaχ پ. ئۆڭی ئۆچمەك، دێمی ئیچیگە چۆشۆپ کەتمەك. مەسال: bu gɛplɛrni aŋlap u ba:ʁanseri tʰutʰuqʰup kɛttʰi.

(بۆ گەپلەرنی ئاڭلاپ ئۆنێك بارغانسێری دێمی ئیچیگە چۆشۆپ کەتتی.)

tʰutʰum qʰabilijɛt ئی. ئەستە تۆتۆش قابیلییتی، تۆتیۆیلیش قابیلییتی. مەسال: tʰutʰum qabilijitʰim jaχʃi. (ئەستە تۆتۆش قابیلییتیم یاخشی.)

tʰuʤurkʰa ئی. [ر] (тужурка) جێکیت، چاپان. مەسال:

ʃim tʰuʤurkʰa (ئیشتان-چاپان)

tʰuʤurum ئی. قارار، نییەت، بیرلیك. مەسال: ئۆ ئۆیلینیپ ئاندین بیر تۆجۆرۆمغا کەلدی.

tʰurapʰat ئی. تۆرق، هالەت.

tʰurʁuʃ ئی. (ئۆلەڭنێك) ئاهاڭ ئۆزگیریشی. مەسال:

uniŋ øziniŋ merʁulliri ba:, duttʰaniŋ merʁuli kʰɛ:gendex uniŋmu øziniŋ tʰurʁuʃ tʰurʁuʃliri ba:.

(ئۆنێك ئۆزینێك مەرغۆللیری بار، دۆتتارنێك مەرغۆلی کەلگەندەك ئۆنیڭمۆ ئۆزینێك ئاهاڭ ئۆزگیریشلیری بار.)

tʰusaχ ئی. ئیککی یاشلیق چیشی قوی.

tʰuʁ ɛtmɛx پ. سایلارنی توسۆپ سۆیینی باشقا تەرەپکە ئێقیتماق.

tʰuqqʰanlɯχ ئی. ◇تویدین کێیین قۆدیلارنی چاقیریدێغان چای؛ چیللاق، یۆزئاچقۆ.

tʰulup[1] ئى. موزاي ياكى قوينىڭ پۈتۈن تېرىسىدىن ياسالغان قىمىز قاچىلايدىغان
قاچا. مىسال: bizniŋkʰigɛ bygyn bir tʰulup qʰɯmiz kʰɛldi.
(بىزنىڭكىگە بۈگۈن بىر تۇلۇپ قىمىز كەلدى.)

tʰulup[2] مىق. [كونا] 500 مو ياكى 50 خوغا باراۋەر يەر ئۆلچەم بىرلىكى. مىسال:
bu i̥kki jarim tʰulupluχ jɛː. (بۇ 1250 مو يەر.)

tʰumu ئى. [قە] (tumaʁu) زۇكام.

tʰumu pʰuʃqʰaχ ئى. زۇكام ۋە شۇ قاتارلىق ئۇششاق كېسەللىكلەر.

tʰun سۆپ. تۇنجى. مىسال: (بۇ مېنىڭ تۇنجى بالام.) bu meniŋ tʰunum.

tʰujam ئى. تۇن نىسبى، تۇن تەك بولغان چاغ. [جاغىستاي]

tʰøpʰi pʰɛnʤirɛ ئى. ئۆينىڭ تورۇسىدىن چىقىرىلغان ئالاھىدە ياسالغان دېرىزە.
مىسال: كېچىدە تۆپە پەنجىرىدىن چۈشۈشتىنمۇ ئاسان دەڭا!

tʰøpʰi tʰynyx سۆپ. ئۆينىڭ تورۇسىدىن چىقىرىلغان تۈڭلۈك.

tʰøt tʰoxtʰox سۆپ. سانى ئاز، تەسىرى تۆۋەن. مىسال: ①جۇڭشىئالىئاڭدەك بىر
گېنېرال تۆت توكتوك باندىتنى تازىلىيالمىسا، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك، ھاقارەتلىك
ئەمەسمۇ؟ ②بىز دېگەن تۆت توك-توك پارتىزان، ئورۇس مەسلىھەتچىلەرمۇ
ئۇخلىيالمىدى، مۇختەرباي!

tʰøzmɛx پ. ※ئۆگىنىپ قالماق، كۆنمەك. مىسال:
mɛn bu jɛːgɛ zadila tʰøzmidim. (مەن بۇ يەرگە زادىلا كۆنەلمىدىم.)

tʰøŋgirɛx ئى. ئەتراپ، ئۆپچۆرە، بىر دوقمۇش ئەتراپىدىكى مەھەللە رايونى.
مىسال: غېنى بولماي كىم، ئۇنىڭدىن ئېگىز كىم بار بۇ تۆڭگىرەكتە؟

tʰytʰyn ʒutmaχ پ. ئاچچىق يۇتماق، ھەسرەت چەكمەك، دىلى غەش بولماق.
مىسال: ئايدىن تۇتۇن يۇتقاندەك چوڭقۇر تىنىدى.

tʰyrgɛ ئى. ◇خاماندا پايخان قىلىنغان بۇغدايىنى تورتۇپ يىغىدىغان ئەسۋاب.
مىسال: ئىككى كىشى تورگىنىڭ يۇزىنى يەردە تاقاپ ئىككى تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ
توردۇ، تورگىنىڭ ئالدى تەرىپى ئارقان ئارقىلىق ئاتقا سۆرىتىلىدۇ.

tʰyrmɛl مىق. ◇باغلام. مىسال: ئۇ كەچقۇرۇن بوز ئېتىغا بىر تۇرمەل قاشقا
بېدىنى ئارتىپ، بېدىنىڭ ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ ئورغاقنى داپ قىلىپ، يەتتە
ئاۋۇشنىڭ ئەۋجىگە ۋارقىراپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى.

tʰyrym ئى. ◇تۇلۇقنىڭ چۆيۈن كۆزنىكى.

tʰyzgɛ oltʰaːmaχ پ. [قا] (tyzge otiriv) ھاجەت قىلماق، تەرەت قىلماق (سىپايە
تۇسى). قازاقچىدا «تۈز» سۆزى «دالا، سىرت» دېگەن مەنىلەردە، «تۈزگە ئوتىرىۋ»
سۆزىنىڭ ئۇدۇل مەنىسى «سىرتقا چىقىپ كىرمەك»).

tʰygyrmɛx پ. ناننى يۇمشىتىپ يېيىش ئۈچۈن نانىنىڭ بىر چېتىنى چىنىدىكى
چايغا ئاز-ئازدىن تەككۈزۈش.

tʰyŋmɛ ئى. تۈگمە.

tʰyŋmɛn ئى. تۈگمەن. مىسال:
tʰyŋmɛndin un kʰɛːsɛ jaχmamdu nanni, un kʰɛːmisɛ ʧʰapʰinimizni jaqʰɯmizmu.

(تۇگمەندىن ئۇن كەلسە ياقمامدۇ ناننى، ئۇ كەلمىسە چاپىنىمىزنى ياقمىزمۇ؟!)

tʰylɛx مىق. ◇①بۈركۈت، قۇرغۇي قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىنىڭ بىر قېتىم تۇك تاشلىغان مەزگىلى. ئادەتتە قۇرغۇي ئۈچ تۈلەك بولغاندا قۇشقا سېلىنىدۇ. ②‹كۆچ› قۇۋ، تۈلكە.

tʰepʰinmaχ پ. دەل جايىنى تاپماق، نەقلىمەك. مىسال: (قوشاق)

dyʃmɛn ʧʰɯχti jepilip,
sadir attʰi tʰepʰinip.
dalda qʰɯlʁan qʰara tʰaʃ,
ʤugamni aldi jepʰinip.

(دۈشمەن چىقتى يېپىلىپ، سادىر ئاتتى تېپىنىپ.
دالدا قىلغان قارا تاش، جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.)

tʰetʰimɛj رەۋ. ئۆلەرمەن، جانغا تۆرەيدىغان. مىسال: ـ ماڭا ئەمدى شۇ تېتىمەيلەنىڭ تەرتىنى تۆكۈش قاغان، ـ دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ.

tʰermus ئى. [ر<گرېك] (thermos>термос) چايدان.

tʰeʃɯqʰɯmaχ پ. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىنى تاش يالاپ كەتمەك.

tʰeqʰɯmʧʰi ئى. ئوغلاق تارتىشتا ئوغلاقنى تېقىمىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ قاچقۇچى چەۋەنداز. مىسال: بۇ مەھەللىنىڭ نە يارامىلىق ئاتلىرى، نە يارامىلىق تېقىمچى يىگىتلىرى قالمىغان چېغى، ئۇن نەچچە ئوغلاقچى ئۆلگۈدەك تېپىرلاپمۇ ئوغلاقنى مەھەللىگە ئەكېلەلمەي تارتقۇزۇپ قويدى.

tʰekʰɛs ئى. ناھىيە نامى، «تەسكەي» دېگەن مەنىدە.

tʰekʰimɛt ئى. گۈل بېسىلغان كىگىز.

tʰenɯqʰɯmaχ پ. ①ياتسىرىماق، ئۆزىنى قاچۇرماق. ②يوغانچىلىق قىلماق، ياقتۇرماسلىق، يىرگەنمەك ③باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلىمەك.

tʰitqʰɯlimaχ پ. ئاختۇرماق، كوچىلىماق. مىسال: ئۇ يانچۇقلىرىنى خېلى ئۇزۇن تىتقىلاپ، ئاخىرى بىر تىيىن، ئىككى تىيىنلىق پۇللارنى تېپىپ چىقتى.

tʰirpʰattʰa ئى. ئاتنىڭ يورغىدىن قوپالراق، قاتراشتىن سىلىقراق مېڭىش ھالىتى. مىسال: (بۇ ئاتنىڭ تىرپاتتاسى بار.) bu atniŋ tʰirpʰattʰasi baː.

tʰirkʰɛʃ ئى. ساپاننى بويۇنتۇرۇققا ئىلىپ قويىدىغان تېرە ئاغامچا.

tʰiriʃ سۈپ. سەت، پاسكىنا.

tʰirix saz ئى. سازەندىلەر نەق مەيداندا چېلىۋاتقان مۇزىكا.

tʰirikʰa ئى. بىر خىل رەخت نامى. مىسال: ①ئون مېتىر ئۇرۇس تىرىكىسى، ئۈچ مېتىر مەخمەل، يېپ ـ يېڭى چەكمەن، مەسكاپ ئۆتۈك، ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ... ئىلاھىم قولىغا كۆيدۈرگە چىقار. ②ئۇچىسىغا ماشرەڭ تىرىكىدىن چىرايلىق ھەربىچە كىيىم كىيگەن ئىدى.

tʰizlamʧʰa ئى. ※باغ باغلىغاندا بىر پۇتقا كىيىلىدىغان تىزلىق.

tʰizvasqʰa ئى. تويدا ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ قۇدىلارغا سوغا قىلىدىغان كىيىملىكلىرى. بەزى جايلاردا «چۆرۈلمىلىك» دېيىلىدۇ.

tʰiluʁa dɛzmal saːmaχ پ. گەپنى ئويلىشىپ قىلماق، يامان سۆزلەرنى

ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش. مىسال:

aʁziŋni buzma， tʰiliŋʁa dɛzmal selivetʰip gɛp qʰɯl.

(ئېغىزىڭنى بۇزما، تىلىڭغا دەزمال سېلىۋېتىپ گەپ قىل.)

tʰinɯχmaχ پ. ئۆزىنى قاچۇرماق، ئارام ئالماق.

tʰijin ※پۇڭ، يەنى بىر يۈئەننىڭ 100 دىن بىرى. مىسال:

bu kʰitʰapniŋ baɦasi on som ɛllix bɛʃ tʰijin.

(بۇ كىتابنىڭ باھاسى ئون بەش يۈەن بەش مو بەش پۇڭ.)

## ج

ʤarapʰaza سۈپ. قۇرۇق، ئوشۇقچە، تۇترۇقسىز، قالايمىقان. مىسال:

ʤarapʰaza gɛpliriŋni qʰojʁɯna boldi. (قۇرۇق گەپلىرىڭنى قويغىنا بولدى.)

ʤarkʰop\ʒarkʰop ئى. [ر] (жаркое) [كونا] قورداق، ياڭيۇ قورۇمىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئىسسىق قورۇما. [قاينۇق]

ʤarimaχ پ. [ئە+ئۇ] يۆكسەلمەك، ئىلگىرى باسماق. يەنە *ʤaritʰivɛtmɛx* شەكلى بار بولۇپ، «ۋايىغا يەتكۈزمەك، ھەممە ئىشنى جاي-جايىدا قىلماق» مەنىسىدە.

مىسال: bilimiz, u χɛχmu ʤarip tʰuːʁɯni joχ.

(بىلىمىز، ئۇ كىشىلەرمۇ بەك يۈكسىلىپ تۇرغىنى يوق.)

ʤaʁdaj ئى. [قا] (ʤaʁdaj) ئەھۋال، ھالەت، شارائىت.

ʤaʁɯstʰaj ئى. [م] (ʤɯʁasutʰaj) يەر نامى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: بېلىقلىق، بېلىق كۆپ جاي.

ʤaŋʤuŋ [خەن] (将军) [كونا] ئى. گېنېرال، جاڭجۇن. مىسال: -ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئالا بايتال دېگەن جاڭجۇڭ بىلەن بىللە ئەپيۇن چېكىدىغان قاشقالىق-دە!

ʤaŋza ئى. [خەن] (毽子) تەپكۈچ.

ʤaŋgyjdɛ ئى. [خەن] (掌柜的) [كونا] ①خوجايىن. مىسال: ساۋۇت، ئالىم، ئەكبەر، ئەزىز بەشىمىز ئوغرىنى كۆرگىلى يۈگۈرۈشۈپ كەلسەك، دۆڭشوپاڭنىڭ جاڭگۈيدىسى بىزنى كىرگۈزمىدى. ②<كۆچ> ئائىلە باشلىقى.

ʤala ئى. ◇①ئاياللارنىڭ قوشۇمچە ئۇلانغان يالغان چېچى. ②دەل-دەرەخلەرنىڭ يېگىدىن كۆكىرىپ چىقارغان پۆپۈكى. مىسال: ئەتراپ ياشىرىشقا باشلىغان، قىرلار كۆكەرگەن، سۆگەتلەر جالا سالغان، تۇرغايلار چۇۋۇلدىشىپ، مۇڭلۇق سايرىشىپ ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلمەكتە.

ʤaldaχ سۈپ. كاتاڭ، چوڭقۇر. [قوغۇنچى] مىسال:

maʃinaŋni bajqʰap ɦɛjdɛ, doχmuʃtʰa ʤaldaχ baː.

(ماشىناڭنى بايقاپ ھەيدا، دوقمۇشتا كاتاڭ بار.)

ʤallap baziri ئى. [ئە+پ] (بازار+جلد) تېرە، يۇڭ بازىرى.

ʤalun ئى. [ر] (жалование) [كونا] ئىش ھەققى، مائاش. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا مەكتەپلەر مۇئەللىملەرگە مائاش ئورنىدا تارقىتىدىغان رەخت، چاي، قەنت قاتارلىقلار. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: مائاش.

ʤamaʁul ئى. تاغ پىيىزى. قوغۇنچى يېزىسىغا ئىلگىرى جامانقۇل ئىسىملىق

بىر قازاق كىشى تاغ پىيىزى سېتىپ كېلەتتىكەن، كېيىنچە تاغ پىيىزى بۇ يېزىدا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ قاپتۇ.

ʤanʁa tʰørɛjdɯʁan سۈپ. [پ+ئۇ] (جان) جانغا جاپا، ئۆلەرمەن، كىشىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان.

ʤanim ئى. [پ+ئۇ] (جان) جېنىم. مىسال: جانىم، ئاسىيە ئابىستەينىڭ ئازىلىق تەۋەررۇكى، سېنى مەن ئۆزۈمنىڭ پولكىغا ئەكىتىمەن!

ʤavaŋ\ʤɛvɛn ئى. ھارۋىنى ئات-ئېشەككە قېتىش ئۈچۈن بوغىنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان تاسمىلىق ياغاچ ئۆلىغۈچ.

ʤav ʤav سۈپ. جاۋىلداق، كاسكا، تولا سۆزلەيدىغان.

ʤɛ باغل. [م] (ʤɛ) ياكى، يا. موڭغۇلچە مەنىسى ئوخشاش. مىسال:

ɦazir ba:saŋ ʤɛ ba:, ʤɛ joχ u. (ھازىر بارساڭ يا بار، يا يوق ئۇ.)

ʤɛ پ. [م] (ʤɛ) بولدى قىل. موڭغۇلچە مەنىسى: خوپ، بولىدۇ، ماقۇل. مىسال: ʤɛrɛj, ʤɛsɛŋʧʰu. (بولدى قىل، بولدى قىلساڭچۇ.)

ʤɛzχo: ئى. ◇<كۆچ> جازانخور، يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز پۇل تارقاتقۇچى.

ʤɛxʤɛx qʰɯmmaχ پ. توشقاننىڭ تىپىرلاپ قوتۇلۇشقا ئورۇنۇشى. مىسال: ياكى ئىت ئۇ (توشقان) نى بوغىدۇ، ياكى چوماق تېگىدۇ، ئۇ بىچارە پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ جەك-جەك قىلىدۇ، دېھقان پىچىقى ئۇنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ ئاۋازىنى ئۆچۈرىدۇ.

ʤɛldix ئى. ئىگەرنىڭ ئىچكى توقۇمى.

ʤɛnzinan ئى. [خەن+پ] ھورنان. [كان]

ʤɛvɛndɛ ئى. بوغداي، قوناق ياكى ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر ئۇنىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر ياكى ئۇنىڭدىن يېقىلغان نان.

ʤɛjnɛx سۈپ. ◇(يەرگە قارىتا) ئۆلچەمسىز، بۇلۇڭلۇق. مىسال:

doχmuʃtʰa bir ʤɛjnɛx jɛ: ba:, saŋa satʰaj, alamsɛ:.

(دوقمۇشتا بىر پارچە يەر بار، ساڭا ساتاي، ئالامسەن.)

ʤoʁdaj ئى. ◇خورازنىڭ بويۇن تۈكى.

ʤuduni qʰorumaχ پ. ئاچچىقى كەلمەك، نەپرەتلەنمەك. مىسال: جەمئىيەتتە جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان شۇنداق كىشىلەر بار، يۈزىنى ئابدۇخالىقنىڭ چەمىدەك قىلىپ قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ باشقىلارنىڭ ئولتۇرىشى، ئويۇن-كۈلكىسىگە شېرىك بولىۋالدىغان، تۇرۇپ جۇدۇنۇم قورىدى.

ʤuʁruχmaχ پ. تىترىمەك، شۈركەنمەك. مىسال:

tʰenim ʤuʁruqʰup tʰurudu. (تېنىم شۈركۈنۈپ تۇرىدۇ.)

ʤugu پ. يۈگۈر، ماڭ، كەت. مىسال:

maŋɛ ʤugu, berip akʰaŋni ʧʰaqʰɯrip kʰɛ:.

(ماڭ، بول، بېرىپ ئاكاڭنى چاقىرىپ كەل.)

ʤugur ئى. ئاققوناق، سۈپۈرگە قوناق، گاۋلىئاڭ. [قاينۇق]

ʤuldu kʰɛtkʰɛn سۈپ. جۇلدارىغان، كونىرىغان، ئادەت بولۇپ قالغان، ئېرسىيەت قالغان. مىسال:

ʤuldu kʰɛtkʰɛn kʰesɛl bu. (بۇ كونىراپ كەتكەن كېسەل.)

ʤulʁumaχ پ. ①ئىت، مۈشۈك قاتارلىقلارنىڭ تۈك تاشلىشى. ②كۆچەپ سىلكىنىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتمەك.

ʤuluʁɯ ʧʰɯqʰɯp kʰɛtmɛx ئى. كونىراپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتمەك، يىرتىق-ياماق بولۇپ كەتمەك. مىسال:

ʤuluʁɯ ʧʰɯqʰɯp kʰɛtkʰɛn maʃinikʰɛn bu, rimutχanidin kʰelɛmmɛjla kʰɛttʰim zadi.

(بۇ بەك كونىراپ كەتكەن ماشىنا ئىكەن، رېمونتخانىدىن زادىلا كېلەلمەي قالدىم.)

ʤøl سۈپ. جۇل، كونا، ناچار. مىسال:

kʰijimlirimiz ʤøldɛp kʰɛttʰi. (كىيىملىرىمىز كونىراپ كەتتى.)

ʤøn سۈپ. [قە] توغرا، دۇرۇس («جۆندەش» سۆزىنىڭ يىلتىزى). مىسال:

baːʁɯnimiz ʤønʁu ɛmdi, adɛm etʰip ʧʰaqʰɯrʁandikʰin.

(بارغىنىمىز توغرىغۇ ئەمدى، ئادەم ئېتىپ چاقىرغاندىن كېيىن.)

ʤylmɛrimɛx پ. كىيىم-كېچىكى كونىراپ كەتمەك: بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماق. مىسال: bitʃʰarɛ ballirimniŋ ystʰiveʃi ʤylmɛrɛp kɛttʰi.

(بىچارە باللىرىمنىڭ ئۈستى-بېشى كونىراپ كەتتى.)

ʤyminden ئى. [خەن] (居民点) ئولتۇراق ئۆي ئۈچۈن كېسىلگەن يەر، جايلىق يەر.

ʤyn ئى. ئاق ھاراق. مىسال: -بۇ نېمە ئۈكام؟ - نېمە بولاتتى، جۇن!

ʤent ئى. تېرىق، شېكەر، ماي، ئىرىمچىك قاتارلىقلاردىن ياسالغان تاتلىق يېمەكلىك. مىسال: داستىخاندا توغرالغان كۆمبە، بوغۇرساق، قورۇت ۋە توغرالغان قېزا، قايماق، سېرىقماي، ھەسەل، جېنتلار پەيدا بولدى.

ʤerɛn\ʤirɛn ئى. قوڭۇر قىزىل رەڭلىك ئات. مىسال: قوغلىغانلارنىڭ بىرى يۈگۈرۈك جىرەن مىنگەن مۇختەرباي ئىدى.

ʤiʤilaχ سۈپ. جىدەلخور، يىغلاڭغۇ.

ʤir sijmɛx پ. قاتتىق قورقۇپ كەتمەك، قورققىنىدىن نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان بولۇپ قالماق. مىسال: شىنجاڭدا بىز خەلقنى جىر سىيدۈرەلەيدىغان ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولمىساق ھەممىسى بىكار!

ʤirʁulaŋ ئى. [م] يەر نامى. مەنىسى: جىرغاپ تۇرغا يەر، كىشىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىدىغان يەر.

ʤirʁumaχ پ. ئىچى-ئىچىدىن يايراپ كەتمەك.

ʤirɯldaχ ئى. باللار دۈۋلىتىپ ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك. بەزى جايلاردا «غىلدىرەك» دېيىلىدۇ.

ʤirim ئى. ◇بەلباغ، تاسما.

ʤirimaχ پ. سۇنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ ئېتىزغا تەكشى ئاقىدىغان قىلىش.

ʤirim baʁlimaχ پ. سۇ يۈزىنى نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتماق. مىسال: sulaː ʤirim baʁluʁandila u andin qʰajtip kʰelɛlidi.

(ئۇ سۇلار نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتقان چاغدىلا ئاندىن قايتىپ كېلەلىدى.)

ʤiɣdiʧ$^{h}$yx ئى. جىگدىچى قۇش.

ʤiŋgirdiŋ سۈپ. [خەن] (真正) ھەقىقىي.

ʤilɛ\ʤɛl ※①تەييار باغلاق (قوزىلار بىر يىپقا قاتار باغلىنىدۇ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تارتسىڭىز ھەممىسى بىراقلا يېشىلىدۇ). ②<كۆچ> قىلتاق.

ʤin t$^{h}$asq$^{h}$ɯmaχ ئى. جىن تەگمەك، جىن دارىماق.

ʤin q$^{h}$ɯʃq$^{h}$ɯriʃ\ʧ$^{h}$in q$^{h}$ɯʃq$^{h}$ɯriʃ ئى. [ئە+ئۇ] [كونا] (جن‌ى) كونىچە توي قائىدىلىرىدىن بىرى، توي كۈنى تۆت ئاقباش خوتۇن قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىدىن تۇتۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدۇ.

ʤivʤil\ʤiʤivil\ʤiʤivuj سۈپ. ئەپچىل، چاققان، چىرايلىق؛ مىجەزى ئىتتىك. مىسال: (چاققان يىگىتكەن بۇ.) u ʤivʤil ʒigitk$^{h}$ɛː.

چ

ʧ$^{h}$abdar ئى. ئات رەڭگى، يەنى يايلى، قۇيرۇقى ئاق ياكى قارا، ئۆزى قىزىل؛ قىزغۇچ سېرىق. مىسال: «تۇڭگان قاچ-قاچ» بوپتۇ دېگەن خەۋەرنى شەھەردىن كۆتەك ھارۋىسىغا قېتىلغان چابدار بايتالنى ئۆكىرەڭ تاشلىتىپ قېچىپ چىققان زۇليا كاسكا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ھەممە ئادەمگە يەتكۈزدى.

ʧ$^{h}$apʧ$^{h}$al ئى. ئەسلىدە چاپچال ناھىيە كان يېزىسىنىڭ چاپچال مازار كەنتىنى كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردە جوڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش، ئېغىر چاپ-چاپ بولغان، كېيىنچە «چاپ-چاپ» سۆزى شۇ يەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان، تاۋۇشى ئاستا-ئاستا «چاپچال»غا ئۆزگەرگەن دېگەن قاراش بار. چاپچال ئۆستەڭنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەل مۇشۇ كەنتتە. ئىلگىرىكى سۈنبۇل ناھىيىسى ھازىر بۇ نام بىلەن ئاتالماقتا. بۇ سۆزنى يەنە «چېپىلغان شەكىلدىكى يانتۇلۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق سۆز دەيدىغان قاراشمۇ بار.

ʧ$^{h}$apq$^{h}$ɯlimaχ پ. چېپىلىپ قويماق (مۈشۈكنىڭ قاچىدىكى سۈتنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋېلىشى، بالىلارنىڭ سۈتنىڭ قايماقلىرىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىشى دېگەندەك ئىشلار).

ʧ$^{h}$at$^{h}$ara\ʧ$^{h}$at$^{h}$ira ئى. چات، چاتراق. مىسال: ①-چاتىراڭنى سىلاپ باق، ئاختىلاپ قويمىغاندۇ ھا-ھا-ھا!... ②بۇقىنى پىچقاندا داغلىغاندەك داغلاپ، چاتارىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنىنىمۇ كۆردۈم.

ʧ$^{h}$aʤup ئى. ※تەختىراۋان، جىنازىغا ئۆلۈكنى سالىدىغان تاختا.

ʧ$^{h}$aʤuŋ q$^{h}$uruʃ پ. [خ+ئۇ] [كونا] ①جاڭ چېلىپ قارشى ئېلىش. (ئىلگىرى قىممەتلىك مېھمانلار كەلگەندە يۇرت ئەھلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا جاڭ چېلىپ چىقىپ قارشى ئالىدىغان ئادەت بارمىش). ②تويدا ئويۇن بولسۇن ئۈچۈن قىز تەرەپ يىگىتلىرى ئوغۇل تەرەپ يىگىتلىرىنىڭ ئالدىنى توسىدىغان ھەرىكەت. مىسال: قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى پەنجىملىك يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا چاجاڭ قۇرۇپ تۇرىۋالدى.

ʧ$^{h}$aʃq$^{h}$ɯrɯχ ئى. ※كالىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى قاتتىق سىڭىز.

ʧ$^{h}$arvaʁ ئى. [پ] (چەار باغ) ◇<كۆچ> بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن دەريادا ياغاچلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ قورشالغان دائىرە. بۇنىڭ بىر ئۇچىغا كۇنجۇر باغلاپ قويۇلىدۇ، بېلىقلار كۇنجۇتنى پۇراپ چارباغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تۇتۇلىدۇ.

tʃʰasnij ئى. [ر] (частный) پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: شەخسىي، يەرلىك. مىسال: تاتارچە سۆزلەيدىغان، چاسنىچە كىيىنگەن سېرىق چاچ، يوغان بۇرۇن ئادەم ئۇلارنى سوراق قىلدى.

tʃʰaʃkʰa ئى. [ر] (чашка) كۇرۇشكا.

tʃʰaʁum سۈپ. چاغلىق، تايىنلىق. مىسال:

①meniŋ biliduʁanlirim tʃʰaʁumlikʰɛ:.

(مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم تايىنلىق ئىكەن.)

②umu tʃʰaʁundi. (ئۇمۇ تايىنلىق ئىدى.)

tʃʰaχtʃʰa ئى. ①ناسىۋال قۇتىسى. ②سوقۇلىۋاتقان تامنىڭ ئالدى تەرەپ توساق تاختىسى.

tʃʰaχsa ئى. ◇ئاددىي ياغاچ ئىشىك. مىسال: ئۇلارنىڭ يېرىم كېچىدە تارانچى ئۆيىنىڭ چاقسىسىنى ئاستا ئېچىپ، مەھەللىنىڭ غەربىگە- تاشلىق سايغا چۈشىدىغان يولنىڭ بېشىغا ئالدىراپ-ھودۇقۇپ چىققىنىنى يولتۇزلاردىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى.

tʃʰaχtʃʰaχ ئى. ※ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خەلق تىل سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھازىرجاۋابلىق بىلەن نەق مەيدانغا قىززىق گەپ توقۇلىدۇ، تەكرارلانمايدۇ. چاقچاقنىڭ *تالاشتۇرما چاقچاق، چاچما چاقچاق، تەرجىمە چاقچاق، ياپما گەپ، تەتۈر سۆزلەش* دېگەندەك تۈرلىرى بار.

tʃʰaqqʰan bo:sun ئى. توي-تۆكۈنلەردە ئاياللار ئارىسىدا ۋاقتىدا كەلمىگەن مۇھىم مېھمانلارنى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالدىغا بالا ئەۋەتىپ «سىزنى چاقىقان بولسۇن دەيدۇ» دەپ تويغا قايتا ئۇندەش ئادىتى.

tʃʰaqʰu ئى. ئىلمەك، ئىلغۇچ.

tʃʰaŋqʰurun سۈپ. چاڭچىلىقاي، ئالدىراش، بېسىق: باش-ئايىقى چىقمايدىغان، ئىش تولا. مىسال: iʃim tʰolimu tʃʰaŋqʰurun bo:p kʰetʰip kʰelɛmmidim.

(ئىشىم تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كېلەلمىدىم.)

tʃʰala kʰørɛŋ سۈپ. ھالىغا باقماي كۆرەڭلەيدىغان، ماختانچاق، مەمەدان.

tʃʰaldu:maχ[1] پ. چارچىغان ئاتنى بىرئاز دەم ئالدۇرماق، دەم ئالدۇرغاچ ئوت-چۆپ يىگۈزمەك. مىسال: ئۇلار بىر دەڭگە چۈشۈپ ئاتلىرىنى چالدۇردى.

tʃʰaldu:maχ[2] ئى. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئەركەك-چىشىسىنى ئۆزئارا چېتىشتۇرماق.

tʃʰalmaχ ئى. ◇‹كۆچ› بىراۋنى گەپكە سېلىپ ئەخمەق قىلماق.

tʃʰam tʃʰapmaχ پ. ◇كىشى بېشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماق.

tʃʰanaʃ ئى. قىمىز ئېچىتىدىغان قاچا.

tʃʰanda ئال. ئۇزاقتا، ناگاندا، ئاخىرى. مىسال: (قوشاق)

ølmisɛm tʃʰanda kʰørɛ:men, tʰalliva:ʁan jarimni.

(ئۆلمىسەم چاندا كۆرەرمەن تاللىۋالغان يارىمنى.)

tʃʰavat ئى. بۆرتۈپ چىقىپ كەتكەن ھالەت. مىسال: مۇرىسىدىكى كەتمەن، گۈرجەكلىرى بەدەنلىرى بىلەن تەڭ تىترەشكەن بۇ ئادەملەر مەيدە-پاچاقلىرى چاۋات

بولۇپ كەتكۈچە ئوتقا قاقلىنىدۇ.

tʃʰavatnan ئى. يىتقا ئوخشاش نېپىز يېقىلىدىغان نان.

tʃʰavkʰa ئى. ※ساغرىسى چىپار ئات.

tʃʰavurup kʰɛtmɛx پ. ئوتتا كۆيگەندىن كېيىن بەدەن بۆرتۈپ چىقىپ كەتمەك، نان ياقىقاندا چالا پىشىپ نان يۈزىدە تۆشۈكچىلەر پەيدا بولماق.

tʃʰaj amma ئى. [خەن+ئۇ] كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى، ئۆزى چۈرۈك كېلىدۇ.

tʃʰajpʰɛʃ ئى. ※چاي ئوراپ قويىدىغان تۈگۈچ، چاي سالىدىغان رەخت ياكى تېرە خالتا.

tʃʰɛʃ sypʰyrgɛ ئى. خاماندا بۇغداي بىلەن ساماننى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك سۈپۈرگە.

tʃʰɛxmalχaj ئى. مالخاينىڭ بىر تۈرى.

tʃʰɛlpʰɛx ئى. پوشكال.

tʃʰɛn qʰoʃuχ ئى. ئۆلچەم قوشۇقى («چەن» سۆزى «چەنلىمەك» پېئىلىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «نىشان، ئۆلچەم» مەنىسىدە).

tʃʰɛntʃʰɛ:zɛ ئى. [خەن] (铲铲子) كىچىك ئوتىغۇچ.

tʃʰoq سۈپ. چوقۇر.

tʃʰoqqʰa ئى. ◇تاغ چوققىلىرىدا بولىدىغان قاتقان ئارىلاشما سېغىز توپا.

tʃʰoqʰu:tʃʰaχ\tʃʰoŋqʰutʃʰaχ ئى. قوناق ئۇنىدا قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق.

tʃʰoga ئى. چاۋا-چاتقال، يەر سۈپۈرگەندە يىغىلغان ئۇششاق ئوتۇن-چاۋالار.

tʃʰogalaʃtʰu:maχ پ. ئارىلاشتۇرىۋەتمەك، قالايمىقانلاشتۇرىۋەتمەك، ئاۋارە قىلماق.

tʃʰogalaʃmaχ\tʃʰuwalaʃmaχ پ. قالايمىقان، ئېگىز-پەس بولماق. مىسال: ئۇلار چۇۋالىشىپ ئاشخانىدىن غەرق مەست بولۇشۇپ چىقىشقاندا گۈگۈم ۋاقتى بولغان ئىدى.

tʃʰolaχ pʰima ئى. كالتە قونجىلىق پىما.

tʃʰolaχtʰerɛx ئى. يەر نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

tʃʰom ئى. ※ئېشەككە توقۇيدىغان توقۇم.

tʃʰomulmaχ پ. چۆمۈلمەك. [جاغىستاي]

tʃʰubat ئى. تۆگە قىمىزى.

tʃʰudʒuχ ئى. چوڭ مال ئۈچىيىگە قارا گۆشىنى تىقىپ، ئىسلاپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان يېمەكلىك.

tʃʰutʃʰulimaχ پ. تورغاينىڭ سايرىشى.

tʃʰuruŋqʰaj\tʃʰevirqʰaj سۈپ. تېرىككەك، سەپرا.

tʃʰuluqʰaj ئى. [م] (tʃʰoluχa) يەر نامى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: تاشلىق.

tʃʰøp ئى. ※ ئوت-چۆپ («ئوت» سۆزى ئايرىم قوللىنىلمايدۇ).

tʃʰøp utʃʰi [كونا] ئى. كونا جەمئىيەتتىكى دېھقانچىلىق باج تۈرلىرىدىن بىرى. مىسال: يەر بولمىسا باشقىلارغا مالاي بولسەن، يېرىڭ بولسا ئۇنىڭ جاپاسىنى

تارتىسەن، دەن تۆكىسەن، چۆپ ئۈچى تۆلەيسەن، تۆلىسەڭمۇ تۆلىمىدىڭ دەپ سولايدۇ تېخى!

ʧʰøpʰym ئى. باللار ئويۇنلىرىدىن بىرى، ئەتىيازدا چۆپ يېڭى ئۈسۈپ چىقىشقا باشلىغاندا باللار چۆپتىن بىر چىمدىن يۇلۇپ چاپىنىنىڭ پەش تەرەپ بۇلۇڭىغا تىقىپ قويىدۇ. دوستلىرى يولۇققاندا «چۆپۈم؟» دەپ سورايدۇ، دەرھال چۆپنى چىقىرىپ كۆرسىتەلىسە ئۇتقان بولىدۇ.

ʧʰørylmɛ\ʧʰørylmilix ئى. ※تويدا ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ قۇدىلارغا سوغا قىلىدىغان كىيىملىكلىرى. بەزى جايلاردا «تىزۋاسقا» دېيىلىدۇ.

ʧʰøkʰyrmɛx پ. ◇ئۆرۈق سالماق، تېرىماق. مىسال:

fiɛ: nim: bo:sa buʁdajni ʧʰøkʰyrivalduχ.

(ھەر نېمە بولسا بۇغداينى تېرىۋالدۇق.)

ʧʰømmɛx پ. <كۆچ> (سۇغا) چۆمۈلمەك. مىسال: [قاينوق]

dɛrjaʁa ʧʰømduχ. (دەرياغا چۆمۈلدۇق.)

ʧʰøjyn ʧʰiraχ ئى. [ر+پ] (чугун + چراغ) [كونا] چۆيۈندىن ياسالغان ماي چىراغ.

ʧʰyʤɛx ئى. چۆجە. مىسال: مەن ئىچمىدە كۈلدۈم: كۈچۈكى ئۈچۈن قانجۇقمۇ ئادەمگە ئېتىلىدۇ، مېكيان جېنىدا چۆجىكى ئۈچۈن ئىتقا ئېتىلىدۇ.

ʧʰyʧʰyn ئى. چۈسا. مىسال: (قوشاق)

ʧʰyʧʰynlyx pʰɛnlix øjdɛ, nazux ʤuvan jatʰidu.

(چۈچۈنلۈك پەنلىك ئۆيدە، نازۇك جۇۋان ياتىدۇ.)

ʧʰyʃɛx ئى. تۆشەك، يەنى يېتىش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇن-كۆرپە.

ʧʰyʃkʰyn qʰɯmmaχ پ. چۈشمەك، ئورۇنلاشماق: بېسىپ كىرمەك.

ʧʰynʧʰyn salivat ئى. ئىلى خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۈچلۈك فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە بىرىنىڭ نامى.

ʧʰɛstʰɛj سۈپ. [ر] (честный) پاكىز، تولۇق، كەم-كۈتىسىز. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: سەممىي، تۈز، پاك، پاكىز. مىسال:

gajniŋkʰilɛ: admɛtʧʰilix qʰɯliduʁanla: yʃ miŋ somʁa yʃ miŋ som qʰoʃup øjini ʧʰɛstʰɛj jasap ʧʰɯqʰɯrip qʰojivatqʰanla:mu ba:.

(بەزى ئادەمەتچىلىك قىلىدىغانلار 3000 سومغا 3000 سوم قوشۇپ، ئۆيىنى تولۇق ياساپ چىقىرىپ قويىۋاتقانلار بار.)

ʧʰɛʁɯni ʧʰaʁlimaχ پ. ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتماق، ئۆزىنى چاغلىماق. مىسال: ʧʰɛʁɯŋla:ni ʧʰaʁlap iʃ qʰɯ:saŋla: bolamdikʰi:.

(ئەھۋالىڭلارغا قاراپ ئىش قىلساڭلار بولامدىكىن.)

ʧʰeqʰɯn سۈپ. ※تاغ قىيالىرى، تاغنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان يارلىرى.

ʧʰekʰilɛlɛŋ bo:p ʒy:mɛx پ. لەلەڭشىپ يۈرمەك، لاغايلاپ يۈرمەك.

ʧʰelinmaχ پ. «چالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك شەكلى. يەنى ئاتقا قارىتا ئازراق بىر نەرسە يەپ ئارام ئېلىۋالماق. مىسال: ئات بىر دەم چېلىنىۋاسۇن، ئاندىن

ماگايلى.

ʧʰiʧʰatʰivɛtmɛx پ. <كۆچ> بەك قورقۇتۇۋەتمەك، قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتمەك. مىسال: مۆختەربايىنىمۇ چىچاتىۋېتەرمىكىن دىسەك ئازمان بولۇپ قالدى.

ʧʰiraχ jandurmaχ پ. <كۆچ> ①تويدا يىگىتنىڭ قولدىشى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىش. مىسال: سۇلتانبەگنىڭ قېشىدا چىراغ ياندۇرۇپ بېرىدىغان قولدىشى بولدۇ. ②ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوراسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش.

ʧʰirimdan ئى. يېڭى قاتقان نېپىز مۇز. مىسال:

muz ʧʰirimdan boːp qʰaptʰu. (نېپىز مۇز قېتىپتۇ.)

ʧʰigilɛnmɛx پ. باغلانماق، چىرماشماق، چىگىشلەشمەك.

ʧʰiŋgiz ئى. ※تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ.

ʧʰiŋgilimaʃ سۆپ. چىرمىشىپ كەتكەن، قالايمىقان.

ʧʰillaʃqʰa ئى. تويدىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنى چاقىرغان چىللاق. [سۆپتاي]

ʧʰimɛltʰɛx ئى. چىمچىلاق.

ʧʰimi ʧʰiŋ سۆپ. تېگى مۇستەھكەم، دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان، گېپىدىن يانمايدىغان. مىسال:

ʧʰimi ʧʰiŋ adɛm bu, ʧʰaj iʃkʰyzmɛj ʧʰɯqʰamajdu ɛmdi silɛːni.

(بۇ گېپىدىن يانمايدىغان ئادەم، ئەمدى سىلەرنى چاي ئىچكۈزمەي چىقارمايدۇ.)

ʧʰɛnɛ\ ʧʰinɛ ئى. چاقسىز سۆرەتمە هارۋا.

## خ

χaŋdu ئى. [خەن] (黄豆) سېرىق پۇرچاق.

χalastʰaj ئى. [ر] (холостой) ماشىنىنى خوتتىن چىقىرىپ هەيدەش، قۇرۇق خوت. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قۇرۇق ئايلىنىدىغان، توكسىز؛ بوش؛ يەككە ـ يىگانە، بويتاق؛ (هايۋانغا قارىتا) ئۇرۇقلانمىغان، قىسىر؛ (ئۆسۈملۈككە قارىتا) مېۋىسىز؛ ساختا، قۇرۇق.

χaltʰar سۆپ. قالتار، يەنى ئاق تۇمشۇقلۇق چىلان تورۇق ئات. مىسال: مۇنۇ خالتار ئاتنىڭ تىلى بولغان بولسا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

χalvaʃ ئى. خولۇپ ئاش.

χamar\maχar ئى. [م] (χamir) قاڭشار. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: بۇرۇن.

مىسال: aʧʧʰuʁumni kʰɛltʰyrmɛ, χamiriŋni eziwetʰimɛ bikʰaː.

(ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، قاڭشىرىڭنى ئېزىۋېتەمەن بىكار.)

χamtʰasma سۆپ. <كۆچ> بوشاڭ، بولۇمسىز.

χanaqʰumaχ پ. دەرگۇماندا بولماق، ئىككىلەنمەك: بىخۇتلاشماق. مىسال:

burunqʰɯ jezilʁan kʰopʰijɛlɛːni ʒitʰivɛtkʰɛn gɛptʰɛ, ɛslidikʰisini qʰajtʰip kʰelidu dɛpla χanaqʰap qʰaptʰimɛndɛ.

(بۇرۇنقى يېزىلغان كوپىيەلەرنى يىرتىۋەتكەن ئىدىم، ئەسلىدىكىسىنى قولۇمغا قايتىپ كېلىدۇ دەپ بىخۇتلۇق قىلىپ قاپتىمەن.)

χanajlaʃqʰan\χonajlaʃqʰan سۆپ. ئېسىنى سەل يوقاتقان، ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالغان.

χanpʰa ئى. تۈگمەننىڭ ئۇن چۈشىدىغان ساندۇقى.

χantʰaχtʰa ئى. تاماق ئۈستىلى، جوزا.

χεjvan ئى. [خەن] (海碗) چوڭ چىنە، ئاپقۇر.

χo مىق. [خەن] (斛) [كونا] ◇سەككىز مو ياكى تۆت پۇتقا تەڭ يەر ئۆلچەم بىرلىكى. مىسال: خۇدايىم بۇيرىسا خورىدىن ئۇن خودىن ئاشلىق ئالىمىز.

χop رەۋ. بەك. مىسال: خوپ كىچىك باللار ئۇلار.

χoʤa bekʰε ئى. [قا] (qʰoʤa bekʰε) ئايال خوجايىن، خوجايىننىڭ ئايالى.

χurʤa ئى. [كونا] دېھقان، پۇقرا. مىسال: ①-بۇ نىمىسى!، -دېدى غوجام خاپا بولۇپ، - سېپىل سوققانمۇ خۇرجا، ئۆستەڭ چاپقانمۇ خۇرجا، دەن تۆلىگەنمۇ خۇرجا، ۋابال ئەمەسمۇ خۇرجاغا! ②خۇرجا باللىرى ئالدىنقى سەپتە ئايلاپ-ئايلاپ مىلتىقنى قۇچاقلاپ تاشتا يېتىپ، سۇخار غاجاپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشىۋاتىدۇ.

χust ئى. [كونا] ھۆرمەت، ئىززەت، ئابروي. مىسال: سۇلتان پادىشاھنىڭ خۇستىنى بىز قىلماي كىم قىلسۇن.

χuʃpʰitʃʰim سۆپ. بوي-بەستى كېلىشكەن، چىرايلىق.

χuʃkʰεttʰi qʰummaχ ئى. ①ھۆرمەت شارابى تۇتماق. ②ئۇسسۇلغا تارتماق. مىسال: ئادىنوچكا راسا ئەۋجىگە چىققاندا، ئاسىيە غوجامنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشكەتتى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

χunχaj ئى. [م] (χonχu) يەر نامى، چاپچال ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قونماق، قونالغۇ.

χuvalɯχ سۆپ. يېرىم ئۇيقىلىق، چالا ئۇيقىلىق، ئېسىنى سەل يوقاتقان. مىسال: ساندۇقنى ئېچىپ مال-دۇنيانى تاغارغا تىقىپ ماڭغۇچە خۇۋالىق ياتقىنىمنى دېمەمدىغان.

χetʃʰiŋgir ئى. [خەن] (合成格) ئايالچە، قىشلىق، كالتە قونجىلىق، پۆپۈكلۈك ئاياق. خەنزۇچە مەنىسى: بىرىكمە پاشنىلىق ئاياق.

χidir ئى. ※چەك، ھەددى. مىسال:

uniŋ χediri eʃip qʰaptʰu. (ئۇ سەل ھەددىدىن ئېشىپ قاپتۇ.)

χirtʰiŋ sirtʰiŋ رەۋ. يېنىچە-قىرىچە. مىسال: ئۇ ئىمامغا خىرتىڭ-سىرتىڭ تەگمەكتە ئىدى.

## د

dapʰirusqʰa tʰatmaχ پ. سوراقتا تارتماق، سۇرۇشتۇرمەك.

daχeŋgε: سۆپ. [خەن] (大亨) ھاكاۋۇر، يوغانچى. مىسال: تولا داخېڭگەلىك قىلماي نېرى تۇر.

dada ئى. ئاتا (بۇ رايوندا چاقىرىش ئۈچۈن «ئاتا» سۆزى ئىشلىتىلمەيدۇ.)

dadamtʰu ئى. [م] يەر نامى، غۇلجا شەھرى ئەتراپىدىكى يېزا نامى.

daraŋga ئى. تاياق، توقماق. مىسال: مۈزغا داراڭگا ئاتقاندەك ئىش بولدى.

daq$^{h}$ɯratma ئى. لەگلەكنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇچقاندا شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن ئاۋاز چىقىرىدىغان قىسمى.

dak$^{h}$umunt ئى. [ر<فران] (document>документ) ھۆججەت، ماتېرىيال، ئىسپات. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ھۆججەت، ئىسپات؛ كىملىك؛ ئەسەر.

daŋk$^{h}$aŋ ئى. [خەن] (担筐) ئەپكەش-سېۋەت. بۇ 20-ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرى قوللىنىلغان سۆز بولۇپ، دېھقانلار ئەپكەشكە ئىككى سېۋەتنى ئىلىپ كۆتىرىپ ئوغۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇغان، بۇ قۇرۇلما شۇنداق ئاتالغان. مىسال: قىش بولسا داڭكاڭ كۆتىرىپ ئولتۇرۇپلا قالاتتىم.

daldaq$^{h}$ɯmaχ پ. ※دالدىلانماق. مىسال: قەغەزلىرى يىرتىلغان شالالىق پەنجىرىگە يەڭلىكنى نوغۇچ بىلەن تىرەپ قويۇپ ئاچچىق قىش شاماللىرىدىن دالداقايدىغان دېھقانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

dam ئى. «دادام» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، دادىسى بىلەن قۇرداش كىشىلەرنى ئاتىغاندا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قوللىنىدۇ. مىسال: ɛmɛtdam k$^{h}$ɛldi. (ئەمەت دادام كەلدى.)

damusk$^{h}$i سۈپ. [ر] (дамский) ئايالچە: مودا بولىۋاتقان. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئايالچە. مىسال سۆزلەر:

damusk$^{h}$i naχʃa, damusk$^{h}$i saat, damuski velsip$^{h}$it

(مودا ناخشا، ئايالچە سائەت، ئايالچە ۋېلسىپىت)

dami ئى. [خەن] (大煤) كۆمۈرنىڭ چوڭ دانىچىسى، داڭگال كۆمۈر.

davuz\daviz ئى. [پ] دەرۋازا.

dajimaχ پ. ※ئۆزئۆزىنى قامدىماق، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يەتمەك. مىسال: (ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدۇ.) ula: øzini øzi dajajdu.

dɛχʧ$^{h}$ɛ\dɛχʧ$^{h}$ɛx ئى. ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

dɛlɛlimɛx پ. دېيەلىمەك. مىسال:

k$^{h}$yjoʁul bʉt$^{h}$ʉn uruχ t$^{h}$uqq$^{h}$anliriniŋ ɦɛmmisigɛ salam beridu, bɛːgɛndik$^{h}$in q$^{h}$ejnat$^{h}$a q$^{h}$ejnana øzi bir nimɛ dɛlɛmɛjdu, bir vɛk$^{h}$il ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$ɯp jaχʃi ɯχlas, jaχʃi t$^{h}$ilɛklirini, t$^{h}$ɛlɛplirini k$^{h}$yjoʁulʁa q$^{h}$ojudu.

(كۈيئوغۇل پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە سالام بېرىدۇ، بەرگەندىن كېيىن قېينئاتا-قېينئانا ئۆزى بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. بىر ۋەكىل چىقىپ كۈيئوغۇلغا بولغان ياخشى ئىخلاس، ياخشى تىلەكلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.)

dɛdɛʃ q$^{h}$ɯmmaχ\t$^{h}$ɛt$^{h}$ɛʃ q$^{h}$ɯmmaχ پ. ئۆزىنى ئورۇنسىز ئاۋارە قىلماق، بىكاردىن سەتچىلىككە قالماق. مىسال:

øzɛŋlaːni dɛdɛʃ q$^{h}$ɯmmaŋlaː, q$^{h}$ɯz ɯχt$^{h}$ijari bilɛn k$^{h}$ɛldi didi.

(ئوشۇقچە ئاۋارە بولۇپ ئۆزۈڭلارنى سەتچىلىككە قويماڭلار، ئۇلار قىز ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قېچىپ كەلدى دېدى.)

dɛm ئى. تەم.

dɛmlix at ئى. ئوغلاق تارتىشتا ئاۋۋال دەم ئالدۇرۇلۇپ، سەل كېيىن توپقا

قوشۇلىدىغان ئات. مىسال: يول-يولدا توسوپ تۇرغان دەملىك ئات مىنگەن قوغلىغۇچىلارغا تۇتۇلماسلىق ئۈچۈن، ئىتىز ئارىلاپ يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى.

dɛjja ئى. دەريا.

dop ئى. توپ (تەنتەربىيە تۈرى).

doχupk$^{h}$a ئى. [ر] (духовка) پىرەنىك پىشۇرۇدىغان لېسلىق قۇرۇلما.

dorba ئى. خالتا: ئات، ئېشەكنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپ يەم بېرىدىغان خالتا، بەزى جايلاردا «توۋۇر» دېيىلىدۇ. مىسال: (تەمسىل)

q$^{h}$almaq et$^{h}$i jɛm jimɛs, jɛm jisɛ dorba t$^{h}$eʃɛr.

(قالماق ئېتى يەم يېمەس، يەم يېسە دوربا تېشەر.)

dozaχ ʃot$^{h}$isi سۈپ. <كۆچ> ئېگىز بويلۇق (چاقچاق تۈسى بار). مىسال: بۇرىغىنا تاماكاڭنى، دوزاخ شوتىسى!

doq$^{h}$a ئى. ◇سۆرەم سۆرىگەندە كالىنىڭ بوينىغا سالىدىغان ئەگىر ياغاچ.

doq$^{h}$aslimaχ پ. سىلكىنمەك، جالداقشىماق. مىسال: ھەيدە، ھەي ساراڭ شوپۇر، دوقاسلاتماي تۈز ھەيدە.

doq$^{h}$al ئى. ※پەسىل ئالمىشىش ۋاقتىدا بولىدىغان ھاۋا توقۇنۇشى ياكى جۇدۇن-چاپقۇن. مىسال: ئالدىرىمايلى سەيلىگە، ئالدىمىزدا دوقال بار. (قوشاق)

doɣvar ئى. [ر] (договор) توختام، كېلىشىم: زاكاس.

dolχaj ئى. گەجگە، پاتاڭ، شىللە. مىسال:

dolχijuɯʁa birni selividim t$^{h}$ix ʧ$^{h}$yʃt$^{h}$i.

(گەجگىسىگە بىرنى سېلىۋىدىم تىك چۈشتى.)

domba\dombu ئى. ياغاچتىن ياسالغان چاي قاچىسى: قورسىقى كىچىك چۆگۈن: سۇ تۇڭى.

duχovoj ئى. [ر] (духовой) پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: پۈۋلەپ چېلىنىدىغان، ھاۋا بېسىملىق، نەيچىلىك.

duvajni سۈپ. [ر] (двойной) رەختنىڭ كەڭلىكىگە قارىتا قوش قەۋەتلىك. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قوشماق، جۈپ.

dørɛ bommaχ پ. ①قۇشلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىدا قالغانلىرىنىڭ ئەتراپىتا دائىرە ھاسىل قىلىپ سايرىشىشى. مىسال: سەھەر تۇرۇپ تاغ قىرغاۋۇللىرىنىڭ دۆرە بولۇپ ئويناشلىرىنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلغۇسىز بىر مەشرەپنىڭ ئىشتىراكچىسى ھېسابلايسەن. ②سوپىلارنىڭ بىر كىشى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئاساسىي ئاھاڭنى ئېيتىشى، قالغانلارنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھۆكمەت ئېيتىش ھەرىكىتى.

dørɛ q$^{h}$ɯmmaχ پ. ئۆلۈم كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈم نامىزىغا كەلگەن جامائەتكە نەزىر ھېسابىدا ئاز-ئازدىن پۇل تارقىتىدىغان ئادەت. [قاش]

dørɛŋ\dørɛm قېتىم، نۆۋەت. مىسال:

bidini ʃɛgɛ ɛk$^{h}$irip berip bir dørɛŋ q$^{h}$onup q$^{h}$alduq mɛχsumniŋ øjidɛ.

(بىر قېتىم بېدىنى شەھەرگە ئەكىرىپ بېرىپ مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ

قالدۇق.)

døʃɛlgɛ ئى. دۆشە، گۆش ياكى كۆكتات توغرايدىغان كۆتەك.

dølɛj\dylɛj\t$^{h}$ylɛj سۈپ. دۆت، كالۋا، هاماقەت، ئەس-هوشى جايىدا بولمىغان.

dytmɛt سۈپ. قىلىن، گەپ ئۆتمەس.

dyʤyx\divʒyx ئى. [ر] (движок) بىنزىندىن توك هاسىل قىلىدىغان كىچىك قۇرۇلما، ماتور. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تىيىلىش تاختىسى؛ ياغاچ كۈرەك؛ ماتور، دۋىگاتىل. مىسال: ئابلاباي دىۋژۇك بىلەن نەچچە يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىلارنى يورۇتۇپ كۆل بويىنى كۈندۈزدەك قىلىۋەتتى.

dyr ʧ$^{h}$ɯq$^{h}$ɯp q$^{h}$a:maχ پ. تەڭ كېلىپ قالماق، تاقابىل تۇرىدىغان كىشى چىقىپ قالماق.

dyrk$^{h}$yn مىق. تۈركۈم، قېتىم، كەينى-كەينىدىن، نۆرغۈن، توپ. مىسال: ①بۇ بىرىنچى دۈركۈندى. ②دۈركۈن ئېتىلغان مىلتىقنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى.

dyrmydyr رەۋ. كەينى كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن؛ ئۈدۈلمۇ-ئۈدۈل، قارىمۇ-قارشى. (ئۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۈتمۈالدى.)① u dyrmu dyr ut$^{h}$uvaldi.

②mɛn uniŋ bilɛ: dyrmudyr o:t$^{h}$adim.

(مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈدۈلمۇ-ئۈدۈل ئولتۇردۇم.)

dyrykk$^{h}$idɛ رەۋ. تۇيۇقسىز، تەساددىپىي. مىسال:

dyrykk$^{h}$idɛ ba:saχ u nim: dɛp q$^{h}$ala:.

(تۇيۇقسىز بارساق ئۇ نىمە دەپ قالار؟)

dym k$^{h}$ømt$^{h}$yrmɛ gɛp ئى. تەتۈر گەپ، تەنە.

demi ʁɯza q$^{h}$ɯ:maχ پ. قورساقنىڭ ئاچلىقىنى ۋاقتىنچە باسقۇدەك ئازراق بىر نەرسە يەپ تۇرماق.

dɯχsirimaχ ئى. ①(كەپتەر قاتارلىق قۇشلارغا قارىتا) جۇپسىرىماق. ②<كۆچ> ئادەملەرگە قارىتا جۇپسىراپ كەتمەك (سەلبىي تۈس بار). مىسال: شۇنچە دىخسىرىغان بولسا مەھەللىدىمۇ جىقتىغۇ غىڭ-پىڭ قىلمايدىغانلىرى.

dirildɛx ئى. قول تراكتۇر.

diʃlo ئى. [تۈرك] (diʃli) تۆت چاقلىق، ئىككى ئاتلىق هارۋا. تۈرك تىلىدىكى مەنىسى: چىشلىق؛ چىشلىق چاق، چاق.

dik$^{h}$ilimɛx پ. ◇تىرەلمەك، جەينەك تىرەپ. مىسال: شۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىڭ ئەسكەر ماناس دەرياسى بويىدا يەرنى دىكىلەپ ياتىدۇ.

dilgiram ئى. [ر<ئىنگ] (telegram > телеграмма) سىمتاناپ تۆۋرۈكى، بەزى جايلاردا «ئىستولبا» دېيىلىدۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تېلېگراما.

dilmok ئى. تاغ نامى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا. بۇ سۆز «تۆگىنىڭ موكىسىغا ئوخشاش» ياكى «ئەمچەكلىك» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ.

dɪŋiz ئى. دېڭىز.

ر

ras: ajɛm ئى. هېيتنىڭ هارپا كۈنى، بۇ كۈنى ئەر-ئاياللار ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە ئۆلارنى يوقلاپ بارىدۇ.

ravʁaʃ ئى. [قا] (ravʁaʃ) تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭ غولى يۇمران، چۇچۇمەل بولۇپ، قوۋزىقىنى سويىۋېتىپ خام يېيىشكە بولىدۇ. بەزى جايلاردا «دۆشۈنە» دېيىلىدۇ.

rɛzmir ئى. [ر] (размер) كىيىم-كېچەكنىڭ چوڭ-كىچىكلىك نومۇرى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: چوڭ-كىچىكلىك، ئۇزۇن-قىسقىلىق، ئۆلچەم، مىقدار، دائىرە، سوممىا. مىسال:

ajuʁuŋizniŋ rɛzmi qʰantʃʰɛ. (ئايىقىڭىزنىڭ نومۇرى قانچە؟)

rɛsijlix ئى. [ر+ئۇ] روسىيەلىك، يەنى روسىيە تەۋەلىكىدىن ئىلىغا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار. مىسال: ياق، رەسىيلىكلەرنىڭ ئىشى، هازىر چېلەكلىكلەردىنمۇ نى-نى ئوغرىلار چىقىۋاتىدۇ.

rɛχmɛt tʰazim ئى. <كۆچ> نىكاھ توينىڭ رەسمىيەت-تەرتىپلىرىدىن بىرى، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇللۇق بەرگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر نەچچە چوڭ ياشلىق ئاياللىنى سوغا-سالاملار بىلەن ئەۋەتىپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ، بەزى جايلاردا «رازىلىق چاي» دېيىلىدۇ.

rubaʃkʰa ئى. [ر] (рубашка) ئاياللچە ئۇزۇن ئىچكۆينەك.

ز

za ئى. [خەن] (渣) ئۇۋاق كۆمۈر، توپا كۆمۈر. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تىرىپ، سارقىندى، چۆكۈندى، قالدۇق، كۇنجۇرە، تاشلاندۇق، داشقال: ئۇۋاق، ئۇۋۇندى.

zastʰap ئى. [ر] (застава) قاراۋۇلخانا. مىسال: ①سۇ بېشى داۋىنىدىن باشقا زاستاپلار شۇ كۈنىلا ئىشغال قىلىندى. ②گومىنداڭ بىر يېرىم ئىسكادىرون ئەسكەر بىلەن مۇداپىئە زاستاۋى قۇرۇپ تاغ ئېغىزىنى مۇداپىئە قىلماقتا.

zak ئى. [پ] ◇يېگىلى بولمايدىغان نەرسە. مىسال: ئالتە بالا هاك بىلەن زاك يەمدۇ؟

zakʰuskʰa ئى. [ر] (закуска) ئىچىملىك ئىچكەندە ئىشتەي ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان مەزەلەر. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: خام سەي؛ هاراق زاكۇسكىسى. مىسال: بىر دەمدىلا ئۇستەل قىممەتلىك يەرلىك زاكۇسكىلار بىلەن تولدى.

zamukʰajna ئى. [ر] (замкнуть) [كونا] توكنىڭ ئىككى تال سىمىنىڭ ئۆزئارا تېگىشىپ قېلىپ كۆيۈپ كېتىشى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئۈزۈش-چېتىش، ئۇلاش، تاقاش، باغلاش؛ ئايلىنىش، قورشاش. مىسال:

tʰox zamukʰajna boːp kʰɛttʰi. (سىم كۆيۈپ توك ئۈزۈلدى.)

zajomkʰa ئى. [ر] يەر نامى، غۇلجا شەھرىدە.

zɛrɛt ئى. زەرەتگاھ، قەبرىستانلىق.

zɛndʒir yzɛr سۆپ. شاش، چاپچىپ تۇرىدىغان، باشقۇرۇش قىيىن بولغان. بەزىدە «ئارقان ئۈزەر» دېيىلىدۇ. مىسال: ①ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇختەرباي رەھمىتى تولىمۇ زەنجىر ئۈزەر ئادەم ئىدى. ②مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق زەنجىر ئۈزەرلىكىگە ئامراق.

zor qʰɯːmaχ پ. چېلىشماق، كۈچىمەك، كۈچ چىقارماق، چېلىشىشنى باشلىماق. مىسال: چېلىشچىلار <قېنى، سەن زور قىل، سەن زور قىل> دەپ چېلىشنى باشلاپ كېتىدۇ.

پ. zor kʰɛːmɛx [تۆرك] قىيىن كەلمەك، تەس كەلمەك، قىينالماق. «زور» سۆزى تۆرك تىلىدا: قىيىن، تەس. مىسال:

iʃni χɛχ qʰɯlivassa, saŋa nimi zor kʰɛldi.

(ئىشنى خەق قىلسا، ساڭا نېمە تەس كەلدى.)

ئى. [ئە] zogal زاۋال، كۈن ئولتۇرىدىغان چاغ.

ئى. [ر] zipkʰa (зыбка) بوۋاقلارنىڭ ئاسما كارۋىتى، سەگەنچۈك. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: بۆشۈك.

پ. zidɛkʰimɛx بىزار بولماق. «زىدەكەپ كەتمەك» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

سۈپ. zidi jaman نىيىتى يامان، ئىچى قارا، تېگى يامان.

رەۋ. zɯʁɯrtʃʰilap زىرائەتلەرنى ئورغاق بىلەن ئورۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. مىسال: زىغىر ئوخشىغان، ئۇستىگە مالخاي تاشلىسا يەرگە چۈشمەيتتى. ئورغاق بىلەن دادىسى، مۇھاپىزەتچى ئۈچى زىغىرچىلاپ، چۆپلۈك يەرلىرىنى بىدىچىلاپ چاپتى.

ئى. zilydyj [خەن] [كونا] (自留地) قالدۇرۇق يەر. بۇ 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى قوللىنىلغان سۆز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدىكى كۆكتاتلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى. [ر] zimupkʰa (зимовка) قىشلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قىشلىق: قىشتىن ئۆتۈشكە لايىق جاي، سوغۇقتىن پاناھلىنىش ئورنى.

ئى. [ر] zivit (завести) ماشىنا ماتورىنى ئوت ئالدۇرۇش، سىگنال بېرىش. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ھەركەتلەندۈرۈش، ئوت ئالدۇرۇش؛ باشلاش، يېتەكلەش، ئالغاچ كېلىش.

## ژ

ئى. ʒut balliri تويغا مېھمان بولۇپ كەلگەن شۇ يۇرتتىكى ياش بالىلار.

پ. ʒygytmɛx يۇگۈرتمەك، تېزلەتمەك، ئالدىراتماق. مىسال:

ʃu iʃni ʒygytʰypla tʃʰɯχtʰim. (بۇ ئىشنى تېزلا پۈتتۈرۈپ چىقتىم.)

ئى. ʒymɛl جىگدەك قاتۇرمىسى. قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى قورۇپ جىگدەك چىقىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇن قوشىلىدۇ.

پ. ʒip atlap kʰɛtmɛx گەپنىڭ تېمىسىنى تۇيۇقسىز يۆتكەپ كەتمەك، قايمۇقۇپ تېمىدىن چەتنەپ كەتمەك.

ئى. ʒirtʰiʃ تويلۇق سۈپىتىدە تاپشۇرىلىدىغان ئەن رەخت.

ئى. ʒiɣ باش سۆڭىكى.

سۈپ. ʒiŋiʃkʰɛ ئىنچىكە.

ئى. ʒin ◇ئۇچەي. مىسال:

tʰola jɛp ʒiniŋ jerilip ølmɛ jɛnɛ. (تولا يەپ ئۈچىيىڭ يېرىلىپ ئۆلمە يەنە.)

## س

ئى. [ر] sabuʃkʰa (цепочка) سائەت بېغى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: توك يولى، يول؛ كىچىك زەنجىر؛ تەرتىپ، بىر يۈرۈش، بىر قۇر.

ئى. sapʰal ʧʰiraχ [كونا]. ساپالدىن ياسالغان كونىچە چىراغ.

sapsim [ر] (совсем) رەۋ. پۈتۈنلەي، ھەممىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: پۈتۈنلەي، تولۇق؛ مەڭگۈ: ھەرگىز، زادى. مىسال:

bula: sapsim men tʰonumajduʁan ademlɛːkʰɛː.

(بۇلار ھەممىسى مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر ئىكەن.)

sap yzym ئى. ئۈزۈم (بۇ رايوندا ئۈزۈمنى «ساپ ئۈزۈم»، ئۈجمىنى «شاخ ئۈزۈم» ياكى «دەرەخ ئۈزۈم» دەيدىغان تىل ئادىتى بار).

sarapʰan ئى. [ر] (сарафан) قىزلارنىڭ ئاسمىلىق يوپكىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: (رۇس ئاياللىرى كىيىدىغان) يەڭسىز كەڭ كۆينەك؛ يازلىق ئايالچە يەڭسىز كۆينەك.

saraŋ ʧʰeliʃ سۈپ. ساراڭ قىتىش.

sarmaj ئى. [قا] (sarmaj) سېرىق ماي.

saruʧʰin\ʃarʁuʧʰi ئى. [م] (ʃaribʧʰi\ʃarboχʧʰi) يەر نامى، توققۇزتارا ناھىيىسىدە. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: سار تۇرغان جاي.

saruʃkʰa ئى. [ر] (сорочка) كىيىمنىڭ مورە ۋە كۆكرەك قىسمىدىكى ئەستەر بىلەن تاش ئىچىگە ئېلىنىدىغان مەخسۇس توقۇلغان بىر خىل رەخت. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كۆڭلەك.

sarim amma ئى. [قە] يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

saz qʰummaχ پ. ◇<كۆچ> كىشىنى گەپ بىلەن ئەخمەق قىلماق. مىسال:

kʰimiŋni saz qʰɯlisɛː, nimɛ kʰøryp qʰaldiŋ meni.

(كىمنىڭنى ئەخمەق قىلىسەن، نېمە كۆرۈپ قالدىڭ مېنى؟)

saʁduɯqʰɯni asmaχ پ. غەزەپلەنمەك، ئۇرۇشۇشقا تەييارلانماق.

saqʰa ئى. ①ئوشۇق ئويۇنىدا باشقا ئوشۇقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئوشۇق. ②ئائىلىلەردە ئەتىۋارلىق ئوغۇل پەرزەنت شۇ ئائىلىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن ئەركىلىتىلىپ «ساقام» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇ سۆز دائىم ئىشلىتىلىپ شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: «ساقا ئاكا، ساقا دادا، ساقا بوۋا» دېگەندەك. ③چوڭلارنىڭ كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئەركىلىتىپ چاقىرىش سۆزى.

saqʰɯluʁa ot kʰɛtmɛχ پ. جىددىي ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق.

salaχ سۈپ. ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، تۇرمۇشى تەرتىپسىز.

saltʰiraχ ئى. قالدۇق. مىسال: ʃu kʰesɛlniŋ saltʰirɯqʰɯ baː tʰeχɯ.

(شۇ كېسەلنىڭ قالدۇقى بار تېخى.)

salʤimaχ پ. ※يۇرتتىن چىقىپ كەتمەك، مۇساپىر بولماق.

saldurmaχ پ. ئاتنى تېز-تېز يورغىلاتماق، بۆرە مېڭىشىغا سالماق. مىسال: ئۇلار ئاتلىرىنى سالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

salvaslimaχ پ. قەدەمنى چوڭ ئېلىپ تېز ماڭماق.

sandalmaχ پ. [قا] (sandaluv) ئۇ يەر بۇ يەرلەردە نىشانسىز مېڭىپ يۈرۈش، تەمتىرەپ يۈرمەك.

sanit$^{h}$ark$^{h}$a ئى. [ر] (сестера) ھەربىي دوختۇرخانىدىكى قىز سېستىرا. مىسال: شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ باتالىيونىدا سانىتاركا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام دەيمەن!

savaq ئى. يۇڭ ساۋايدىغان بىر جۈپ تاياق.

sajat پ. ئوۋچى. مىسال: (قوشاق)

q$^{h}$artʃ$^{h}$uʁɯdɛx bojuŋʁa boldum sajat jarijar.

(قارچۇغىدەك بويۇڭغا بولدۇم ئوۋچى، ياريار.)

sajaq salp$^{h}$a سۈپ. يالغۇز، يەككە-يىگانە.

sajram سۈپ. [قە] تېيىز سۇ. مىسال: (ماقال)

ja q$^{h}$ajnamdin tʃ$^{h}$ɯq$^{h}$aː, ja sajramdin. (يا قاينامدىن چىقار، يا سايرامدىن.)

sajʁat ئى. سايغاق، كالىنىڭ ئوقۇرەك سۆڭىكى بىلەن تېرە ئارىلىقىدا ياشايدىغان بىر خىل پارازىت قۇرۇت، ئۇ چوڭايغاندا كالا تېرىسىنى تېشىپ چىقىپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ.

sajʁatmaχ پ. سايغاقنىڭ تېرىنى تېشىپ چىقىش ئاغرىقىدا چىدىماي كالىنىڭ قېچىپ يۈگۈرۈشى، بەزى جايلاردا «ئوقۇرەك سېلىش» دېيىلىدۇ.

saj k$^{h}$ɛːmɛx پ. ※دەل كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك، ياپسار كەلمەك. بەزى يەرلەردە «سونۇ كەلمەك» دېيىلىدۇ.

sajmaχ پ. تەڭ كۆرمەك، تەڭ سانىماق. مىسال:

alɛ azni k$^{h}$øpk$^{h}$ɛ sajap. (ئالە، ئازنى كۆپكە ساناپ.)

sajuz ئى. [ر] (союз) ①سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى. ②ئىتتىپاق، جەمئىيەت، بىرلەشمە. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: بىرلەشمە، ئىتتىپاق. مىسال: oblaslɯχ jazʁutʃ$^{h}$ila: sajuziniŋ ɛzasimɛn.

(ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسىمەن.)

sajisɯʁa q$^{h}$arimaχ پ. ئۆزىنى ياساپ يۈرمەك، تەرزىنى تۈزمەك. مىسال:

u ʃundaχ sajisɯʁa q$^{h}$arap maŋidɯʁan adɛm.

(ئۇ شۇنداق ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان ئادەم.)

sɛptʃ$^{h}$i\sɛjtʃ$^{h}$i ئى. ※ئېتىز قىرىنى تۈزلىگۈچى.

sɛpk$^{h}$ilimɛx پ. تامچىماق، سېپىلمەك. مىسال:

aχʃam jamʁur sɛpk$^{h}$ilɛp øtt$^{h}$i. (ئاخشام يامغۇر تامچىلاپ ئۆتتى.)

sɛdilix ئى. خاسلىق، مىجەز، ئادەت، خۇسۇسىيەت.

sɛrʤan ①ئى. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئۆلچەش ئەسۋابى، شەكلى ئېچىلغان سېركۇلغا ئوخشايدۇ. مىسال: قولۇڭغا بىر يىل ئەمەل تېگىۋىدى، ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ بېغىمغا سەرجان سالدىڭ. ②ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇققا باراۋەر يەر ئۆلچەش بىرلىكى.

sɛrʤanlimaχ پ. ①يەر كۆلىمىنى سەرجان بىلەن ئۆلچىمەك. مىسال:

ɦojlaŋni sɛrʤanlajmiz, oʃuχ jɛːni dyjgɛ q$^{h}$ajt$^{h}$urisɛː.

(ھويلاڭنىڭ كۆلىمىنى ئۆلچەيمىز، ئوشۇق يەرنى ئەترەتكە قايتۇرىسەن.)

②ئى. <كۆچ> ئوتۇننى 50-60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تەكشى كېسىپ، رەتلىك

تىزىپ دۆۋىلەپ قويماق. مىسال:

otʰun digɛnni sɛrʤanlap besivɛttʰuχ, bir ʒil ʧʰestʰɛj jetʰidu.

(ئوتۇن دېگەننى كېسىپ بېسىۋەتتۇق، بىر يىل تولۇق يېتىدۇ.)

sɛrimɛs سۈپ. غەمسىز، غەم يېمەس، قېتىغا كەلمەس.

sɛrimɛχ پ. غەم يېمەك، غەم قىلماق، ئەنسىرىمەك.

sɛskʰɛ سۈپ. تېتىقسىز («سەسكەنمەك» سۆزىنىڭ يىلتىزى). [قوغۇنچى]

sɛkriʃ\sɛkrɛʃ ئى. [كونا] ئادەتتىكى ئەمگەك ۋاقتىدىن سىرت قوشۇپ ئىشلىنىدىغان ئەمگەك. بۇ سۆز 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى كومونا ۋاقتىدا ئىشلىتىلگەن. مىسال: bygyn kʰɛʃtʰɛ sɛkriʃ baː, ajdiŋda qʰonaχ yzymyz.

(بۈگۈن كەچتە ئىش ۋاقتىدىن سىرت ئىشلەش بار، ئايدىڭدا قوناق ئۈزىمىز.)

sɛxsɛx ①ئى. تېز يۈگرەيدىغان بىر خىل كىچىك هايۋان. ②سۈپ. <كۆچ> ئۆيمۇ-ئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدىغان. مىسال: (ماقال)

atniŋ jamini tʰɛpkʰɛx, χotʰunniŋ jamini sɛxsɛx.

(ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك، خوتۇننىڭ يامىنى سەك-سەك.)

sɛlijaχun ئى. ‹كۆچ› پۇل، يەنى ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قەغەز پۇل. مىسال: jantʃʰuχtʰa sɛlijaχun bommisa nimɛ qʰuːʁuni boludu dɛjsiz bu kʰynlɛːdɛ.

(يانچۇقتا پۇل بولمىسا بۇ كۈنلەردە نېمە قىلغىلى بولىدۇ دەيسىز.)

sɛmirmɛx پ. ◇<كۆچ> ئۇلغايماق، كۆپەيمەك. مىسال:

bygyn su χeli sɛmirip qʰaptʰu. (بۈگۈن سۇ خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ.)

sodur سۈپ. [قا] (sodïr) تەنتەك، كەپسىز. قازاقچە مەنىسى: تەنتەك، لۈكچەك.

soχmitʰaʃ ئى. بېشى تاش ياكى چۆيۈندىن ياسالغان ئۇزۇن ساپلىق، تۇتقۇچلۇق ئەسۋاب. ئۇ تام سوققاندا توپىنى چىڭدىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى جايلاردا «تامتاش» دېيىلىدۇ.

soχmaχ ئى. ◇چىغ سوقىدىغان ياغاچ توقماق.

sorun ئى. ※①خاماندا سورۇق سورۇيدىغان جاي. ②‹كۆچ› كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى. مىسال سۆزلەر:

sorun tʰyzmɛx, sorun qʰurmaχ. (سورۇن تۈزمەك، سورۇن قۇرماق.)

sostʰav ئى. [ر] (состав) تەركىب، دائىرە، سېستىما. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قۇرۇلما، تەركىب، ئەزا، بارلىق خادىملار، تەركىبىي قۇرۇلمىسى. مىسال:

①bu søzlɛː ujʁur tʰiliniŋ luʁɛt sostʰavuʁa kʰirip boldi.

(بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ بولدى.)

②ɦɛrqʰajsi χadimlaː øz sostʰavi bojitʃʰɛ kʰɛːsun.

(ھەرقايسى خادىملار ئۆز سېستىمىسى بويىچە كەلسۇن.)

soskʰa ئى. [ر] (соска) ئېمىزگە. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئەمچەك توپچىسى: ئېمىزگە: سۈلئاۋدىن ياسالغان يالغان ئېمىزگە.

soʁ ئى. سوغۇق. مىسال: ① bygyn kʰyn bɛx soʁ. (بۈگۈن هاۋا بەك سوغۇق.)

②tʰazimu soʁ ʧʰiraj adɛmkʰɛnʁu bu.

(تازىمۇ سوغۇق چىراي ئادەمكەن بۇ.)

soʁrun سۆپ. ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس.

soʁlaχ ئى. سوغۇق بۇلاق. چاپچال قاينۇق يېزىسىدا بۇلاق نامى.

soʁulmaχ ①(سۇ تەركىبى) ئازلاپ كەتمەك، تارتىلىپ كەتمەك. مىسال: bizniŋ k$^{h}$aliniŋ syt$^{h}$i soʁulup k$^{h}$ɛtt$^{h}$i.

(بىزنىڭ كالىنىڭ سۈتى سوغۇلۇپ كەتتى.)

②<كۆچ> قىسقىرىماق، يىگىلىمەك. مىسال:

①uniŋ p$^{h}$ut$^{h}$i baːʁanseri soʁulup k$^{h}$et$^{h}$ivat$^{h}$idu.

(ئۇنىڭ پۇتى بارغانسېرى يىگىلەپ كېتىۋاتىدۇ.)

②t$^{h}$øgɛq$^{h}$uʃniŋ q$^{h}$anit$^{h}$i soʁulup k$^{h}$ɛtk$^{h}$ɛndɛx u iʃlaːmu soʁulup k$^{h}$et$^{h}$ivat$^{h}$idu.

(تۆگە قۇشنىڭ قانىتى يىگىلەپ كەتكەندەك ئۇ ئىشلارمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.)

soŋdimaχ پ. ※پۇتىنىڭ سوڭى بىلەن دەسسىمەك، چەيلىمەك، چىڭدىماق؛ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كەلمەك. مىسال: ئۇلار سوقمىنىڭ نەم توپىسىنى سوڭدىماقتا ئىدى.

soldʒir سۆپ. مايماق، قىيپاش. يەنى ئۆي تېمىنىڭ سەل مايماق چىقىپ كېتىشىگە قارىتىلىدۇ.

som مىق. [ر<فران] (sum>сумма) پۇل بىرلىكى يۈئەن، كوي. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: مىقدار، پۇل سانى.

sonur سۆپ. ①كىشى ئىسمى. ②خوتەن دېئالېكتى، كۆچار ئېغىزىدىكى «يېتىم، قارى» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش ئاددىي كىشىلەرنى ئاتاش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مىسال:

ɦoj sonur, nimɛ dɛjsɛnoj. (ھەي، ئاداش، نېمە دەيدىغانسەن؟)

sonuː k$^{h}$ɛːmɛx پ. نەقمۇ-نەق كەلمەك، دەل جايىدا كەلمەك. بەزىدە «ساي كەلمەك» دېيىلىدۇ. مىسال:

bygyn iʃ t$^{h}$aza sonuː k$^{h}$ɛldi. (بۈگۈن ئىش تازا دەل جايىدا كەلدى.)

sojp$^{h}$aχ ئى. قوۋزاق.

sojla ئى. مال-چارۋىلارنى ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان چىۋىقتىن سەل توم ئۇزۇن تاياق، ھۆل تاياق. مىسال: ①مەن قولۇمدىكى سويلامنى ھاۋادا پولاڭلىتىپ مۇشۇ يايلاقنىڭ ئون يىللىق يىلقىچىسىدەك <ھايت-ھۇيت> دەپ ۋارقىراپ، نېرىقى چوققىدىكى بۆرىۋاي بىلەن توختىغا بەلگە بېرىپ قويىمەن. ②كەتمەن تۇتۇپ، سويلا تۇتۇپ، قەلەم تۇتۇپ چوڭ بولغان خەلق مىلتىقنىڭ زوۋۇانىنى بىلمەيمىزدە.

sup$^{h}$ar oq$^{h}$utmaχ ئى. نەزىر بېرىش، ياغ پۇرىتىش، قۇرئان ئوقۇتۇش. [قاينۇق]

supt$^{h}$aj ئى. [م] نىلقا ناھىيىسىدە يېزا نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى ھەققىدە «قۇندۇز كۆپ سۇ، يالغۇز تام، كۆپ ئېدىرلىق يەر، سۇ ئاز ساي» دېگەندەك قاراشلار بار.

supt$^{h}$aj tʃ$^{h}$eji ئى. [م+ئۇ] سۇپتاي يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغدا ئۆسىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن دەملەپ ئىچىلىدىغان تەملىك، دورىلىق چاي تۈرى. ئۇنىڭ *سۇپتاي چاي، بەش يوپۇرماقلىق چاي، سۇپتاي سۇدە چېيى، ئالتۇندەك سېرىق چاي، ئەسپەر چېيى* دېگەندەك بىر قانچە تۈرلىرى بار.

susɛn ئى. [خەن] [كونا] (疏 散) تارقاقلاشتۇرۇش، يېزىغا چۇشۇرۇش. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قوللىنىلغان سۆز.

sultʰanbɛɣ ئى. تويى بولۇۋاتقان يىگىت.

su mantʰisi ئى. تۆگۈر، جۇۋاۋا، بەنشىر.

suluχ ئى. ئېرىق، ئۆستەڭ سۇيى بىلەن تېرىلىدىغان، كۆكەرتىلىدىغان يەر، ئۆلكە يەر.

suvar رەۋ. [ر] (совершенно) ※سوۋارى، تامامەن، پۈتۈنلەي، ھەممە. مىسال:
etʰizlɯχni suvar su besip kʰɛttʰi.
(ئېتىزلىقنى پۈتۈنلەي سۇ بېسىپ كەتتى.)

suvarkʰa ئى. [ر] (сварка) كەپشەر. مىسال:
tʰox suvarkʰa, gaz suvarkʰa ɦɛmmini qʰɯlimiz.
(توك كەپشەر، گاز كەپشەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىمىز.)

su jaqʰɯlimaχ پ. ئېتىز سۇغۇرۇش، سۇ تۇتۇش.

søkʰyʃ ئى. ◇<كۆچ> تەنقىد.

sytlyx amma ئى. كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

sytligɛn ئى. ※سۈتلۈك ئوت.

syzme ɦaltʰisi qʰɯlivɛtʰmɛx پ. <كۆچ> ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەك.

sygɛn ئى. تۆگمەندە بۇغداي قويىدىغان جاي.

syŋgyʃ ئى. ※سۈندۈك.

sylɛj سۈپ. ※ئاۋاق، ئاجىز، تاماق يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان.

sylyx[1] ئى. مەسلەك، ئېقىم.

sylyx[2] ئى. بىر خىل قان شورىغۇچى ھاشارەت.

syngy ئى. ※نەيزە، مىلتىق نەيزىسى.

syjɛx ئى. [قا] (syjøk) سۆڭەك.

syjkʰynmɛx پ. [قا] (syjkønyv) يۆلەنمەك، تايانماق.

syjkʰymsiz سۈپ. [قا] (syjkïmsiz) يېقىمسىز، كىشىگە يېقىشلىق بولمىغان.

syjynmɛχ پ. [قا] (syjønyv) يۆلەنمەك، تايانماق.

serɯχ tʰykʰi tʰɛtʰyr tʰyrylyp kʰɛtmɛx پ. ◇<كۆچ> مۆزلىماق، توڭلىماق.

serɯχ etʰigɛ kʰiriva:maχ پ. ※ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالماق، قېتىغا كىرىۋالماق.

sezix ئى. ◇ئۆز گۇناھىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆز-ئۆزىدىن ئەنسىرىمەك. مەسىلەن:
seziɣi ba: sɛxrɛjdu, bɛzgiɣi ba: tʰitrɛjdu.
(سېزىكى بار سەكرەيدۇ، بەزگىكى بار تىترەيدۇ.)

sezin\sizon ئى. [فران<ر] (season>сезон) پەسىل، مەزگىل؛ مەلۇم كەسپىي ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان مەزگىلى. مىسال:
ɦazir bu iʃniŋ sizoni ɛmɛs. (ھازىر بۇ ئىشنىڭ مەزگىلى ئەمەس.)

sesimɛx ئى. بىر نەچچە ئوشۇقنى ئالقاندىن يەرگە تاشلاپ ئۇلارنىڭ چۈشۈش شەكلىگە قاراپ ئۇتۇپ ئوينايدىغان ئوشۇق ئويۇنى.

selisar ئى. [ر] (слесарь) ۋېلسىپىت، موتۇ قاتارلىقلارنى ئوڭشايدىغان رېمونتچى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: مېخانىك، تېخنىك، رېمونتچى. مىسال: بۇ سېلىسار يىگىت ۋالىبول ھەۋەسكارى ئىدى.

selina ئى. [ر] (целина) كونا شەھەردىن يېزىلارغا تارقاقلىشىپ چۈشۈش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە چۈشۈش. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: بوز يەر؛ ئادەم ئاياق باسمىغان جاي. مىسال:

ula: bu jɛ:gɛ selina bo:p ʧʰyʃtʰi. (ئۇلار بۇ يەرگە تارقاقلاشتۇرۇلۇپ چۈشكەن.)

sitʰalin kʰoʧʰa ئى. [ر] غۇلجا شەھرىدە كوچا نامى.

sitʰopkʰa ئى. [ر] (стопка) ئىستاكان، رومكا.

siʤaχ ئى. ※سىزىق، جىجىق.

siʤyɛn ئى. [خەن] (瓷砖) چاقچۇق، چىنە خىش.

siʤimaχ پ. سىزماق.

sɯχmaχ سۆپ. دىقماق، كالتە ھەم توم. مىسال: قىسقا، سىقماق پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ، زۇكۇندارلىق قىلاتتى.

sirkʰajɛ ئى. پىيالە، كىچىك چىنە.

sirkʰɛ ئى. [قە] ◇ئاچچىقسۇ.

sirkʰisi su kʰøtʰɛ:mɛjdɯʁan پ. گەپ ياكى چاقچاق كۆتەرمەيدىغان، تەبىئىتى نازۇك.

sɯʁɯldaχ\ʃɯʁɯldaχ\ʃɯqʰɯldaχ سۆپ. يەڭگىلتەك، ئويۇنپەز، مىجەزى يېنىك: مۇقىم مەيدانى يوق، تۇتامى يوق. مىسال:

u bir ʃɯʁɯldaχ χotʰun. (ئۇ بىر تۇتامى يوق خوتۇن.)

sɯqʰɯχ\sɯqʰɯm ئى. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ھالەت، ئازاب، چەكلىمە.

silkʰiniʃ ئى. ◇نىكاھ تويىدا قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئالدى توسۇلغاندا يول توسقانلارغا ئاغامچا پۇلى بەرمەك.

simɯχmaχ\ʃimɯχmaχ پ. قورۇلۇپ كىچىكلەپ كەتمەك. مىسال:

ɦøl qʰonaχ tʰuriverip simɯqʰɯp kɛttʰi.

(ھۆل قوناق تۇرىۋېرىپ قورۇقداپ كەتتى.)

sintʰaʃ ئى. تېكەس ناھىيىسىدە يايلاق نامى.

sinʤi ئى. تۇگمەن قورۇلمىسىدا نودىن سۇ چۈشۈپ چاقپەلەكنى پىرقىرىتىدىغان جاي.

sivɛz ئى. دېرەك، خەۋەر. مىسال: بىر سۆۋەز ئىزۋوتى، بىر مىناميوتچى ئەدلىنىيە، ئارقا سەپ تەمىنات روتىسى، قوماندانلىق شتاب، شتاب باشلىقى قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى.

sivɛzlix ئى. خەۋەرچىلىك. مىسال: يۇرىكىم ماڭا سۆۋەزلىك قىلىدۇ، گېنېرال.

sivit ئى. [ر] (цвет) رەڭ، تۈس. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: رەڭ، تۈس، گۈل؛ ئېسىل، مۇنەۋۋەر.

siviʧ ئى. [ر] (свеча) ماشىنا ماتورىنىڭ توك يەتكۈزۈپ ئوت ئالدۇرغۇچىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: سۆۋچ، توك قۇتۇبى دەستىسى، شام، ئۇچقۇن چاقمىقى.

sivistʰok ئى. [ر] (свисток) ئۇشتەك، ئىسقىرىق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى:
ئۇشتەك: نەي؛ ئۇشتەك ئاۋازى، نەي ئاۋازى. مىسال: بىر سۇۋىستوك بىلەن ساقچىلار
پەيدا بولدى.

sijalkʰa ئى. [ر] (сеялка) ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى.

## ش

ʃa: bommaχ پ. دۆۋىلىنىپ قالماق، ئېسىنى يوقاتماق، هوشىدىن كەتمەك.
مىسال: ئۇ رەيهاننىڭ پاتلا شا بولۇپ قالىدىغىنىنى، بۇ شا بولۇشنىڭ بۇ يىل
كۆپىيىپ قالغىنىنى بىلەتتى.

ʃapʰaltʰaŋ ئى. شاپىلاق.

ʃatlaŋkʰa ئى. [ر] (шотландка) بىر خىل چاقماق گۈللۈك رەخت. رۇس
تىلىدىكى مەنىسى: شوتلاندىيەلىك ئايال؛ چاقماق گۈللۈك رەخت.

ʃatʰoga ئى. شاتاۋار، چاقماق گۈللۈك ماتا.

ʃatʰirma سۈپ. (ئادەمگە قارىتا) گەپنى ئۆپ-چۆرىسىگە قارىماستىن ۋالاق-
ۋۇلۇق دەۋېتىدىغان، بىكاردىن خەقنىڭ ئاغزىنى تاتىلايدىغان؛ شاللاق، ئالدىراڭغۇ،
چېچىلاڭغۇ، مىجەزى يېنىك. مىسال:
a:ʃinda ʃatʰirmila: bizgɛ oχʃaʃla:ʁa qʰetʰilip qʰa:sa ʧʰɯqʰɯveridu gɛp.
(ئەشۇنداق گەپ تاتىلايدىغانلار بىزگە ئوخشاشلارغا قېتىلىپ قالسا، گەپ دېگەن
چىقىۋېرىدۇ.)

ʃaχʧʰi ئى. پاراڭنى شاخلاتقۇچى.

ʃada ئى. هارۋىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىدىن بىرى.

ʃaŋ ئى. [خەن] (墒) ئېككى قىر ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن بىر بۆلەك ئېتىز، بويلام،
كەيزە.

ʃaŋʁa ajrimaχ پ. [خ+ئۇ] ئېتىزنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق.

ʃalaŋ سۈپ. ◇ئاز. مىسال: ɦazir andaχ japma gɛp ba:, bo:ʁan bilɛ: ʃalaŋ.
(هازىرمۇ ئۇنداق ياپما گەپلەر بار، بولغان بىلەن ئاز.)

ʃalo ئى. شالۋۇر، يۇڭلۇق تېرە ئىشتان.

ʃalvarimaχ پ. ①شالىنى چېچىپ ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىماق، هاقارەتلىمەك.
②ئالدىراپ-تېنەپ يۈرمەك، پاي-پېتەك بولماق.

ʃanir ئى. [ر] (шарнир) ئىشىكنىڭ گىرەچىسى.

ʃaj سۈپ. شاش، كۆندۈرۈلمىگەن؛ تىز، يۇگۈرۈك.

ʃɛʃmɛx پ. يەشمەك. [سۈپتاي]

ʃɛjpʰɛttʰa ئى. قوناق پولۇسى. ئىلگىرى گۈرۈچ كەم بولغان يىللاردا قوناقنى يارما
قىلىپ گۈرۈچ ئورنىدا ئىشلىتىپ ئېتىلگەن تاماق. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى
«شاهى بەتتە».

ʃɛjtʰan ʧʰiraχ ئى. [كونا] كونىچە ماي چىراغ.

ʃopʰo\ʃopʰi ئى. [خەن] (手扶拖拉机) قول تراكتور.

ʃopʰu: eʁɯz سۈپ. خەققە گەپ بەرمەيدىغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن گەپ بۇلايدىغان؛
گەپ توشۇيدىغان.

ʃopʰuχ ئى. پۇت مىتكوت چىقىپ ئوشۇق ئىششىپ كەتكەندە تۆگە يۇڭىنى شاكىراپقا چىلاپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئارىلاشما دورا. مىسال:

pʰutʰuŋ iʃʃip kʰetʰiptʰu, ʃopʰuχ etʰip tʰeŋip qʰojaj.

(پۇتۇڭ ئىششىپ كېتىپتۇ، شوپۇق ئېتىپ تېڭىپ قوياي.)

ʃoχula ئى. كاكىنەچ، شوخلەك.

ʃodaŋ\ʃodaj ئى. ئىنچىكە، ئېگىز، توغرىسىغا يوغىنىماي، بەلكى ئېگىزىگە ئۆسكەن نەرسە.

ʃorkʰa ئى. [ر] (щурка) شاكىچىك: ئەگەشكۈچى، ياالقچى، چاپارمەن. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ھەرە قۇش.

ʃoʃimaχ پ. مايسىرىماق، ئۇزۇن مەزگىل ماي-گۆش يېمەي شۇنىڭغا تەقەززا بولۇپ كېتىش. مىسال: تازىمۇ شوشاپ كەتتىم، بېرىپ كارنىيىمنى بىر مايلاپ كېلەي.

ʃolkʰivaj ئى. [ر] (шёлковый) كونىچە بىر خىل چاقماقلىق ئىپەك رەخت. رۇسچە مەنىسى: ئىپەك. مىسال: مۇسانىڭ دادىسى سېلىم يۇز بېگى ھەر يىلى ئورۇسقا ئۇتتۇز ئۇچ مىڭ تۇياق مال ئۆتكۈزۈپ رەسىدىن مۇسكۇسكى سوكنا، يىپەك رەخت، شولكىۋاي، بولاتناي، بوبرۇك، مەخمەل ئۇخشاش ئېسىل رەختلەر بىلەن قەنت، ساماۋەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكىلىپ سودا قىلىپ يەنە بېيىغان.

ʃolla\ʃyllɛ ئى. شويلا.

ʃoar ئى. [ئە] ◇يۇلتۇز شەكىللىك، بۇرجەكلىك. مىسال:

①u ʃɛpkʰisigɛ bɛʃvar tʰaqʰɯwaʁanidi.

(ئۇ شەپكىسىگە بەش يۇلتۇز تاقىۋالغان ئىدى.)

②øjymiz altʰi ʃoar mɛliside. (ئۆيىمىز ئالتە شۇئار مەھەللىسىدە)

ʃylymdimɛx پ. ئاغزىدا شوراپ ھۆل قىلىۋەتمەك.

ʃyptʰyr ئى. پوق-سۈيدۈكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى.

ʃylimɛx پ. (گۆشنى سۆڭەكتىن) كىسىپ ئاجراتماق.

ʃymdɛxlimɛx پ. ※يەڭ شىمايلىماق، تۇرمەك.

ʃyŋgyʃ ئى. ①سۇڭگۇچ. ②<كۆچ> ئۆتكەل، توساق. مىسال:

ʃu ʃyŋgyʃlɛːdin, miŋ ʃyŋgyʃtin ʧʰɯqqʰan adɛm mɛn.

(شۇ سۇڭگۇچلەردىن، مىڭ سۇڭگۇچتىن چىققان ئادەممەن.)

ʃeːχ ئى. [ئە] شەيخ.

ʃestʰirinkʰa ئى. [ر] (шестеренка) چىشلىق غەلدەرەك، چىشلىق چاق. رۇسچە مەنىسى: چىشلىق چاق.

ʃekʰɛː amma ئى. يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمى تاتلىق.

ʃir kʰɛjip سۇپ. كەيپى تەڭشەلگەن، كەيپى شىردەك بولغان.

ʃiʃɛ ئى. [پ] ◇لامپا، پانارلارنىڭ ئەينەك قاپقىقى.

ʃilaŋkʰa ئى. [ر] (шланг) رېزىنكا تۇرۇبا، سۇلىئاۋ تۇرۇبا.

ʃildip\ʃiltʰip ئى. ※ئۆسۈملۈكتىن ياسالغان يامغۇرلۇق يېپىنچا.

ʃillɛ ئى. [م] گەجگە.

ʃim ئى. ※ئەرەنچە ئىشتان.

ʃimiʃkʰɑ ئى. [ر] (семечка) ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، گازىر.

ʃimiʃkʰɛ ʧʰexmɛk پ. شىمىشكا چاقماق. [قاينۇق]

ʃiŋtʰɑjmɑχ\ʃiŋgɑjmɑχ پ. دىڭگايماق، تىك تۇرماق. مىسال: ①غېنى بىردىنلا تولىمۇ يىراقتىكى بىر كىيىكنى قارىغا ئالدى، كىيىك بىچارە غېمىدە يوق شىڭتىيىپ جىم تۇراتتى. ②ئاتلار ئۇياقتىن بۇياققا قاچىدۇ، قۇيرۇقلىرىنى شىڭتايتىپ بۇ رەھىمسىز ئادەملەر ئۇستىدىن ئىسيان كۆتىرىدۇ.

## غ

ʁɑsildimɑχ پ. ◇<كۆچ> قاتىرىماق، ئالدىراپ ماڭماق. مىسال:

pʰutʰum jɑlɑɴʁɯdɑχ, jɛ ʧʰoqʰɑj joχ, ʁɑsildɑp[488] muʃundɑχ qʰɯ:p, ʒuʁlɑp ʒyryp melini bɑχtʰuχ.

(پۇتۇم يالاڭغىداق، يا چوقاي يوق، غاسىلداپ مۇشۇنداق قىلىپ، يىغلاپ يۈرۈپ مېلىنى باقتۇق.)

ʁɑnʤuʁɑ erɯχ ئى. يان ئېرىق.

ʁɛpsɛ رەۋ. بەك، ناھايىتى، ئەجەب. مىسال:

ʁɛpsi jɑmɑn nimikʰɛnɑ bu. (بەك يامان نېمىكەن بۇ.)

ʁɛssɑl ئى. [ئە] ※مېيىتنى يۇيىدىغان، غۇسلى قىلدۇرىدىغان ئادەم.

ʁɛldɛ ʁɛʃɛx ئى. غەلدە-غەش، ئەخلەت-چاۋا.

ʁoʤitʰɑm ئى. ※بەلتام، ياردەمچى تام، تىرەك تام.

ʁoʤi kʰø:sun سۈپ. يۇقىرىدىكىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىشنى كۆرسىتىپ قىلىدىغان، ياخشىچاق بولۇشقا خۇشتار. مىسال:

tʰɑzɑ ʁoʤikʰø:sun nimikʰɛn bu. (تازا، غوجىكۆ:سۈن نىمىكەن بۇ.)

ʁorɑz ئى. خوراز.

ʁoru ئى. قاشالىق دەرۋازا، قاشالىق دەرۋازىنىڭ توغرا ياغىچى. مىسال: مەھەللىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يالغۇز ئۆي ئۆستەڭ ئارىسىدىكى باغلار ئارىسىدا بولۇپ، ھويلا تاملىرى ئېگىز، غورۇلىرى مەھكەم ئىدى.

ʁozɑ ئى. ◇قوۋزاق، پوزەك.

ʁol سۈپ. ◇كۆپ، مول. مىسال:

ʃɛ:dɛ tʰuqqʰɑnlirimiz ʁol. (شەھەردە تۇغقانلىرىمىز كۆپ.)

ʁulɑʤip رەۋ. غۇلاچ تاشلاپ، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ. مىسال: ئوغلىنىڭ چالغىنى غۇلاجىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ تولغىنىپ چېپىشلىرى، ئالغان سولىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنچىسىنىڭ قېلىن ۋە تەكشىلىكى زىياۋۇدۇننى زوقلاندۇردى.

ʁɯʤɛx ئى. تاپ يەيدىغان بىر خىل قۇش.

ʁɯʒmudun\ʁɯʒmidin سۈپ. ※ (كىچىك بالىغا قارىتا) ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ يىغلايدىغان.

ʁɯŋtʰyz سۈپ. تۇپ-تۇز، كۆز يەتكۇسىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇزلەڭ.

ʁɯŋsɑj سۈپ. تۇپ-تۇز كەتكەن ساي.

---

[488] غاسىلدىماق - قاتىرىماق، ئالدىراپ يۇرمەك.

ʁɯldirɛx ئى. بالىلار دۆۋىلىتىپ ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك، بەزى جايلاردا «جىرىلداخ» دېيىلىدۇ.

ʁɯmsaŋʁu سۈپ. تىنجىق، دىمىق. مىسال:

ʁɯmsaŋʁu øj boldi bu. (تازىمۇ تىنجىق ئۆي بولدى بۇ.)

ʁɯmsɯχ سۈپ. تىنجىق، دىمىق. مىسال:

kʰyn issip ʁɯmsɯχ boːp kʰɛttʰi. (كۈن ئىسسىپ تىنجىق بولۇپ كەتتى.)

ʁɯmissida رەۋ. جىمىدە، شەپىسىز، شەپە چىقارماي.

ʁɯnʤibaʁ ئى. چاننىنىڭ ئىككى ئوق ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئارغامچا.

## ق

qʰaptʃʰɯʁaj ئى. [م] (χaptʃɯχu) يەر نامى، موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قىسماق، قىسىلماق، تار.

qʰapʰilaŋ[1] سۈپ. قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان: يالغانچى، ئالدامچى.

qʰapʰilaŋ[2] ئى. كەچ پىشىن. بەزى جايلاردا «قارا پىشىن» دېيىلىدۇ.

qʰatʰaːlɯχ سۈپ. دېمەتلىك، قۇربىلىق. مىسال:

siz qʰatʰalɯχ i̥kkʰi bala kʰɛːgɛn.

(سىز دېمەتلىك ئىككى بالا كەلگەن.)

qʰattʃʰa ئى. دەرۋازا قانىتى.

qʰatʰim ئى. قىساس.

qartʰa[1] ئى. ※ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى، كۆتەنباش.

qartʰa[2] ئى. سۈرەت. مىسال:

kʰim bɛːdi kʰiniʃkʰini uniŋʁa, qʰartʰɯʁa kʰim tʃʰyʃɛːdi.

(كىم بەردى كىنىشكىنى ئۇنىڭغا، سۈرەتكە كىم چۈشۈردى؟)

qʰartʰɯʁa aːmaχ پ. سۈرەتكە تارتماق.

qʰari pʰeʃin ئى. كەچ پېشىن، بەزى جايلاردا «قاپىلاڭ» دېيىلىدۇ.

qʰari tʃʰiraχ ئى. [كونا] كونىچە ماي چىراغ.

qʰaridala ئى. تېكەس ناھىيىسىدە يەر نامى.

qʰarisaŋ ئىم. قارىغىنا. مىسال:

vaj qʰarisaɴ, bizniŋ ɦelɯqʰɯ at jamanmu bɛk asav at, ɦarvini apqʰɯʃip[489] zadi ʤalaχlitʰip tʰepʰip, ɦarvini pʰarɛ pʰɛrɛŋ tʃʰɯqʰɯrivɛtkʰili tʰas qʰaldi.

(ۋاي، قارىساڭ، بىزنىڭ ھېلىقى ئات يامانمۇ بەك ئاساۋ ئات ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ جالاقلىتىپ تېپىپ ھارۋىنى پارە-پەرەك قىلىۋاتكىلى تاس قالدى.)

qʰarisu ئى. ①ساسلىق سۈيى، بۇلاقتىن ئېقىپ ساسلىققا يىغىلغان سۇ. ② يەر نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

qʰari qʰɯltʰirɯχ ئى. بۇغداي سورتلىرىدىن بىرى.

qʰari gøʃ ئى. ئورۇق گۆش، مايسىز گۆش.

qʰari ɦiʤir ئى. [كونا] كونىچە ھېجىر چىنە.

---

489 قىسقارغان چاغدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» غا ئاجىزلىشىشى يۈز بەرمەي، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئەسلى بويىچە كېلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ.

qʰaʃqʰaχ سۈپ. قېچىپ تويى قىلغان.

qʰaʃqʰantʃʰuχ ئى. بالىلارنىڭ يۈڭ يومىزەك ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا كالا يۈڭى يومىداقلىنىپ يومىزەك ياسىلىدۇ، بىرەيلەن يومىزەكنى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە بىرىگە ئاتىدۇ، يومىزەك كىمگە تەگسە شۇ قالغان بولىدۇ. باشقىلار قاچىدۇ، شۇ بالا قوغلايدۇ.

qʰaʁdal ئى. ◇قوناق شېخىنىڭ كۆتىكى.

qʰaŋʁaj ئى. [م] (χaŋʁaj) يەر نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: چەكسىز، بىپايان.

qʰalaχ ئى. ◇①ئورىغا يالىتىلغان پاخال. ②ئەخلەت ئالغۇچ، شازا.

qʰamtʃʰi basmaχ پ. قامچا بىلەن ئۇرماق، قامچىلىماق. مىسال:

u etʰuʁa qʰamtʃʰa bastʰi. (ئۇ ئېتىغا قامچا سالدى.)

qʰavul سۈپ. ◇ياخشى، يارامىلىق، كۆچلۈك. مىسال:

①alamɛt qʰavul tʰekʰistla: baridi. (ئالامەت كۆچلۈك تېكىستلەر بار ئىدى.)

②jeriŋ qʰavul boːsa ɦosul dʒuɯχ tʃʰɯqʰɯdu.

(يېرىڭ كۆچلۈك بولسا ھوسۇل كۆپ چىقىدۇ.)

qʰajtʰiʃ bommaχ پ. ئۆلۈپ كەتمەك، تۈگەپ كەتمەك، قازا قىلماق.

qʰajraχ ئى. بىلەي. مىسال: -پەرىدە بىلەن سەن-پەن دېيىشمىگەنسەن-ھە!- دېدى ئۇ چالغىسىنى قايرىپ بولۇپ، قايراقنى ئىشتان قىرغىقىغا قىستۇرۇپ.

qʰajran سۈپ. ئالامەت، ئېسىل (ئەپسۇسلىنىش تۈسى بار). مىسال: قايران باللار، جىق قىينىلىپ كەتتىدە.

qʰajrimaχ پ. ①(پىچاقنى) بىلىمەك. ②(مال-چارۋىنى) ئارقىسىغا ياندۇرماق. مىسال: يىلقىچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يىلقىلارنى قايرىشقا مېڭىشتى.

qʰajnuq ئى. چاپچال ناھىيىسىدە بىر يېزا نامى. بۇ سۆز «قايناق» (بۇلاق، مەنبە) سۆزىدىن كەلگەن، چۈنكى بۇ يېزىدا بۇلاق كۆپ. بەزىلەر يەنە موڭغۇلچە «خانۇك» (كىندىك) سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

qʰɛddi guva: boːp qʰaːmaχ پ. قېرىپ ھالىدىن كەتمەك.

qʰoː\qʰoba ئى. [قە] تېكەس ناھىيىسىدە كەنت نامى. مەھەللىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا «قىزىل تۇمشۇق» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ قىيا تاش بار، «دىۋان»دا «قوبۇ» سۆزىگە «سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ» («دىۋان»، 3-جىلد 299-بەت) دەپ تەبىر بېرىلگەن. كەنت نامى مۇشۇ تاشنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن قويۇلغانلىقى ئېنىق.

qʰotʰuː qʰara ئى. زاغىزاق، تىكەن ئوت.

qʰortʰuχ سۈپ. ①ئەركەك ھايۋانلارنى پىچىۋەتكەندىن كېيىن پودىقىنىڭ يىگىلەپ قېلىشى. ②<كۆچ> جۇغى كىچىك، ئەمما چاققان.

qʰorʁas ئى. [قە] ناھىيە نامى. بۇ سۆز بۇ رايوندا خارابىسى بولغان «قاياس\قۇياس» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، «قۇياش» دېگەن مەنىدە. «دىۋان»دا «قاياس-توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

qʰoʃqʰɑ: bova ئى. چوڭ بوۋىسى، بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ دادىسى.

qʰoʃqʰɑ: moma ئى. چوڭ مومىسى، بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ ئانىسى.

qʰoʃqʰɑ:vaʁ ئى. شاكىلىدىن ئاجرىتىلمىغان دان. مىسال: خامانىنىڭ ئاخىرقى قوشقاۋاغلىرى توشۇلۇپ بولغۇچە قار چۈشۈپ كەتتى.

qʰoʃlaʃ ئى. ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلىدىغان جايى.

qʰoʁan ئى. ※شال، زىغىر، قىچا، ماش قاتارلىقلارنىڭ سىرتقى پوستى، قىرىندىسى، خاماندا سورۇلغاندىن كېيىنكى توزۇندىسى.

qʰoʁan saman ئى. ئۇششاق سامان، توپان.

qʰoʁda ئى. ※ سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانا.

qʰoqlaχ ئى. ئانىسىغا ئەگىشەلمەيدىغان كىچىك قوزا.

qʰo:qʰum ئى. قورقۇنچ. مىسال:

kʰɛjnimdin bir qʰoqʰum kʰɛldi, aldimʁa qʰarap qʰaʃtʰim.

(كەينىمدىن بىر قورقۇنچ كەلدى، ئالدىمغا قاراپ قاچتىم.)

qʰol ئى. ◇بارماق. مىسال: بەش قول تەڭ ئەمەس: چىمچىلاق قول، ئوتتۇرا قول.

qʰolbeχidɛx سۈپ. جايىدا، ئۆلچەملىك، سىپتا، نەپىس.

dadisi digɛn u qʰolbeχidɛx ʧʰɯqʰɯrivetʰididɛ gɛp digɛnni, uniŋ gɛpi ɣtmɛjdu ɛŋikʰizɛ.

(ئۇنىڭ دادىسى گەپنى ناھايىتى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنتۇلمايدۇ.)

qʰoltʰuχmaʃ ئى. ※دۈمبىگە يۇدۇلىدىغان ئوتۇن قاتارلىق يۈككە قارىتا ئىككى قولتۇقتىن ئۆتكۈزۈشكە لايىق قىلىپ باغلانغان باغلاق. مىسال: ئېگەر-جابدۇقنى قولتۇقماچ قىلىپ دۈمبەمگە تېڭىۋالىمەن.

qʰoltʰɯqʰɯʁa qʰɯsmaχ پ. قوينىغا ئالماق، ئارىغا ئالماق. مىسال:

bu ʒut bizni qʰoltʰuquʁa qʰɯsmaptʰu dɛp beʃimni e:p ʧʰɯqʰɯp kʰɛttʰim.

(بۇ يۇرت بىزنى قوينىغا ئالماپتۇ دەپ بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم.)

qʰol ʧʰajqʰaχ ئى. ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى جامائەتكە بېرىلگەن كىچىك كۆلەمدىكى نەزىر.

qʰoli giri سۈپ. قولى گال، نائۇستا.

qʰonaχ ئى. مېھمان.

qʰuʤirtʰi ئى. [م] (χuʤurtʰu) يەر نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: شورلۇق.

qʰurbilɯχ سۈپ. [ئە+ئۇ] قۇرداش، تەڭتۇش. مىسال:

asasi ʤɛɦettʰin biz qʰurbilɯχla:niŋ itʃʰidɛ, bizdin ʧʰoŋla:niŋ itʃʰidɛ ba:.

(ئاساسى جەھەتتىن بىزنىڭ تەڭتۇشلارنىڭ ئىچىدە ۋە بىزدىن چوڭلارنىڭ ئىچىدە بار.)

qʰuʃtʰaj ئى. [م] (χusumtʰa) تېكەس ناھىيىسىدە يايلاق نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قېيىنزار.

qʰulaχ مىق. سۇ مىقدارىنى ئۆلچەش بىرلىكى، يەنى كىچىك بىر ئېرىق سۇ.

مىسال: (بىر قۇلاق سۇ بەرسەڭچۇ بىز تەرەپكە.) bir q$^h$ulaχ su bɛ:sɛŋʧ$^h$u biz t$^h$ɛrɛpk$^h$ɛ.

q$^h$ulaχ q$^h$aχmaq پ. ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق. مىسال:

u meniŋ søzymgɛ q$^h$ulaχ q$^h$aχmidi. (ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدى.)

q$^h$ulaʁlɯχ ئى. ◇لاي-قۇمدا پەشۇرۇلغان ئىككى قۇلىقى بار قاچا.

q$^h$ulupnix ئى. [ر] (клубника) قۇلۇبناي، تۈزلەڭلىكتە ئۆستۈرۈلىدىغان، چاتقالاشتۇرۇلغان بۆلجۈرگەن.

q$^h$ulust$^h$aj ئى. [م] (χulsuta) يەر نامى، غۇلجا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قومۇشلۇق.

q$^h$um سۆپ. ◇<كۆچ> تولا سۆزلەيدىغان.

q$^h$umdin ʒip ɛʃmɛx پ. خام-خىيال قىلماق، ھېيلە-مىكىر ئىشلەتمەك.

q$^h$umq$^h$azi سۆپ. گېپى قۇمدەك تولا، گېپى چۇۋۇلچاق.

q$^h$umurusq$^h$a سۆپ. [قا] <كۆچ> (q$^h$umïrïsq$^h$a) كۆپ، نۇرغۇن. قازاق تىلىدىكى مەنىسى: چۇمۇلە. مىسال: قۇمۇرۇسقىدەك خەقكەن بۇ تۆگمەيدىغان.

q$^h$unt ئى. ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك.

q$^h$untlimaχ پ. ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلىمەك. مىسال:

u q$^h$untlap iʃlidi. (ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى.)

q$^h$elipt$^h$am ئى. قېلىپتا ئاز-ئازدىن قۇيۇپ چىقىلغان تام.

q$^h$enuχmaχ پ. ◇قېتىرقىنماق، قىزىقماق.

q$^h$ejnaʁa ئى. قېينى ئاكا. مىسال:

vaj meniŋ q$^h$ejnaʁam bolidu u. (ۋاي مېنىڭ قېيناغام بولىدۇ ئۇ.)

q$^h$ɯpʧ$^h$inmaχ پ. قورۇنماق، قىسىنماق. مىسال:

sɛn q$^h$ɯpʧ$^h$inip q$^h$aldiŋmu nimɛ, azadɛ o:t$^h$a.

(سەن قورۇنۇپ قالدىڭمۇ نېمە، ئازادە ئولتۇر.)

q$^h$ɯpq$^h$ɯzil رەۋ. ◇بەك، ناھايىتى، ئۇچىغا چىققان. مىسال:

قىپ-قىزىل ئۇششۇق، قىپ-قىزىل ئىشتىكەنغۇ ئۇ.

q$^h$ɯr ئى. ◇تاغ-دالا، يايلاق، سىرت. مىسال:

q$^h$ɯrʁa ʧ$^h$ɯq$^h$ɯp k$^h$elɛj dɛp maŋdim. (تاغ تەرەپكە چىقىپ كېلەي دەپ ماڭدىم.)

q$^h$ɯrʧ$^h$i ئى. تاغ-دالا، يايلاقلارغا چىقىپ سودا، ئىش-ئوقەت قىلغۇچى.

q$^h$ɯrʧ$^h$ilɯχ ئى. تاغ-دالا، يايلاقلارغا بېرىپ-كېلىپ قىلىنىدىغان ئۇششاق تىجارەت. مىسال: دادىڭىز قىرچىلىق قىلاتتى، ھە؟

q$^h$ɯrsɯχ سۆپ. ※تەتۈر مىجەز، ئوڭ گەپ قىلسا تەتۈر چۈشىنىدىغان: ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان.

q$^h$ɯrʁul ئى. قىرغاۋۇل. [قاش]

q$^h$ɯr k$^h$ørsɛtmɛx پ. يوشۇرۇن يول بىلەن ھەيۋە كۆرسەتمەك. مىسال: ئابدۇكېرىم بىلەن ئىسقاقبېك، دەللىقان، قاسىمجان دېگەنلەرغۇ تۈرەمگە خېلىدىن بېرى قىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى.

q$^h$ɯrmaχ پ. ◇چەنلىمەك، دەل تەككۈزمەك. مىسال:

ئاپتوماتچىلارمۇ ئۈنىڭدەك ئىككى يۈز مېتىر يەردىكى نىشاننى قىرالمايدۇ، ئارانلا

يۈز، يۈز ئەللىك مېتىرغا يېتەلەيدۇ.

qʰɯrmitʃʰɯχ ئى. سۈت پىشۇرغاندا قازان تېگىگە چاپلاشقان بىر قەۋەت سۈت قىرىندىسى.

qʰɯrmisqʰa ئى. ئۈزۈم سورتلىرىدىن بىرى.

qʰɯzlatʃʰa ئى. قەرتتىكى تۆت تۈرنىڭ قىزىل، يۈرەك شەكىللىكى، يەنى تاپان.

qʰɯz epqʰaʃmaχ پ. قىزنى ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ كېتىپ نىكاھلىۋالىدىغان كونىچە ئادەت.

qʰɯzil ئى. ◇<كۆچ> چەشلەنگەن بوغداي.

qʰɯzil amma ئى. يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ.

qʰɯzil qʰatʃʰa ئى. ئۈرۈك سورتلىرىدىن بىرى.

qʰɯzil maj ئى. مال-چارۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. مىسال: - قىشچە بوغۇز يەپ سەمىرىپ كېتىۋىدى، قىزىل ماي بولغان ئوخشايدۇ، ئاپلا!-دېدى.

qʰɯzil iʃtʰanni beʃɯʁa kʰijip tʃʰɯχmaχ پ. كوچىغا چىقىپ بىشەملىك بىلەن جېدەل چىقىرىشقا ئۈرۈنۈش.

qʰɯsmis ئى. شەكىل، تۈرۈق. مىسال:

møʃyx japʰilaχniŋ qʰɯsmisdakʰɛ, dʒan jɛjdikʰɛː.

(مۈشۈك ياپىلاقنىڭ شەكلىدە ئىكەن، گۆشخور ئىكەن.)

qʰɯsirɛmdi ئى. قىسىر كالىنىڭ موزىيى، قىسىر كالىنى ئەمگەن موزاي.

qʰɯqʰas ئى. قاتتىق ۋارقىراشقان، كۆلۈشكەن ئاۋازلار.

qʰɯqʰas saːmaχ پ. ۋارقىراشماق، توۋلاشماق، كۆلۈشمەك.

qʰɯqʰas tʃʰɯqʰɯp kʰɛtmɛx پ. قىززىق چاقچاق سەۋەبىدىن قاتتىق كۆلگەن، ۋارقىرىغان ئاۋازلارنىڭ چىقىشى.

qʰɯl رەۋ. ◇<كۆچ> قىلچە. مىسال:

biz silɛːniŋ søzyŋlaːʁa jaman iʃinidikʰɛnmiz, qʰaraŋ, bizniŋkʰigɛ qʰɯl iʃɛnmɛjdikʰɛnsilɛː.

(بىز سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا بەك ئىشىنىدىكەنمىز، قاراڭ، بىزنىڭكىگە سىلەر قىلچىلىك ئىشەنمەيدىكەنسىلەر.)

qʰɯlintʰaχ ئى. ساپانى يوتا-تىك قىلىدىغان تىرەك ياغاچ.

qʰɯjma ئى. ◇لەغمەن قاتارلىق خېمىرلىق تاماقلاردا خېمىر ئۈستىگە سېلىنىدىغان قورۇما. مىسال:

tʃʰinisidin ilʁajdu qʰɯjmisini tʃʰinɛŋgɛ,...
tʰolʁɯnisɛn rafiɛttʰɛ ojʁatqʰanda øz jariŋ.

(چىنىسىدىن ئىلغايدۇ قىيمىسىنى چىنەڭگە،...
تولغىنىسەن راھەتتە ئويغاتقاندا ئۆز يارىڭ.)

qʰɯjmi pʰɛʃ ئى. گۆش، كۆكتات توغرىغاندا دۆشىنىڭ ئاستىغا چېچىلغان پارچىلارنىڭ چۇشۇشى ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس تىكىلگەن لاتا.

## ك

kʰapʰuskʰa ئى. [ر] (капуста) كاللەك يېسۋىلەك.

kʰatla ئى. باغ باغلىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك ئاچا ياغاچ.

kʰatlɛx ئى. [ر<لات] (catillus>котелок) تۆمۈر قاچا، كىچىك چېلەك.

kʰatlit ئى. [ر<فران] (côtelette>котлета) تاماق نامى، گۆش قىيمىسىغا ئۇۋاق نان ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۇششاق كومىلاچ قىلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن قورۇما بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ.

kʰatʰir ئى. [ر<ئىنگ] (cutter >катер) تېز ئۈزەر قولۋاق. ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىسى: كەسكۈچ، ئۈزگۈچ، سۇ ئۈزگۈچ، قولۋاق.

kʰaʤo ئى. [پ] كاجۇۋا، تالدىن خورجۇنغا ئوخشاش توقۇلغان سېۋەت.

kʰartʰuʃkʰa ئى. [ر] (картошка) ياڭيۇ.

kʰartʰuʃkʰa amma ئى. [ر+ئۇ] (картошка) ئالما سورتلىرىدىن بىرى.

kʰaropkʰa ئى. [ر] (коробке) كىچىك كاردون قۇتا. مىسال: ئاياقنى يەنە كاروپكىسىغا سېپ قويدۇم.

kʰasas ئى. [ر] (касаемо) مۇناسىۋەت، ئالاقە. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ھال سوراش، ئەھۋال سوراش. مىسال:

seniŋ nimɛ kʰasasiŋ ba: bu iʃ bilɛ:. (سېنىڭ نېمە كارىڭ بۇ ئىش بىلەن؟)

kʰasɛŋ qʰoraj ئى. كاسىنى ئۆسۈملۈكى.

kʰaʃal ئى. ※ توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ.

kʰakʰa ئى. [ر] (кокки) <كۆچ> ئوغۇللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، چوچاق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: شارچە؛ شارچە باكتېرىيە.

kʰakʰun ئى. سامان ئارىلاشتۇرۇلغان، ئەمما پىشۇرۇلمىغان لاي.

kʰakʰuntʃʰilurχ ئى. ①كاكۇن لاي بىلەن تام سۇۋاقلىرىنىڭ چۈشكەن جايلىرىنى تولۇقلاش ئىشى. ②<كۆچ> ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، خەقنىڭ قولچىلىقى. مىسال:

①nimɛ qʰɯlattʰim dɛjsiz, bɛʃ baliniŋ kʰakʰuntʃʰiluʁɯ bilɛ: øtʰyvatʰimɛ:.
(نېمە قىلاتتىم دەيسىز، بەش بالىنىڭ قولچىلىقى بىلەن ئۆتىۋاتىمەن.) ② ھەرقايسىڭنىڭ كاكۇنچىلىقىنى قىلىۋاتسام، مېنى نېمە دەپ چىشلەپ تارتىسەن.

kʰalaskʰa ئى. [ر] (колесико) ئىككى ئات تۆت چاقلىق ئىككى كىشىلىك مەپىلىك ئات ھارۋىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: چاق، ھارۋا. مىسال: بۇ شەھەردە باش تىققۇدەك كامار تاپالمىغان گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇرى مانا كالاسكىدا.

kʰamak سۇپ. چىشلىرىنىڭ ئارىسى بوش، بىر-ئىككى چىشى يوق.

kʰantʰor ئى. [ر] (кантор) باش سېتىش ئورنى، سودا ۋاكالەتچىلىك ئورنى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: دىرىژور، خور باشلامچىسى، يېتەكچى. مىسال: ①ئۇ تاشلەپكىدىكى كانتورىغا كىچىك ماشىنىسى بىلەن باردى. ②غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، ئاقسۇلاردا كانتورلىرىم بار.

kʰanikʰol ئى. [ر] (каникулы) تەتىل.

kʰavas ئى. [ر] (квас) ھەسەل، قولماق قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك.

kʰavaxʃɯmaχ سۇپ. كاۋاكلاشماق، كۆڭلى يېرىم بولماق. مىسال: ئەي غۇلجا ياشلىرى، تەبىئەتكىمۇ خۇشلۇق چىللايدىغان كۆلكەڭ، ناخشاڭ. قىقاس-چۇقانلىرىڭ بىلەن كاۋاكشىغان يۈرەكتىمۇ باهار يېشىللىقى پەيدا قىلىسەن!

kʰajpʰaŋ ئى. ئاپقۇر، چوڭ چىنە.

kʰɛpkʰɛ ئى. [ر<ئېنگ] (cap > кепка) ماڭلىيى ئۈستى قىسمى بىلەن چاپلىشىپ تۇرىدىغان شەپكە.

kʰɛrɛʃnivaj\kʰariʃnivaj سۇپ. [ر] (коричневый) قوڭۇر. مىسال: تىكلىمە ئەينەككە قاراپ كارىشناۋاي كاستۇم-بۇرۇلكىسىغا ياراشقان قىزغۇچ گالستۇكىنى تۈزەشتۈرىدۇ.

kʰɛrgɛ ئى. ◇كىگىز ئۆينىڭ ياغاچ شادىلىق تېمى. مىسال: كەرگىلەردىن گۈركىرەپ سالقىن شامال كىرەتتى.

kʰɛstʰirilkʰɛ ئى. [ر<فران] (casserole > кастрюлька) قەلەي كورا. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تابا.

kʰɛskʰɛxtʃʰi ئى. خەتنە قىلغۇچى، خەتنىچى. مىسال: ئۇلار ناسىر كەسكەكچىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى.

kʰɛsmɛx پ. بېكىتمەك، بەلگىلىمەك. مىسال:

tʰoj kʰynyni kʰɛstʰiŋlaːmu. (توي كۈننى بېكىتتىڭلارمۇ؟)

kʰɛlkʰɛ ئى. پىكىر بىرلىكى، ئورتاق پىكىر. مىسال:

ɦɛ aχɯri bir kʰɛlkʰigɛ kʰɛldiŋlaːmu. (هە، ئاخىرى بىر پىكىرگە كەلدىڭلارمۇ؟)

kʰɛmpʰyt amma ئى. يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى، تەمى تاتلىق.

kʰɛmpʰir ئى. [پ] قېرى ئايال، موماي.

kʰopʰajkʰa ئى. [ر] پوپايكا. [قاينۇق]

kʰort ئى. [ر] (carte>карта) قەرت. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: خەرىتە، ئىسخېما، كارتا، قەغەزچە، بۆلەك، ئۈچۈش ئىسخېمىسى: قەرت.

kʰoza tʰɛχsɛ ئى. [كونا] هېجىر تەخسە.

kʰokʰiratma\kʰokʰiram ئى. نوردىكى سۇنىڭ ئېگىزدىن چۈشىدىغان جايى، كىچىك شارقىراتما.

kʰoltʃʰɛx ئى. سۈت، تاماق دېگەندەك نەرسىلەرنى توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىككى قۇلاقلىق قاچا، يەنى قۇلاقتىن ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ئارقىلىق كۆتىرىلىدىغان، قاپقاقلىق كىچىك ساپال قاچا. مىسال:

kʰona kʰoltʃʰɛxniŋ eʃi tʰatlɯχ. (كونا كولچەكنىڭ ئېشى تاتلىق.)

kʰomzɛx ئى. چېلەك چوڭلۇقىدىكى ساپال قاچا.

kʰonvert ئى. [ر] (конверт) لىپاپا.

kʰut رەۋ. نەق، دەل. مىسال: بۇ بالا كۈتلا دادىسىنىڭ ئۆزى.

kʰutmukʰut\kʰytmukʰyt رەۋ. دەلمۇ دەل، نەقمۇ نەق. مىسال: بۇ قىز ئاپىسىغا كۈتمۇ كۈت ئوخشىغاچ، خەقلەر رەيهانگۈل دەۋالدى.

kʰunnus سۇپ. ※پىخسىق، بېخىل.

kʰunupkʰa ئى. [ر] (кнопка) باسما مىق، قالپاقلىق مىق. رۇس تىلىدىكى

مەنىدى: كۈنۈپكا، تۈتقۇچ.

kʰuva\kʰuba مىق. [ر] (cubus>куб) ھەجىم بىرلىكى كۇپ. مىسال:

men bir kʰuva jaʁaʃ aldim. (مەن بىر كۇپ ياغاچ ئالدىم.)

kʰøpkʰyr سۈپ. سۈنى ھەددىدىن جىق ئىچىدىغان؛ (بالىلارغا قارىتا) شوخ، كەپسىز، خاپا قىلىدىغان.

kʰøpʰyr ئى. [قا] (kʰøpʰyr) كۆۋرۈك.

kʰøtʰex سۈپ. <كۆچ> ئارقىدا قالغان، قالاق، قالدۇق. مىسال:

mevsym aχurida kʰørymiz, kʰim kʰøtʰex qʰalidikʰin qʰeni.

(مەۋسۇم ئاخىرىدا كۆرىمىز، كىم ئارقىدا قالىدىكىن قېنى.)

kʰøtʰel ئى. ※تاغنىڭ بېلى، كىچىك دۆڭ، داۋان.

kʰøʃerimex پ. خۇشاللىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالماق. مىسال:

kʰøʃer bo:p kʰetʰettʰuχ, kʰøʃerep χoʃal bolup, ma: ʒigirme sekkʰis tʰijindin zuʁur setʰivalduχ, bizniŋkʰini amdan aldi dep.

(كۆشەر بوپ كېتەتتۇق، كۆشەرەپ خۇشال بولۇپ، مانا 28 تىيىندىن زىغىر سېتىۋالدۇق، بىزنىڭكىنى ئوبدان ئالدى دەپ.)

kʰøʃjol ئى. ※چارۋا ماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ياكى قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈرگەندە باسىدىغان يول.

kʰøʃ maŋmaχ پ. تاغدىكى قارنىڭ ئېرىپ كۆچۈشى، قار كۆچۈشى.

kʰøkʰetʰej\kʰøkʰeltʰaj سۈپ. كۆكەمە، ئۇششۇق. مىسال:

kʰøkʰetʰej bo:p kʰettʰiŋʁu. (ئۇششۇق بولۇپ كەتتىڭغۇ.)

kʰøx beʃi ئى. زىرائەت ئېتىزى، ئوتلاقلارنى ئادەم ۋە مال-چارۋىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلاشقا مەسئۇل كىشى.

kʰøx pʰiʃma ئى. بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈك سورتى، رەڭگى تولۇق سارغىيىپ كەتمەيدۇ، كۆكۈش كېلىدۇ.

kʰøkʰysyp\kʰøkʰytʰyp رەۋ. كۆرسىتىپ.

kʰøkʰimex\kʰøxsimex پ. گەپ تالاشماق، گەپ تەگەشمەك، ئەزۋەيلىمەك: ئۆرۈشقان تەرەپلەرنىڭ ئاجراتقانسېرى كۆچەپ كېتىشى. مىسال: بولدى قىل ئۇنىڭغا كۆكەپ قان قىزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

kʰøx qʰorumaχ پ. زىرائەت ئېتىزلىرى، ئوتلاقلارنى مال-ۋاراندىن قوروماق، ساقلىماق.

kʰøŋyl tʰavaren رەۋ. كۆڭلى تارتقىنىچە، خاتىرجەم، خالىغىنىچە.

kʰøly ئى. كېلەر يىلى. مىسال:

bu ʒiltʃʰe tʰurup tʰu:, kʰølygytʃʰe bir gep bola:.

(بۇ يىلچە تۇتۇپ تۇر، كېلەر يىلغىچە بىر گەپ بولار.)

kʰølyx ئى. [قە] ھارۋىغا قېتىلىدىغان ياكى يۈك ئارتىلىدىغان ئۆي ھايۋانلىرى.

kʰømex ئى. بىر نەرسە كۆمۈپ قويۇلغان جاي. مىسال:

tʃʰuqʰa:mamse: kʰømextʰikʰi ɦoʃuχliriŋni.

(چىقارمامسەن كۆمەكتىكى ئوشۇقلىرىڭنى.)

kʰømbɛ ئى. ياپىلاق قازان، تابا.

kʰømbinan ئى. كۆمبىدە پىشۇرۇلغان نان، قازان نان. مىسال: كىگىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى چاڭغىراقنى قايرىۋەتتى، داستىخان سېلىپ كۆمبە نان قويدى.

kʰømrɛŋgɛ سۈپ. گۆمبەز شەكىللىك، دۈگىلەك ئويمان شەكىللىك.

kʰøvrimɛx پ. ◇①قىشتا سوغۇقتىن مۇز قېتىپ مۇز ئاستىدىكى سۇنىڭ پاتماي تېشىپ چىقىشى. ②قازاندىكى ماينىڭ قىززىغاندا كېڭىيىپ تېشىپ كېتىشى.③ئۆز ئۆزىدىن ئېچىپ كۆپمەك، ئۆرلىمەك. «كۆۋەپ كەتمەك» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

kʰyp ئى. ※سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش.

kʰyrɛ ئى. [م] (kʰyrɛ) يەر نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قورغان، قەلئە.

kʰyrɛx ئى. گۈرجەك. مىسال: بەزى جايلاردا يول باشلىغۇچى قولىدىكى كۈرەك بىلەن قار كۈرەپ يول ئاچاتتى.

kʰyrkʰɛ ئى. ①تاۋۇز-قوغۇنلۇقتا ئېگىز جاھاز چىقىرىپ ئۈچىغا ياسالغان كىچىك ئۆي، ئاددىي كەپە. ②ئاددىي سېلىنغان ئۆي. [كان]

kʰyzlɛm ئى. كۈزلەك.

kʰynɛs ئى. ناھىيە نامى. تۈركىي تىلدا «كۈنگەي» دېگەن مەنىدە. ئەمما، بەزىلەر موڭغۇلچە kʰynys (قوي كۆپ يەر) سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

kʰepʰiʃ mɛsɛ ئى. پىششىقلانمىغان تېرىدە تىكىلگەن مەسە.

kʰepʰinɛx tʰon ئى. ※ يامغۇر-يېشىندا كىيىلىدىغان يەڭسىز تون. مىسال: مانا يامغۇر ياغدى، كېپىنەك تون نەدىسەن؟ قىل تاغاردىن قىلىنغان بۇ تون- بىر بۇرجىكى بېشىمنى، تۆۋىنى بەدىنىمنى يېپىپ، مېنى يامغۇر ھۆجۇمىدىن ساقلايدۇ.

kʰetʃʰirimlix سۈپ. ئەپۇچان.

kʰeriʃ ئى. ياغاچچى ھەربىسىنىڭ ئىككى بېشىدىن تارتىپ تۇرىدىغان سىم.

kʰezo ئى. ※ كېزەكچىلىك، نۆۋەتچىلىك.

kʰesixtʃʰilix ئى. ئەينەك كېسىپ، دېرىزىگە ئەينەك قويۇش كەسپى. مىسال: دادىسى نادىر مەھمۇد ياخشى سازچىكەن، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، كېسىكچىلىك قىلالايتتىكەن.

kʰekʰɛjmɛx پ. غورۇرلانماق، تەكەببۇرلانماق، گىدەيمەك.

kʰejinsizɛ رەۋ. كېيىنچە.

kʰitʃʰix سۈپ. ◇ ئاز، ئازراق. مىسال:

kʰitʃʰix kʰitʃʰixtʰin tʃʰaj qʰujajmu. (ئاز-ئازدىن چاي قۇيايمۇ؟)

kʰirislo ئى. [ر] (кресло) يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق، سافا. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئورۇندۇق، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق.

· kʰiriʃ tʰasma سۈپ. ①تاسمىنىڭ بىر تۈرى. ②<كۆچ> لىڭتاسما، بولۇمسىز، يارامسىز.

kʰiʃi baːmu جامائەتنى ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا چاقىرغۇچى بالا بىراۋنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئادەم چاقىرغاندا ئىشلىتىدىغان مۇقىم سۆز. [قاش]

kʰiʃi kʰirgyzmɛx پ. قىز ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتمەك.

kʰilaskʰom ئى. [ر] (классκом) سىنىپ باشلىقى.

kʰilɛ ئى. [ر] (клей) بالون يېلىمى. رۇسچە مەنىسى: يېلىم، شىلىم.

kʰilmɛx\kʰyrmɛx ئى. ئارقان باغلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. مىسال:

kʰyrmɛx urup baʁla, asan jeʃilip kʰɛtmɛjdu.

(كۆرمەك ئۇرۇپ باغلا، ئاسان يېشىلىپ كەتمەيدۇ.)

kʰilit ئى. [قە] ئاچقۇچ (بەزى يەرلەردە ئىشلىتىلىدۇ).

kʰiljonkʰɑ\kʰirlɛŋkʰɛ ئى. [ر] (клеёнка) يالتىراق داستىخان، سۇلىئاۋ داستىخان.

kʰimɑni jɛŋ ئى. [ر] (кымоно) (ئايالچە كۆينەككە قارىتا) بىر خىل كالتە يەڭ، يەڭسىز. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ياپونچە كىيىم.

kʰinimɛx پ. ※ ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك، سېغىنماق. مىسال:

①دىمىسمۇ ياخشى كۆنلەردە يېقىنلىرىڭ بۇرنۇڭغا پۇرايدىكەن، كۆڭلۈڭ كىنەيدىكەن، چىدىمايدىكەنسەن! ②مانا سېنى كىنەپ كەلدىم، قېنى بىردەم سىردىشايلى.

## گ

gatʰu سۈپ. [ر] (готов) تەييار، ھازىرلانغان. مىسال:

ɦɛmmini gatʰu qʰɯlivɛttʰim, χatʰirʤɛm bol.

(ھەممىسىنى تەييار قىلىۋەتتۇق، خاتىرجەم بول.)

garaj سۈپ. ئەقىلسىز. [كان]

gardirop ئى. [ر] (гардероб) كىيىم ئىشكاپى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كىيىم ساقلاش ئۆيى، كىيىم ئىشكابى: (مەلۇم كىشىنىڭ) ھەممە كىيىم-كېچەكلىرى.

garmuʃkʰɑ ئى. [ر] (гармошка) ئېغىز گارمۇنى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئاكاردىيون.

garmun ئى. [ر] (гармоныка) ئاكاردىيون. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: گارمۇنىك، ئاكاردىيون.

gaŋ سۈپ. [خەن] (钢) پەقەتلا، پۈتۈنلەي، ساپ.

gajkʰɑ ئى. [ر] (гайка) قالپاقلىق رەزبىلىك چىڭىتقۇچ مىق.

gajmunʧʰɛ ئال. بەزىبىر، بەزى. مىسال:

gajmunʧʰɛ adɛmlɛ:, gajmunʧʰɛ iʃla: (بەزى ئادەملەر، بەزى ئىشلار)

gajniŋkʰi ئال. بەزى، بىر قىسىم. مىسال:

gajniŋkʰilɛ: admɛtʧʰilix qʰɯliduʁanla: yʃ miŋ somʁa yʃ miŋ som qʰoʃup øjini ʧʰestʰɛj jasap ʧʰɯqʰurip qʰojivatqʰanla:mu ba:.

(بەزىلەر ئادىمەتچىلىك قىلىدىغانلار 3000 سومغا 3000 سوم قوشۇپ ئۆيىنى تولۇق ياساپ قىزىنى چىقىرىۋاتقانلارمۇ بار.)

gɛptʰa: سۈپ. گەپدان.

gɛpkʰɛ qʰonaχ bɛ:mɛslix پ. گەپنى تولۇق قىلغىلى قويماسلىق، گەپنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىماسلىق، گەپنى ئۈزۈۋېتىش، گەپ بەرمەسلىك.

gɛp oʁrisi سۈپ. [پ+ئۇ] باشقىلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ، گەپ ئېلىشقا ماھىر

كىشى.

gɛraʒ\gɛrɛʒ ئى. [ر] (гаражи) يولۇچىلار قاتناش بېكىتى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ماشىنا ئىسكىلاتى.

gɛrɛlkʰɛ ئى. [ر] (горелка) لامپىنىڭ پىلىك ئورنىتىلغان ئوتتۇرا قىسمى. ئۇنىڭ ئۇستى شىشگە، ئاستى كىرسىن قۇتىسىغا تۇتىشىدۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كۆيدۈرگۈچ.

gɛrbin ئى. ياغاچتىن يەن تىلغاندا چىقىدىغان قوۋزاقلىق ئەڭ سىرتقى قەۋەت.

gɛz رەۋ. كەز، چاغ، زامان؛ نۆۋەت؛ بەزىدە. مىسال سۆزلەر:

gɛzdɛ, gɛzlɛːdɛ, gɛzsidɛ, gezi kʰɛːgɛndɛ.

(بەزىدە، بەزى چاغلاردا، ۋاقتىدا، ۋاقتى كەلگەندە)

gɛz at ئى. بويى گەز بىلەن ئۆلچىنىپ ئېلىنغان ياراق ئات. مىسال:

شېڭ دوبەن گەز ئات ئالغاندا خەلق زارلىدى.

gɛʒgilimɛx پ. ※ ئاختامىغا بىرىنچى قېتىم قويۇلغان سۇدىن ئانچە ئۆتمەي يەنە سۇ قويماق، قايتىلىماق.

gɛxsɛ\gɛxsi سۇپ. ※ يۇزى قېلىن، تاماخور؛ تىكىلىپ قارىغۇچى؛ هاراقكەش.

gɛlɛpʰi iʃtʰan ئى. [ر] (галифе штаны) ئىشتاننىڭ بىر تۇرى، بۇ خىل ئىشتاننىڭ ئېغى كەڭ، ئىككى يانچۇقىنىڭ ئورنى سىرتقا ئالاھىدە چىقىپ تۇرىدۇ، ئات مىنىشكە لايىقلاشتۇرۇلغان.

gɛlɛntʰir\ gilɛntʰir ئى. [ر] (галантерея) ئەركىن بازار. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كىيىم-كېچەك قاتارلىق تاۋارلار.

gospʰitʰal ئى. [ر] (госпиталь) دوختۇرخانا. بۇگۇن بۇ سۆز پەقەت غۇلجا شەھرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە سېلىنغان ھەربىي دوختۇرخانا، يەنى ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 4-دېۋىزيە دوختۇرخانىسىنى كۆرسىتىدۇ.

guŋ ئى. ※ غوم، ئاداۋەت. مىسال:

qʰoːsɯqʰɯŋda guŋ saχlima. (ئىچىڭدە غوم ساقلىما.)

gulava qʰoʁun ئى. قوغۇن سورتلىرىدىن بىرى.

gumburdaman تەق. تاراق-تۇرۇڭ. مىسال:

meniŋ bir akʰamniŋ etʰi imɛrʤan, unimu aːʃaχtʰa pʰipʰɛn qʰɯːp dymbisigɛ bir dumbaχni aːtʰip gumburdaman qʰɯlip dap ʧʰɛːvatʰidu dɛjdu.

(مېنىڭ بىر ئاكامنىڭ ئىسمىمۇ ئۆمەرجان، ئۇنىمۇ ئاشۇ ياقتا پىپەن قىلىپ، دۇمبىسىگە بىر دۇمباقنى ئارتىپ گومبۇردامان قىلىپ داپ چېلىۋاتىدۇ دەيدۇ.)

gøʤɛj\goʤaj ئى. [خەن] (裹脚) [كونا] پايتىما. مىسال: ‹بالالىق› دەيسەنغۇ! - دېدى چاپارمەن كۆل رەڭ چاپانلىق، بېلىگە تاسما پوتا باغلىغان، پۇتىغا گوجەي يۆگەپ، پاختىلىق خەي كىيىۋالغان پايلارنى كۆرسىتىپ،-مۇنۇلار ئۇقۇپ قالسا ‹تانابىڭ غىرا!›

gøʃynɛ ئى. «راۋغاش»قا قارالسۇن.

gølɛŋ\gylɛŋ ئى. ※قاينام، دەريانىڭ چۆرگىلەپ ئاقماي تۇرىۋالىدىغان يەرلىرى.

gypsɛjmɛx پ. ئىششىپ قالماق، كۆپۈپ قالماق.

gypla qʰɯːp رەۋ. تۈيۈقسىز، تەساددىپىي. مىسال:

gypla qʰɯp kʰirdiŋʁu dɛp qʰojmaj.

(ئالدىن دەپ قويماي تۈيۈقسىزلا كىردىڭغۇ.)

gyʤimɛx پ. كۈرىمەك. مىسال سۆز: (قار كۈرىمەك) qʰar gyʤimɛx

gyrgyr سۈپ. ◇<كۆچ> چوڭ سۆزلەيدىغان، لاپ ئارىلاش سۆزلەيدىغان.

gysmɛstʰɛx سۈپ. (ئادەم بەدىنىگە قارىتا) ناھايىتى قاۋۇل، كۈچلۈك، ساغلام. مىسال:

dadam gysmɛstʰɛx tʰuːsa, unuŋda kʰesɛl nimiʃ qʰɯːsun.

(دادام گۈسمەستەك تۇرسا ئۇنىڭدا كېسەل نېمە ئىش قىلسۇن.)

gylɛŋgyʃ ئى. ئىلەڭگۈچ. مىسال:

biz buniŋʁa kʰølniŋ bojɯʁa gylɛŋgyʃ seːp berini.

(بىز بۇنىڭغا كۆلنىڭ بويىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ بېرەيلى.)

gyl tʰajaχ ئى. مەشرەپتە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدىغان تاياق.

gylχan ئى. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

gyl yryx ئى. ئۇرۇك سورتلىرىدىن بىرى.

gyli ئى. ئائىلىدە ئەتىۋارلىق قىزلار ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز شۇ ئايالنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: «گۈلى ھەدە، گۈلى ئاپا» دېگەندەك.

gepiŋ ara رەۋ. گەپ ئارىسىدا، گېپىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

①tʰoχtʰa, mɛn gepiŋ ara sorivalaj, ajjoruχ ʃɛhri tʰopa basqʰandin kʰejin joqʰalʁanmu.

(توختا، مەن گېپىڭنى ئۈزۈپ سورىۋالاي، ئايىيورۇق شەھرى توپا باسقاندىن كېيىن يوقالغانمۇ؟)

②gepiŋ ara boːp qʰaldi, biz ʃu ʧʰaʁlaːda sɛjdulkʰamniŋ tʰyŋminigɛ ʤɯχ kʰelɛttʰuχ.

(گېپىڭنى ئۈزۈپ قويدۇم، بىز شۇ چاغلاردا سەيدۇلكامنىڭ تۈگمىنىگە كۆپ كېلەتتۇق.)

gerɛm ئى. چاپچال ناھىيىسى كان يېزىسىدا كەنت نامى. سۆز مەنىسى: يەر ئاستىغا سېلىنغان كېمىر ئۆي.

gezɛŋ ئى. ئوتتۇرىسى بەل، ئىككى تەرىپى پەس تۆپىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى.

gezikmɛx پ. كېزىكمەك، يولۇقماق، ئۇچراشماق. مىسال:

bɛzi adɛmlɛː aʃdaχ gezikʰip qʰalidu, gezikʰip qʰalidɯʁɯni aʃundaχ ʧʰaχʧʰaχlaːni jaʃvaχtʰimizdila ɛmɛs, jeqʰɯnlaːdimu aŋlap qʰaːʁan.

(بەزى ئادەملەر ئەنە شۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ قالىدۇ. يولۇقۇپ قالىدىغىنى ئەنە شۇنداق چاقچاقلارنى ياش ۋاقتىمىزدىلا ئەمەس، يېقىن چاغلاردىمۇ ئاڭلاپ قالغان.)

gidɛjmɛx پ. ※ ئورۇقلۇق ياكى كېسەللىكتىن كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتمەك. «گىدىيىپ قالماق» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

gidik سۆپ. كىچىك.

gidikk$^h$inɛ سۆپ. كىچىككىنە.

gidigɛj سۆپ. ※ ھاكاۋۇر، گىدەيگەك.

giraʒdan ئى. [ر] (гражданин) پۇقرا.

gir baziri ئى. [ر+پ] ئاشلىق بازىرى. مىسال: زىياۋۇدۇن <كۆزلۈك> گىر بازىرىدا ئاشلىقنى سېتىپ بولۇپ، ئىككى ئات قوشقا كۆتەك ھارۋىسىدا توخۇ بازىرىدىن چىقىپ، خىتاي بازىرغا باردى.

girelk$^h$a ئى.[ر] (грелка) ※بەدەننىڭ ئاغرىغان، يەل تۇرۇپ قالغان قىززىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خالتا شەكلىدىكى ئاغزى بۇرمىلىق رېزىنكە سايمان.

giladijɛ ئى. [ر] (гладь) رەخت يۈزىگە گۈل ئىشلەش قول ھۈنەرۋەنچىلىكى. مىسال: قىزلار كونسۇلخانا ئالدىدىكى مۇساباييوفلار ئاچقان قىزلار ھۈنەر-سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇپ قوشۇمچە كىيىم تىكىش، يۇڭ شارپا، پوپايكا، پەلەي قاتارلىق نەرسىلەرنى توقۇش، رېشىلىيە، گىلادىيە، شىتىيە، كىرژۆژا، كوكلاشكا، كانىۋا ئىشلەش دېگەندەك قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنەتتى.

gimnazijɛ ئى. [ر] (гимназия) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ. مىسال: بىچارە قىز ھازىر تاشكەنتكە ئوقۇشقا كەتتىمىكىن ياكى تېخىچە گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتامدىكىن. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ.

gimnast$^h$urk$^h$a ئى. [ر] (гимнастерка) ھەربىي فورما، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى ۋە باش كىيىمى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ھەربىي چاپان. مىسال: سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ گىمناستۇركىسىنى كىيىپ يۈرگەن بۇ ئادەم قايسى ئۆيدە پەيدا بولسا شۇ ئۆي خاسىيەتلىك ئۆيگە ئايلىنىدۇ.

## ل

lapʧ$^h$aχ سۆپ. لاپچىيىپ ئولتۇرىدىغان، ھورۇن، بولۇمسىز.

lapq$^h$ut ئى. ◇يېزىلاردا ئائىلىلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئۆي سېلىش، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلىرىنى ھەمكارلىشىپ قىلىشى. مىسال: ئۇلار لاپقۇتلىشىپ، سول تارتىپ ئورما ئورىشىدۇ.

lat$^h$a p$^h$yt$^h$yx ئى. لاتا-پاتا، رەخت-پەخت.

laŋq$^h$a ئى. ※ غورۇننىڭ ئىككى چېتىدىكى ياغاچ.

lalaʧ$^h$ɛj\lalaʧ$^h$i ئى. [خەن] (拉拉车) ئېشەك ھارۋىسى، قول ھارۋىسى.

lant$^h$a\lant$^h$o ئى. [خەن] (狼头) چىغ سوقىدىغان ياغاچ سوقماق، ياغاچ بولقا.

lɛplɛɣlimɛx پ. داننى ساماندىن ئايرىماق.

lɛŋ$^1$ ئى. [خەن] (粮) [كونا] ھۆكۈمەت خادىملىرىنى بېقىش ئۈچۈن تاپشۇرىلىدىغان ئاشلىق سېلىقى. مىسال: لەڭنى ئۆكۈزگە ئارتىپ كورەگە ئاپىرىپ بېرەتتۇق.

lɛŋ$^2$ سۆپ. يوغان، ئۈلۈغ، كەڭ. مىسال:

iʃix lɛŋ oʧ$^h$uχ t$^h$urupt$^h$u. (ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ.)

lɛŋgɛ:\lɛŋgɛzɛ ئى. [خەن] (栏杆子) ھارۋا جاھازىسى، توساق.

lɛŋgut ئى. ئانىسىنى ئېمىدىغان قىسىرئەمدىننىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىلىدىغان

چۇلۇك.

lɛŋluŋ تەق. يەر تەۋرىگەندىكى ھالەت، باشنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەسلىك ھېس قىلىشى. مىسال: بىر دەمدىلا ئۆينىڭ ئىچى لەڭ-لۇڭ بولۇپ كەتتى.

lɛŋmɛn iʃmɛx پ. لەڭمەن يېمەك. [قاينۇق، قاش]

lɛlɛʃ\pʰaqʰɯ lɛlɛʃ سۈپ. لەش، لۆجە، يەنى كۆلچەكتە، توختامسۇدا سۇ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان يېشىل رەڭلىك يوتقانسىمان نەرسە؛ پاسكىنىچىلىق، سېسىق، يۇندا.

lɛllɛ سۈپ. گومۇش، پاڭقۇش، ئەقىلسىز، لەقۋا؛ ئەركە نايناق.

lɛvlɛx ئى. ئالىيۇمىن جاۋۇر.

lotkʰɑ ئى. [ر] (лодка) كىچىك قېيىق.

lotʰuʃkʰɑ ئى. [ر] (лодочка) ئەرەنچە يازلىق، بوغقۇچسىز ئاياق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كېمە، ئويۇنچۇق كېمە.

lodur سۈپ. ھۇرۇن، بولۇمسىز؛ خامسېمىز.

loʁajlap qʰɑ:maχ پ. چاقنىڭ مايماق چىقىپ كېتىشى.

loʁuldimaχ پ. ※ لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق. مىسال: ئۇ قىزىل چوغدەك لوغۇلداپ تۇراتتى.

loŋŋidɛ رەۋ. تۇيۇقسىز، تەساددىپىي، ئويلىمىغان يەردىن. مىسال: ئۇنىڭ ھازىر ئىشەنچىسى تولۇق، پەرىخەمۇ تۇيۇقسىزلا لوڭڭىدە پەيدا بولىدۇ-دە، ئۇنىڭ شادلىقى پۈتۈن بولىدۇ.

lepʰiz[1] سۈپ. نېپىز.

lepʰiz[2] ئى. ئىشتان، چاپاننىڭ تۆۋەن تەرەپ گىرۋىكىنىڭ ئىچىگە قاتلىنىدىغان قىسمى.

lɯχʃimaχ پ. لىق تولماق. بۇ پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى *lɯχʃitip*، رەۋىش شەكلى *lɯχtʃʰip\lɯχʃip*. مىسال: كەتمەن بېتىگە لىقشىتىپ لاي ئېلىپ يۇقىرىغا ئېتىش ئۇنىڭغا ھوزۇر.

ligyj ئى. [خەن] (立柜) تىكلىمە ئىشكاپ.

liŋgiltʃʰaχ ئى. لىڭگىرچاق، ھارۋا قاتقاندا ئۇلاغنىڭ دۈمبىسىگە قويۇلىدىغان جابدۇق.

limun amma ئى. [ر>پ+ئۇ] (лимон>لىمو) ئالما سورتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. يازلىق لىمۇن، كۈزلۈك لىمۇن دېگەن تۈرلىرى بار.

## م

matras ئى. [ر] (матрас) ◇كارۋات تەگلىكى، يەنى كارۋاتتا كۆرپىنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان قېلىن، يۇمشاق تەييار تەگلىك.

madʒɛz\madʒɛs سۈپ. رەزگى.

madɯχɯda bommaχ ئى. ◇①ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، يوغانچىلىق قىلماق. ②ئارىسالدى بولماق، ئىككىلەنمەك.

maruχ سۈپ. ئىنجىمارۇق، قورۇلۇپ قالغان، ۋىجىك، يارامسىز.

master ئى. [ر] (мастер) تېخنىك، ئۇستا، ماھىر، كەسپ ئىگىسى. مىسال:

① -قېنى، قېنى مەرھەمەت ماستىر، زاۋۇتتىن كېلىشىڭىزمۇ؟

②ɦɛr jaŋza ojunlaːʁa master bolduχ. (ھەر خىل ئويۇنلارغا ماھىر بولدۇق.)

massa سۆپ. [ر<لات] (масса) ئامما، يەنى ھېچقانداق پارتىيە- گۇرۇھقا تەۋە بولمىغان. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: سۆپەت، ئومۇمىي مىقدار، كۆپ مىقدار، ماتېرىيال، ماددىنىڭ ماسسىسى: توپ، ئېقىم: نۇرغۇن، زور مىقدار، مۇتلەق كۆپ قىسىم: ئامما، ئاۋام.

maʃaχ\masaχ ئى. باشاق، بۇغداي ياكى شالىنىڭ ئورۇلغاندىن كېيىن ئېتىزدا چېچىلىپ قالغان باشلىرى. مىسال: (ماقال)

qʰoʃtʰi joχ, maʃaχtʰi joχ, χamanda baː. (قوشتا يوق، باشاقتا يوق، خاماندا بار.)

maʃintʃʰɯχana ئى. [ر+ئۇ] (машина) تىككۈچىلىك دۇكىنى، كېسىمچىلىك دۇكىنى.

malatʰilkʰa ئى. [ر] (молотилка) ئورۇق ئاقلاش ماشىنىسى.

malaŋ qʰɯmmaχ پ. ئەخمەق قىلماق.

malaŋ bommaχ پ. ئەخمەق بولماق.

maltʃʰaj ئى. نىكاھ تويىدىن ئاۋۋال ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە توي لازىمەتلىرىنى ئۇچۇن مال تاپشۇرىدىغان پائالىيەت.

maːlim ئى. [ئە] (معلم) مۇئەللىم.

mama ئى. موما.

※ manasqʰan تۇتەك، تۇمان. مىسال:

ئادەم قېرىغاندا ھەممە نەرسە ماناسقان ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

mantʰa\otʃʰaχ mantʰa ئى. ◇ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى چوڭقۇر ئويۇق. بۇ ئورۇنغا ئادەتتە ئوتۇن دۆۋىلىنىدۇ، ئوت قالىغۇچى شۇ جايغا چۆشۈپ ئوت قالايدۇ. پەگاھ. مىسال: ①ئۇ ئوچاقمانتىدىن كەسلەنگەن ئوتۇنلارنى ئېلىپ مورا ئوچاققا تىزدى، كۆللەرنى يىغىپ تازىلىدى. ②ئىككى بالا ئوچاق مانتىدا يالىڭاچ ھالدا مەڭگەنگە مۆكۈكلۈك.

mantʰa otʃʰaχ ئى. ئالدىغا مانتا ئويۇلغان، پەگادىن سۆپىغا ئۇلانغان، كاڭ چىقىرىلغان ئوچاق.

mantʃʰistʰɛr bøx ئى. [ر<ئىنگ+ئۇ] (Manchester) ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىزىل دۇخاۋا دوپپىسى، تارانچى دوپپىسى. بۇ دوپپىنىڭ رەختى مانچېستىر دۇخاۋىسى. مىسال: قىزىل مانچىستىر بۆكلىرىنى بىردە كۆزىگە، بىردە گەجگە تەرەپكە سۇرۇپ قويۇپ نېمىلەرنىدۇر ھېسابلاپ مېڭىشىدۇ.

manda ئى. بىر خىل يۇگىمەچ ئوت، ئۇنىڭ رەڭگى ئاق، توزغاقلىق.

mandalina ئى. [ر] (мандолина) گىتارغا ئوخشاش ئۇرۇپ چېلىنىدىغان بېشى ئۇچ بۇرجەكلىك چالغۇ ئەسۋاب.

manimaχ پ. مىلىمەك، چىلىماق، تەككۈزمەك.

maj ئى. ياغ، نېفىت، باتارىيە. مىسال سۆزلەر:

qʰoj maj, zuʁur maj, pʰirʒiktʰɛr meji, maʃina meji.

(قوي مېيى، زىغىر ماي، قولچىراغ مېيى، ماشىنا مېيى)

maja ئى. دۆۋىلەپ قويۇلغان توپا. [كان]

majsimaχ پ. (قەلەي قاچىلارغا قارىتا) ئازراق مايماق كەتمەك، ماكچايماق، ئېزىلمەك. «مايسىپ كەتمەك» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

majlɯχ ʃapt$^{h}$ul ئى. شاپتۇل سورتلىرىدىن بىرى، توغاچ شاپتۇل.

majlɯχ yryx ئى. ئۆرۈك سورتلىرىدىن بىرى.

mɛrɛʒʒym ئى. [ر] (мороженое) ماروژنا، مۇز قايماق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قايماق، ماروژنا.

mɛrrɛ ئى. پولۇ ئەتكەندە گۈرۈچنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ دۇملەپ پىشۇرۇلغان گۆش.

mɛrrɛ boːmaχ پ. (پىشۇرۇلغان گۆشكە قارىتا) ئېزىلىپ كەتمەك، ۋايىغا يەتمەك.

mɛrmɛrt$^{h}$aʃ ئى. ◇باللار ئوينايدىغان ئۇششاق مەرمەر شارچە.

mɛsk$^{h}$ɛ\mɛʃk$^{h}$ɛ ئى. ※كۆيدۈرۈلمىگەن سېرىقماي.

mɛʃʃat$^{h}$ɛ ئى. پەردازنى كۆپ قىلىدىغان ئايال، پەردازچى ئايال.

mɛŋzil ئى. مەزگىل، زامان، چاغ. مىسال:

u ɛdɛmlɛːniŋ mɛŋzilliridɛ manda: rɛsimgɛ aliduʁan iʃla: ʃalaŋ, joχ.

(ئۇ ئادەملەرنىڭ مەزگىللىرىدە مۇنداق رەسىمگە ئالىدىغان ئىشلار ئاز، يوق.)

mɛːlɛ ئى. مەھەللە.

mɛːli syji ئى. بۇلاقلار سۈيىنىڭ مەھەللە ئىچىدىكى قوشۇلمىسى. [قاينۇق]

mɛːlisi ئى. نىكاھ تويىنىڭ ئەتىسى كەچقۇرۇنلىقى ئۆتكۈزىلىدىغان قىز-ئوغۇل ئولتۇرۇشى؛ قىزلار ئولتۇرۇشى. بۇ سۆز «مەرىكىسى» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن.

mɛmp$^{h}$ɛzɛ ئى. قەغەزگە يۆگەلمەيدىغان، شۇمەپ يېيىلىدىغان كەمپۈت چوڭلۇقىدىكى تاتلىق يېمەكلىك.

mɛmp$^{h}$ɛzɛ amma ئى. ئالما سورتلىرىدىن بىرى، ھەم يوغان، ھەم تاتلىق، سۇلۇق بولىدۇ.

mɛjrɛm\mɛːrɛm ئى. بايرام. مىسال: (بايرام باغ) mɛjrɛm baʁ

mora otʃ$^{h}$aχ ئى. تامنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئويۇپ ياسىلىدىغان ياۋروپاچە ئوچاق. «*ئاسما ئوچاق*»مۇ دېيىلىدۇ.

mok$^{h}$a ئى. (تۆگىنىڭ) لوككا. مىسال: دىلموك- تۆگىنىڭ موكىسىغا ئوخشاش ياكى ئەمچەكلىك تاغ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

molduz ئى. موزدۇز.

momuχɛj ئى. [خەن] (棉鞋) قىشلىق يۇمشاق لاتا ئاياق.

mojk$^{h}$a ئى. [ر] (мойка) توقۇمىچىلىق فابرىكىسى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يۇيۇش، يۇيۇپ تازىلاش؛ يۇيۇش ماشىنىسى.

mut søzlɛʃ پ. قۇرۇق گەپ قىلىش.

mump$^{h}$uχ سۈپ. ※ئىچ مىجەز، كىشىگە سىر بەرمەيدىغان.

munu ئال. ※بۇ، ماۋۇ.

munuk$^{h}$um سۈپ. بىچارە، ياۋاش.

muɦɛbbɛt ئى. سىرداشماق، مۇڭداشماق. مىسال:

tʰalaj muɦɛbbɛt søzini aŋlɯʁansɛː, tʰalaj naχʃilirini aŋlɯʁansɛː.

(تالاي مۇھەببەت سۆزىنى، تالاي ناخشىلىرىنى ئاڭلىغانسەن.)

muɦim ئى. ◇تۇي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا ئوخشاش ئالاھىدە پائالىيەتلەر.

مىسال: bygyn mɛːlidɛ bir muɦim baː, ʃuniŋʁa baːrimɛː.

(بۈگۈن مەھەللىدە بىر مۇراسىم بار، شۇنىڭغا بارىمەن.)

mødyj qʰopmaχ ئى. ئۆكتە قوپماق، قارشى چىقماق. مىسال:

undaχ disɛχ ɦɛmmisi mødyj qʰopʰup kʰetʰidu.

(ئۇنداق دېسەك ھەممىسى ئۆكتە قوپۇپ كېتىدۇ.)

mørlɛʃmɛx\mørtkʰyʃmɛx پ. بەسلەشمەك، دو تىكىشمەك، قول باغلاشماق. بۇ سۆز «مۆھۈرلەشمەك» سۆزىدىن كەلگەن.

møgɛ\møgy ئى. مېۋە.

møŋkʰimɛx پ. ※مۆڭگەك، يەنى ئۇلاغلارنىڭ ھارۋىغا قېتىش، يۈك ئارتىش، مىنىشكە كۆنمەي كەينىچىلەپ سەكرىشى.

myʒgɛxlimɛx پ. ھايۋانلارنىڭ پۇتىنى تاش يالاپ ماڭالماي ئاقساپ قېلىشى.

مىسال: maː ʤaniwarlaːniŋ myʒgɛxlɛp kʰɛtkʰinini.

(ماۋۇ جانىۋارلارنىڭ مۈجگەكلەپ كەتكىنىنى.)

medalijon ئى. [ر<فران] (médaillon>медальон) ◇ئىنچىكە زەنجىر ئارقىلىق مەيدىگە ئېسىلىدىغان كۆزلۈك زىننەت بۇيۇمى.

meʁuz ئى. ئۈچكە.

miptʰɛn ئى. ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىغان توساق، لەنگەر.

mis ئى. ◇ تېكەس ناھىيىسىدە يايلاق نامى.

mislimijaŋ سۈپ. ※ ئېزىلەڭگۈ، سولاش.

muɯχtʰa سۈپ. [قا] (muɯqtʰa) پۇختا، چىڭ، مەھكەم. مىسال: بايلار غورۇلىرىنى مىختا پانا قېقىپ، ئىت باغلاپ، ئېغىللىرىغا كۆزەتچى قويۇپ ساقلىسىمۇ ئۇلارنىڭ مال-ۋارانلىرى، قوتان، ئۆيۈرى بىلەن ئوغرىلانغان.

miŋbulaχ ئى. كەنت نامى، تېكەس ناھىيىسىدە.

mijɛ ئى. مېڭە.

mijisiniŋ syji baː سۈپ. ساراڭ قېتىش، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت.

## ن

narat ئى. [م] (nartʰu) كۈنەس ناھىيىسىدە يايلاق نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: كۈنگەي جاي.

narkʰoz ئى. [ر] (наркоз) ئاغرىق ئازابىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى كېسەلنى دورا ئارقىلىق ھوشسىزلاندۇرۇش مەشغۇلاتى.

naskʰi ئى. [ر] (носки) قىسقا پايپاق.

nasgal ئى. [پ] ناسۋال.

nal ئى. قومۇشنىڭ ئىچىدىكى نېپىز پەردە.

nɛdinara رەۋ. نەدىن، قاياقتىن. مىسال:

nɛdinara kʰɛldi bu, bir abdan iʃni buzup.

(نەدىنئارا كەلدى بۇ. بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ.)
nɛzɛr qʰɯːmaχ پ. نەزەر سالماق، پەرەز قىلماق. مىسال:
meniŋ nɛzɛr qʰɯliʃimtʃʰɛ yʃ jyz ʒil boldimiki:.
(مېنىڭ پەرىزىمچە 300 يىل بولدىمىكىن.)
nɛjzɛ boji ئى. قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن ھالىتى.
noχulisini aːmaχ ئى. <كۆچ> جاجىسىنى بەرمەك، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالماق.
مىسال: غۇلجىغىمۇ چىقارسەن، ئەخمەتجان، غېنى باتۇرلارغا دەپ نوخۇلاڭنى ئالغۇزمىسام!
norkʰa ئى. [ر] (норка) سۇ بۇلغىنى، سۇ بۇلغىنىنىڭ تېرىسى. مىسال سۆزلەر:
norka ʤuva, norka qʰulaχtʃʰa. (نوركا جۇۋا، نوركا قۇلاقچا)
noʁaʃaraŋ ئى. [م] يېقىلغۇ قىلىنىدىغان بىر خىل چىگىش ئوت.
noʁajʃaraŋ ئى. [م] غۇلجا ناھىيىسىدە يەر نامى.
noʁajtʰu ئى. [م] (noʁatu) غۇلجا ناھىيىسىدە يەر نامى، «مەمتىلىيۇزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: كۆكتاتلىق، يېشىللىق.
noqʰantʃʰi ئى. خاماندىن ئاشلىق تىلەيدىغان تىلەمچى. مىسال:
noqʰantʃʰiniŋ kʰøzi jaman, suχɛntʃʰiniŋ søzi.
(نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى.)
novigort ئى. [ر] (новый город) غۇلجا شەھرىدە مەھەللە نامى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: يېڭى شەھەر. مىسال: باتۇر ھەربىي شتابقا- نوۋگوردقا ماڭدى!
ne dɛvir سۇپ. مەشھۇر، داڭلىق. مىسال:
ne dɛvir adɛmlɛː øtkʰɛn. (ئاجايىپ مەشھۇر ئادەملەر ئۆتكەن.)
nezɯqʰɯmaχ پ. ※ئىككىلىنىش، تارتىنىش، تەكەللۇپ قىلىش: ياراتماسلىق.
nekɛm رەۋ. خېلى بۇرۇن، خېلى ۋاقىت ئىلگىرى. مىسال:
nekʰɛm ulaː kʰɛtkʰini. (ئۇلار كەتكىلى خېلى ۋاقىت بولدى.)
nemistʃʰɛ سۇپ. [ر+ئۇ] (немецкий) ◇تاماق چىقىمىنى كۆپچىلىك تەڭ كۆتىرىش قائىدىسى. مىسال:
bygyn nemistʃʰɛ ojnajmiz, ɦɛmmiŋlaː ɛllix somdin tʃʰɯqʰurisilɛː.
(بۈگۈن نېمىسچە ئوينايمىز، ھەممىڭلار 50 سومدىن چىقىرىسىلەر.)
nilqʰa ئى. [م] (nilkʰy) ناھىيە نامى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: قوشۇلۇش، يەنى ئىككى دەريا قوشۇلغان جاي.
nimiʃtʰaχ ئال. نېمىشقا ئۇنداق. [قوغۇنچى يېزىسى] مىسال:
nimiʃtʰaχ qʰɯlisɛː adɛmniŋ itʃʰini pʰuʃurup.
(نېمە ئانداق قىلىسىلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ؟)
niot سۇپ. [ر] (неод) لاياقەتسىز، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن. بەشلىك نومۇر بويىچە قارىغاندا ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار.

ھ

ɦagantʃʰa ئى. [پ] ياغاچ، تۆمۈر ياكى مىستىن ياسالغان دورا ئەيلەيدىغان ئەسۋاب، كىچىك كىلە.

ɦaŋʁuχ ئى. بويۇنتۇرۇق، ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان قوۋۇق.
ɦaŋqʰaj سۆپ. ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان، ھەيران بولماق. مىسال:
ɦaŋqʰaj boːp qʰalduqqʰu biz, bu kʰona kʰadir ɛχmɛt ʤurenlaːni beʃuʁa mozi kʰijgyzyp bujɛːgɛ ɛːkʰɛldi.
(ھاڭ-تاڭلا قالدۇققۇ بىز، بۇ كونا كادىر ئەخمەت مۇدىرلارنىڭ بېشىغا قالپاق كىيگۈزۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى.)
ɦaj ئال. ھە، نېمە.
ɦɛptʰijɛx ئى. [ر] (аптека) ◇سەكسەن خالتا، دورىخانا. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: دورا ساندۇقى، دورىخانا.
ɦɛdɛ ئى. ئاچا.
[ɦɛ dimɛk] ھە دېمەك__ ①راسا، تازا. مىسال:
qʰarisam ukʰamni ɦɛdɛp tʰillɯʁɯli tʰuruptʰu.
(قارىسام ئۇكامنى تازا تىللىغىلى تۇرۇپتۇ.)
②ماقۇل دەپ، قوللاپ، يول قويۇپ. مىسال:
ɦɛːdɛp bɛːsɛm ɛmdi maŋa janʁɯni tʰuːduŋmu.
(ماقۇل دەپ بەرسەم ئەمدى ماڭا يانغىلى تۇردۇڭمۇ؟)
③دەسلەپ، باشتا. مىسال: ɦɛː digɛndila undaχ qʰɯp kɛtkʰili bommajdu.
(باشتىلا ئۇنداق قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.)
ɦɛʃ سۆپ. سەت، پاسكىنا (باللار تىلى). مىسال:
ɛl ʤeni bilɛː, ɦɛʃ qʰɯz eri bilɛː.
(ئەل جېنى بىلەن، سەت قىز ئېرى بىلەن.)
ɦɛːqʰajsi ئى. كۆپچىلىك، جامائەت، خەق.
ɦɛlɛkʰyn ئى. پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق. مىسال:
ɦɛlɛkʰyngɛ selivettʰiŋʁu bizni. (بىزنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەتتى.)
ɦɛmsat رەۋ. ※بىردەم، شۇئان، دەرھال.
ɦoːla ئى. ھويلا.
ɦoːluχ aʃ ئى. تاماق نامى. بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئالدى بىلەن پولۇنىڭ سۈيى تەييارلىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق يۇغۇرۇلغان خېمىر نېپىز يېيىلىپ، ئىنچىكە كېسىلىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.
ɦovuχmaχ پ. ئىششىپ قالماق. مىسال: ئۇنىڭ كۆز-قاپاقلىرى ھوۋۇقۇپ كەتكەن ئىدى.
ɦuʤur kʰepʰi\ɦuʤur kʰɛpʰɛ ئى. تويىنىڭ ئەتىسى قىز-يىگىتنىڭ ھوجرىسىدا بولىدىغان دوستلىرىنى كۈتىۋېلىش ئولتۇرۇشى، ئەسلى شەكلى «ھوجرا-كەپە».
ɦøpʰilɛx\ɦøpʰilɛx tʰaʃ ئى. باللار ئويۇنى بەشتاشتىكى ئاساسىي تاش.
ɦøkʰymnar ئى. [ئە] ھۆكۈمدار. مىسال:
mɛn ʃodyjniŋ bɛʃ nanni baʃqʰuruŋlaː digɛn bir tʰal ɦøkʰymnari boːmudum mɛn.
(مەن ئەترەتنىڭ بەش ناننى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمرانى بولمىدىم.)
ɦøkmi baʃqʰa سۆپ. باشقىچە، ئالاھىدە، ئادەتتىن تاشقىرى. مىسال:

a: bir gɛp qʰɯːʁandikʰin uniŋʁa ɛːjɛːgɛ bir gɛp jamaχ jamajdɯʁanʁa kʰøzymiz jɛssɛ jamaχ jamap kʰylyʃyp kʰetʰiʃiveːgɛnlɛːdɛ biz, avu munu bɛrizkʰamlaːniŋ fiøkmi baʃqʰa.

(ئۇ بىر گەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىگە بىر قوشۇمچە قىلىشقا كۆزىمىز يەتسە قوشۇمچە قىلىپ كۆلۈشۈپ كېتىشۋەرگەنلەردە بىز، ئەمما ئۇ بەرىزكامىنىڭ گەپلىرى باشقىچە.)

fiyrɛdimɛx پ. ھۆرمەك، قاۋىماق، ئېتىلماق. مىسال: رۇسلارنىڭ ئىتلىرى ئاتىنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمگە ھۆرەدەيدۇ.

fiyrrɛx سۇپ. ◇<كۆچ> ئۇشۇق، كۆكەمە، مۇتتەھەم.

fiynɛrmɛn ئى. ھۈنەرۋەن.

fieʤir ئى. [كونا] ساپال چىنە.

fiesapdaː سۇپ. پايدا-زىياننى بەك ئىنچىكە ھېسابلىشىپ كېتىدىغان، ھېسابچى.

## ئو

oburni ئى. ھاجەتخانا، تەرەتخانا، خالا.

obuxtʰa ئى. [ر<ئېنگ] (object) ①مۇھەببەت ئوبيېكتى، يۇرگىنى، جۈپتى.

مىسال: ①uniŋ obuxtʰisi baː (ئۇنىڭ مۇھەببىتى بار.)

②ottʰura mɛxtʰɛp oqʰuʁutʃʰiliri obuχtʰa tʰutsa bommajdu.

(ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇھەببەتلەشسە بولمايدۇ.)

②[كونا] فوتو ئاپپاراتىنىڭ فوكوس نۇقتىسى.

opʰus qʰummaχ پ. [ر] (опись) تەكشۈرمەك، ئاختۇرماق. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: مۇندەرىجە، تىزىملىك: تىزىملاش.

optʰuvaj [ر] (оптовый) سۇپ. توپ سېتىش. مىسال:

jaʁlɯχlaːni optʰuvaj bafiada beriŋ bizgɛ.

(ياغلىقلارنى بىزگە توپ باھادا بېرىڭ.)

otʰaχ ئى. دوست، بۇرادەر، ھەمكارلاشقۇچى. مەسىلەن:

ikkimiz otʰaχqʰa kʰirɛmduχ. (ئىككىمىز دوست بولامدۇق؟)

otʰaχtʃʰi ئى. ھەمكارلاشقۇچى، شېرىك، ئوتاققا كىرگۈچى.

ottʰuz oʁul mɛʃripʰi ئى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر يۇرۇش باشقۇرۇش قائىدىلىرىگە ئىگە، ئۆزىگە خاس يەرلىك مەشرەپ شەكلى.

otʰuχmaχ پ. يۈز-كۆزگە قارىتا قىزىرىپ قالماق، ئىششىپ قالماق. مىسال: uniŋ køzi otʰuqʰup qʰaptʰu. (ئۇنىڭ كۆزى ئىششىپ قاپتۇ.)

otʰunluχ ئى. ◇ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئوتۇن قويىدىغان جاي.

otʃʰuχ jerɯχ رەۋ. ئوچۇق-يورۇق.

oχtʰutʃʰi ئى. ئوقۇتقۇچى.[غۇلجا شەھىرى]

oraj ئى. [قا] (oraj) ئىمكانىيەت، شارائىت.

oraj qʰummaχ پ. (ھېساۋاتقا قارىتا) ئورنىغا ياتقۇزىۋەتمەك، شۇنىڭغا ھېساپ قىلىۋەتمەك.

orta سوُپ.[قه] ئوتتوُرا. مىسال:

mɛn ortʰa mɛxtʰɛptʰɛ oqʰujmɛː. (مەن ئوتتوُرا مەكتەپتە ئوقوُيمەن.)

ordikʰam ئى. كىچىك شارچىنى بارماق بىلەن چېكىپ بەلگىلەنگەن تۆشۈككە چۈشۈرۈپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنى.

orlaŋ ①سوُپ. بېقىندى، باغلاندى، قورچاق. ②ئى. [كونا] پادىشاھقا قارايدىغان يەرلىك بەگ. مىسال: ئۇ ئورلاڭ بېگى ئىدى.

oʁaχ beʃi ئى. لاپقوُت ئۆچىرتى بويىچە ئەمگەكى ئىشلەنگەن ئائىلە. مىسال: ئورمىچىلار ئوت ئارتىلغان ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئورغاق بېشى بولىدىغان ئۆيگە پولو يېيىش ئۈچۈن كىتىۋاتاتتى.

oʁuː ئى. تېرىق ياكى شال ئاقلايدىغان ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چوڭ ھاگانچا، كىلە. مىسال: ئوغۇردا سوقۇۋالىدىغان تېرىقنى، يازىچە سېلىۋالغان قۇرۇتى، موزايلىرىنى قىشتىن چىقىرىۋېلىش ئوخشاش ئىشلارنى ئويلاۋاتىدۇ.

oqʰurɛx tʰɛɣmɛx پ. تايىنچا قاتارلىق ياش ماللارنىڭ تېرە ئارىلىقىغا پارازىت قۇرۇتلار ئۇرۇق سالىدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ لېچىنكىلىرى چوڭىيىپ تېرىنى تېشىپ چېقىپ كېتىپ كېپىنەككە ئايلىنىدۇ. بۇ قۇرۇتلارنى يېيىش ئۈچۈن باشقا ھاشارەتلەر كېلىپ تايىنچىنىڭ دۈمبىسىگە قونىدۇ. بۇ چاغدا تايىنچا ئاغرىققا چىدىماستىن توختىماي چىچاڭشىپ يۈگۈرەيدۇ. بۇ «ئوقۇرەك تەگدى» دېيىلىدۇ، بەزى جايلاردا «سايغاق سالماق» دېيىلىدۇ.

oqʰuruχ ئى. ئات تۇتىدىغان سالما. مىسال: (قوشاق)

kʰɛslɛntʃʰykkʰɛ oqʰuruχ saldim,
sørɛldi qʰaʃtʰi.
jeni joχ qʰoŋʁuzʁa minip qʰoʁlividim,
bɛʃ davan aʃtʰi.

(كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم، سۆرەلدى قاچتى.
يېنى يوق قوڭغۇزدا مىنىپ قوغلىۋىدىم بەش داۋان ئاشتى.)

oŋaj رەۋ. ئاز (جۈملىدە قايتۇرما سوراق شەكلىدە كېلىپ ئاز ئەمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ). مەسىلەن:

ɦilimu oŋaj qʰɯldimu u saŋa. (ھېلىمۇ ئاز قىلدىمۇ ئۇ ساڭا؟!)

oŋaj ... ɛmɛs رەۋ. ◇بەك، ئىنتايىن، ناھايىتى. مەسىلەن:

oŋaj jaχʃi ɛmɛs meniŋ akʰam digɛn. (مېنىڭ ئاكام بەك ياخشى.)

oŋduːmaslɯχ پ. ئايىماسلىق، ئوڭغا تارتماس قىلىۋېتىش.

oŋʁajmaχ پ. كېسەل ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئورۇقلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ، رەڭگى ئۆچۈپ كەتمەك.

oŋmas سوُپ. تەلەيسىز، ئىلگىرى كەلمەس، ئىشى ئوڭغا تارتماس.

olʁur\ulʁur ئى. ※ ھارۋىغا چۆپ، سامان قاتارلىقلارنى بېسىپ باغلىغاندا تېخىمۇ چىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئاغامچىنىڭ بوش يېرىدىن ئىلىپ ئايلاندۇرۇپ قىستۇرۇپ قويىدىغان ياغاچ.

olʁur samaχ پ. ئولغۇر ئارقىلىق تەتۇر باغلاش. مىسال: ئۇ چانىنىڭ ئوق

ياغـچـغا ئۇلغۇر سالدى.

olumaχ\o:limaχ پ. هـمـرمەك، تولغـماق، تولغاپ چـمـدىماق. مـسال: يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ تىلىڭنى ئۇلۇۋېتىمەن.

ofiuʃ ئـم. ※ئوش، بولدى قويغـىنا. مـسال:

ofiuʃ oʁamni tʰola qʰajnatmaj tʃʰɯqɛ ʤugu.

(ئوهۇش، ئوغامنى قايناتماي چىقە، ماڭ.)

ova: ئى. [م] (ova) جۇڭغارلار دەۋرىدىن قالغان بەلگە ئورنىدا قويۇلغان تاش دۆۋىلىرى. موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى: دۆۋىلەش، يىغىش. مىسال: نۇرى تاغ سۈيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇۋا تاشتا ئولتۇرۇپ، سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى ئېيتماقتا ئىدى.

ova: tʰɛkkʰyr سۈپ. [م+ئۇ] جىن تەككۈر (كىشىلەردە ئۇۋالار موڭغۇللارنىڭ قەبرىستانلىقى، ئۇ يەردە جىن بار دەيدىغان قاراش بار).

ovlaχ\avlaχ ئى. ئوۋ قىلىدىغان جاي، ئوۋ هايۋانلىرى ياشايدىغان جاي؛ نېرى، يىراق جاي.

ojsun ئى. تېكەس دەرياسى بويىدىكى تاغنىڭ نامى.

ojmaχ ئى. ◇ئورما ئورىغاندا ئورغاقنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئورغاق تۇتمىغان قولنىڭ بارماقلىرىغا سېلىنىدىغان هالقىسىمان بۇيۇم. مىسال: ئۇ چاتلىرىنى كېرىپ، ئوڭ قولىدىكى ئىتتىك ئورغاقنىڭ يېنىغا سول قول بارماقلىرىدىكى ئويماقلىرىنى ‹تاق-تاق› تەككۈزۈپ ئورغاق سالسا كىشىنىڭ زوقى قوزغىلىدۇ.

ojnimaχ پ. ◇چاقچاقلاشماق، ئويناشماق، ئەخمەق قىلماق. مىسال: ئادەمنى تولا ئوينىما، هە!

ojun balisi ئى. ئويۇنچى بالا، ئويونغا ئامراق بالا.

## ئۇ

utʃraʃmaχ پ. ◇<كۆچ> ئوخشاپ قالماق، ئورتاقلىقتا ئىگە بولماق. مىسال:

qʰandaχ, oχʃamda bir birimizniŋ, utʃriʃamdikʰɛ: øliŋi ja utʃraʃmamda.

(قانداق، ئوخشامدۇ بىر-بىرىمىزنىڭ، ئورتاقلىقى بارمىكەن ئۆلىگىمىزنىڭ؟)

uχtʰa kɛ:mɛx\uχtʰisuʁa kʰɛ:mɛx پ. دەل كېلىپ قالماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقماق. مىسال: ①توۋا، ئۇختا كەلگىنىنى، بىر ياشلىق ئىكەنمىز. ②ئىشنىڭ ئۇختىسىغا كەلگىنىنى دېمەمدىغان.

urpʰaχ ئى. [قا] (urpʰaq) ئەۋلاد.

uzuqmaχ پ.ئۇزاق هايال بولماق، كېچىكىپ كەتمەك. «ئۇزۇقۇپ كەتمەك» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ustʰul ئى. ئۇسسۇل. [مەمەيۇز]

ustʰimaχ پ. [قا] (ustʰav) تۇتماق.

uʃ ئى. تەرەپ، بۇلۇڭ، تۇش. مىسال: ئۇلار ئۇش ئۇشتىن چىقىپ كېلىشتى.

uʃtʰumaχ پ. سۇندۇرماق، پارچىلىماق. مىسال: چارسىلداپ ئۇشتۇلىدىغان يوغان، نېپىز سەهرا نېنى، قايماقلىق ئەتكەنچېيى باي قىزىغا ئالاهىدە بىلىندى.

uʃqʰaʃmaχ پ. ئۇچراشماق. مىسال:

ʃɛ:niŋ qʰojmitʃʰiliri silɛ:ni uʃqʰaʃtʰu:maj qʰojup kʰetʰidu.

(شەھەرنىڭ ئالدامچىلىرى سىلەرنى ئۇچراشتۇرماي قويۇپ كېتىدۇ.)

uʃlimaχ پ. ※تۇتماق، مۇردىنىڭ پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ تۈز ياتقۇزماق. مىسال:

uʃlimaŋ bilɛgimni,

kʰøjdy:mɛŋ jyrɛgimni.

(ئۇشلىماڭ بىلەكىمنى، كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى.)

②elip kʰirgɛndɛ lɛɦɛt itʃʰigɛ murdiŋizni uʃlijalmidim.

(ئېلىپ كىرگەندە لەھەت ئىچىگە، مۇردىڭىزنى ئۇشلىيالمىدىم.)

uʃma سۇپ. تىك، ئەڭ ئېگىز. مىسال: (تىك چوققا) uʃma tʃʰoqqʰa

uʃmu uʃ ①بۇلۇڭ-پۇشقاق، تەرەپ-تەرەپ، تۇشمۇ تۇش، ھەرجاي. ②باراۋەر، تەڭ، دەل، دەلمۇ-دەل، ئۇدۇل.

uqʰaχ tʰa:tmaχ پ. ◇غەم يېمەك، كۆيۈنمەك. مىسال: ئىككەيلەننىڭ بىر-بىرىمىزگە قانداق ئۇقاق تارتىپ يۈرىدىغىنىمىزنى بىلەمسەن؟

uqʰɯlimaχ پ. بەدەننى ئۇگىلىماق، مۇجۇپ تۇتماق.

ugatmaχ پ. ئۇۋاتماق، ئۇششاقلىماق.

uguluχ ئى. ①ئۇۋۇلىق. ②<كۆچ> تۇرخۇن ئەگمىسىدىكى چوڭقۇر جاي، بەزى جايلاردا «ئىت ياتقۇ» دېيىلىدۇ.

ulastʰaj ئى. [م] (ulijasitʰaj) نىلقا ناھىيىسىدە يەر نامى.

ulʁajtmaχ پ. كۆچەيتمەك، ئاشۇرماق. مىسال:

savadimni øzɛm ulʁajtʰiva:ʁanmɛn. (ساۋادىمنى ئۆزەم ئاشۇرىۋالغانمەن.)

ujumaχ پ. ◇①سوۋۇماق، تۇرۇپ قالماق. «ئۇيۇپ قالماق» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مىسال: (ئېشىڭ سوۋۇپ قالدى، تېز يە.) eʃiŋ ujup qʰaldi, tʰez jɛrɛ.

②ناھايىتى تېز پىرقىراپ تېنچ تۇرغاندەك ھالەتتە كۆرۈنمەك.

ujdurivɛtmɛx پ. <كۆچ> ناھايىتى قامىلاشتۇرماق، «ئۇيۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى. مەسىلەن:

خەت دېگەننى ئۇيدۇرىۋېتىدۇ، مېنىڭ بالام. (خەتنى چىرايلىق يازىدۇ)

## ئۆ

øpkʰɛ baʁrini qʰaχmaχ پ. ※ كۆيۈنمەك، مېھرىبانلىق قىلماق.

øre bo:p qʰa:maχ پ. ①چارۋىلارنىڭ بېشى تۆۋەن، تۆت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قېلىشى. ②‹كۆچ› ئادەملەرنىڭ بىر ئىشقا چىدىماسلىق قىلىپ ئۆلتۈرالماي قېلىشى. مىسال: ئۇ يەرگە مېنىڭمۇ بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ قېينى ئانامنىڭ تۆت پۇتى ئۆرە بولۇپ قالدى.

ørtʰɛŋ ئى. چاپچال ناھىيىسىدە يەر نامى، مەنىسى ئۆتەڭ.

øryme ئى. ※ ئۇسسۇل ئوينىغان، ناخشا ئېيتقان مۇزىكا چالغان ياكى چاقچاق ئېيتىپ كۆلدۈرگەنلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئۇلارغا بېرىلگەن پۇل ياكى ماددى نەرسە.

øridimɛx پ. ئات، ئىت قاتارلىقلارنىڭ ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئۆرە

بولۇشى. مىسال: ①نۇرى غورۇدىن ئېگىشىپ ھويلىسىغا كىرىۋىدى، سامانلىقتىن بىر ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ھاۋشىمايلا ئۆنىگىغا ئۆرىدەپ ئېسىلدى. ②نۇرى <بىسمىللا> دەپ ئاتقا سەكرەپ مىندى، ئات بىر ئۆرىدىدى ۋە يېشىل چىمەنلىك ئۆرىگە قاراپ چېپىپ كەتتى.

øzi\yzi تىر. بىرى، بۇيان. مىسال:

tʃʰoŋ boːʁanniŋ øzi dʒurχ iʃlaːni kʰøryp kʰɛttʰuχ.

(چوڭ بولغاندىن بۇيان جىق ئىشلارنى كۆرۈپ كەتتۇق.)

østʰɛn ئى. ئۆستەڭ. مىسال:

aq østʰɛnniŋ qʰara suniŋ bojuʁa bir kʰɛpʰɛ tʰikʰip ɛːʃɛːgɛ aːpʰirip qʰojʁan.

(ئاق ئۆستەڭنىڭ قارا سۇنىڭ بويىغا بىر كەپە تىكىپ ئەشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغان.)

økʰimɛx رەۋ. يول ماڭغاندا ئۆزىنى ئۇياق بۇ ياققا ئۇرماق، سىلكىنىپ ماڭماق. مىسال:

tʰøgidin baʃqa, økʰyz, baʃqa ɦajvanlaː økʰɛp maŋiduʁan nɛːsitʃʰu, unuŋʁa aʁamtʃʰini naɦajitʰi tʰaːtʰip baʁlimisa ʒyx tʃʰyʃyp kʰɛtʰidu.

(تۆگىدىن باشقا ئۆكۈز قاتارلىق ھايۋانلار سىلكىنىپ ماڭىدىغان نەرسىچۇ، ئۇنىڭغا ئاغامچىنى ناھايىتى چىڭ تارتىپ باغلىمىسا يۈك چۈشۈپ كېتىدۇ.)

økʰyn ئال. ئۇ كۈن، ھېلىقى كۈن. مىسال:

økʰyni iʃtʰin qʰajtʰip nɛgɛ kʰɛttʰiŋ, bir dɛmdila tʰapʰammaj qʰaldimʁu seni.

(ئۇ كۈنى ئىشتىن قايتىپ نەگە كەتتىڭ، بىر دەمدىلا تاپالماي قالدىمغۇ سېنى؟)

økʰirɛŋ\øŋirɛk ئى. ئاتنىڭ چوڭ-چوڭ سەكرەپ مېڭىشى. مىسال:

دادىسى بوز ئاتنى ئۆكرەڭ تاشلىتىپ شەھەرگە كېتىپ باراتتى.

øŋkʰɛj سۈپ. [قا] (øŋkʰɛj) پۇتۇنلەي، ھەممىسى. مىسال: ①جەڭ تېخى تۈگىمىدى، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، چاپچال، قورغاس، سۈيدۈك ئۆڭكەي دۈشمەننىڭ قولىدا. ②ئەسكەر باشلىقلار ئۆڭكەيلا ئورۇس.

øŋkʰyrmɛx\øŋtʰyrmɛx پ. ئات مىڭگەندە قوي قاتارلىقلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئارتىۋالماق. مىسال: ①ئىككى ئاتلىق بىر دەمدىن كېيىن راست دېگەندەك يوغان بىر كىيىكنى ئۆڭتۈرۈپ كېلىشتى. ②بۇ ئەكبەر باتۇرنىڭ ئاخىرقى گېپى بولدى. غېنى ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئېتىنىڭ ئالدىغا ئۆڭكۈرىۋالدى.

ølɛn\ɦølɛn\jølɛn ئى. توي كۆچۈرگەندە ئېيتىلىدىغان، خاس ئاھاڭغا ئىگە بىر يۈرۈش كوللىكتىپ ناخشا.

ølkʰɛː\ølkʰi jɛː ئى. ※ سۇغۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەر، سۇلۇق ئېتىز.

ølgytʃʰɛ ئى. ئىشىكنىڭ بوسۇغىسى، مۇجۇق كېلىدىغان جاي.

ølyx saz ئى. ئۇن-سىنغا ئېلىپ ئاڭلىتىلغان مۇزىكا.

ømsɛ سۈپ. ①خاپىغان، سۇلغۇن. مىسال:

ømsɛla kʰørynisɛnʁuj. (بەك سۇلغۇن كۆرۈنىسەنغۇ؟)

②ئەركە. مىسال:

ømsɛrɛx ygytʰyp qʰojudu u ballani. (بالىلارنى ئەركە ئۆگىتىپ قويىدۇ.)

ømsøryn سۆپ. پاراكەندە، بىنورمال، چىرايى تاتارغان.

øvɛxt$^{h}$ɛ jatmaχ پ. ①ئېغىر ئاغرىق ئادەمنىڭ ئاۋايلاپ سەگەنچۆككە سېلىپ ياتقۇزۇلىشى. ②‹كۆچ› بوۋاقلارنىڭ ھېچنېمىنى سەزمەي تاتلىق ئۇخلاپ كېتىشى. مىسال: ئۆۋەكتە ياتقاندەك ئۇخلاپ كەتكىنىنى قارا، ما بالىنىڭ.

øvɛkk$^{h}$ɛ ʧ$^{h}$yʃyp q$^{h}$a:maχ پ. جان چىقىشنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىنى سەزمەي تىپ-تېنچ يېتىپ قىلىش، سەكراتقا چۈشۈپ قىلىش.

øj besip رەۋ. ※ ئۆيمۇ-ئۆي، ھەممە ئۆيدە.

øjʧ$^{h}$aj ئى. ◇يېڭى ئۆي سېلىپ ياغاچ چىقىرىپ توپا تاشلىغان كۈنى قوشنا-قولۇملار ھەممىسى كېلىپ ياردەملىشىپ ئىشلەپ، ئاخىرقى ئىشلارنى شۇ كۈنىلا پۈتتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن شۇ كۈنى ئۆي پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئۆتكۈزىلىدۇ، بۇ چاي شۇنداق ئاتىلىدۇ. [كان]

øj q$^{h}$op$^{h}$a:maχ پ. ئۆي سالماق.

## ئۈ

ytmɛx پ. يوقالماق، يىتمەك، ئەستىن چىقماق. مىسال:

ʃundaχ zøryr gɛp k$^{h}$erɛx bo:ʁan ʧ$^{h}$aʁda k$^{h}$e:p sorisa ɣt$^{h}$yp k$^{h}$et$^{h}$idu.

(شۇنداق زۆرۈر گەپ كېرەك بولغان چاغدا كېلىپ سورىسا يىتىپ كېتىدۇ.)

yz aʃq$^{h}$u ئى. توينىڭ ئەتىسى كېلىننى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئالدىغا سالامغا ئېلىپ چىقىپ، چاچقۇ چېچىش، تەلىم بېرىش دېگەندەك قائىدىلەر بويىچە قىزنىڭ يۈزىدىكى جۈمپەردىسىنى ئاچىدىغان مۇراسىم.

yʒym\yʤym ئى. ئۈجمە.

yʃt$^{h}$ap$^{h}$an ئى. ئۇرۇلغان ئوشۇقنىڭ ئارىلىقىنى تاپان بىلەن ئۆلچەپ بەسلىشىدىغان ئوشۇق ئويۇنى.

yʤyr ئى. [پ] ئەجىر، مېھنەت.

ytʃ$^{h}$yntʃ$^{h}$i t$^{h}$oχu ئى. سەھەر سائەت بەش ئەتراپىدىكى ۋاقىت.

ydysk$^{h}$ilimɛx پ. ※ تەمتىرىمەك، تىمىسقىلىماق. مىسال:

uniŋ k$^{h}$øzi k$^{h}$ø:mɛj ydysk$^{h}$ilɛp ʒyryjdu.

(ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەي تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ.)

yrɛ bommaχ پ. ※ ①باشقا-باشقا تۈپتىن بىر قوتانغا يىغىلىپ قالغان ماللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ قىلىشى. ②كۆنمەك: ئىجىل، ئىناق بولماق. مىسال: بۇ ئىت ئادەمگە ئۈرە بولمىغۇدەك.

yrk$^{h}$yntʃ$^{h}$ilix ئى. ۋەزىيەتكە قارىتا قالايمىقانچىلىق قاپلىغان، قاچ-قاچ بولىۋاتقان، تېنچ بولمىغان مەزگىل.

ylygydimɛx پ. نەرسىنىڭ يىرىكىنى ئايرىۋەتمەك، يىرىكدىمەك. مىسال:

samanni ylygydivɛt. (سامانني يىرىكدىۋەت.)

yntʃ$^{h}$ɛ ئى. <كۆچ> بۇغداي ئورغاندا بىر ئورغاق سىلىشتا ئورۇلغان بۇغداي. مىسال: ①زىياۋدۇننىڭ ئۈچ ئۈنچىسىلا بىر باغ كېلىدىكەن ئەمەسمۇ! ②قاراڭ، ئۇنىڭ سولىمۇ ھەممىدىن كەڭ، ئۈنچىسىمۇ چوڭ، ئورغاق سىلىشى تىز ھەم پاكىز.

## ۋ

vabal ئى. [ئە] ئۇۋال.

vabalʧʰilɯχ ئى. [ئە+ئۇ] ※ ئۇۋالچىلىق. مىسال: ۋابالچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالمىسا خەلق نەپرىتى كەلكۈندەك يىمىرىلىپ كېلىدۇ، ۋابالچىلىقنى توسۇي دىسە كاللا كېتىش خەۋپى بار.

varina ئى. [ر] (варенье) مۇراببا، مېۋە كونسېرۋاسى.

vasmirkʰa رەۋ. [ر] (восмерка) چاقنىڭ مايماق چىقىپ كېتىشى. مىسال:

velispʰitʰimniŋ ʧʰaqʰi vasmirkʰa ʧʰɯqʰɯp kʰɛttʰi.

(ۋېلسىپىتىمنىڭ چاقى مايماق چىقىپ كەتتى.)

vaŋɦolu ئى. [خەن] (望河楼) ①چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە كۇرەدە چىڭ گېنىرالى تەرىپىدىن ئىلى دەرياسىغا قارىتىپ ياسالغان راۋاق. ②چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىلى دەرياسى ئېقىنىنى تىزگىنلەپ راۋاقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سېلىنغان ھاشا. ③يۇقىرىقى ھاشار ئەكس ئەتكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن بىرى.

vaŋqʰadir ئى. [خ+ئە] 30-يىللاردىكى غۇلجىدىكى خۇيزۇ بايلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، ھازىرقى غۇلجا شەھەر خەلق باغچىسى ئىلگىرى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

vallɛj ئى. باللار ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، گاگار ئويۇنى. كىچىك تاياقنى چوڭ تاياق بىلەن ئۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ، ئاندىن قايتىدىن بوشلۇقتا چەنلەپ ئۇرىدۇ.

vavaza ئى. [خەن] (挖挖子) ئۇزۇن ساپلىق ئوتىغۇچ.

vaj ئىم. ◇بۇيرۇق پېئىلىدىن كېيىن كېلىپ، ئىشەنمەسلىك، مەنسىتمەسلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مىسال: ماڭەۋاي!.- دېدى بىرى بوم ئاۋاز بىلەن.- ئادەممۇ ئۇچامدۇ؟

vɛlɛx ئى. ※ يانداق ئاتىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئارقاننى ھارۋىنىڭ ئوقى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئىككى بېشى بەلدەكلىك ياغاچ، ئاتنىڭ توشۇكىنى بېكىتىدىغان توغرا ياغاچ، بالچاق ياغاچ.

vetʰɛx مىق. نەپەر، جان. مىسال:

tʰøt vetʰɛx adɛm tʰurup muʃunimu qʰɯliʃalmidiŋma.

(تۆت ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنىمۇ قىلالمىدىڭلارمۇ؟)

velkʰa ئى. [ر] (вилка) ئارا قوشۇق.

viʧʰirkʰa ئى. [ر] (вечера) تويىنىڭ قىز-ئوغۇل ئولتۇرۇشى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: كەچلىك ئولتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى.

vitvit سۈپ. غەيۋەتخور، تولا سۆزلەيدىغان، كىشىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تاپىدىغان.

## ئې

etʰaʒ ئى. [ر] (этаж) بىنانىڭ بىر بۆلىكى، قەۋەتى.

eʤilʁa ʧʰyʃmɛx پ. سىيىرنىڭ كۈيلىشى.

ergɛʃmɛx\irɛkʰɛʃmɛx پ. تىركەشمەك، قارشىلاشماق. مىسال:

- ھۆكۈمەت بىلەن ئىرەكەشكىلى بولامدۇ؟

ergilo ئى. [خەن] (二轱辘) [كونا] ئىككى چاقلىق بىر خىل هارۋا.
eris ئى. [ر] (ирис) سۈتنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىك.
eruʁ سۈپ. [قە] ※ پاكىز، سۈپەتلىك. مىسال:
①qʰoluŋ eruʁmu. (قولۇڭ پاكىزمۇ؟)
②u eruʁ mal tʰutʰudu. (ئۇ سۈپەتلىك مال تۇرىدۇ.)
eruʁdimaχ پ. [قە] پاكىزلىماق، تازىلىماق. مىسال:
kʰɛl, mɛjɛni eruʁdivɛt. (كەل، بۇ يەرنى تازىلىۋەت.)
esu χɯjal ئى. ئەس-خىيال، ئەس-هوش. مىسال: ئۇنىڭ ئېسىۇ خىيالى كۆلرەڭ ماتادىن ئىشتان-چاپان كىيگەن، يۈتىغا گۆجەي ئوراپ خەي كىيىۋالغان سوغۇق تەلەت دۈشمەن كۆرۈنسىدى دېگەن ئىشقىلا مەركەزلەشتى.
esiri ba: سۈپ. مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، ساراڭ قېتىش.
eʃɛx ئى. ◇<كۆچ> ئېگىز شاختىن ئالما ئۈزگەندە ئىشلىتىلىدىغان تۆت پۇتلۇق ئېگىز ئورۇندۇق.
eʃɛx tʰuʁdi qʰɯlivɛtmɛx پ. <كۆچ> پاسكىنا قىلىۋەتمەك، قالايمىقان قىلىۋەتمەك. مىسال:
nimɛ qʰalajmɯqʰantʃʰilɯχ bu, eʃɛx tʰuʁdi qʰɯliʃiwetʰiʃipsɛnʁu bu øjni.
(نېمە قالايمىقانچىلىق بۇ، ئۆيىنى بەك پاسكىنا قىلىشىۋېتىشىپسەنغۇ.)
ekʰintʃʰi ئى. [قە] دېھقان، تېرىقچى.
ekʰintʃʰilix ئى. [قە] تېرىقچىلىق.
evimɛx پ. ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش، قورۇنىۋالماي ئۆزىنى بوش قويىۋېتىش. مىسال: خۇددى قانجۇق كۈچۈكلىرىگە ئېۋىپ يېتىپ سۈت بەرگەندەك ئىدى.

## ئى

i̥t tʰykʰini jɛp kʰɛttʰi پ. ئىتلارنىڭ كېچىچە توختىماي قاتتىق قاۋاپ چىقىشى. مىسال:
i̥t tʰykʰini jɛp kʰɛttʰɯʁu bu kʰetʃʰitʃʰɛ, nimɛ digɛn qʰavɯʁan bu.
(ئىت تۈكىنى يەپ كەتتىغۇ بۇ كېچىچە، نېمە دېگەن قاۋىغان بۇ.)
i̥t yzym ئى. بىر خىل ياۋا مېۋە.
i̥t jatqʰu ئى. «ئۇگۈلۈخ» سۆزىگە قارالسۇن.
idʒil bommaχ پ. ئېچىكىپ قالماق، ئامراق بولماق.
idɛ tʰutmaχ پ. كونىچە قائىدىگە رىئايە قىلىپ، بەزى ئىشلاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆزىنى تارتىپ، تەلەپ بويىچە ئىش كۆرمەك. مىسال: qʰɯrɯχkyn idɛ tʰutʰusiz didi mollam maŋa qʰarap.
(قىرىق كۈن ئىدە تۇتىسىز دېدى موللام ماڭا قاراپ.)
irim ئى. ①شۇ كۈنلۈك تۈنجى سودىنى پۈتتۈرگەندە سودىنىڭ راۋان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، پۇلنى سېتىلىۋاتقان تاۋارلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈپ يەرگە ئۆرۈپ قويىدىغان كونا ئادەت. ②<كۆچ> شۇ كۈنلۈك دەسلەپكى سودا. مىسال:
mana ɦazirʁɯtʃʰɛ bir tʰijinmu irim joχ.

(مانا هازىرغىچە بىر تېيىنلىقمۇ سودا يوق.)
③كېسەل داۋالاشتىكى كونىچە قائىدە-يوسۇن، ئۇسۇل-چارە. مىسال:
irim sirimlirinŋ bo:sa qʰɯmmamsɛ:, saqʰɯjip qʰa:sam ɛʤɛvɛmɛs.
(ئىرىم-سىرىملىرىڭ بولسا قىلمامسەن، ساقىيىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.)
izɛŋgylyx ئى. پۇتنىڭ ئوشۇق قىسمى.
izdilni سۈپ. [ر] (сделный) ئىشچىلارغا قارىتا ۋاقىتلىق، مۇقىم ئەمەس، ئىشتاتسىز. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئىش بېشىغا قاراپ، ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ. مىسال:
sɛn bu jɛ:dɛ izdilni iʃlɛvatʰamsɛ:. (سەن بۇ يەردە ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتامسەن؟)
izvanix ئى. [ر] (звонок) قوڭغۇراق. مىسال:
izvanɯx ʧʰelinʁan ɦaman balila: sinipqʰa ʒygyryʃtʰi.
(ئىزۋانىك چېلىنغان هامان بالىلار سىنىپقا يۈگۈرۈشتى.)
ispʰaŋkʰa ئى. [ر] (испанка) بىر خىل ھەرىبچە شەپكە. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئىسپانچە، ئىسپان پاسونىدىكى. مىسال: يۈزگە ئىسپانكىلىرى يېپىلغان 813 نەپەر قۇربانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپى سۈيدۈك 1-ئاتقۇچىلار پولكىدىن.
ispʰuskʰa ئى. [ر] (спуска) داۋاندىن چۈشۈش يولى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: چۈشۈش، قونۇش، قويۇۋېتىش: ئوت تۇتاشتۇرۇش، چاقماق (ئوت تۇتاشتۇرىدىغان): بوشاتماق، ئازادە بولۇش؛ ھەركەتلەندۈرۈش، تۆۋەنلەش: قىيپاش، داۋاندىن چۈشۈش يولى.
ispʰiʧkʰa ئى. [ر] (спичка) سەرەڭگە.
ispʰirapkʰa ئى. [ر] (справка) كېسەل كىشىگە يېزىپ بېرىلىدىغان ئىسپات قەغىزى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: ئىسپات قەغىزى، مەلۇمات: ياردەم.
ispʰiskʰa ئى. [ر] (списка) روېخەت. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تىزىملىك. مىسال:

ispʰiskʰini tʰalaʃqʰan,
aχsu bilɛ: dolatʰa.
bu qʰoʃaχni kʰim qʰoʃqʰan,
osman bilɛ olatʰa.

(ئىسپىسكىنى تالاشقان ئاقسۇ بىلەن دولاتا،
بۇ قوشاقنى كىم قوشقان، ئوسمان بىلەن ئولاتا.)
istʰakʰan amma ئى. [ر+ئۇ] ( стакан) كۆزلۈك ئالما سورتلىرىدىن بىرى.
istʰolba ئى. [ر] (столб) سىمتاناپ تۈۋرۈكى، بەزى جايلاردا «دىلگىرام» دەيدۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: تۈۋرۈك، قوزۇق، خادا، سىمتاناپ تۈۋرۈكى.
istʰiroʤi ئى. [ر] (сторожа) تازىلىقچى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: قاراۋۇل.
istilvaj\stolvaj ئى. [ر] يازلىق ئالما سورتلىرىدىن بىرى.
iskʰopkʰa ئى. [ر] (скобка) ئىملا قائىدىسىدىكى تىرناق.
ismena ئى. [ر] (смена) نۆۋەتلىشىپ ئىشلەش تەرتىپى. رۇس تىلىدىكى مەنىسى: نۆۋەتلىشىش، ئالمىشى. مىسال:

kʰetʃʰilix isminidin tʃʰyʃkʰɛndin kʰejin jɛnɛ ismina qʰoʃup iʃlɛjmɛː.

(كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە قوشۇپ نۆۋەتچىلىك ئىشلەيمەن.)

iʃɛx[1] ئى. ئىككى ياشلىق ئەركەك قوي.

iʃɛx[2] سۈپ. ①قوي قېرىنى. ②<كۆچ> بىر مۇنچە، بىر تالاي. مىسال: bojnuŋda iʃɛxtʃʰɛ qʰɛriz, jɛnɛ qʰandaχ qʰɯlaj dɛjsɛː.

(بوينۇڭدا بىر مۇچىنە قەرز، يەنە قانداق قىلاي دەيسەن؟)

iʃkʰɛkʰi سۈپ. ئىچكىرىكى.

iʃmɛr سۈپ. چىۋەر، ماھىر، قولى ئەپلىك.

iʃmɛx ئى. توقۇم ئاستىغا سېلىنىدىغان نىپىز كىگىز، تەرلىك.

iʃnur ئى. [ر] (шнур) ئاياق بوغقۇچى.

iʃixkʰɛ tʃʰɯχmaχ پ. تەرەت سۇندۇرغىلى چىقماق.

i̥kkʰintʃʰi tʰoχu ئى. كېچە سائەت 1-2 لەر ئەتراپىدىكى ۋاقىت.

ikʰindi ئى. [قە] (ikindi) ※دىگەر ۋاقتى. مىسال: ikʰindi namaz

iŋʁaj ئى. [قا] (ïŋʁaj) مۇۋاپىق شارائىت، ئىمكانىيەت. مىسال: iŋʁaj kʰɛːsɯʁu birdɛmlix iʃtʰi bu.

(شارائىتى كەلسىغۇ بىر دەملىك ئىش ئىدى.)

iŋirtʃʰaχ ئى. ئۆكۈزگە يۇك ئارتقاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىگەردىن چوڭراق جابدۇق.

ilkʰɛʃmɛx پ. ※ چېتىلماق، ئارىلاشماق، ئېرىشمەك.

ilgirikʰin رەۋ. (ئىلگىرى-كېيىن) بەك، ناھايىتى. مىسال: ilgirikʰin pʰaskʰina boːp kʰetʰiptʰu maʃiniŋiz.

(ماشىنىڭىز بەك پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ.)

ilitmɛx پ. [قا] (ertʰiv) باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك. مىسال:

u meni ilitʰip baːdi. (ئۇ مېنى باشلاپ باردى.)

ilintʃʰɯχ رەۋ. ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ يۈرمەك، كېسەللىكنىڭ ئاز-تولا بەلگىلىرى ئىپادىلەنمەك. مىسال:

ilintʃʰɯχ aʁrip ʒyːgili bir nɛtʃtʃʰɛ kʰyn boldi.

(ئەلەڭ-سەلەڭ ئاغرىپ يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولدى.)

inɛx ئى. سېغىن كالا، سىيىر.

indʒa سۈپ. ئورۇق، زەئىپ، ئاجىز.

inqʰɯlap aʃmaχ پ. ئىنقىلاپ باشلىماق، ئىنقىلاپ قىلماق.

inispʰiktʰir ئى. [ر] (инспектор) نازارەتچىسى، تەكشۈرگۈچى.

## ي

jatʃʰɛn ئى. [خەن] [كونا] (衙钱) مىس پۇل.

jadaŋ østʰɛŋ ئى. يارلىقتىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ.

jaratʃʰiraχ ئى. يارا: يارا ۋە باشقا جاراھەتلەر.

jaritʰilʁan at ئى. ياخشى بېقىلىپ بەيگە ياكى يۈرۈشكە تەييارلانغان يارامىلىق ئات. مىسال: يارىتىلغان ئاتلارغا مىنگەن، بەش ئاتار، ئاپتومات، ھەتتا ئوۋ

مـلتـەقلـىرىنى مۇرىلـىرىگە ئېسىشقان يىگىتلەر بىر-بىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشەتتى.

jarim سۈپ. [قە] يېرىم.

jarjar ɦarva ئى. ※ كۆتەك ھارۋىنىڭ بىر تۈرى. ياغاچ چاقنىڭ سىرتىغا تۆمۈر قاپلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈزۈمنىڭ ياغىچى دۈگىلەك قىلىپ قاپلىنىدۇ، ئوق چاق بىلەن تەڭ ئايلىنىدۇ.

jaʁaʃ ئى. ◇دەل-دەرەخ. مىسال: munu jaʁaʃla:niŋ ɦɛmmisini biz ɛkkʰɛn.
(مۇشۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز تىككەن.)

jaʁɯtʃʰaχ ئى. يارغۇنچاق، ئۇن يۇمشىتىدىغان قولتۇگمەن.

jaŋʁuz jerim سۈپ. يالغۇز، يىگانە. مىسال:
jaŋʁuz jerim o:tʰaʁanda bir, i̥kkʰintʃʰi ʃundaχ zøryr gɛp kʰerɛx bo:ʁan tʃʰaʁda kʰe:p sorisa ɣtʰyp kʰetʰidu.
(بىرىنچىدىن يالغۇز ئۆلتۈرغاندا، ئىككىنچىدىن شۇنداق گەپ كېرەك، زۆرۈر بولغان چاغدا كېلىپ سورىسا يۆتۈپ كېتىدۇ.)

jaŋgilivaʃtʰin\jɛŋgilivaʃtʰin رەۋ. يېڭىباشتىن.

jalaŋ ɦesip ئى. بىر خىل تاماق نامى، بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ: كالا گۆشى قىيما كومىلچىغا گۈرۈچ چاپلاشتۇرۇلۇپ، ھورداپ پىشۇرۇلىدۇ. قورۇما بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ.

ja:ʁan ajɛm ئى. ھېيتقا ئىككى كۈن قالغان كۈن.

jamatʰu ئى. [م] غۇلجا ناھىيىسىدە يەر نامى. موڭغۇلچە مەنىسى: ئۆچكىلىك.

ja:maχ\ja:maχ tʰijin ئى. پۇل.
nim berisɛ: dɛrɛ, bɛʃ kilo un berimɛ:, bɛʃ som jamaχni mɛn berimɛ:.
(نىمە بېرىسەن دېگىن، بەش كىلو ئۇن بېرىمەن، بەش سوم پۇلنى مەن بېرىمەن.)

ja:ma ulaχ ئى. باغۇەنچىلىكتە ئۇلاقنىڭ بىر تۈرى.

jandaχ ئى. بۇغداي تازىلىغاندا يىغىلىپ ئېغىرلاشقان بۇغداينى سۈپۈرىدىغان چوڭ چىغ سۈپۈرگە.

jandu:qʰɯ ʒil ئى. ھېكايە قىلىنغان چاغدىن ئىلگىرىكى يىل.

java kʰøxnar ئى. چىمەنلىكتە ياكى تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك.

jajlav ئى. [قا] (ʤajlav) يايلاق.

jajma ئى. ◇ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

jɛzmɛx پ. [قە] يەشمەك. مىسال:
①kʰijimiŋni jɛz. (كىيىمىڭنى يەش.)
②tʰyŋmiliriŋni jezivɛt. (تۈگمىلىرىڭنى يېشىۋەت.)

joʁan apʰa ئى. موما، چوڭ ئاپا (ئوتتۇرا ياشلىق بەزى ئاياللاردا نەۋرە كۆرگەندە ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتكىسى كەلمەي، نەۋرىلىرىگە ئۆزىنى شۇنداق چاقىرتىدىغان ئەھۋال بار.)

jol nɛzir ئى. ئۆلۈم كۈنى يىراقتىن كەلگەن، قايتىشقا ئالدىغايدىغان جامائەتكە بېرىلىدىغان نەزىر. ئەگەر ئۆي ئىگىلىرى يېتىشەلمىسە بۇ نەزىرنى ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرى ۋاكالىتەن ئۆتكۈزىدۇ.

judi juq$^{h}$ɯ سۇپ. (تۇغقانچىلىققا قارىتا) شىرەم، يىراق. مەسىلەن:

judi juq$^{h}$ɯ t$^{h}$uqq$^{h}$anliri ula: bunuŋ. (يىراق تۇغقانلىرى ئۇلار بۇنىڭ.)

jumzatmaχ پ. گەپ ئەگىتمەك، سەل تەككۇزۇپ گەپ قىلماق. مىسال:

u søzni sɛl jumzit$^{h}$ip ejtt$^{h}$i. (ئۇ سۆزنى سەل ئەگىتىپ ئېيتتى.)

jepʃɯχ\jeʃɯχ سۇپ. يۇزى قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان. مىسال:

jeʃɯχliʃivapsɛnʁu bir dɛmdɛ. (بىر دەمدە يۇزى قېلىن بولۇۋاپسەنغۇ.)

jeʃɯχmaχ پ. يەرنىڭ سۇ مىقدارى ئېشىپ كۆكىرىپ كۇچىدىن قېلىشى.

jeŋi fiɛdɛ ئى. كېلىن ھەدە. بەزى ئائىلىلەردە يېڭى كېلىن قېينى ئىنى-سىڭىللىرى تەرىپىدىن شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

jelikmɛχ پ. شامالداپ قالماق، شامال تەگمەك. «يېلىكىپ قالماق» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

jenɯχt$^{h}$in janmaχ پ. ئۆلگۇچىنى كۆمۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەتنىڭ زارەتگاھتىن قايتىشى.

jiŋgil رەۋ. يېقىن. يېقىن چاغ، يېقىن مەزگىل. مىسال:

jiŋgilla:dik$^{h}$i iʃla: bu. (يېقىن چاغلاردىكى ئىشلار بۇ.)

# خۇلاسە

2008-يىلىنىڭ بېشىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن مەزكۇر تېما ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە پىكىرلەشكەندىن تارتىپ هازىرغىچە ئىككى يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتتى. شۇندىن كېيىن ئالدى بىلەن دىئالېكت تەتقىقاتى هەققىدىكى نەزەرىيىۋىي بىلىملەر، تەجرىبىلەر ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئىلى ئېغىزى ئۈستىدە ئىلگىركىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆپرەك بىلىشكە تىرىشتىم. ئىلى چاقچاقلىرى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئىلى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىلى ئېغىزىغا ئائىت ماتېرىياللارنى، شۇنىڭدەك تارىخ، تىل، مەدەنىيەتكە ئائىت يازما ماتېرىياللارنىمۇ تىرىشىپ يىغدىم. شۇ يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ چاپچال ناهىيىسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدا بىر مەزگىل ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم. شۇ ئاساستا تەييارلانغان پىلانغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 9-ئايدا تېما بېكىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ تېما رەسمىي تۈردە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋان ماقالە تېمىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

2008-يىلى 10-ئايدىن تارتىپ 2009-يىلى 8-ئايغىچە غۇلجا شەهرى، غۇلجا ناهىيىسىنىڭ قاش، سامىيۈزى، چۇلۇقاي، دۆڭمازار، مازار، ئۇچئون، بايتوقاي، ئارا ئۆستەڭ، جىلىلىيۈزى، تۇرپانيۈزى قاتارلىق يېزا-بازارلىرى، چاپچال ناهىيىسىنىڭ قاينۇق، جاغىستاي، قوغۇنچى، كان، چوڭ بۇغرا قاتارلىق يېزىلىرى، قورغاس ناهىيىسىنىڭ لەنگەر، چىڭسىخوزا، داشىگو قاتارلىق يېزا-بازارلىرى، نىلقا ناهىيىسىنىڭ سۇپتاي يېزىسى، توققۇزتارا ناهىيىسىنىڭ تاشتۆپە يېزىسى، تېكەس ناهىيىسى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، 100 دىن ئوشۇق كىشى بىلەن ئۇچراشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە 97 كىشىنىڭ ئاۋاز ماتېرىيالىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق هالدا خاتىرىلەندى. يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللار سىنغا ئېلىندى، رەسىملەر تارتىلدى.

گەرچە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رادلوۋ، پانتۇسوۋ قاتارلىق رۇس ئالىملىرى ئىلى ئېغىزىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار دۆلەت ئىچىدىن تولۇق تېپىلمىدى. يەنە كېلىپ ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەن، ئىلى ئېغىزىدا تەبىئىي يوسۇندا بەزى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاساسىي نەزەرنى ئىلى ئېغىزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەهۋالىغا قارىتىپ تىل ماتېرىياللىرىنى بىۋاستە قول سېلىپ يىغدىم، رەتلىدىم، هەمدە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە خاتىرىگە ئالدىم.

2009-يىل 9-ئايدىن باشلاپ رەسمىي تۈردە ماقالىنىڭ گەۋدىسىنى تۈرغۈزۈلۈشقا باشلىدىم. ماقالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇقەددىمىدىن باشقا فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا قىسىملىرى، شۇنىڭدەك يەنە ئېغىز رايونىدىن توپلاپ، خاتىرىگە ئېلىنغان تېكىستلەر ۋە سۆزلۈكتىن ئىبارەت بولدى.

2009-يىلى 10-ئايدىن 2010-يىلى 3-ئايغىچە قەدەر تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى

يىلدىز (يۇلتۇز) تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن رادلوۋ ۋە پانتۇسوۋلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى داۋاملىق ئىزدەشكە كىرىشتىم ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تاپتىم، بۇلاردىن ماقالا ئىچىدە پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغانلىرىنى ماقالىگە كىرگۈزدۈم، قالغانلىرىنى كېيىن داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا قالدۇردۇم.

ئىككى يىللىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئىلى ئېغىزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ئۇستىدىكى بۇ دېسسېرتاتسىيە ماقالىسى پۈتۈپ چىقتى. ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى مۇنداق خۇلاسىلاش مۇمكىن.

**ئىلى ئېغىزىنىڭ فونېتىكا جەھەتتە ئالاھىدىلىكلىرى:**

1. ئىلى ئېغىزىدا ئەمەلىي نۇتۇقتا مەۋجۇت بولغان تاۋۇشلار سانى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپرەك:

1) [ɣ]، [x] تاۋۇشلىرى ئەمەلىي نۇتۇقتا مەۋجۇت. گەرچە بۇ تاۋۇشلار ئايرىم قوللىنىلمىسىمۇ، لېكىن نۇتۇق داۋامىدا [g]، [k] تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا نۆۋەتلىشىپ كېلىدۇ.

2) بىر قىسىم تاۋۇشلارنىڭ بىر قانچە ۋارىيانتلىرى بار بولۇپ، ئوخشىمىغان كونتېكستلاردا پەرقلىق ۋارىيانتلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ئى» سوزۇق تاۋۇشىنىڭ [i]، [ɨ]، [ɯ]، [ɪ] ۋارىيانتلىرى، «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشىنىڭ [y]، [ʉ] ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن «پ، ت، چ، ق، ك» تاۋۇشلىرىنىڭ نەپەسلىك ۋە نەپەسسىز ئىككىدىن ۋارىيانتى بار. «ڭ» تاۋۇشىنىڭ تىل تۈۋى ۋە كىچىك تىل ئىككى ۋارىيانتى، «ھ» تاۋۇشىنىڭ جاراڭلىق، جاراڭسىز ئىككى ۋارىيانتى، «ۋ» تاۋۇشىنىڭ لەۋ-چىش ۋە قوش لەۋ ئىككى ۋارىيانتى بار.

2. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۈچلۈك.

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى گەرچە نۇپۇر دىئالېكتىدىكىدەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە كۈچلۈك. بۇ سەۋەبتىن سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ شەكىللىرىمۇ ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپرەك.

3. ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تىلغا سېلىشتۇرغاندا ئىلى ئېغىزىدا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش، نۆۋەتلىشىش ئەھۋاللىرى بىر ئاز كۆپ.

1) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدا بوغۇم ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشىنىڭ، ئۇندىن قالسا «ل» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك.

2) سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىشى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا ئىلى ئېغىزىدىمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئاجىزلىشىش شارائىتى ئەدەبىي تىلدىكىدىن ئازراق. بىر قىسىم سۆزلەردە نۆۋەتلەشمەي ئەسلى ھالىتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالى ھېلىمۇ بار، بولۇپمۇ خەلق ناخشىلىرىدا بۇ بىر ئاز گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

3) ئەدەبىي تىلدىكى سۆز ئاخىرىدىكى [k]، [q] تاۋۇشلىرى ئىلى ئېغىزىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا [x]، [χ] تاۋۇشلىرى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. قوشۇمچە قوشۇلغاندا بۇ

[x]، [χ] تاۋۇشلىرى يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا [ɣ]، [ʁ] تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ.

4) ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ئانا تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز ئىچى بوغۇم بېشىدىكى «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى گەرچە قومۇل، تۇرپان ئېغىزلىرىدىكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت.

4. تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىلى ئېغىزىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە 10-ئەسىردىن باشلاپ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكىدەك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىماستىن، ھازىرغىچە ئەينەن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋالى بىر قەدەر گەۋدىلىك.

لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. ئىلى ئېغىزى مول دىئالېكت تىل بايلىقىغا ئىگە. بۇ ئېغىز رايونىدا ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى بولمىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار؛ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداشلىق ھاسىل قىلىدىغان بىر تۈركۈم يەرلىك سۆزلەر بار؛ مۇشۇ رايوندىلا قوللىنىلىدىغان بىر تۈركۈم تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقال-تەمسىللەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىلىمىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقىدۇر. ماقالىدا كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلغا ئېلىپ كىرىشكە، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىشكە بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا ئۇقۇملارنى يەنىمۇ ئىنچىكە، يەنىمۇ ئېنىق ئىپادىلەشتە زور ياردىمى بولىدۇ.

2. ئىلى ئېغىزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرىنى بىر قەدەر كۆپرەك ساقلاپ قالغان تىل ئېغىزلىرىنىڭ بىرىدۇر. ماقالىدا كۆرسىتىلگىنىدەك بۇ رايوندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە باشقا ئۇيغۇر ئېغىزلىرىدا ئۇچرىمايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ مەزكۇر ئېغىز رايونىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

3. ئىلى ئېغىزى ئەتراپىتىكى بىر قىسىم تىللارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تىل رايونىدۇر.

قەدىمكى تىللارنىڭ تەسىرىدىن باشقا، ئەدەبىي تىلغا ئوخشاشلا بۇ ئېغىز رايونىنى بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراتقان تىللار 10- ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنى بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ تەسىرىدۇر. ئۇندىن قالسا، 13-ئەسىردىن باشلانغان موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ تەسىرىدە كۈچەيگەن موڭغۇل تىلىنىڭ تەسىرىدۇر. نۇرغۇن موڭغۇلچە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ شۇ پېتى قوللىنىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئەدەبىي تىل ۋە باشقا ئۇيغۇر ئېغىزلىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغانراق بىر ئەھۋال. 3-كۈچلۈك تەسىر قىلغان تىل رۇس تىلىدۇر. رۇس تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن تەسىرى ئالدى بىلەن ئىلى ئېغىزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان. شۇنىڭدەك ئەدەبىي تىل ۋە باشقا ئۇيغۇر ئېغىزلىرىگە قارىغاندا يەنە زور تۈركۈمدىكى سۆزلەرنىڭ ئىلى ئېغىزىدا ھېلىھەم كەڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقىدۇر. رۇس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلىنىپ، ئۆزىمىزدە ياسالغان ياكى

باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى بېسىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقى بۈگۈنكى تىل تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. 4-تۈركۈمدە تەسىر قىلغان تىل خەنزۇ تىلىدۇر. خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى ئەدەبىي تىلدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولغان، شۇنداقتىمۇ بۇ رايون تىلىدا قوللىنىلىدىغان ئەدەبىي تىل ۋە باشقا ئۇيغۇر ئېغىزلىرىدا ئانچە قوللىنىلمايدىغان خەنزۇچە بىر قىسىم سۆزلەر بار.

4. ئىلى ئېغىزى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت، ئېغىزلىرى ئىچىدە تۇغقان تۈركىي تىللار ئەڭ كۆپ ئۇچراشقان بىر رايوندۇر.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسەتكىنىدەك، ئىلى دەريا ۋادىسى قەدىمدە تۈركلەرنىڭ ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ماكانى بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىلى ئۇيغۇرلىرى قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبەك، سالار قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر بىلەن بۇ زېمىندا بىللە ياشىدى. ئۇلارنىڭ تىللىرى نۇرغۇن ئورتاقلىقلار ئاساسىدا يەنە ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، بىر-بىرىنى تولۇقلىدى، ئۆز-ئۆزىنى كۈچەيتتى. بۇ قېرىنداش تىللار ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىغا بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىرى قازاق تىلى ۋە تاتار تىلىدۇر. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەڭ كۆپ ساندا قازاق قېرىنداشلار بىلەن باراۋەر ياساپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىككى تىلنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرىدا سوۋېت يېڭى مائارىپىنىڭ تەسىرى ئالدى بىلەن رۇس ۋە تاتار مەكتەپلىرىنىڭ ئىلىدا كۆپلەپ ئېچىلىشى بىلەن ئىپادىلەندى. نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىلىرى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان تاتار مەكتىپىدە ئوقۇدى ۋە مۇناسىپ ھالدا تاتار تىلى ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق كەلگەن رۇس تىلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەسىر ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي نۇقتىدىن بۇ بىر دەۋرلىك تەسىرنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىمۇ باشقا تۇغقان تۈركىي تىللارغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆزبەك، تاتار، سالار، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىنىڭ تەسىرىنى بىر قەدەر كەڭ تۈردە قوبۇل قىلدى. ھەتتا، بۈگۈنكى قەدەر بۇ رايوندىكى ئۆزبەك، تاتار، سالار خەلقلىرى ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزىنى بۇ رايوندا ئورتاق ئالاقىلىشىدىغان تىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قوللانماقتا. تۇغقان تۈركىي تىللاردىن باشقا ئىلگىرى بۇ تىل يەنە خۇيزۇ، شېۋە ۋە موڭغۇللارنىڭ كۈندىلىك ئالاقىسىدىمۇ ئورتاق ئالاقە قورالى ئورنىدا قوللىنىلغان ئىدى.

5. ئىلى ئېغىزى ھەر قايسى ئۇيغۇر دىئالېكت، ئېغىزلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچراشقان رايونلىرىنىڭ بىرىدۇر. 16-ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭغارلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە قاراتقان قىرغىنچىلىقى، ھەمدە پۇقرالارنىڭ قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئىلىدا ئاھالىلار سانى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. 18-ئەسىردىن كېيىنكى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ دېھقانچىلىق

ئەمگەكگە سىڭىندى. ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە زور تۈركۈمدە ئۇيغۇرلار تارقاق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر ئېغىزلىرى ئالدى بىلەن ئىلىدا ئۇچراشتى، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئەسلىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بىلەن سىڭىشىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى ئارىلاشما ھالەتتىكى ئىلى ئېغىزىنى شەكىللەندۈردى. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچى ھەر قايسى ئۇيغۇر ئېغىزلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىۋاتقان جايى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق كەڭ-كۆلەملىك ئۇچرىشىش ئىلگىرى ئەڭ ئاۋۋال ئىلىدا بولغان. ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەر قايسى رايونلار ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان تىل شارائىتىنى ھازىرلىغان. 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسى، پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشى، ئىلىنىڭ ئىلى قازاق ئوبلاستى دائىرىسىدە بولۇشى، غۇلجا شەھرىنىڭ ئىلى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولۇشى بىلەن ئىلى ئېغىزىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى بەلگىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۈرۈمچى ئېغىزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتەكچى ئېغىزى بولۇش ئورنى كۈچەيدى. شۇندىن كېيىنكى يىللاردا ئىلى ئېغىزى ئەدەبىي تىلغا ئەگەشكەن ھالدا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆز تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

ئىلى ئېغىزىدا گراماتىكا جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان چوڭ نۇقتىلار يوق، لېكىن بەزى كىچىك تەرەپلەر بار. بۇلارنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. مورفولوگىيە جەھەتتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر:

1) تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى سەۋەبىدىن بىر قىسىم تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپرەك.

2) ئىلى ئېغىزىدا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر قىسىم رەۋىش، مىقدار سۆز، تىركەلمە، باغلىغۇچى، ئۈلانما، ئىملىق سۆز ۋە تەقلىد سۆزلەر بار، ھەمدە ئىپادىلەش ئۇنۇمى جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

3) پېئىللارنىڭ راي، تۈس شەكىللىرىدە تۈرلىنىشى ۋە باغلامچى پېئىللارنىڭ قوللىنىلىشىدا بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار.

2. سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلەر:

1) ياسالما سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك ئۆزگىچىلىكلەر بار. يەنى ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر ئىلى ئېغىزىدا قوشۇمچىلارسىز تۈپ سۆز شەكلىدە شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ ياكى قوشۇمچىلىرى مەلۇم دەرىجىدە قىسقىرايدۇ: ئوخشاش يىلتىزدىن ئوخشىمىغان قوشۇمچە ئارقىلىق ياسىلىپ ئوخشاش مەنە ئاڭلاتقان سۆزلەر بار: يىلتىز ۋە قوشۇمچە ئەدەبىي تىلدا قوشۇلمىغان شەكىلدە بۇ ئېغىزدا قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەر بار: ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەر بار: بەزى سۆزلەرگە ئۇلانغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بۇ سۆز بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، خۇددى ياسالما سۆزدەك قوللىنىلىدىغان ئەھۋال بار.

2) «قىل، كەل، كەت، قال، بول، ئال، قوپ، ئاچ، تاپ، سال، قورۇ» قاتارلىق ھەر خىل تۈس ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئەدەبىي تىلدا

ئۇچرىمايدىغان بىر قاتار قوشما پېئىللىق سۆزلەر بار.

3) قوشۇمچىلارسىز باغلانغان ۋە تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئەدەبىي تىلدا بولمىغان بىر تۈركۈم جۈپ سۆزلەر بار.

قىسقىسى، ئىلى ئېغىزى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا تەدرىجى شەكىللەنگەن، نۇرغۇن يات تىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، نۇرغۇن تۇغقان تۈركىي تىللار، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئېغىزلىرى ئۆزئارا ئەڭ كۆپ ئۇچراشقان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان، نۇرغۇن سۆز بايلىقىغا ئىگە، كۈچلۈك دىئالېكت تىل مەدەنىيىتىگە ئىگە ئېغىزدۇر. بۇ ئېغىزنىڭ تىل بايلىقى بۇ ماقالىدا كۆرسىتىلگەن دائىرە بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇندىن كېيىن يەنىمۇ داۋاملىق تۈردە چوڭقۇر قېزىشقا، توپلاشقا، تەتقىق قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى يەنىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

دىئالېكت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا دائىر بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىمنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن مەزكۇر ماقالىدا بەزى نۇقسان-خاتالىقلارنىڭ كۆرۈلگەنلىكى تەبىئىي. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يېيىشى ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئۇستازلار ۋە كەسپداشلارنىڭ ماڭا قىممەتلىك تەكلىپ ۋە تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

2010-يىل مارت، ئىستانبۇل.
2010-يىل ئاپرېل، بېيجىڭ.

# پايدىلانمىلار

## ئۇيغۇرچە كىتابلار

[1] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1-توم: 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1981؛ 2-توم: 1983-يىل 6-ئاي 1-نەشرى؛ 3-توم: 1984-يىل 1-ئاي 1-نەشرى،

[2] مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل 1-ئاي 1-نەشر 1-باسمىسى.

[3] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2006-يىل 3-ئاي 1- نەشر 1- باسمىسى.

[4] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشر 1-باسمىسى.

[5] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989- يىل.

[6] مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 1-ئاي 1-نەشر 1-باسمىسى.

[7] خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى.

[8] ئابلىز ياقۇپ قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل 8-يىل 1-نەشرى، 1999-يىل 10-ئاي 1-باسمىسى.

[9] «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى(K)، 1997-يىل 8-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسى.

[10] غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 1-ئاي 1-نەشرى.

[11] شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن: «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن - مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل 8-ئاي.

[12] تۇراپ قاسىم يولچى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 3-ئاي نەشرى.

[13] يۇنۇسجان ئېلى: «17-، 18 -ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جوڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 1-ئاي 1-نەشر 1-باسمىسى.

[14] قورغاسلىق ئابلا ئەپەندى: «تارانچى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ئەسلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا كۆپەيتىپ

باستۇرغان نۇسخىسى، 1975 - يىل 4 - ئاي.
[15] نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتوسوۋ: «تارانچى ناخشىلىرى» «بۇلاق» ژورنىلى، 2000 - يىل 4 - ، 5 - سانلار.
[16] مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشر، 1 - باسمىسى.
[17] مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى مۇزىكا تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن: «ئىلى ناخشىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1980 - يىل 4 - ئاي 1 - باسمىسى.
[18] لىئۇ زىشىئاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (1)، (2) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى 1987 - يىل 10 - ئاي 2 - بېسىلىشى.
[19] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى 4 - ئاي.
[20] تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەت رېھىم سايىت تەييارلىغان: «ئالتۇن يارۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 8 - ئاي.
[21] ئەمەت مىرا قاتارلىقلار: «قاينۇق تەزكىرىسى»، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى باستۇرغان، 2001 - يىل 10 - ئاي.
[22] ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيىم خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايتىرسىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل 1 - ئاي.
[23] ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان: «ھودۇدۇل ئالەم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل.
[24] زوردۇن سابىر: «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1 - ، 2 - ، 3 - قىسىم، 2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشر 2001 - يىل 4 - ئاي 2 - باسمىسى.

## ئۇيغۇرچە ماقالىلار

[1] خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسى» (فونېتىكىغا ئائىت مەسىلىلەر)، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1994 - يىل 3 - سان.
[2] خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسى» (مورفولوگىيىگە ئائىت مەسىلىلەر)، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1995 - يىل 1 - سان.
[3] خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسى» (لېكسىكىغا ئائىت مەسىلىلەر» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996 - يىل 1 - سان.
[4] ئارسلان ئابدۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇل شېۋىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» «تىل ۋە تەرجىمە» 1985 - يىلى مەخسۇس سان.
[5] مېھرىئاي ئابدىلىم ئابرال، ياقۇبجان ئىسرائىل: «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋە سۆزلىرىگە تارىخ ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن بىر نەزەر» «تىل ۋە تەرجىمە»، 2004 - يىل

3 - سان.

[6] غوجا ئەخمەت سەئىدۋەققاسوف: «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل دىئالېكتلىرى تەتقىقاتى توغرىسىدا» «تىل ۋە تەرجىمە» 2006 - يىل 1 - سان.

[7] ئا. ت. ھەيدەروف: «سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىل 1 - سان.

[8] ئەسئەت سۇلايمان: «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى ۋە ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 - يىل 4 - سان.

[9] ئابدۇساتتار ناسىرى: «ئىلى ۋە ئىلىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر» ئىلى گېزىتى، 1987 - يىل.

[10] ئابدۇساتتار ناسىرى: «قورغاس ۋە قەدىمىي شەھەر قاياس ھەققىدە»، شىنجاڭ ياشلىرى، 1987 - يىل 2 - سان.

[11] ئابدۇساتتار ناسىرى: «ئىلى ۋە ئىلى ئاتالغۇسى توغرىسىدا» ئىلى گېزىتى، 1987 - يىل 19 - مارت.

[12] ئابدۇساتتار ناسىرى: «يۇسۇپ سەككاكى»، ئىلى گېزىتى، 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

[13] ئابدۇساتتار ناسىر: «غۇلجا ۋە قەدىمىي قەلئە شەھرى مىڭلاق ئېلى ھەققىدە»، ئىلى گېزىتى، 1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانى، 4 - بەت.

[14] غوجائەخمەت يۇنۇس: «ئىلى دىيارىنىڭ ئۇيغۇرلار نوپۇسىدىكى ئۆزگىرىشلەر»، ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى، 2003 - يىل 5 - سان.

[15] يۇنۇسجان ئېلى: «چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ سەككاكى»، ئىلى گېزىتى، 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، 4 - بەت.

[16] مۇھەممەت توختى: «چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى»، ئىلى گېزىتى، 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

[17] ئىسمايىل جېلىل: «ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش تارىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئىلى گېزىتى، 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانى، 4 - بەت.

[18] ئىسمايىل جېلىل: «ئىلى ئالمىلىق كونا شەھرى توغرىسىدا» ، ئىلى گېزىتى، 1994 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

[19] گۈلسۈم سەلەي: «ئاتالمىش <تارانچى مىللىتى> نەيرىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى»، ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى، ئۇيغۇرچە.

[20] تۇرغان ساۋۇت: «غۇلجا ناھىيىسىدىكى <يۈز>لەر»، غۇلجا ناھىيىسى تارىخ ماتېرىياللىرى (ئۇيغۇرچە) (3).

## 汉文参考文献

【1】 阿西木、米海力、宋正纯著：《维吾尔语罗布话研究》（第一、二册），中央民族大学出版社，2000 年 1 月第 1 版第 1 次印刷。

【2】 陈宗振：《西部裕固语研究》，中国民族摄影艺术出版社，2004 年 7 月第 1 版第 1 次印刷。

【3】 高士杰：《维吾尔语方言与方言调查》，中央民族大学出版社，1994 年 4 月第一版、第一次印刷。

【4】 李琪：《中亚维吾尔人》，新疆人民出版社，2003 年 12 月第 1 版第 1 次印刷。

【5】 《历史知识读物：中俄伊犁条约》，中华书局出版，1978 年 6 月第 1 版第 1 次印刷。

【6】 米娜瓦尔•艾比不拉：《维吾尔语方言和语言调查》，民族出版社 2004 年 9 月第一版第一次印刷。

【7】 米海力：《维吾尔语喀什话研究》，中央民族大学出版社, 1997 年 12 月第一版第一次印刷。

【8】 赵春晨：《沙俄侵略我国西北边疆简史》，陕西人民出版社，1980 年 11 月第 1 版第 1 次印刷。

【9】 《中国近代史上的不平等条约》，人民出版社，1973 年。

## 汉文参考论文

【1】陈宗振：《维语方言研究的回顾与展望》，语言与翻译，2000 年第 4 期

【2】 李森：《新疆突厥语族语言方言初探 —新疆突厥语族语言 1955 年调查研究总结》，语言与翻译，1992 年第 4 期。

【3】李森：《新疆突厥语族语言方言初探 —新疆突厥语族语言 1955 年调查研究总结》（续），语言与翻译，1993 年第 1 期。

【4】李经纬：《试论现代维吾尔语方言词的类型及其对划分方言的意义》，语言与翻译，1986 年第 3 期。

【5】木哈拜提•哈斯木：《从来源方面看维吾尔语方言词的特点》，新疆大学学报， 2005 年第 1 期。

## 外文参考文献

[1] Abdurishid Yakup: *The Turfan Dialect of Uyghur* Harrassowitz Verlag . Wiesbaden, 2005

[2] Ahmet Caferoğlu: Eski Uygur Türkçesi Sözlüğü, Endurun Kitabevi, 3- Baskı: 1993, Istanbul.

[3] E. DENİSON ROSS: Kuş İsimlerinin Doğu Türkçesi, Mançuca ve Çinçe Sözlüğü, İngilizceden çeviren: Emine GÜRSOY-NASKALİ, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara,1994.

[4] Н.Н.Пантусов: Материалы к изучению Наречия Таранчей илийского Округа, 9-Таранчинский детей и мужчины игры, 1907.

[5] J.K. CHAMBERS, PETER TRUDGILL: *DIaLECTOLOGY* (方言学), 北京大学出版社，剑桥大学出版社，2002 年 1 月第 1 版，2003 年 12 月 2 次印刷。

[6] Kâşgarlı Mahmud: Divanü Lûgat-it-Türk, Çeviren: Besim ATALAY. Türk Dil Kurumu, Beşinci Baskı: 2006, Ankara.

[7] Sir Gerald Clauson: an Etymological Dictionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish, Oxford University Press, 1972.

[8] Türkiye'de Halk Ağzından Derleme Sözlüğü (IV), Türk Dil Kurumu Yayınları, 1969. Ankara.

## 网络资源

[1] http:\\www.xjmei.com\xinjiang\xinjiangminzu\weiwuerzu\2009\1223\3216. html

[2] http:\\baike.baidu.com\view\568673.html

[3] http:\\baike.baidu.com\view\261113.html?wtp＝tt

# قوشۇمچە: ئىلى ئېغىزىغا ئائىت خەرىتىلەر

## ئىلى ئېغىز رايونىنىڭ شىنجاڭ جۇغراپىيىسىدىكى ئورنى




خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن 11-نومۇرلۇق جاي ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق رايون، يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى ئېغىزى رايونىدۇر. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلى رايونى شىمالدا 2-نومۇرلۇق بۆلەك بۆرتالا موڭغۇل ئوبلاستى بىلەن، شەرقتە 3-نومۇرلۇق بۆلەك تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە 18-نومۇرلۇق بۆلەك بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبتا 15-نومۇرلۇق رايون ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، ھەمدە غەربتە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

# ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق رايوننىڭ مەمۇرىي خەرىتىسى




| | |
|---|---|
| 伊宁市 | غۇلجا شەھىرى |
| 伊宁县 | غۇلجا ناھىيىسى |
| 霍城县 | قورغاس ناھىيىسى |
| 察布查尔锡伯自治县 | چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 尼勒克县 | نىلقا ناھىيىسى |
| 巩留县 | توققۇزتارا ناھىيىسى |
| 新源县 | كۈنەس ناھىيىسى |
| 特克斯县 | تېكەس ناھىيىسى |
| 昭苏县 | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى |

# تەشەككۈرنامە

ئاخىردا بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا يېقىندىن ياردەمدە بولغان يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم پروفېسسور، دوكتور مۇھەممەترېھىم سايىت ئاكىغا چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. تېما تاللاشتىن تارتىپ ماتېرىيال يىغىش، رەتلەش، تېما بېكىتىش، ماقالا گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇستاز باشتىن-ئاخىر قىزغىن ياردەم، كۆچلۈك ئىلھاملاندۇرۇشتا بولدى. ماقالىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىنى بىر قانچە نۆۋەت بىر-بىردىن تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى، ھەمدە نۇرغۇن تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. مەخسۇس مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ باشقا ئۇستازلار بىلەن بىرلىكتە تېكىستلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى بىرلىكتە كۆرۈپ چىقتى ۋە تېگىشلىك ئۆزگەرتىش پىكىرلىرىنى بەردى.

بۇ جەرياندا يېقىندىن ياردەمدە بولغان قازاق تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى پروفېسسور گېك شىمىن مۇئەللىمگە، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى پروفېسسور، دوكتور لېتىپ توختى مۇئەللىمگە، موللا نىياز مۇئەللىمگە، ئەركىن مۇئەللىمگە، ئابلىكىم مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتىمەن. تېما بېكىتىش جەريانىدا تېگىشلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى جاۋشىئاگرۇ ئەپەندىگە، ھاشىم ئەپەندىگە، چېن زوڭجېن ئەپەندىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. تېما تاللاش، بېكىتىش جەريانىدا ماڭا يەنە قىممەتلىك يېتەكچى پىكىرلىرىنى بەرگەن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندىگە، تەتقىقاتچى غوجا ئەخمەت يۇنۇس ئەپەندىگە، پروفېسسور مۇھەببەت قاسىمغا، پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللاغا رەھمەت ئېيتىمەن. يىغىلغان ئېغىز سۆزلىرى ھەققىدە تۈزىتىش، تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بەرگەن ئابدۇساتتار ناسىر ئاكىغا، سىدىق تۇرسۇن ئاكىغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئىلى ئېغىزى يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەشكە يېقىندىن ياردەملەشكەن ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر پەنلىرى فاكۇلتېتىدىكى رەشىدە مۇئەللىمگە ۋە ئوقۇغۇچىمىز ياسىنجانغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ھەر قايسى يېزا-بازارلاردا تىل تەكشۈرۈشكە ھەمكارلاشقان ئابدۇللا ئىسمايىلغا ئاكىغا، مۇھەممەتجان ئەيسا ئاكىغا، تۇرغۇنتاش ئاكىغا، ئەكرەم ئابدۇمىجىتقا، ئەكرەم تۇرسۇنغا، ئابلەتكە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭدەك غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاش، سامىيۈزى، مازار، دوڭمازار، ئۈچئون، چولۇقاي، جېلىلىيۈزى، تۇرپانيۈزى يېزىلىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ قاينۇق، جاغىستاي، كان، قوغۇنچى، چوڭ بۇغرا يېزىلىرى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر، چىڭسىخوزا، داشىگو يېزىلىرى، توققۇزتارا ناھىيىسى تاش ئېرىق يېزىسى، نىلقا ناھىيىسى سۇپتاي يېزىسىدىكى ھەمكارلاشقان باشقا دوستلىرىمغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. مېنى تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەن 100 گە يېقىن ئاۋاز بەرگۈچى قېرىنداش ئاكا، ھەدىلەرگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن.

تۈركىيىدە ماڭا ئەڭ ياخشى تەتقىقات شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەن يىلدىز (يۇلتۇز) تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى باشلىقى پروفېسسور،

دوكتور مەھمەد ئۆلمەز ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. رادلوۋ، پانتۇسوۋلارنىڭ تارانچى دىئالېكتى ھەققىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى تېپىش، توپلاشقا قىزغىن ياردەم بەرگەن گوللاندىيە لېيدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور، دوكتور ئۇۋە بلەسىڭ ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. (UweBlaesing, Leiden Univ.) ماقالىغا قارىتا تېگىشلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەرگەن تۈركىيە ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسور، دوكتور گۈرەر گۈلسەۋىن ئەپەندىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

ئاخىرىدا دوكتورلۇق ئوقۇش ۋە تەتقىقات داۋامىدا مېنى قىزغىن قوللىغان ئايالىمغا، بالىلىرىمغا، قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. ماڭا باشتىن-ئاخىر مەنىۋىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىزغىن ياردەمدە بولغان ئەكبەر ئەبەيدۇللا قاتارلىق بارلىق دوستلىرىمغا، ساۋاقداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

# 攻读学位期间发表的学术论文目录

出版专著：《维吾尔语比喻研究》，12 万字（维吾尔文），民族出版社（国家级出版社），2008 年 12 月。

发表论文：

【1】《论比喻的内层结构与外层结构》（维吾尔文），新疆教育学院学报，2007 年第四期。

【2】《初探突厥语大辞典收录的诗歌中的比喻》（维吾尔文），喀什师范学院学报，(ISSN1006_4338)，2009 年第二期。

2008 年 11 月，本论文在中央民族大学举办的麻赫穆德•喀什葛里诞辰 1000 周年国际学术研讨会上宣读。

【3】《回鹘语之对偶词结构》（维吾尔文），和田师范专科学校学报 (ISSN 1671_0908)，2009 年第一期。

【4】《社会和谐下的语言和谐 ——对多元文化、多种语言环境下的维吾尔语伊犁次方言调查与研究》民大研究生学刊，2009 年第 02 期，第一作者。

# 中央民族大学研究生学位论文作者声明

本人声明：本人呈交的学位论文是本人在导师指导下取得的研究成果。对前人及其他人员对本文的启发和贡献已在论文中作出了明确的声明，并表示了谢意。论文中除了特别加以标注和致谢的地方外，不包含其他人和其它机构已经发表或者撰写过的研究成果。

本人同意学校根据《中华人民共和国学位条例暂行实施办法》等有关规定将本人学位论文向国家有关部门或资料库送交论文或电子版，允许论文被查阅和借阅；本人授权中央民族大学可以将本人学位论文的全部或者部分内容编入有关数据库进行检索，可以采用影印、缩印或者其它复印手段和汇编学位论文。

作者签名：尼力提甫皮

日期：2010年 5月 10日

万方数据 WANFANG DATA 文献链接

# 维吾尔语伊犁土语研究

作者： 尼加提·苏皮
学位授予单位： 中央民族大学

本文链接：http://d.g.wanfangdata.com.cn/Thesis_Y1821181.aspx